دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# دورىيان گرېيىنىڭ پاجىئەسى

ئوسكار ۋىلد (ئەنگلىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئوسكار ۋىلدى

# دورىيان گرېينىڭ پايىتەسى

(رومان)

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

ئەسەر مەنبەسى: پاساھەت بىلوگى

# كىرىش سۆز

19- ئەسىردىكى ئىستېتىزمنىڭ ۋەكىلى ئوسكار ۋىلدىنى دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئاجايىپ تالانتلىق شەخس دېيىشكە بولىدۇ . بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بىرىپ يەتكەن بولسا ، بەزىلەر ئۇنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايتتى . چۈنكى ئۇ پەرىشتىدەك ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئىپلاسلىقنى ئۆزىدە تەڭ مۇجەسسەملىگەن زىددىيەتلىك شەخس ئىدى .

ئوسكار ۋىلدى 1854 – يىلى دۇبلىندا تۇغۇلغان ، قسقىغىنە هاياتى ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۆتكەن . ۋىلدىنىڭ دادىسى تېخنىكىسى يوقىرى تاشقىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بولغاچقا ، ياۋروپادا قۇلاق كېسەللىكنى داۋالايدىغان دوختۇرلارنىڭ پېشىۋاسى دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى . تېبابەتتىن باشقا ، ئۇ يەنە ئەدەبىيات ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىگە خېلى پىششىق ئىدى ، ئەمما ئۇ تۇرمۇشتا زىيادە چىرىكلەشكەن ، شەھۋەتپەرەس ، ئاچكۆز كىشى ئىدى . شۇڭا باشقىلار ئۇنىڭ ئۇستىدىن «ئۇ هۇشسىزلاندۇرۇش دورىسى بىلەن دىيانەتلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بىر ئايالنى ئازدۇردى» دەپ شىكايەت قىلغان . ئاپىسى جېين ئېركى ناهايىتى تالانتلىق ، شۆھرەت قازانغان شائىرە ھەم پىشقان سىياسىي ئانالىزچى ئىدى . ۋىلدى ئۆيدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان سالونلاردا ئاپىسىنىڭ مېھمانلار بىلەن قانداقتۇر بىر ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى . دېمەك ، ۋىلدى كىچىكىدىنلا ئاتا – ئانىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان . شۇڭا ، ئۇ هاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەرسلەرنى دادىسىنىڭ ناشتا ۋاقتىدا قىلغان سۆزلىرىدىن ۋە ئاپىسىنىڭ مېھمانلار بىلەن ئۆيدە قىلىشقان مۇھاكىمىلىرىدىن ئالغان ئىدى . ۋىلدى ئاتا – ئانىسىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «تۈرمە ئەسلىمىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئاتا – ئانىسى توغرىسىدا : «ئاتا – ئانام ماڭا بىر ئىسىم ئاتا قىلدى ، ئۇلار بۇ ئىسىمنى سەنئەت ، ئارخېئولوگىيە ، ئىلىم – پەندىلا ئەمەس ، يەنە ۋەتىنىمنىڭ بىر دۆلەتكە ئايلىنىش تارىخى جەريانىدا تېخىمۇ ئۇلۇغ شان – شەرەپكە ئىگە قىلدى» دەپ يازغانىدى .

ۋىلدى 20 يېشىدا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ ژۇرناللارغا ماقالە يېزىشقا باشلىدى . ئەينى چاغدا ، داڭلىق يازغۇچى ۋە ئوبزورچى جون راسكىن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىيىدا بىر يۈرۈش لېكسىيە سۆزلەپ ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىكا ئىدىيىسىنى

مۇپەسسەل شەرھىيلەۋاتقان ئىدى . جون راسكىننىڭ «پائالىيەتچانلىقى بولمىغان تۇرمۇش جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن ، بەدىئىيلىكى بولمىغان پائالىيەت ئادىمىيلىكنى يوقاتقان بىلەن باراۋەر» دېگەن كۆز قارىشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا تازا بازار تېپىۋاتقاندا ، ۋىلدى بۇ كۆز قاراشتىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان ۋە بۇ قاراشنى ھىمايە قىلغان . بۇنىڭدىن باشقا ، ۋارت پىنتېرنىڭ «ئەدەبىيات – سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىمۇ ئۇنىڭ ئىلھامىنى خېلى قوزغىغان ئىدى . ۋىلدى ۋارت پىنتېر بىلەن كېيىن تونۇشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت»دېگەن تەشەببۇسىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلدى . ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا ، ۋىلدىنىڭ كىيىنىش ، يۈرۈش – تۇرۇش ، گەپ – سۆزى ئۆزگىچە بولۇپ ، ئۆيىمۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئىدى . تەققى – يۇرۇقىدىن تارتىپ ئىش – ھەرىكەتلىرىگىچە ئىستېتىزمچە سالاپەت سىڭىپ كەتكەنىدى . 1877 – يىلى ، ۋىلدىنىڭ ئىتالىيە ۋە گرېتسىيەگە قىلغان سەپىرى ئۆزىنىڭ ئىستېتىكا ئىدىيىسى ۋە سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتتى . ئوكسفوردقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئىستېتىكا پروفېسسورى بولۇپ ، ئىستېتىزملىق ئەدەبىيات – سەنئەت ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلدى . نەتىجىدە ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى تېزلا كۆپەيدى . 1881 – يىلى 7 – ئايدا ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «ۋىلدى شېئىرلىرى» لوندوندا نەشر قىلىندى . بۇ – ۋىلدىنىڭ ئەدەبىيات سېپىگە رەسمىي يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى . شۇ يىلى ئۇ ئامېرىكا ۋە كانادادا ساياھەت قىلغاچ لېكسىيە سۆزلىدى . بۇ جەرياندا ئامېرىكا رومانتىزمچىلىقىنىڭ باشلامچىسى ھېلىن ئېخۇتماننى زىيارەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ غەيرىلىك ۋە ئەسەبىي ھېسسىياتنى قوغلىشىدىغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تەشەببۇس قىلدى . «نيۇيورك پېشىۋالار گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ۋىلدىنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن : «ئىستېتىزمنى بىر خىل پەلسەپە دېيىشكە بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستېتىزم نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى : «ئىستېتىزمنى ئەلۋەتتە بىر خىل پەلسەپە دېيىشكە بولىدۇ . ئىستېتىزم سەنئەتتە يەنە قانداق نەرسىلەرنى بايقاشقا بولىدىغانلىقىنى ، تۇرمۇشقا يوشۇرۇنغان مەخپىيەتلىكلەرنى ئىزدەشنى تەتقىق قىلىدۇ . شۇڭا ئىستېتىزمنى سەنئەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ .»

1883 – يىلى ، ۋىلدى ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ يېڭى پىكىرلىرى جانلانغان مەركەز پارىژ شەھىرىگە باردۇ . ۋىلدى پارىژدا گوگول ، ھيۇگو ، دود قاتارلىق يازغۇچىلار ، بىر قىسىم داڭلىق ئارتىستلار

ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ھەدىيە قىلغان ، ھەمدە چۈشكۈنلۈك ئىقىمى ئەدەبىياتى ۋە زۇلانىڭ ئەسەرلىرىدىكى زەئىپ ۋە بىنورمال تەسۋىرلەر ئۈستىدە يۈزەكى تونۇش ھاسىل قىلغان . ئۇ «گراف پادىئاي خانىم» ناملىق دىرامىمنى يېزىپ چىقتى ، بۇ تىياتىر «ۋېرا» ناملىق تىياتىرغا ئوخشاشلا تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىدى . لېكىن ، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ كېيىنرەك يازغان«دورىيان گرېيىنىڭ پورترېتى» ناملىق رومانىنىڭ پروتوتىپى ئىدى . بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ۋىلدىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە روياپقا چىقارغان «سفىنكس» ناملىق داستانىدا ئۇنىڭ ئەدەبىي تالانتى ھەقىقىي نامايان قىلىنغان . پارىژ شەھىرى ۋىلدىغا گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ۋىلدى يېرىم يىلدىن كېيىن لوندونغا قايتىپ كەتكەن .

1884 – يىلىنىڭ بېشىدا ، ۋىلدى دۇبلىندا بىر پۇلدار ئاۋوكاتنىڭ كانىستان لائوۋرىد ئىسىملىك بىر قىزى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ . ئۇ بۇ قىزنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان لاتاپىتى ۋە سەمىمىيلىكىگە مەپتۇن بوپ قالىدۇ ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قىزغا ئۆيلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، مۇھەببەت ۋىلدىنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىشكە باشلايدۇ .

1885 – يىلى 5 – ئايدا ، ئۇنىڭ «شادىمان شاھزادە ۋە باشقىلار» («شادىمان شاھزادە» ، «بۇلبۇل ۋە ئەتىر گۈل» «شەخسىيەتچى ئادەم» ، «ساداقەتمەن دوست» ۋە «سېھىرلىك راكېتا» قاتارلىق ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن) ناملىق چۆچەكلەر توپلىمى نەشر قىلىندى . بۇ كىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەن ، تېزلا غولغۇلا قوزغىدى . ۋىلدىمۇ قىزغىن پاراك تېمىسىغا ئايلاندى . «شادىمان شاھزادە ۋە باشقىلار» دېگەن چۆچەك ئەنگلىيىدە تا ھازىرغىچە داڭلىق چۆچەكلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە . بۇ چۆچەك ھازىرغىچە كۆپ قېتىم نەشر قىلىندى . «شادىمان شاھزادە» دېگەن چۆچەكتىكى باش قەھرىمان شادىمان شاھزادىنىڭ ھەيكىلى شەھەردە خۇددى قەبىھلىك ۋە غۇربەتچىلىككە تولغان جەمئىيەتكە نالە قىلغاندەك ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . بۇ شاھزادە قارلىغاچلارنىڭ ياردىمىدە ۋۇجۇدىدىكى بارلىقنى نامراتلىق ئىلكىدە زارلىنىۋاتقان كىشىلەرگە ئاتىغان ، ئەمما ئۆزى قارلىغاچ بىلەن ئەخلەت دۆۋىسىگە جور بولۇپ ، بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ قالغان . ۋىلدىنىڭ «شەخسىيەتچى ئادەم» دېگەن چۆچىكىدە بايان ئىنتايىن ئىخچام بولۇپ ، تىلى گۈزەل ، شېئىرىي پۇرىقى مول بولغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

1891 – يىلى دېكابىردا ، ئۇنىڭ «ئانار ماكانى» ناملىق يەنە بىر چۆچەكلەر توپلىمى دونياغا كۆز ئاچتى . بۇ كىتابقا «ئۆسمۈر پادىشاھ» ، «مەلىكىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» ،

«بىلىقچى ۋە ئۇنىڭ روھى» ۋە «يۇلتۇز بالا» قاتارلىق تۆت چۆچەك كىرگۈزۈلگەن . بۇ كىتابنى كىشىلەر ۋىلدىنىڭ تۇنجى چۆچەكلەر توپلىمىنى ئالقىشلىغاندەك ئانچە تېز ئالقىشلاپ كەتمىدى ، بەلكى قەدىر – قىممىتىنى ئاستا – ئاستا تونۇدى . بولۇپمۇ ، ۋىلدى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ چۆچەكلەر توپلىمىنى بىلمەيدىغان ئادەم قالمىدى .

ۋىلدىنىڭ چۆچەكلىرى تەسەۋۋۇرغا باي بولۇپ ، گۈزەل تىل ، قويۇق شېئىرىي ھېسسىيات ۋە تەسۋىر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ زىل يەكۈنگە ئىگە ئېقتىدارى ۋە ئىستېتىزمچە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن . بۇ چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىگە باشتىن – ئاياغ بىر تېما سىڭدۈرۈلگەن ، ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن دۆلەتمەنلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ، شەخسىيەتچىلىكى ، رەھىمسىز – ياۋۇزلىقى قامچىلىنىپ ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان ، ئاپتورنىڭ ئاجىزلارغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە ھېسداشلىقى ئىپادىلەنگەن . شۇ ۋەجىدىن ، ۋىلدى تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىنمۇ ژۇرنالغا داۋاملىق ماقالە بېرىپ تۇردى ۋە كۆپلەپ لېكسىيە سۆزلىدى . 1887 – يىلىدىن 1889 – يىلىغىچە «ئاياللار دۇنياسى» ناملىق ئايلىق ژۇرنالدا تەھرىرلىك قىلدى ، بىكار بوپ قالغان چاغلىرىدا نۇرغۇن پوۋېست يازدى . بۇ ئەسەرلىرى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن «لورد ئارتور ساۋىرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىنىپ نەشىردىن چىقتى . 1891 – يىلى ، ئۇ «غەرەز» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى بىلەن «سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى ھەمدە «سالومې» ناملىق شېئىرىي درامىسىنى يېزىشقا كىرىشتى.

شۇ زامانلاردا كىشىلەر ھەمجىنسلار مۇھەببىتىنى قاتتىقتىنمۇ ئۆتە قەبىھ قىلمىش دەپ ئېغىر ئالاتتى . لېكىن ئەنگلىيىلىكلەر دېگىنىنىڭ ئەكسىنى قىلىدىغان زىددىيەتلىك مىللەت ئىدى . 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەر بىلەن ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتلىشىش بۆلەكچە ئەۋج ئالدى . ۋىلدى بەچچىۋازلارنىڭ باشلامچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولۇپ ، 1886 – يىلى ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك روبېرت روس ئىسىملىك بىر ئوغۇلبالا بىلەن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگەن ئىدى . 1891 – يىلى ، ئۇ يەنە لورد دوگلاس ئىسىملىك بىر يىگىتكە ئىختىيارسىز مەپتۇن بولۇپ قالدۇ . لورد دوگلاس كېلىشكەن ، قامەتلىك ، سېرىق چاچ ، كۆك كۆزلۈك يىگىت بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئەرلەرنىڭمۇ ، ئاياللارنىڭمۇ كۆزى ئوخشاشلا چۈشۈپ قالاتتى . لورد دوگلاسنىڭ دادىسى ماركىز كۇنسبۇرىي ئوغلى بىلەن ۋىلدىنىڭ باشقىچە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقاپ قىلىپ ، ۋىلدىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا نومۇسقا ئۆلتۈرىدۇ . ۋىلدى ئاچچىقىدا ماركىز

كۇنسبۇرىينى ماڭا تۆھمەت قىلدى دەپ سوتقا ئەرز قىلدۇ . لېكىن ، ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپىمەك دېگەندەك ، سوت ۋىلدىنى «ئەخلاقسىزلىق» جىنايىتى بىلەن ئىككى يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ . ئايالى بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىپ ، ئۇ تۈرمىدىن چىققۇچە ئۆلۈپ كېتىدۇ . ۋىلدى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، ئەنگلىيىدىن فرانسىيىگە بېرىپ ، سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامى بارغانسېرى سۇسلىشىدۇ . ۋىلدىنىڭ دەبدەبە بىلەن يېزىلغان باشقا شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۇنىڭ بىر كامېردا بىللە تۇرغان تۈرمىدېشىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان «رېدىن تۈرمە مارشى»ناملىق شېئىرى چىن ھېسسىيات ۋە روشەن ئۇسلۇبقا ئىگە .

ۋىلدى شېئىر ، چۆچەك ، نەسىر ، رومان يېزىقچىلىقىدا كامالەتكە يېتىپلا قالماي ، يەنە دراما ئىجادىيىتىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن دراماتورگ . ئۇ جەمئىي توققۇز پارچە سىنارىيە يازغان . بۇنىڭ ئىچىدە كومېدىيىلىك تىياتىر «ۋىندىمر خانىمنىڭ يەلپۈگۈچى» ، «ئەرزىمەس ئايال» ، «كۆڭۈلدىكىدەك ئەر» ، «ئەستايىدىللىقنىڭ مۇھىملىقى» قاتارلىق درامىلىرى ھازىرغىچە سەھنىلەردە ئوينىلىپ كەلمەكتە . بۇ كومېدىيىلىك تىياتىرلاردا ، ۋىلدى ئۆتكۈر ھەجۋى تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ياشايدىغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلغان . ئوبىيېكتىپ جەھەتتە ، ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ساختا ئەخلاقى بىلەن بىمەنە ئادەتلىرىنى ئەيىبلىگەن .

ئۇ بىر پەردىلىك دراما « سالومې »نى 1891 – يىلى «ئىنجىل»دىكى بايانلار ئاساسىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ ، «ماكفېيىن» نىڭ 6 – بابى ۋە «ماتفېيىن» نىڭ 14 – بابىدا مۇنداق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن : پادىشاھ شىرۇ ئىنىسى فىرىنىڭ خوتۇنى شىرودىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ . قائىدە – يوسۇنغا بەكلا ئېتائەت قىلىدىغان يوھان پادىشاھ شىرونى نەچچە رەت ئاگاھلاندۇرۇپ : «شىرودىنى ئەمرىلىرىگە ئالسىلا بولمايدۇ» دەپ توسىدۇ . بۇنىڭدىن پادىشاھ شىرۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىدۇ . پەيغەمبەرلەرنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىشىدىن قورقۇپ ، جوننى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماي ، زىندانغا تاشلاپلا بولدى قىلىدۇ . پادىشاھ تەۋەللۇت كۈننى خاتىرىلىمەكچى بولۇپ ، ۋەزىر – ۋۇزۇرالىرىنى زىياپەتكە چىللايدۇ . ئۇنىڭ ئامراق قىزى سالومې زىياپەتتە ئۇسسۇل ئويناپ ، پادىشاھ شىرونى ئاجايىپ خۇرسەن قىلىۋېتىدۇ . پادىشاھ قىزىغا قەسەم بېرىپ : «سەن نېمە دېسەڭ ، شۇنى بەجا كەلتۈرىمەن» دەيدۇ . قىزى نېمە تەلەپ قىلىشنى بىلەلمەي ، بېرىپ ئانىسىدىن سورايدۇ . ئانىسى «قائىدە – يوسۇنچى جوننىڭ كاللىسىنى سورا»دەپ گەپ ئۆگىتىدۇ . سالومې ئاپىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە پادىشاھتىن جوننىڭ كاللىسىنى سورايدۇ

. پادىشاھ شىرو بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق پەرىشان بولىدۇ . لېكىن ، قىزنىغا قەسەم بېرىپ قويغاچقا ، ئامالسىز ياساۋۇللىرىغا يوھاننى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپ ، يوھاننىڭ كاللىسىنى قىزىغا بېرىدۇ . قىزى كاللىنى ئېلىپ ئانىسىغا بېرىدۇ . يوھاننىڭ شاگىرتلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ، يوھاننىڭ بېشى يوق جەسىتىنى ئېلىپ كېتىپ دەپنە قىلىدۇ . دېمەك ، «ئىنجىل» دىكى يوھاننىڭ ئۆلۈمگە سالومې ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئاپىسى سەۋەبچى بولغانىدى .

ۋىلدى بولسا «ئىنجىل» نى ئۆزگەرتىپ يازغانىدى . ۋىلدى يازغان «سالومې» درامىسى يوھان زىندانغا تاشلىنىپ بولغان چاغدىن باشلىنىدىغان بولۇپ ، سالومېنىڭ دىققىتىنى يوھاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۆزىگە تارتىدۇ . سالومې گۈندىپايلارغا بۇيرۇق قىلىپ ، يوھاننى زىنداندىن ئازات قىلىدۇ ھەمدە چاچلىرى ئۈچەتەك ئاقارغان يوھانغا تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە ئاشىق - بىقارار بولىدۇ - دە ، ئۇنىڭغا مەجنۇنلارچە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ . لېكىن ، يوھان سالومېنىڭ مۇھەببىتىنى قوپال سۆز - ئىبارىلەر بىلەن رەت قىلىدۇ . بۇنى خورلۇق ھېسابلىغان سالومېنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى يالقۇنجاپ ، يوھانغا ئەسەبىيلەرچە : «مەن لەۋلىرىمنى لەۋلىرىڭگە ياقماي قويمايمەن» دەيدۇ . سالومې پادىشاھ شىرونىڭ ئالدىدا لەرزان ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە پەيدا بولىدۇ . ئۇنىڭ قۇشتەك يېنىك ، لەرزان ئۇسسۇلى پادىشاھ شىرونىڭ ئەس - ھوشىنى ئالىدۇ . بۇ چاغدا ، سالومې ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق پادىشاھتىن يوھاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ بولغانىدى . پادىشاھ شىرو ئامالسىزلىقتىن يوھاننىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . قىزى سالومېنىڭ يوھاننىڭ قانغا مىلەنگەن كاللىسىنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاتتىق دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ ھېسسىياتى چېكىدىن ئاشقان بۇ تەلۋە قىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ .

سالومې بىردەملىك لەززەتنى دەپ قىممەتلىك ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ ، ھەش - پەش دېگۈچە گۈزەللىكىدىن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدۇ . ۋىلدى «ئىنجىل» دا ئەسلى تولىمۇ بىغۇبار ، سەبىي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن سالومېنى ئۆزىنىڭ درامىسىدا شەھۋانىي نەپسى ئۇچۇن جېنىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ، بۇنى كلاسسىك پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇپ ، يېڭىچە بىر ئۇسلۇبنى يارىتىدۇ . بۇ ئەسەردىكى سالومې بىردەملىك لەززەتنى قوغلىشىدىغان ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە تەلۋە قىز . ۋىلدى مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق ئېستېتىزمنى ئەڭ يۇكسەك مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن . بۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى ، ئېستېتىزم ئېستېمالىزم تەكىتلەيدىغان «بىردەملىك راھەت» قارىشى بىلەن تاسادىپىي ئوخشاشلىققا

ئىگە بولۇپ قالغان ، « سالومېنىڭ سۆيۈشى» بىر خىل ھايات ئۇقۇمىغا ئايلىنىپ كەتكەن . بۇ بەلكىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەۋج ئالغان ۋىلدى قىزغىنلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك .

فلوبىر ، ماللارمى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنى خام ماتېرىيال قىلىپ ئىجادىيەت قىلغانىدى . فرانسىيىنىڭ سىمۋولىزىمچى رەسسامى گۇستاف مورلىو 1876 – يىلى «ئەرۋاھ» ۋە « سالومېنىڭ ئۇسسۇلى» ناملىق ئىككى پارچە ماي بوياق رەسىم سىزىپ ، كېيىنكىلەر ئۇچۇن سالومېنىڭ مەڭگۈلۈك ئوبرازىنى ياراتتى . رەسىمدىكى زىيادە كۆپتۈرۈلگەن تەسۋىر ، شەھۋانىي قىياپەتلەر ۋە شەھۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان چىرايلار «ئەسەبىيلىكى مەڭگۈ يوقۇمايدىغان ئايال ئىلاھ» ۋە «چەكسىز شەھۋەت» كە ۋەكىللىك قىلغانىدى . ۋىلدى « سالومې » درامىسىنى ئىجاد قىلغاندا ، سەنئەت شەكلىنى ئىسلاھ قىلىشنى توغرا تاپقان . «ئادەم ۋە نەرسىلەردە ئېنىق ئىپادە قىلىنغان جىمى نەرسىدىن خويمۇ بىزار بولدۇم . مەن سەنئەت ، تۇرمۇش ۋە تەبىئەتكە يوشۇرۇنغان سىرلارغا تەلپۈنىمەن .» بۇ گەپلەر ۋىلدىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئۆزگىچە تەلپۈنىشىنى مەرلەزلىك گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ . 1905 – يىلى گېرمانىيىلىك كومپوزىتور رىچارد ستراۋس « سالومې » نى سەھنىلەشتۈرگەندىن كېيىن ، « سالومې » درامىسىنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى . 1920 – يىلى تىيەن خەن « سالومې » نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، شاڭخەي جوڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى تىيەن خەن تەرجىمە قىلغان « سالومې » درامىسىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى . 1929 – يىلىغا كەلگەندە ، نەنجىڭدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ ، جۇڭگۇ يازغۇچىلىرى بىلەن تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈچلۈك غولغۇلا قوزغىدى .

«دورىيان گرېينىڭ پورترېتى» ناملىق بۇ ئەسەر ۋىلدىنىڭ بىردىنبىر رومانى بولۇپ ، ئىستېتىزم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەسەردە مۇنداق ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ : دورىياننىڭ قاملاشقان چىرايى رەسسام بازىل خالۋاردنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامى ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرىغا زور ئىلھام بېرىدۇ – دە ، دورىياننىڭ پورترېتىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىپ چىقىدۇ . دورىيان گرېي ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قاملاشقان چىرايىنىڭ رەسىمدە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ، ئاشۇ قاملاشقان چىرايىنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ سەتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ، ھازىرقى مۇشۇ جەلپكار قىياپىتىنىڭ ھامىنى يوقىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ چەكسىز ئىزتىراپ چېكىدۇ ۋە روھىي ئالماشتۇرۇش بەدىلىگە ياشلىق باھارىنى ، قاملاشقان چىرايىنى ساقلاپ قېلىش ، چىرايىدىكى يىللارنىڭ ئىزناسى بولمىش قورۇقلارنى

رەسىمگە يۆكلەپ قويۇشتەك بىر ئىستەك كاللىسىغا كېلىدۇ . ئويلىمىغان يەردىن مۆجىزە يۈز بېرىپ ، ئۇنىڭ بۇ ئىستىكى راستىنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، لورد ھېنرىنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ، دورىيان مودا قوغلىشىپ ، راھەت – پاراغەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپلا كېتىدۇ . خىيالىغا كەلگەننى قىلىدۇ ، ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق خىجىل بولۇش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ . ئۆزىنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغان ياش ئارتىست قىز سىبىل ۋېيىنغا شەپقەتسىزلىك قىلىپ ، قىزنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ . دەسلەپتە سىبىلنىڭ ئۆلۈمىدىن يۈرىكى پۇچۇلىنىدۇ . لېكىن ، لورد ھېنرىنىڭ «ياشلىق ئادەمگە باقىۋەندە ئەمەس ، ياشلىقىڭدا قانغۇچە ئويناپ – كۈلۈۋال» دېگەندەك گەپلىرىدىن تېزلا ئۆزگىرىپ ، غېمىدە يوق ئويناپ – كۈلۈپ ياشاۋېرىدۇ .

دورىياننىڭ نۇرغۇن دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ چۈشكۈن ۋە شاللاقلىقى تۈپەيلى ، ئابرويى تۆكۈلۈپ ۋەيران بولىدۇ . رەسسام بازىل خالۋارد ئۇنىڭ بۇ چۈشكۈن قىياپىتىگە ئىچىنىپ ، ئۇنى قايتىدىن ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ . بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن دورىيان ئاچچىقىدا بازىلنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە يەنە بىر دوستىغا تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇپ يۈرۈپ ، بازىلنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرگۈزۈپ ئىزىنى يوقۇتىۋېتىدۇ . ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئۇ شۇنچە يىل ئەيش – ئىشرەت بىلەن ياشىغان بولسىمۇ ، لېكىن چىرايىدىن كەتمەي ، 20 ياش ۋاقتىدىكىدەك ياپياش تۇرىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ پورتېرىتى خۇنۇكلىشىپ ، رەسىمنىڭ ئاغزى ئەتراپلىرىغا قورۇقلار چۈشۈشكە باشلايدۇ . ئاخىرىدا دورىيان رەسىمدىكى بەدبەشرە ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ تالاي جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ شاھىدى بولمىش بۇ رەسىمنى پىچاق بىلەن يىرتىپ تاشلىماقچى بولغاندا ، ئويلىمىغان يەردىن پىچاق ئۆزىنىڭ كۆكسىگە سانجىلىدۇ . دەل شۇ چاغدا ، رەسىم ئەسلىدىكى چىرايلىق ھالىتىگە قايتىپ قالىدۇ . بۇ روماننىڭ خاتىمىسى« سالومې » غا ئوخشاش بولۇپ ، ھەر ئىككىلىسى زوراۋانلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . خەنجەر دورىياننىڭ كۆكسىگە سانجىلغاندىن كېيىن ، روھى تېنىدىن ئاجرايدۇ ۋە ئەسلىدىكى قاملاشقان ، سۇمباتلىق تۇرۇقىدىن ئەسەر قالمايدۇ . شۇڭا ، ئالبېرت كاموسنىڭ : «ۋىلدى ، تۇرمۇشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىككە شۇڭغىغاندىن ، سەنئەتنىڭ بىر تەرەپلىمىلىككە شۇڭغىغان ئەۋزەل ، دەپ قارايدۇ . ئۇ سەنئەت ئارقىلىق ئۆزۈمچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۇستەقىل تۇرمۇش ياراتماقچى بولىدۇ» دېيىشىمۇ بىكار ئەمەس .

روماندىكى باش پېرسوناژ دورىيان گرېينىڭ چۈشكۈنلۈكى ۋە نامۇۋاپىق ھېسسىيات خاھىشى بىلەن ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى قائىدە – يوسۇنغا ، ئالىيجانابلىققا ئىنتىلىش ، مەدىنىي ، ئەدەبلىك بولۇش ئۆز ئارا توقۇنۇشىدۇ . رومان يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن ،

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە دۇچ كەلدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ رومانىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ كۆرگەندە ، روماننىڭ مەزمۇنىغا يوشۇرۇنغان نۇرغۇن ئىبرەتلىك مىساللارنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ . خۇددى ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئوبزورچى ۋىينار ۋېلكىنىڭ ئېيتقىنىدەك : «بۇ روماندا ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنى جازالايدىغان ئىبرەتلىك كارتىنىلار بار» . مەزكۇر روماندا باش پېرسوناژ دورىيان گرېي ، رەسسام بازىل خالۋارد ۋە لورد ھېنرى قاتارلىق ئۈچ شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئارقىلىق ، ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتى ، شەھۋەتخورلۇق ، ئالىيجانابلىق ، رەزىللىك ، گۈزەللىك ، بەد- بەشىرىلىك قاتارلىق ئېتىكىلىق ئۇقۇملار ھېسسىي رەۋىشتە نامايەن قىلىنغان . ئۇلارنىڭ ئاك قاتلىمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى فروئىدنىڭ ئۈچ قاتلاملىق خاراكتېر نەزەرىيىسى بويىچە تەھلىل قىلىدىغان بولساق ، بۇ ئۈچ پېرسوناژ ئەمەلىيەتتە ، دورىياننىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ خىل روھىي ھالىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ . بازىل خالۋارد ئۆزىدىن ھالقىش تېپىدىكى ئادەم . ئۇ ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل بولۇپ ، دورىياننى قەدىر – قىممەتلىك ياشاشقا ئۈندەيدۇ . لورد ھېنرى بولسا ئۆزلۈكنىڭ يۈغۈرۇلمىسى بولۇپ ، «ئادەم ئاڭسىز ھايۋان ، ئادەم ئۆزىدىكى ياۋايى ئىستەكنى ئىنكار قىلغاچقا ، جازاغا مەھكۇم بولىدۇ » دەپ قارىغاچقا ، دورىياننى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئويناپ – كۈلۈشكە ، ياۋايى ئىستىكىنى ھەرۋاقىت يېتەرلىك قاندۇرۇپ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ . دورىيان بولسا ئۆز تەبىئىتىگە نامۇناسىپ ئىش تۇتقان شەخس ، ئۇنىڭ قەلبى قاملاشقان چىرايىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن . ئۇ سىزىدىغان ھوزۇرنى سۈرۈپ ، قىلىدىغان ئەسكىلىكنى قىلىپ تويغاندىن كېيىن ، رەسىمدىكى بەدبەشىرە تۇرۇقىدىن قورقۇپ ، رەسىمنى يىرتىپ تاشلىماقچى بولغاندا ، ئۆزى ھالاك بولىدۇ . رەسىم دورىيان جان ئۈزۈش بىلەن تەڭلا ئەسلىدىكى چىرايلىق ھالىتىگە قايتىدۇ . پورترېت بىلەن دورىياننىڭ ئۆلۈكى روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ ، بۇنى سەنئەت بىلەن ئەمەلىيەت ھاسىل قىلغان مىسلىسىز سېلىشتۇرما دېيىشكە بولىدۇ . قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان دورىيان بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى ، ئەمما پورترېت مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى . ۋىلدى ئىنتىلگەن «سەنئەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . ھەتتا رېئاللىقنى ، پايدا – مەنپەئەتنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئېستېتىكىلىق ئىدىيىسى روماندا تولۇق ئەكسىنى تاپقان .

# بىرىنچى باب

رەسىم سىزىش ئۆيىنى ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى بىر ئالغان ، سەلكىن شامال ھويلىدىكى يېشىل دەرەخلەرنى ئەسكىپ ئۆتۈپ ، سۆسۈن سېرىن گۈلنىڭ خۇش ھىدىنى ئوچۇق ئىشىكتىن ئۆيگە دەممۇدەم ئۇرۇپ تۇراتتى.

لورد ھېنرى ۋاتتون پارس خۇرۇمىدا قاپلانغان ئۇزۇن سافادا ئادىتى بويىچە تاماكىسىنى ئۇلاپ – ئۇلاپ چەكىپ ئولتۇراتتى ، دىۋان قويۇلغان بۇلۇڭدىن سىرتقا نەزەر تاشلىغاندا ، ھۈپپىدە ئېچىلغان ئالتۇنرەڭ گۈللەر كۆزگە تاشلىناتتى. گۈل شاخلىرى گويا يالقۇن كەبى ئېچىلغان ناز گۈللەردىن مەست بولغاندەك بوشقىنە تەۋرىنەتتى . ئۆينىڭ يوغان دەرىزىسىگە يېپەك پەردە تارتىلغان، سىرتتا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ شولىسى پەردىگە چۈشۈپ ، قارىغان كىشىگە ياپۇنچە رەسىمدەك تۇيغۇ بېرەتتى . بۇ- ئۇنىڭغا چېھرى قەغەزدەك ئاقارغان توكيولۇق رەسساملارنى ئەسلىتەتتى . ئۇلار مۇشۇنداق تۇرغۇن ھالەتتىكى سەنئەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق تولىمۇ نازۇك بىر ھېسسىياتنى ئىپادىلىمەكچى ئىدى . ھەسەل ھەرىلىرى گاھ قىرقىلمىغىنىغا ئۇزۇن بولغان چىملىق ئۈستىدىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ ئۆتسە، گاھ ياپراقلىرىنى بىر ئىلىك توپيا باسقان قىشقا چىدامىلىق ئالتۇنرەڭ باراقسان گۈللەرنى چۆرىدەپ غوڭۇلدايتتى . ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى گويا شۇ تاپتىكى تىمتاسلىقنى بېسىپ كەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى . لوندون شەھىرىدىن تارقىلىۋاتقان سۈس شاۋقۇن گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان يېنىك گارمۇن كۈيىنى ئەسلىتەتتى .

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر رەسىم سىزىش جاھازىسى تىكلەپ قويۇلغان ، جاھازىغا تولىمۇ جەلپكار بىر يىگىتنىڭ ئۈستىلىق بىلەن سىزىلغان پورترېتى قىستۇرۇغلۇق ئىدى . رەسىمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىجادچىسى – رەسسام بازىل خالۋارد ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى ناھايىتى زور غۇلغۇلا قوزغىغان ، غەلىتە قىياسلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى .

بازىل شۇ تاپتا ئادەتتىن تاشقىرى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ياراتقان بۇ نەپىس ئوبرازغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، چېھرىدە مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋىلەندى، بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ چېھرىدىن ھېچ ئۆچمىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمدى ، گويا غەلىتە بىر چۈشنى كاللىسىغا بەنت قىلىۋېتىپ ، شۇ چۈشىدىن

ئويغىنىپ كېتىشنى خالىمىغاندەك ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئەتتى .

- بۇ – رەسىملىرىڭىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى بوپتۇ ، بازىل ، – دېدى لورد ھېنرى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ، – ئۇنى كېلەر يىلى گروسۋېنور رەسىم كۆرگەزمىسىگە چوقۇم ئاپىرىڭ . خان جەمەتى گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتوتى زىيادە چوڭ ھەم چاكىنا . قاچانلا بارسام ، بىر بولسا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن رەسىملەرنى ئېنىق كۆرەلمەي خۇيۇم تۇتىدۇ ؛ بىر بولسا ، رەسىمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەملەرنى كۆرەلمەي ئىچىم پۇشىدۇ . گروسۋېنور رەسىملىرىڭىزنى كۆرگەزمە قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ .

- ئۇنى ھېچيەردە كۆرگەزمە قىلغۇم يوق، – دېدى رەسسام بېشىنى كەينىگە ئېتىپ قويۇپ . ئۇنىڭ بۇ غەلىتە ھەرىكىتىنى ئىلگىرى ئوكسفوردتىكى دوستلىرى ھەدېسىلا مازاق قىلاتتى ، – ياق ، ئۇنى ھېچنەگە ئاپارمايمەن .

لورد ھېنرى قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويۇپ ، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ تاماكا ئىسلىرى ئارىسىدىن رەسسامغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىدى ، ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق تاماكىدىن چىقىۋاتقان ئىسلار غەلىتە چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى ، – ھېچيەرگە ئاپارمامسىز؟نېمىشقا ئەمدى؟ سىلەر رەسساملار- زە ، بەك غەلىتە كېلىدىكەنسىلەر . نامىڭىزنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلمىغان تىرىشچانلىقىڭىز قالمىدى ، ئەمدىلىكتە نامىڭىز چىقىۋېدى ، ئۇنى يەنە چۆرۈپ تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىسىز . بەك ئەخمەقكەنسىز ، دۇنيادا باشقىلارنىڭ مۇنازىرە قىلىشىدىنمۇ يامان بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن مۇنازىرە قىلىنماسلىق . بۇ رەسىم ئارقىلىق ئەنگلىيىلىك ياشلار ئارىسىدىكى ئابرويىڭىز ئاشاتتى ، ئۇلار سىزگە ھەسەت قىلاتتى ئەمەسمۇ .

- مېنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم،-دېدى رەسسام ، – بۇ رەسىمنى كۆرگەزمىگە قويسام بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا سىڭدۈرىۋەتكەن ئۆزلۈكۈم بەك كۆپ .

سافادا ياتقان لورد ھېنرى بىر كېرىلىۋېتىپ ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- دېمىدىممۇ مانا ، مەسخىرە قىلىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم. لېكىن نېمىلا دېمەيلى، بۇ دېگەن بىر پاكىت .

- ناھايىتى كۆپ ئۆزلۈكۈمنى سىڭدۈرىۋەتتىم دەڭ ، بازىل ! بۇنچە مەمەدان ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن . چىرايىڭىزغا قارىسام ، تولىمۇ قوپال ، تۇرگۈن كۆرۈنىسىز ، چاچلىرىڭىزمۇ كۆمۈردەك قارا . لېكىن ، سىزغان بۇ رەسىمىڭىز پىل چىشى بىلەن ئەتىرگۈل بەرگىدىن ياسالغاندەك تولىمۇ نەپىس كۆرۈنىدۇ، بۇ رەسىمدىكى ئادونىس بىلەن ئاراڭلاردا ھېچقانداق ئوخشاشلىقنى تاپالمىدىم . ھەي ، قەدىرلىك بازىل ،

رەسىمدىكىسى تولىمۇ قاملاشقان بىر يىگىت ئىكەن ، سىزنىڭ چىھرىڭىزدىن بولسا بىر خىل ئەقىل – ئىدراك بالقىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ، گۈزەللىك ، ھەقىقىي گۈزەللىكلا ئىدراكىي چىراي ئىپادىسى باشلانغان جايدا ئاخىرلىشىدۇ . ئىدراك _ ئۇ ئەسلىدىنلا بىر مۇبالىغە ، ئۇ چىرايىنىڭ يېقىملىقلىقىنى بۇزىدۇ . كىشى جىم ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغاندا ، بۇرۇنى ، پىشانىسى ياكى مەلۇم بىر خىل قورقۇنچلۇق نەرسىسىدىن باشقا يېرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىلىمدە توشقان ، كەسىپتە ئۇتتۇق قازانغان ئاشۇ ئەرباپلارغا قاراپ بېقىڭە ، ئۇلارنىڭ چىرايى تولىمۇ بەد – بەشىرە! ئەلۋەتتە چىركاۋلاردىكى مۇقەددەس خىزمەتكارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا . بۇ- ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئىشلەتمىگىنىدىن بولغان . 80 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر پوپ تېخىچە 18 ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىۋالغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرسە ، تەبىئىيكى كىشىگە باشقىچە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ . رەسىمدىكى ئاۋۇ دوستىڭىزنىڭ ئىسمى نېمىتى، بازىل؟ شۇتاپتا مەن بۇ رەسىمگە باغلىنىپلا قالدىم . بۇنىڭغا يۈزدە – يۈز جەزم قىلالايمەن . ئۇ كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان بىر داڭلىق ئەرباپتۇر ھەقاچان . قىشتا تاماشا قىلغۇدەك گۈل قالمىغاندا ، ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇشى كېرەك؛ يازدا نېمىدۇر بىر نەرسە بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاچماقچى بولغاندا ، ئۇ يەنە مۇشۇ يەردە بولۇشى كېرەك . ئۇنچىۋالا مەنمەنچىلىك قىلىپ كەتمەڭ ، بازىل . سىز ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايسىز.

- مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ھاررى ،_ دېدى رەسسام ، _ مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن ، بۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىق . ئەگەر ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالغان بولسام ، تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىش بولغان بولاتتى . مۈرىڭىزنى چىقىرىپ قويغىنىڭىز نېمىسى ؟ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست . تەققى – تۇرۇقى قاملاشقان ، ئىلىمدە توشقان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى كاج بولىدىكەن . تەقدىر_ قىسمەتكە پۇتلۇلگەن بالا- قازالار ئادەمگە سالجىدەك چاپلىشىپ ئارام بەرمەيدىكەن . شۇڭا دەيمەن ، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرغان ياخشى . بەد – بەشىرە كىشىلەر بىلەن ھاماقەتلەر بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر . ئۇلار ھېچنىمىدىن غېمى يوق كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرىدۇ . مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ ، ھېچ بولمىغاندىمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابىنى تېتىمايدۇ . ئۇلاردەك خاتىرجەم ، غەم – ئەندىشىسىز ياشاش بىزگىمۇ يارىشاتتى . ئۇلارنىڭ باشقىلارغا زىيىنى تەگمەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ھاررى، سىزنىڭ مەرتىۋىڭىز بىلەن بايلىقىڭىز ، مېنىڭ ئەقىل- پاراسىتىم ، دورىيان گرېينىڭ قاملاشقان تەققى- تۇرۇقى قوشۇلسا، گەرچە سەنئەتكە يەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىمىز مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيمىز، قورقۇنچلۇق بەدەل

تۆلەيمىز.

_ دورىيـان گرېـي؟ ئۇنـىڭ ئىسـمى دورىيـان گرېيمـا ؟_ لـورد ھېنـرى شـۇنداق دەپ سورىغاچ ، رەسىم سىزىش ئۆيىدىن ئۇدۇل بازىل خالۋاردقا قاراپ ماڭدى .

_ شۇنداق ، ئۇنىڭ ئىسمى دورىيان گرېي . ئەسلىدە بۇنى سىزگە دېمەي دېگەنىدىم .

_ نېمىشقا ئەمدى؟

_ ھەي، نېمە دېسەم بـولار. بىـر نەرسـىنى زىيـادە ياخشـى كـۆرۈپ قالسـام ، ئىسـمىنى باشقىلارغا دەپ بەرمەيدىغان خۇيۇم بار . دەۋېتىپ قالسام ، ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلغانـدەك تۇيغـۇدا بولـۇپ قالـدىكەنمەن . مەن ھـازىر سـىرلىق تۇيغۇلارغـا ئـامراق بولـۇپ قالـدىم ، بۇنداق بولغانـدا تۇرمۇشـنىڭ چىنلىقى تېخىمـۇ سـىرلىق ، گـۈزەل تۇيۇلـىدىكەن . بىـرىيەرگە بارمـاقچى بولسـام ، نەگە بارىـدىغىنىمنى ئۆيـدىكىلەرگە دېمەيـمەن ، دەۋەتسـەم مەززىسـى قالمايـدۇ. بۇنـىڭ ئەخمىقـانىلىق ئىكەنلىكـى ئۆزۈمگىمـۇ ئايـان . لـېكىن ، بـۇ مىجەزىـم تۇرمۇشـۇمغا رومـانتىكلىق ئاتـا قىلىـدۇ . شـۇ تاپتـا سـىز مېنـى ئۇچىغـا چىققـان ھامـاقەت ئادەمكەن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

_ ئۇنداق ئەمەس،_ دېدى لورد ھېنرى ،_ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، قەدىرلىك بازىل . توي قىلىپ بولغانلىقىم ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ . نىكاھنىڭ بىـر چـوڭ سېھرىي كۈچى دەل ھىيلە – مىكىر بىلەن تولغـان تۇرمۇشـنىڭ ئەر- ئايـال ئىككـى تەرەپكە مۇتلەق زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنـى ھېس قىلدۇرۇشـتا. مەن ئەزەلـدىن ئايالىمنىـڭ قەيەردە ، نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنـى بىلمەيـمەن ، ئۇمـۇ مېنىـڭ نـېمە قىلىۋاتقـانلىقىمنى بىلمەيدۇ. كۆرۈشكەن چېغىمىزدا (ئاندا- ساندا كۆرۈشۈپ قويىمىز)، سـىرىتتا چىقىـپ تامـاق يەيمىز يـاكى بىـرەر كىنەزنىـڭ ئـۆيىگە بـارىمىز، چىرايىمىزغـا ئىمكانىـيار ئەسـتايىدىل تـۈس بېرىپ ، قارشى تەرەپكە ئەڭ بىمانە ھېكايىلەرنى سـۆزلەپ بېرىمـىز. ئايـالىم بەك گەپـدان ، گەپدانلىقتا مېنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ . ئـۇ يالغـان سۆزلىسـە، ۋاقىـت – چېسلاسـىنى ھەرگىـز خاتـا دەپ قويمايـدۇ ، لـېكىن مەن دائىـم خاتالىشـىپ قـالىمەن. ئـۇ مېنىـڭ يالغـان سۆزلەۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرسـىمۇ چاندۇرمايـدۇ . گاھـىدا ئـۇنى بىـر چانـدۇرۇپ قويسـكەن دەپ تىلەپ كېتىمەن ، لېكىن ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ قويۇپلا بولدى قىلىدۇ.

_ نىكـاھ ھەققىـدىكى بـۇ بايـانلىرىڭىزدىن بىـزار بولـدۇم ، ھـاررى،_ بازىـل خـارۋارد گۈللۈككە ئۇدۇل تۇتۇشىدىغان ئىشىككە قـاراپ قەدىمىنى يۆتكىـدى،_ سىـز ئەسكى ئـادەم ئەمەس، لـېكىن بـۇ گـۈزەل پەزىلىتىڭىـز ئۈچـۈن ئۇيالسـىڭىز بـولاتتى. سـىز نورمـال ئەمەسكەنسـىز . ئـاغزىڭىزدىن ئەخـلاق ھەققىـدە گەپ چىقمايـدۇ، ئەممـا ئەخلاقسـىز ئىشلارنىمۇ ھەم قىلمايسىز . بۇ قىلىقىڭىز مۇغەمبەرلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ـ نورمـال بولۇشـقا كۆچمەكنىـڭ ئـۆزى مۆغەمبەرلىـك ، مـۆغەمبەرلىكتىن مەن بەك بىزار!ـ دېدى لورد ھېنرى كۈلۈپ تۇرۇپ . ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقىپ گۈللۈككە كەلـدى – دە ، يوغان دارچىن دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئۇزۇن بامبۇك ئورۇندۇقتا ئولتـۇردى . قۇيـاش نـۇرى يۇپۇرمـاقلار ئۇسـتىدە نـازغىيتى ، ئـاق دەسـتار گـۈلى ئـوت- چـۆپلەر ئارىسىدابوشقىنە تەۋرىنەتتى .

ئىككـيلەن خـېلىغىچە جىمـمـىدە ئولتـۇرۇپ كېتىشـتى، لـورد ھېنـرى قـول سـائىتىنى چىقاردى .

ـ مەن ماڭـايمىكىن بازىـل ،ـ دېـدى ئـۇ ،ـ مېڭىشـتىن ئـاۋۋال سـۇئالىمغا جـاۋاب ئېلىۋالاي . بايىقى سۇئالىمغا جاۋاب بېرىشۈەتسىڭىز، بازىل .

ـ قايسى سۇئالنى دەيسىز؟ـ سورىدى بازىل كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي .

ـ بۇنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز.

ـ قايسى گەپنى دەيسىز، ھاررى؟

ـ مەن دورىيـان گرېينىـڭ پـورتېرتىنى نېمىشـقا كـۆرگەزمىگە قاتناشـتۇرمايدىغا- نلىقىڭىزنى بىلىپ باقاي دېگەن . ماڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

ـ سەۋەبىنى بايام دەپ بېرىپ بولدۇمغۇ .

ـياق، دېمىدىڭىز ، رەسىمگە ئۆزلۈكۈڭىزنى بەكلا سىڭدۈرۈەتكەنلىكىڭىزنىلا دېدىڭىز. بۇ بەك گۆدەكلەرچە گەپ بولۇپ قالدى .

ـ ھـاررى،ـدېـدى بازىـل خـالۋارد ئۇنىـڭ چىرايىغـا تىكىلىـپ تـۇرۇپ،ـ يۈكسـەك ھېسـسىيات بىـلەن سـىزىپ چىقىلغـان بىـر پـارچە پورتېرىـت مودېلنىـڭ ئەمەس، بەلكـى سـەنئەتكارنىڭ ئـۆز ۋۇجۇدىنىـڭ پورتېرتىـدۇر. مودىـل پەقەت بىـر تاسـادىپىي سـەۋەب . رەسسامنىڭ ھەرخىل رەڭلەر بىلەن بويالغان لاتىدا نامايەن قىلغـان پـورتېرتىنى مودېلنىـڭ ئۆزى دېگەندىن كۆرە ، رەسسامنىڭ ئۆزى دېگەن تـۈزۈك . بـۇ رەسـىمنى كـۆرگەزمە قىلغـۇم يـوق، چـۈنكى ئۇنىڭغـا سـىڭدۈرۈلگەن قەلـب سـىرلىرىمنىڭ ئاشـكارلىنىپ كېتىشـىدىن ئەنسىرەيمەن .

لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ سورىدى :

ـ نېمە سىركەن ئۇ ؟

ـ ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىمەن ،ـ بازىـل شـۇنداق دېـدىيۇ ، چىرايىـدا ئېسـەنكىرەش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى .

ـ شۇنداق قىلىشىڭىزغا تەشنامەن ، بازىل ، ـ دېدى ھېنرى بازىلغا قاراپ قويۇپ .

ـ دېگۈدەك گەپمۇ يوق ئىدى ، ھاررى ، ـ جاۋاب بەردى بازىل ، ـ دېسـەمۇ بەرىبىـر

چۈشەنمەيسىز، ھەم ئىشەنمەيسىز.

لورد ھېنرى سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە ، قەددىنى ئېگىپ ئوت – چۆپلەر ئارىسىدىن قىزغۇچ ئېچىلغان بىر تۇتام دەستار گۈلىنى ئۈزۈپ سىنچىلاپ قارىدى .

- چۈشىنىمەن ، – دېدى ئۇ گۈلگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ، – ئىشىنىش – ئىشەنمەسلىككە كەلسەك ، مەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋېرىمەن .

بىمەھەل چىققان شامال بىر نەچچە تال گۈل بەرگىنى ئۇچۇرۇپ چۈشتى، سېرىن گۈلىنىڭ قويۇق بەرگىلىرى تىنجىق ھاۋادا ئۇياق – بۇياققا تەۋرىنەتتى . دەرىزە تۈۋىدىن چېكەتكىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، جىمجىت كەلگەن بىر يىڭناغۇچ قوڭۇر قاناتلىرىنى ئېچىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى . لورد ھېنرى بازىل خالۋاردنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىيالىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى .

- بۇ مۇنداق ئىش ، – دېدى بازىل بىردەم تۇرۇۋېتىپ ، – ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بۇرانتىن خانىمنىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە باردىم . بىز سەنئەتكارلار كىشىلەرنىڭ ياۋايى دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىرتلاردا ئۆزىمىزنى پات – پات ئاشكارىلاپ تۇرمىساق بولمايدۇ . خۇددى سىز دېگەندەك ، ھەر قانداق ئادەم ئۇچىسىغا ئېسىل مۇراسىم كىيىمى كىيىپ ئاق گالىستۇك باغلىۋالسىلا« مەدەنىيەتلىك كىشى » ئىكەن دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشىۋېرىدۇ . زىياپەتكە بارغان زالدا لاخسىدەك سەمرىگەن ، قېنىق گىرىم قىلىۋالغان ئاقسۆڭەك خېنىملار ، ئېتىقسىز ئالىملار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتىم . ئارىدىن ئالاھەزەل 10 مىنۇتلار ئۆتكەندە ، بىرەيلەننىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم ۋە مەنمۇ ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي قارىدىم . ئۇ دەل مۇشۇ رەسىمدىكى دورىيان گرېي ئىدى . شۇ ئارىدا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى ، دەماللىققا كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ ، ۋۇجۇدۇمنى غەلىتە بىر خىل قورقۇنچ ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى . ئۇ تولىمۇ جەلىپكار ئىدى . رەت قىلمايدىغانلا بولسام ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ جەلىپكارلىقى خاسلىقىمنى ، روھىمنى ، ھەتتا سەنئەتكار ۋۇجۇدىمنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . تۇرمۇشۇمنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى تاشقىي تەسىرگە ئۇچرىشىنى خالىمايتتىم . مېنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز، ھارري . ئىلگىرى تولىمۇ ئۆزۈمچىل ئىدىم ، قاچانكى دورىيان گرېينى كۆردۈم ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مىجەزىم ئۆزگەردى . كېيىن ... نېمە دەپ چۈشەندۇرسەم بولار ؟ گويا نېمىدۇر بىر نەرسە ماڭا : « قورقۇنچلۇق بىر كىرىزىس سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ » دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى . شۇئان مەندە : «

تەقدىرىمگە شاد – خۇراملىق ، ئازاب – ئوقۇبەت پۈتۈلگەن ئۇخشايدۇ» دېگەن غەلىتە تۇيغۇ پەيدا بولدى . قورققىنىمدىن كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا زالدىن چىقىپ كەتتىم.بۇنداق قىلىشىم غورۇرۇمنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئەمەس ، ئەكسىچە قورقۇنچاقلىقىمدىن ئىدى . زالدىن قېچىپ چىقىپ كەتكىنىمدىن تولىمۇ خىجىل بولدۇم .

- غورۇر بىلەن قورقۇنچ ئەمەلىيەتتە بىر نەرسە ، بازىل . غورۇر قورقۇنچاقلىقنىڭ قالقىنى ، خالاس .

- نېمە دەيدىغانسىز ھاررى ، سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن بۇ گەپ چىققار دەپ ھېچ ئويلىماپتىمەن . نېملا بولمىسۇن ، مەيلى نېمە مەقسەت – مۇددىئانى چىقىش قىلاي – بەلكىم بۇ تەكەببۇرلۇقىمدىن بولسا كېرەك ، ئىلگىرى تولىمۇ تەكەببۇر ئىدىم – ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە ، بۇرانتىن خانىمغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم. « بۇنچە بالدۇر تىكىۋەتمەيدىغانسىز خالۋارد ئەپەندىم ؟ » دېدى ئۇ چىرقىراق ئاۋازدا . ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ غەلىتە چىقاتتى . بۇنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز ، ھېنرى ؟

- بىلىمەن ، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى گويا تۇزنىڭ ئۆزىلا . ئاۋازى تولىمۇ سەت چىقىدۇ ، – لورد ھېنرى شۇنداق دېگەچ ئىنچىكە ، ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن دەستار گۈلىنىڭ بەرگىلىرىنى تىتىپ پارچە – پارچە قىلىۋەتتى.

- ئۇ مېنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى . مېنى ئۇردا ئاقسۆڭەكلىرى ، مەيدىسىگە توشقىچە ئوردېن تاقىۋالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە باشلىرىغا غايەت يوغان بېزەكلەرنى تاقىۋالغان ، شاتوتى بۇرۇن مومايلارمۇ بار ئىدى . ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى دەپ تونۇشتۇردى ، بىز بىر قېتىملا كۆرۈشكەن بولساقمۇ ، لېكىن ئۇ ھە دېسىلا مېنى داڭلىق شەخس دەپ ماختايتتى . بىر پارچە رەسىمىم ھەققەتەن زور شان – شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇنىڭغا بەزى كىچىك گېزىتلەردە خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلغان – بۇ ، 19 – ئەسىردىكى ئۆلمەس سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىدى . تۇساتتىن مېنى چەكسىز ھاياجانغا سالغان ھېلىقى جەلپكار يىگىتنىڭ ئۇدۇلۇمدا تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم . ئارىلىقىمىز بەكلا يېقىن ئىدى ، بىر – بىرىمىزگە تېگىشىپ كەتكىلى تاسلا قالغاندۇق . كۆزلىرىمىز يەنە ئۇچراشتى . ھودۇقۇپ كەتكەن بولسام كېرەك ، بۇرانتىن خانىمدىن ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم . شۇ چاغدىكى ھالىتىمنى ھودۇقۇش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى ، مەندىن باشقا ئادەممۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. « باشقىلار تونۇشتۇرمىسىمۇ ، ئىككىمىزنىڭ ھامىنى پاراڭلىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم. » دورىيان كېيىن ماڭا شۇنداق دېدى . ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇپ قېلىشىمىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەنلىكىنى ئۇمۇ ھېس

قىپتىكەن.

- بۇرانتىن خانىم ئۇ يىگىتنى قانداق تونۇشتۇردى ؟ – سورىدى لورد ھېنرى ، – ئۇ مېھمانلارنى تېز – تېز تونۇشتۇرۇپ چىقىشقا ئامراق . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، بىر قېتىم ئۇ مېنى مەيدىسىگە توشقىچە ئوردېن تاقىۋالغان ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ، مىجەزى چۇس بىر قېرى مويسىپىتقا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى . مويسىپىتنىڭ يېنىغا كېلىۋاتقىنىمىزدا ، ئۇ قۇلىقىمغا خېلى يۇقىرى ئاۋازدا مويسىپىتنىڭ بىر مۇنچە يامان گېپىنى قىلىپ ئۈلگۈردى . ئۇنىڭ بۇ گېپى زالدىكىلەرگە ئاڭلىنىپ قالدى . شۇئان زالدىن چىقىپ كەتتىم . باشقىلار بىلەن ئۆزۈم تونۇشسام دەيمەن . بورانتىن خانىم مېھمانلىرىغا خۇددى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىگىرى ماللىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك پوزىتسىيە تۇتىدۇ . مېھمانلار يا يەردە تولا كوتۇلداپ كىشىنى بىزار قىلىدۇ ، سىز قىزىقىدىغان ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئالمايدۇ .

- بىچارە بۇرانتىن خانىم ! سىز ئۇنى بەك ئەيىپلەپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ ھاررى ! – دېدى بازىل خالۋارد تولىمۇ روھسىز قىياپەتتە .

- ئۇ سالون ئاچىمەن دەپ جار سېلىپ قويۇپ ، ئاران رېستوران ئاچالىدى . سىز مېنى ئۇنى ھۆرمەتلىمىدىڭ دېمەكچىمۇ ؟ ئېيتىڭە ، ئۇ دورىيان گرېي ئەپەندىگە نېمە دېدى ؟

- « ھەي ، تولىمۇ جەلپكار يىگىت – دە ، بۇ . ئۇنىڭ بىچارە ئاپىسى بىلەن جانجىگەر دوستلاردىن ئىدۇق . ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ ، ھېچئىش قىلمايتتىغۇ دەيمەن . ھە توغرا ، پىئانىنو ، ئىسكىرىپكا دېگەندەك نەرسىلەرنى چېلىپ قوياتتى » دېگەندەك گەپلەرنى قىلدىغۇ دەيمەن . گرېي ئىككىمىز بۇ گەپتىن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق . شۇنداق قىلىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق .

- دوستلۇق ئۈچۈن كۈلكە ئەڭ ياخشى باشلىنىش ھەم ئەڭ ياخشى ئاخىرلىشىش ، – ھېنرى شۇنداق دېگەچ ، دەستار گۈلىدىن يەنە بىرنى ئۈزدى.

بازىل خالۋارد بېشىنى چايقىدى:

- دوستلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ھاررى ، – دېدى ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ ، – ھەممىلا ئادەمگە يېقىنچىلىق قىلىدىكەنسىز ، بۇ سىزنىڭ ھەممە كىشىگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغىنىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ .

- بۇ گېپىڭىز ئادىل بولمىدى ! – لورد ھېنرى شۇنداق دېگەچ شلەپىسىنى كەينىگە ئىتتىرىپ قويۇپ ، كۆكتىكى بۇلۇتلارغا نەزىرىنى ئاغدۇردى ، توپ – توپ بۇلۇتلار گويا نۇرلۇق ئاق شايىدەك زۇمرەتتەك كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرەتتى ، – بۇ گېپىڭىز راستىنلا ئادىل بولمىدى . مەن كىشىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىمەن . قاملاشقان

كىشىلەرنى دوستىت تۇتىمەن ، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى تونۇش دەپ بىلىمەن ، ئەقىللىق كىشىلەرنى دۈشمىنىم دەپ ھېسابلايمەن . دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلىشتا قانچە ئېھتىياتچانلىق قىلىنسا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ . دۈشمەنلىرىمنىڭ ئارىسىدا ھاماقەتتىن بىرىمۇ يوق . ئۇلار بەك ئەقىللىق ، شۇڭا مېنى ھۆرمەتلەيدۇ . بەك شۆھرەتپەرەسكەنمەنمۇ ؟ مېنىڭچە شۇنداق .

- مېنىڭچىمۇ شۇنداق ھاررى . گېپىڭىزچە ، مەن تونۇشىڭىز قاتارىغا كىرىدىكەنمەن – دە .

- قەدىرلىك بازىل ، سىز يالغۇز مېنىڭ تونۇشۇملا ئەمەس .

-دوستىڭىزمۇ ئەمەسقۇ دەيمەن . ئەمسە مېنى قېرىنداشىڭىزدەك كۆرىدىكەنسىز – دە.

- نېمە ؟ قېرىنداش ؟ مېنىڭ قېرىنداش بىلەن تازا خوشۇم يوق . ئاكام ھېچ ئۆلمەستە قالدى . ئىنىلىرىم ھەدېسىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ .

- ھاررى ! – دېدى بازىل خالۋارد قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

- قەدىرلىكىم ، مۇنداقلا دەپ قويدۇم . لېكىن ، مەن تۇغقانلىرىمدىن ھەقىقەتەن بىزار . ئەنگلىيىدىكى دېموكراتچى زاتلار ئاتالمىش يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىگە چىش – تىرنىقىغىچە ئۆچ . مەن بولسام ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىمەن . ئاۋام ھاراقكەشلىك ، ھاماقەتلىك ، ئۆرپ – ئادەتنى بۇزۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى دەپ قارايدۇ ، ئارىمىزدىن قايسى بىرىمىز شۇنداق ئىشنى قىلىپ باقىلى قېنى ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىمىز . بىچارە سوسۋارك نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۈچۈن سوتخانىغا كىرگەندە ، كىشىلەر غەزەپتىن ئۆزلىرىنى باسالماي قالدى . لېكىن ، پورۇلتارىياتلار ئىچىدە % 10 ئادەم نورمال تۇرمۇش كەچۈرىدۇ دېسە ئىشەنمەيمەن .

- بۇ گېپىڭىزگە مەن قوشۇلمايمەن .

- لورد ھېنرى ئۇچلۇق كەلگەن قوڭۇر ساقاللىرىنى تۇتاملاپ قويۇپ ، قولىدىكى قارا ئەبنۇس ياغىچىدىن ياسالغان پۆپەكلىك ھاسىسى بىلەن ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىغا ئۇرۇپ قويدى.

- ھەي بازىل ، سېپى ئۆزىدىن ئەنگلىيىلىك – دە ، سىز ! بۇ سىزنىڭ بۇ گەپنى ئىككىنچى قېتىم دېيىشىڭىز . ئەگەر بىرەيلەن ھەقىقىي بىر ئەنگلىيىلىككە ئوي – خىيالنى دېسە _ بۇنداق قىلىش تولىمۇ قارامлиق – ئۇ بۇ ئوي – خىيالنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئەسلا ئويلاشمايدۇ ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر مۇھىم بولغىنى شۇ گەپنى دېگەن كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى . مەسىلە شۇ يەردىكى ، بىر ئوي – خىيالنىڭ قىممىتى بار يوقلىقى شۇ ئوي – خىيالنى ئېيتقۇچى كىشىنىڭ سەممىي ياكى ئەمەسلىكى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز . بىر ئادەم قانچە سەممىي بولمىسا ، ئۇنىڭ ئوي – خىيالى

شۇنچە ئاقىلانە بولىشى مۇمكىن . چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا ، ئۇنىڭ ئوي – خىيالى ئۆز تەلەپ – ئېھتىياجى ، ئارزۇ – ئىستىكى ياكى بىر تەرەپلىمە قارشى تەرپىدىن يۇقۇملانمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ، سىز بىلەن سىياسىي ، جەمئىيەتشۇناسلىق ياكى مېتافىزىكا توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكۈم يوق . مەن كىشىلەرنى پىرىنسىپتىن ھالقىپ كەتسىكەن دەيمەن ، دۇنيادا پىرىنسىپقا باغلىنىپ قالمايدىغان كىشىلەرنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. ماڭا دورىيان گرېي توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭە . سىلەر قانچىلىك ۋاقىتتا بىر كۆرۈشىسىلەر؟

- ھەر كۈنى كۆرۈشىمىز. ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم تۇرالمايمەن . ئۇ ھازىر تۇرمۇشۇمدىكى ئەڭ مۇھىم كىشىگە ئايلىنىپ قالدى .

- قىزىق ! مەن تېخى سىزنى سەنئەتتىن باشقا ھېچنىمىگە پەرۋا قىلمايدۇ دەپ قاپتىمەن .

- ھازىر مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت ، – دېدى رەسسام تولىمۇ سالماقلىق بىلەن ، – ھاررى ، بەزىدە مەن دۇنيا تارىخىدا پەقەت ئىككىلا مۇھىم دەۋر بولىدىكەن ، دەپ ئويلاپ قالىمەن . بىرى ، يېڭى بىر خىل سەنئەت ۋاستىسى پەيدا بولغان چاغ ؛ يەنە بىرى ، سەنئەتتە يېڭى شەخس ئىپادە قىلىنغان چاغ . ھامىنى بىر كۈنى دورىيان گرېي مەن ئۈچۈن گويا ماي بوياق رەسىم ۋېنىتسىيە رەسىم ئېقىمىدا بارلىققا كەلگەندەك ، ئانتىنوسنىڭ ①چىرايى كېيىنكى گرېتسىيە ھەيكەللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندەك مۇھىم بوپ قالىدۇ . ئۇ يالغۇز مېنىڭ ماي بوياق رەسىم ، سۇ بوياق رەسىم ۋە كۆمۈر بوياق رەسىم سىزىشىم ئۈچۈن مودىللا ئەمەس . مەن ئۇنىڭ پورترېتلىرىدىن رازى ئەمەس ياكى ئۇنىڭ قاملاشقان تەققى – تۇرۇقى سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەن دېيەلمەيمەن . سەنئەت ئىپادە قىلالمايدىغان ھېچنىمە يوق . ماڭا شۇنىسى ئايانكى ، دورىيان گرېي بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ، ھاياتىمدىكى ئەڭ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدىم. لېكىن ، مېنى چۈشەنمەمسىز – چۈشەنمەمسىز ، بۇنى ئۇقمايمەن . ئۇنىڭ خاراكتېرى مېنىڭ يېڭى سەنئەت شەكلى ، يېڭە سەنئەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ بېقىشىمغا تۈرتكە بولدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى كۆزىتىش ئۇسۇلۇم ئۆزگەردى ، شەيئىلەر ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلۇمدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى . ئەمدى مەن ئەسلا ھېس قىلىپ باقمىغان ئۇسۇلدا تۇرمۇشنى قايتا نامايەن قىلىمەن . « تەپەككۇرۇم قاناتلانغاندا ، شەكىلدىن ئۇمىد ئۈزلەيمەن .» بۇ گەپنى كىم دېگەن بولغىيتتى ؟ دورىيان گرېي مەن ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مۇھىم . ئۇنىڭ يېشى 20 دىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ماڭا تېخىچە بالىدەكلا تويۇلىدۇ .

بۇ گېپىمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ مەن ئۇچۇن بىر يېڭىچە ئېقىمنىڭ ئۇمۇمىي كۆرۈنۈشىنى سىزىپ بەرگىنىنى تېخىچە ھېس قىلىپ يېتەلمىدى . بۇ ئېقىم بارلىق رومانتىزملىق قايناق ھېسسىيات ۋە گىرىتسىيە روھىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن . ئۇ – روھ بىلەن تەننىڭ مەھكەم بىرلىكىدۇر . بىز ئەسەبىيلەشكەن چېغىمىزدا ، بۇ ئىككىسىنى بىر – بىرىدىن ئايرىپ ، چاكىنا رېئالىزىم بىلەن ساختا غايىۋىلىكنى ئىجاد قىلدۇق . ھاررى ، سىز دورىيان گىرېينىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىڭىزلا بولدى ! ئاگېرنو ②يۇقىرى باھا قويۇپ تالاشقاندا بەرمىگەن ھېلىقى مەنزىرە رەسىمىم ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟ ئۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىمنىڭ بىرى ئىدى . بۇ رەسىمىم نېمە ئۈچۈن بۇنچە ياخشى چىقىدۇ ؟ چۈنكى مەن ئۇ رەسىمنى سىزغان چېغىمدا ، دورىيان گىرېي يېنىمدا ئولتۇرغان ئىدى . شۇ چاغدا ، غەلىتە بىر خىل تۈيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ماڭا كۆچتى ، شۇنىڭ بىلەن ھاياتىمدا مەن ئىزچىل تەشنا بولغان ، ئەمما ئىزدىشەلمەي كېلىۋاتقان بىر مۆجىزە كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى .

- بازىل ، سىز بەك قىزىقكەنسىز ! دورىيان گىرېي بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولغۇدەك – تە .

بازىل خالۋارد ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ گۈللۈكتە بىردەم ئۇياق – بۇياققا مېڭىۋەتتى – دە ، ئورۇندۇق يېنىغا يەنە كەلدى .

- ھاررى ، – دېدى ئۇ ، – دورىيان گىرېي پەقەت ئىجادىيىتىمنىڭ باش تېمىسى . سىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ، لېكىن ، مەن ئۇنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمەن . ئۇنىڭ ئوبرازى بولمىغان رەسىملەرلا ئۇنى ئەڭ يەخشى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ . خۇددى بايا سىزگە دېگىنىمدەك ، ئۇ يېڭى بىر خىل ئىجادىيەت شەكلىنى ئويغاتتى . مەلۇم بىر ئەگرى سىزىق ، مەلۇم بىر خىل رەڭنىڭ ئىنچىكە جۇلالىرىدا ئۇنى ھېس قىلالايمەن ، خالاس .

- ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ رەسىمنى كۆرگەزمە قىلىشنى خالىمايسىز ؟- سورىدى لورد ھېنرى.

- چۈنكى ، مەن رەسىمدە ئىختىيارسىزلا سەنئەتكە بولغان مەلۇم بىر خىل چوقۇنۇشنى ئاشكارىلاپ قويدۇم . ئەلۋەتتە ، بۇنى ئۇنىڭغا دېيىشنى ئەسلا ئويلىشىپ باقمىدىم . ئۇ تېخى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ھەم مەڭگۈ بىلمەيدۇ . بۇنى باشقىلار پەرەز قىلالىشى مۇمكىن ، شۇڭا مەن ھەرگىزمۇ ئۆز روھىمنى ئۇلارنىڭ يوزەكى نەرسىلەرنىلا كۆرىدىغان ماراقچى كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىغۇم ، قەلبىمنى ئۇلارنىڭ كۆزىتىدىغان

مىكروسكوپلىرى ئاستىغا تاشلاپ بەرگۈم يوق . بۇ رەسىمدە ئۆزۈمگە تالىق نەرسىلەر بەك كۆپ ، هاررى .

- شائىرلار سىزگە ئوخشاش مۇنداق كۆمسەم پىشارمۇ ، ياپسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرمايدۇ . ئۇلار قايناق هېسسياتنى ئاشكارىلاشنىڭ نەشرىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . هازىر قەلب سىرلىرى ئاشكارىلانغان كىتابلار قايتا – قايتا نەشر قىلىنۋاتامدۇ .

- مەن دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ يېرىگە ئۆچ ، – ۋارقىرىدى بازىل خالۋارد ، – سەنئەتكارلار چۇقۇم گۈزەل شەيئىلەرنى ئىجاد قىلىشى ، ھەرگىزمۇ ئۆز هاياتىنى ئەسىرىگە سىڭدۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك . لېكىن ، هازىر سەنئەت گويا بىر خىل بىئوگرافىك شەكىلگە ئوخشاپ قالدى . بىز گۈزەللىككە بولغان ئابستىراكت تۇيغۇلاردىن ئاللىبۇرۇن مەھرۇم بولغان . بىر كۈنلەردە مەن دۇنياغا گۈزەل ئابستىراكت تۇيغۇنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى نامايەن قىلماي قويمايمەن . شۇڭا ، كىشىلەر دورىياننىڭ گرېينىڭ پورترېتىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ .

- مېنىڭچە سىز خاتالاشتىڭىز ، بازىل . سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇم يوق . ئەقىلسىزدىن ئاداشقان كىشىلەرلا ئەنە شۇنداق توختىماي مۇنازىرە قىلىشىدۇ . ئېيتىڭە ، دورىيان گرېي سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ ؟

بازىل بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى :

- ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ ، – دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، – مەن ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن . ئەلۋەتتە ئۇنى قانچە ماختاپ ئۇچۇرسام ئەرزىيدۇ . مەن ئۇنىڭغا :« مەن چوقۇم پۇشايمان قىلىمەن » دېگەندەك گەپلەرنى دېدىم . لېكىن ، شۇ گەپلەرنى دېگەن چاغدا تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل خوشلۇققا چۆمدۈم ، ئۇ كىشىنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ. رەسىم سىزىش ئۆيىدە ئولتۇرغاندا دېيىشمەيدىغان گەپلىرىمىز قالمايدۇ . لېكىن ، ئۇ بەزىدە مېنى ئازابلانسۇن دېگەندەك ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ . شۇنداق چاغدا ئۆزۈمنىڭ روھىمنى باشقىلارغا تامام ھەدىيە قىلىۋەتكەنلىكىمنى ، باشقىلارنىڭ بولسا ئاشۇ روھىمنى كۆينىكىگە تاقىۋالىدىغان بىر تال گۈل ، ساختا قىياپىتىنى نىقاپلايدىغان بىر خىل بېزەك ياكى يازنىڭ بىر خىل زىنىنتى قاتارىدا كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن ، هاررى .

- ياز ئۇنداق ئاسان ئۆتۈپ كەتمەيدۇ ، بازىل ،- دېدى باستىر هېنرى پېچىرلاپ تۇرۇپ ، – ئۇ بىزار بولماي تۇرۇپ ، سىز بىزار بولماسىز تېخى . ئويلىسا كىشىنى بەك ئازابلايدىكەن . لېكىن ، تالانت گۈزەللىكتىنمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا ،

بىزگە بېرىلگەن تەربىيە زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەن . كەسكىن ياشاش رىقابىتىدە ئاسانلىقچە خاراپ بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئىنتىلىمىز – دە ، ئەخلەت ۋە ئەرزىمەس ھەقىقەتلەر بىلەن چوڭ مىڭىمىزنى توشقۇزىۋېتىپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆز مەرتىۋىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى ئەخمەقلەرچە ئۈمىد قىلىمىز . بىلىمدە ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرلا زاماننىڭ ئۆلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ ، لېكىن ئۇلارنىڭ كاللىسى قورقۇنچلۇق نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن . ئۇ خۇددى ئاقايىپ – غارايىپ نەرسىلەر ۋە توپا – چاڭ بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر ئاسار – ئەتىقە دۇكىنىغا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ باھاسى ئەسلى باھاسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ . مېنىڭچە ، سىز يەنىلا ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بىزار بولىسىز . بىر كۈنلەردە دوستىڭىزغا قارىغان چېغىڭىزدا ، ئۇنى سىزنىشتا سەل كەتكۈزۈپ قويغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز ياكى ئۇنى سىزنىشتا ئىشلەتكەن رەڭلىرىڭىز كۆڭلىڭىزگە ياقماي قالىدۇ . ئىچىڭىزدە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيسىز ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز . كېينكى قېتىم ئۇ يېنىڭىزغا كەلگەندە ، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىسىز . بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ، چۈنكى سىز دەل شۇ ئىش ۋەجىدىن ئۆزگىرىسىز . ماڭا دېگەنلىرىڭىز تولىمۇ رومانتىك ئىكەن، بۇنى يەنە سەنئەتنىڭ رومانتىكلىقى دېسەكمۇ بولغۇدەك . لېكىن ، رومانتىكلىقنىڭ ئەڭ چاتاق يېرى شۇكى ، ئۇ ئەڭ ئاخىردا كىشىلەرگە ئۇنچە رومانتىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ .

- بۇنداق دېمەڭ ھاررى . ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، دورىيان گرېينىڭ خاراكتېرى ماڭا يول كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . سىز بۇ ھېسياتىمنى زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمەيسىز . سىز بەك تۇتۇرۇقسىز بولۇپ كېتىپسىز .

- ھەي، قەدىرلىك بازىل ، ئاسان ئۆزگىرەلىگەندىلا ئاندىن ھېس قىلالايمەن. ساداقەتمەن كىشىلەر پەقەت مۇھەببەتنىڭ ئەرزىمەس تۈگۈنچەكلىرىنىلا چۈشىنىدۇ ، ئۆزگىرىشچان ئادەملەرلا ئاندىن مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ئازابىنى چۈشىنەلەيدۇ ، – لورد ھېنرى كۈمۈشتىن ياسالغان نەپىس چاقمىقىدا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، گويا پۈتۈن بىر دۇنيانى بىر جۈملە گەپ بىلەنلا يىغىنچاقلىۋەتكەندەك ، تاماكىسىنى ھوزۇرلىنىپ چېكىشكە باشلىدى . بىر توپ قۇچقاچ پېچەك گۈلىنىڭ يايپېشىل يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ۋىچىرلىشاتتى . تۇرۇم – تۇرۇم بۇلۇتلار ئاسماندا بىر – بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپتتى .گۈلزارلىق كىشىگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايتتى . بىر كىشىنىڭ روھىغا دوستىنىڭ قايناق ھېسياتى قوشۇلغاندىلا ، ئاندىن ئۇ تۇرمۇشتا كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ . لورد ھېنرى شۇ تاپتا بازىل خالۋاردنىڭ يېنىدا مەززىسىز چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىگە ئىچىدە خوش بولۇۋاتاتتى . ئەگەر ئۇ ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە

بارغـان بولسـا ، لـورد گوْدبـارد  بىـلەن جەزمەن ئۇچرىشـاتتى ، پـاراك تېمىسـى چۇقـۇم نامراتلارنـىڭ تامـاق مەسىلىسـى ، ئـۇلار ئۇچـۇن تۇرالغـۇ سېلىپ بېرىشـنىڭ تولىمـۇ مـۇھىم ئىكەنلىكـى توغرىسـىدا بـولاتتى . ھەر خىـل قاتلامـدىكى كىشـىلەر گـۈزەل ئەخلاقنىـڭ مـۇھىملىقىنى پەش قىلىشـىدۇ ، ئەممـا ئۇلارنـىڭ تۇرمۇشـىدا ئاشـۇ گـۈزەل ئەخلاقنىـڭ تەخىرسـىزلىكى ئەزەلـدىن كۆرۈلـۈپ باقمىغـان . پۇلـدار كىشـىلەر تىجەشـلىك بولۇشـنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ، ئـش خۇشـياقمايدىغان ھـورۇن – يالقـاۋلار ئەمگەكنـىڭ نەقەدەر ئۇلۇغۋار ئىش ئىكەنلىكى ھەققىـدە توختىمـاي ۋالاقشـىيدۇ . ئـۇ مۇشـۇنداق گەپ سـۆزلەرنى ئىشتىمىسـە نەقەدەر ياخشـى بـولاتتى – ھە! ھامىمىسـىنى ئەسـكە ئېلىشـى بىلەنـلا ، ئۇنـىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز بىر خىيال پەيدا بولدى ۋە بازىل خالۋاردقا بۇرۇلۇپ دېدى :

- بۇرادەر ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى .

- نېمە ئېسىڭىزگە كەلدى ، ھېنرى؟

- دورىيان گرېيىنىڭ ئىسمىنى قەيەردە ئاڭلىغىنىم ئېسىمگە كەلدى .

- قەيەردە ئاڭلىغانىدىڭىز ؟ – سورىدى بازىل خالۋارد قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ .

- ئـاچچىقىڭىز كەلمىسـۇن ، بازىـل . ئاگاسـا ھامامىنىـڭ ئۆيىـدە ئاڭلىغـان ، ئـۇ لونـدوننىڭ شـەرقىي رايـۇنى③ دا بىـر يىگىتنىـڭ ئـۆزىگە يـاردەم قىلغـانلىقىنى ، ئىسـمىنىڭ دورىيان گرېي ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . جەزم قىلالايمەنكى ، ھامىمام ماڭـا ئۇنـىڭ قاملاشـقان ئىكەنلىكىنــى دېمىــگەن . ئايــاللار گــۈزەل قىيــاپەتتىن ھــوزۇر ئېلىشــنى ئۇقمايــدۇ ، ھېچبولمىغانـدىمۇ ياخشـى ئايـاللار شـۇنداق بولـىدۇ . ھامىمـام ئـۇنى ماڭـا بەك سـەمىمىي ، قىزغىن ، ئاقكۆڭۈل دەپ تەرىپلىگەن بەرگەن . شـۇ تاپتـا كاللامـدا كـۆزەينەك تاقىـۋالغـان ، چاچلىرى شالاڭ ، يۈزلىرىنى سەپكۈن قاپلاپ كەتـكەن ، لوڭۇلـداپ مېڭىـپ يۈرىـدىغان بىـر ئوبراز پەيدا بولىۋاتىدۇ ، دوستىڭىزنىڭ دەل شۇ ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلسەمچۇ، كاشكى!

- بىلمىگىنىڭىزمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بوپتۇ ، ھېنرى .

- نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

- ئۇنى سىزگە كۆرسەتكۈم يوق .

- ئۇنى ماڭا كۆرسەتكۈڭىز يوقمۇ ؟

- شۇنداق .

- دورىيان گرېي ئەپەندىم كەلدى ، رەسىم سىزىش ئۆيىدە ساقلاۋاتىدۇ ، ئەپەنـدىم ، – دېدى بىر خىزمەتكار گۈللۈككە كىلىپ .

- ئەمدىغۇ ئۇنى ماڭـا تونۇشـتۇرۇپ قويارسـىز ، – باسـتىر ھېنـرى قاقـاھلاپ كۈلـۈپ كەتتى .

رەسسام قۇياش نۇرىدا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرغان خىزمەتكارغا بۇرۇلۇپ دېدى:
- گرېي ئەپەندى ساقلاپ تۇرسۇن ، پاك . مەن ھازىرلا كىرىمەن .
- خىزمەتكار بىرنى تازىم قىلىۋېتىپ ، كىچىك يولنى بويلاپ قايتىپ كەتتى .
- دورىيان گرېي مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم ، – دېدى رەسسام لورد ھېنرىغا قاراپ تۇرۇپ ، – ئۇنىڭ مىجەزى بەك ئېسىل ، ھاممىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان باھاسى ناھايىتى توغرا بوپتۇ . ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمەڭ ، تەسىر كۆرسەتمەن دېگۈچى بولماڭ . بىلىمەن، ئۇنىڭغا چۇقۇم ياخشى تەسىر بەرمەيسىز . بۇ دۇنيا بەكمۇ چوڭ ، كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس . مېنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى سېھرىي كۈچۈمنى ئۇ ئاتا قىلغان، سەنئەتكارلىق ھاياتىم پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا باغلىق ، ئۇنى يېنىمدىن ئېلىپ كەتكۈچى بولماڭ. گەپلىرىمنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ ھاررى ، ئۈمىدىمنى يەردە قويمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.
- تازا بىمەنە گەپ بولدى – دە ، بۇ ! – ھېنرى كۈلۈپ كېتىپ خالۋاردنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى – دە ، ئۇنى رەسىم سىزىش ئۆيىگە سۆرەپ كىردى .

———————

**ئىزاھات :**

① ئانتنوس (110 – 130) ، رىملىق جەزبىدار يىگىت بولۇپ ، نىل دەرياسىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغان . گرېتسىيىدىكى نۇرغۇن چېركاۋلاردا ئۇنىڭ ھەيكىلى بار .
② ئاگېرنو (1825 – 1910) – رەسىم سودىگىرى .
③ لوندوننىڭ شەرقىي رايونى _ لوندوننىڭ نامراتلار رايونى .

# ئىككىنچى باب

ئـۇلار ئىشـكتىن كىرگەنـدە دورىيـان گرېي ئىشـىككە كەينىنـى قىلىـپ ، پېئانىنونـىڭ يېنىـدا شـۇماننىڭ «ئورمـانلىقتىكى مەنزىـرە» نـاملىق مۇزىكىسـىنىڭ نوتىسـىنى ۋاراقـلاپ ئولتۇراتتى .

- بۇنى ماڭا بېرىپ تۇرۇڭ ، بازىل ، - دېدى دورىيـان ئۆرۈلـۈپ ئـاۋازدا ، - بـۇ مۇزىكـا بەك مۇڭلۇقكەن ، ئۆگىنىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ .

- بۇ سىزنىڭ بوۋگوۋنكى ئىپادىڭىزگە باغلىق ، دورىيان .

- ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ كەتتىم ، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ، چوڭقـۇر ئـۆزۈم بىـلەن تەڭ رەسىمىمنىڭ بولۇشىنىمۇ خالاپ كەتمەيمەن ، - دورىيان كەينىگە ئۆرۈلۈپ لـورد ھېنرىنـى كۆردى - دە ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ، يۈزلىرىمـۇ شـەلپەردەك قىزىرىـپ كەتتـى ، - كەچۈرۈڭ بازىل ، مېھمىنىڭىز بارلىقىنى بىلمەپتىمەن .

- بۇيـاق لـورد ھېنـرى ۋاتتـون ، ئوكسـفوردتىكى كونـا دوسـتۇم بولىـدۇ . بايـا تېخـى ئۇنىڭغا سىزنىڭ قالتىس مودېل ئىكەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بېرىۋاتـاتتىم . سـىز - زە ، ھەممـە ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېلىۋەتتىڭىز .

- ھېچقىسى يوق ، گرېي ئەپەندىم ، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن تولىمـۇ خۇرسـەنمەن ، - لورد ھېنرى ئالدىغىراق چىقىپ قولىنى ئۇزاتتى ، - ھامىمام دائىم گېپىڭىزنـى قىلاتتـى ، ئۇ سىزگە بەك ئامراق .

- مەن ھازىر ئاگاسا خانىمنىڭ قارا تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالـدىم ، - دېـدى دورىيـان چىرايىغا ھەيبارلىق تۈسى بېرىپ ، - ئالـدىنقى ھەپتىنـىڭ ئىككىسـى ئۇنىـڭ بىـلەن ۋايىـت چاپىلدىكى① كۇلۇبقا بىللە بېرىشقا ماقۇل بولغان . لېكىن ، ئۇ ئىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلـۈپ كېتىپتۇ. بىز ئەسلىدە قوش كىشىلىك ناخشا ئېيتماقچى ئىدۇق . بىلمىدىم، ئۇ مېنـى ھـازىر نېمە دەپ تىللاۋاتىدىكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن.

- ھامامىغا ئۆزۈم گەپ قىلىـپ قويىمەن ، ئـۇ سـىزنى بەك چـوڭ بىلىـدۇ . مېنـىڭچە ، بارمىغىنىڭىزغا ھېچئىش بولمايـدۇ . ھامـام پېئـانىنو چېلىـپ ناخشا ئېيتىـدىغان بولسـا ، ئـاۋازى ئىككـى ئادەمنىڭكىـدىن قېلىشـمايدۇ . كىـم بىلىـدۇ ، تاماشـىبىنلار قـوش كىشـىلىك ناخشا ئوخشايدۇ دەپ قالدىمۇ تېخى .

- بۇنـداق دېسـىڭىز ئۇنىڭغـا بىھۆرمەتلىـك قىلغـان بولىسـىز ، مەن جېنىمـدا بـۇ

گېپىڭىزدىن بىئارام بولۇۋاتىمەن ، – دېدى دورىيان كۈلۈپ تۇرۇپ .

لورد ھېنرى دورىيانغا قاراپ قويدى . راست ، ئۇنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرى كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى ، بىر جۈپ زەڭگەر كۆزىدىن سەممىيلىك چاقناپ تۇراتتى ، خويمۇ ياراشقان ساپسېرىق بۇدرە چاچلىرى ئۇنى تولىمۇ جەلپكار ، قاملاشقان قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى . ياشلىق باھارىنىڭ قايناق ھېسسىياتلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان چېھرىگە بىر قارىغان كىشى ئۇنىڭغا باغلىنىپلا قالاتتى . ئۇ كىشىگە تولىمۇ سەبى ، بىغۇبار ، قائىدە – يوسۇنلارغا باغلىنىپ قالمىغاندەك تەسىر بېرەتتى . بازىل خالۋاردنىڭ ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا ۋاي دەپ كېتىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى .

- سىز بۇ جەلپكارلىقىڭىز بىلەن خەيرى – ساخاۋەت ئىشلىرىغا ماس كەلمەيسىز ، گرېي ئەپەندىم ، – لورد ھېنرى ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ ، يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى چىقاردى .

رەسسام رەڭ تەڭشەش ، پەلكۈچ تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى ، چىرايىنى ئەندىشە تۇمانلىرى قاپلىۋالغان ئىدى . ئۇ لورد ھېنرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە گېپىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويدى ۋە بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن دېدى ، – ھارىرى ، بۇ رەسىمنى بۈگۈن پۈتتۈرۈۋېتەي دېگەنىدىم ، كېتىپ تۇرۇڭ دېسەم ، سىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالامسەن – ھە ؟

لورد ھېنرى كۈلۈپ كېتىپ ، دورىيان گرېيدىن سورىدى ، – مەن كېتەيما گرېي ئەپەندىم ؟

- كەتمەڭ ، ھېنرى ئەپەندىم . ئەنە ، بازىل ئەپەندىنىڭ قاپاقلىرى يەنە تۈرۈلۈشكە باشلىدى . ئۇ خاپا بولسا ، جايىمدا ئولتۇرالمايلا قالىدىكەنمەن . ئېيتىڭە ، خەيرى – ساخاۋەت ئىشلىرىغا نېمىشقا ماس كەلمىگۈدەكمەن ؟ شۇھەقتىكى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار .

- نېمە دېسەم بولار ، گرېي ئەپەندىم . بۇ تولىمۇ بىمەنە تېمىكەن ، قارىغاندا تۈزۈك پاراڭلاشمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . ئەلۋەتتە ، مېنى قەپىقىلىك دەۋاتىسىز ، كېتىپ قالسامۇ بولماس . بازىل ، قېپقالسام كۆڭلىڭىزگە كەلمەس – ھە ؟ سىز ھەممىشە ، مودىل بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بېرىدىغان ئادەم بولسا ياخشى بولىدۇ ، دەيتتىڭىزغۇ.

بازىل خالۋارد لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ دېدى :

- گرېي ئەپەندىم خالىغان بولسا ، ئولتۇرۇۋېرىڭ . ئۇ خوش بولىدىغانلا ئىش بولسا ، ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىز .

لورد ھېنرى شلەپىسى بىلەن پەلىيىنى قولىغا ئالدى .

- ئولتۇرسامغۇ تازا ياخشى بولاتتى ، بازىل . لېكىن ئورلىئان كۆلۈبىدا بىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغان ، ماڭمىسام بولمايدۇ . خەير – خوش ، گرېي ئەپەندىم . بىرەر چۈشتىن كېيىنلىرى ۋاقتىڭىز چىقىپ قالسا ، كۈرزون كوچىسىغا ئۆتۈڭ ، پاراڭلىشىمىز. ئادەتتە سائەت 5:30 لاردا ئۆيدە بولىمەن . بېرىشتىن ئاۋۋال خەت يېزىۋېتىڭ ، بولمىسا سىزنى قۇرۇق ساقلىتىپ قويسام ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ .

- بازىل ، – ۋارقىرىدى دورىيان گرېي ، – ھېنرى ئەپەندىم كەتسە ، مەنمۇ كېتىمەن . رەسىم سىزىۋاتقان چېغىڭىزدا زادىلا گەپ قىلمايدىكەنسىز ، مەن بولسام سىزگە خوشال قىياپەتتە ئولتۇرۇپ بېرىمەن دەپ قىينىلىپ كېتىدىكەنمەن ، بۇ قىلىقىڭىزدىن بەك زېرىكتىم . گەپ قىلىڭە ، ئۇ كەتمىسۇن .

- سىزدىن خوش بولۇپ قالايلى ، كەتمەڭ ھاررى ، – دېدى بازىل رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي ، – دورىياننىڭ دېگىنىمۇ توغرا ، رەسىم سىزىۋاتقان چېغىمدا گەپ قىلمايدىغان خۇيۇم بار ، ھەتتا باشقىلارنىڭ گېپىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ . شۇڭا بىچارە مودېللىرىم ئۆلگۈدەك زېرىكىپ كېتىدۇ . ئۆتۈنۈپ قالاي ، كەتمەڭ .

- ئەمسە ئورلىئاندا كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەمگە نېمە دەيمەن ؟

رەسسام قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى :

- ھېچقانچە ئىش ئەمەسكەنغۇ ئۇ . بولدى كەتمەڭ ھاررى . دورىيان ، ئەمسە مودېل تەكچىسىگە بېرىپ مىدىرلىماي جىم ئولتۇرۇڭ ، ھېنرىنىڭ گەپلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماڭ . ئۇ مەندىن باشقا دوستلىرىنىڭ ھەممىسىگە يامان تەسىر بېرىدۇ .

دورىيان گرېي مودېل تەكچىسىگە چىقتى ، ئۇنىڭ تۇرۇقى بەئەينى زەبەردەست يۇنان قەھرىمانلىرىغا ئوخشايتتى . ئۇ لورد ھېنرىغا نارازى بولۇۋاتقاندەك ، ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى . لېكىن ، چىرايىدىن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغاندەك بىر خىل ئىپادىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئۇ بازىلغا زادىلا ئوخشىمايتتى ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇش تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، لورد ھېنرىنىڭ ئاۋازى كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق تەسىر بېرەتتى .

- سىز راستىنلا كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرەمسىز ، ھېنرى ئەپەندىم ؟ سىز بازىل دېگەندەك شۇنداق ئەسكىما ؟

-دۇنيادا ئەزەلدىن ياخشى تەسىر بولۇپ باقمىغان ، گرېي ئەپەندى . ئىلمىي نوقتىدىن قارىغاندا ، ھەر قانداق تەسىر ئەخلاقتىن چەتنىگەن بولىدۇ .

- نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

- چۈنكى بىر ئادەمگە تەسىركۆرسىتىش – ئۆز ئىرادىسىنى شۇ ئادەمگە تېڭىشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس . ئۇنداق بولغاندا ، شۇ ئادەم ئۆز ئىدىيىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ، تەبئىي ئوتلۇق ھېسسىياتى ئىككىنچىلەپ ياللۇنجىمايدۇ ، گۈزەل ئەخلاقمۇ ماھىيىتىنى يوقىتىدۇ . ئەگەر ئۇ سەۋەنلىك سادىر قىلغان بولسا ، ئۇنىمۇ باشقىلاردىن ئۆلگە ئالغان بولىدۇ . ئۇ ئۆزگىلەرنىڭ مۇزىكىسى ئۈچۈن ئەكس سادا بولىدۇ ، ئارتىستقا ئايلىنىپ ، ئۆزى يازمىغان بىر سىنارىيە ئۈچۈن رول ئالىدۇ . تۇرمۇشنىڭ نىشانى ئۆز – ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتە . ئۆز خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلىش – ھەممىمىزنىڭ ياشاش مەقسىتىمىزدۇر . ھازىر كىشىلەر ئۆز – ئۆزىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى ، ئۇلار ئەڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز – ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشتى . ئەلۋەتتە ئۇلار ئازاپ چېكىۋاتقانلار ئۈچۈن قايغۇرۇشىدۇ ، ئاچ – زېرىنلارنىڭ قورسىقىنى توقلايدۇ . توڭلىغانلارغا كىيىم كېچەك بېرىدۇ – يۇ ، ئۆزلىرىنىڭ روھى ئېچىرقايدۇ ، ئۇچىسى يالىڭاچ قالىدۇ . مىللىتىمىزدىن باتۇرلۇق ، جاسارەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، بەلكى بىز ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېرىشىپ باقمىغان بولغىيتۇق . جەمئىيەتتىن قورقۇش ئەخلاقنىڭ ئاساسى ، تەڭرىدىن قورقۇش بولسا دىنىنىڭ مەخپىيىتىدۇر . دەل مۇشۇ ئىككى نەرسە بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا . ھالبۇكى –

- بېشىڭىزنى ئوك تەرەپكە سەل بۇراڭ دورىيان ، – دېدى بازىل كۆزىنى رەسسىمدىن ئۈزمەي تۇرۇپ . ئۇ دورىياننىڭ چىرايىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىپادىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى .

- ھالبۇكى ، – لورد ھېنرى تورلۇق ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلغاچ قوللىرىنى تولىمۇ چىرايلىق بىر رەۋىشتە پولاڭلىتاتتى . بۇ ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئالاھىدىلىكى ، ئىدىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا يېتىلدۈرگەن ئادىتى ئىدى ، – كىشىلەر ئەگەر تورمۇشىنى مەنىلىك ، كەم – كۈتىسىز قىلىمەن دەيدىكەن ، ھېسسىياتىغا شەكىل بېرىشى ، ئىدىيىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا يول قويۇشى ، ئارزۇ- تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى قويۇشى كېرەك . ئىشىنىمەنكى ، شۇ چاغدا دۇنيا نۇرغۇن خوشاللىقلارغا ئېرىشىدۇ ، بىزدىكى ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان ئىللەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ، بىزنى قەدىمكى يۇنانچە غايىمىزگە قايتۇرىدۇ ، بۇ غايە بەلكىم قەدىمكى يۇنانچە غايىدىنمۇ ئۇلۇغۋار ، مول بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ئارىمىزدىكى ئەڭ باتۇر سانىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىدىن قورقىدۇ . ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن قالغان ئۆز ئارزۇ – ئىستىكىنى تىزگىنلەش قىلمىشىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ تۇرماقتا . بۇنداق ئۆز – ئۆزىنى تىزگىنلەش تۇرمۇشىمىزنى غايەت زور زىيانلارغا دۇچار قىلدى ، بىز ھازىر دەل شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىمىز . جان – جەھلىمىز بىلەن تىزگىنلەۋاتقان ئارزۇ –

ئىستەكلىرىمىز ئىدىيىمىزدە تۇخۇملىماقتا ، بىزنى زەھەرلىمەكتە . تەن ئىپلاس ئىشتىن بىرنى قىلغان ھامان گۇناھتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ . چۈنكى ، ھەرىكەت گۇناھنى يۇيۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، خوشال ئەسلىمە ياكى ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئۆكۈنۈشتىن ئۆزگە ھېچنەرسە قايتا مەۋجۇد بولمايدۇ . ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى – ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش . ئازغۇنلۇققا قارشى تۇرىدىكەنسىز ، روھىڭىزغا كېسەل تېگىدۇ ، چۈنكى ئۇ ئۆزى چەكلەۋاتقان نەرسىگە ، بىمەنە قانۇنلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىمەنە ، قانۇنسىز نەرسىلەرگە تەشنا بولۇۋاتقان بولىدۇ . ئېيتىلىشچە ، دۇنيادىكى چوڭ – چوڭ ئىشلار كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يۈز بېرىدىكەن ، ئىپلاسلىقلارمۇ دەل كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يۈز بېرىدىكەن . سىزنى ئېلىپ ئېيتساق ، گرېي ئەپەندىم ، گەرچە ياشلىقنىڭ راسا پەيزىنى سۈرۈۋاتقان يىگىت بولسىڭىزمۇ ، لېكىن سىزنىڭمۇ ئۆز – ئۆزىڭىزنى قورقۇتىدىغان ئوتلۇق ھېسسىياتلىرىڭىز ، ئۆزىڭىزگە ۋەھىمە ھېس قىلدۇرىدىغان ئۇيقۇسىز كېچىلىرىڭىز ، ئويلىسىڭىزلا چىرايىڭىزغا خىجىللىق پەردىسى تاشلايدىغان خىيالىي تۈيغۇ ۋە چۈشلىرىڭىز بار ...

-بولدى قىلىڭ ! – دېدى دورىيان تىترەك ئاۋازدا ، – بولدى دېمەڭ ! شۇ تاپتا مېنى گاڭگىرىتىپلا قويىۋاتىسىز ، بۇ گەپلىرىڭىزگە نېمە دەي ئەمدى . بولدى بەس ، ماڭا ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىڭ ياكى بولمىسا ئادەمنى ئويغا سالىدىغان ئۇنداق گەپلەرنى دېمەڭ .

دورىيان كۆزلىرىدىن غەلىتە نۇرلارنى چاقنىتىپ ، ئاغزىنى كامارىدەك ئاچقىنىچە تۇرغان جايىدا ئالاھەزەل 10 مىنۇتقا يېقىن جىممىدە تۇرۇپ كەتتى . ئۇ پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر تەسىرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا يامراۋاتقانلىقىنى خىرە – شىرە تۇنۇپ يېتىۋاتاتتى . لېكىن ، ئۇ يەنە تۇرۇپلا بۇ تەسىرلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقاندەكمۇ ھېس قىلاتتى . بازىلنىڭ دوستىنىڭ ئېيتقانلىرى شەك – شۈبھىسىزكى مۇنداقلا دەپ قويۇلغان گەپلەر ئىدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قەستەن دېيىلگەن بىر – بىرىگە زىت گەپلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نامەلۇم بىر سىرلىق تارنى چېكىپ ئۈلگۈردى ، ئۇ تار ئىلگىرى چېكىلىپ باقمىغانىدى . ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ ۋۇجۇدىدىكى شۇ تارنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ، غەلىتە بىر خىل رەۋىشتە قاتتىق-قاتتىق تەۋرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

بازىل خالۋارد قولىدىكى پەلكۈچنى ئوينىتىپ ، تولىمۇ سالماق ۋە ئۇستىلىق بىلەن رەسىم سىزماقتا ، پەلكۈچىدىن مۇكەممەل بىر لاتاپەت زاھىر بولماقتا ئىدى ...

ئىلگىرى مۇزىكا ئۇنى ئەنە شۇنداق ھاياجانغا سالغان ، ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم كاشىلا قىلغان ئىدى . لېكىن ، مۇزىكىنىڭ ئۇنچىۋالا ئىپادىلەش كۈچى يوق ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا

بارلىققا كەلتۈرگىنى يېڭى ماكان ئەمەس ، بەلكى باشقا بىر زۇلمەت قاراڭغۇلۇق . ئۇ ناھايىتى كەتسە بىر قۇرۇق گەپقۇ ! لېكىن ، ئۇ گەپلەر نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق – ھە ! نەقەدەر پەردازسىز ، ئۆتكۈر ، ۋەھشىي – ھە ! ئۇ گەپلەر شۇنچىلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدىكى ، ئاڭلىغان كىشىنى مەيتۇن قىلىپلىۋالاتتى . ئۇلار گويا شەكىلسىز نەرسىگە شەكىل ئاتا قىلاتتى . ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس كۈيى – ئىسكىرىپكا ياكى لىيۇتتىن ياڭرىغان كۈيىنى ئەسلىتىدىغان يېقىملىق كۈيى بار ئىدى . ئۇ ناھايىتى كەتسە بىر گەپقۇ ! گەپكە ئوخشاش ھەققىي نەرسە يەنە بارمىدۇ ؟

شۇنداق ، ئۇ گۆدەك چېغىدا بەزى نەرسىلەرنى زادىلا چۈشەنمەيتتى ، ئەمدى چۈشىنىدىغان بولدى . تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن دەققە ئىچىدە يالقۇنلۇق ئوتقا ئايلاندى ، ئۆزىمۇ ئىزچىل مۇشۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئىلگىرى ئۇ بۇنى نېمىشقا بايقىمىدى ؟

لورد ھېنرى تېڭگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل سىرلىق كۈلكىسى بىلەن دورىيانغا زوقلۇنۇپ قاراپ تۇراتتى ، شۇ تاپتا ئۇ ئادەملەرنىڭ پسخىك ئۆزگىرىشلىرىنىڭ قايسى دەقىقىسىدىكى ئۇنىسىز ئىنكاسىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى دەڭسىمەكتە ئىدى ، ھەم دېگەن گەپلىرىنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپمۇ تۇراتتى . ئۇ 16 ياش چېغىدا ئوقۇغان بىر كىتابنى ئېسىگە ئالدى ، كىتابتا ئۇ ئىلگىرى چۈشەنمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر ئېچىپ بېرىلگەنىدى . دورىياندىمۇ ئاشۇنداق تۇيغۇ بولىۋاتامدىغاندۇ ؟ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگمىگەندۇ – ھە ! ھەجەپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بالىكەنە – بۇ !

بازىل خالۋارد قولىدىكى پەلكۈچنى ئوينىتىپ ، تولىمۇ سالماقلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن رەسىم سىزماقتا ، پەلكۈچىدىن مۇكەممەل بىر لاتاپەت زاھىر بولماقتا ئىدى . لېكىن بۇنى كامالەتكە يەتكەن ماھارەت بىلەنلا روياپقا چىقارغىلى بولمايتتى ، ئارىنى قاپلىغان شۇنچىلىك ئېغىر سۈكۈناتلىق كەيپىياتمۇ ئۇنىڭغا ھېچ بىلىنمەيتتى .

- بازىل ، بەك چارچاپ كەتتىم ، – دېدى دورىيان گىرىپ تۇيۇقسىز ، – بۇ يەر بەك دىمىق ئىكەن ، گۈللۈككە چىقىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كىرەي .

- قەدىرلىك دوستۇم ، ناھايىتى خىجىلمەن ، رەسىم سىزغان چېغىمدا مۇشۇنداق ھەممىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويىدىغان ئادىتىم بار . بايامقى قىياپىتىڭىز ناھايىتى ياخشى چىقتى ، مىدىر – سىدىرمۇ قىلمىدىڭىز ، يېرىم ئېچىلغان ئاغزىڭىز ، نۇر چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىڭىز – مەن سىزماقچى بولغان قىياپەتنىڭ دەل ئۆزى شۇ . ھارى سىزگە نېمىلەرنى دېدى ، بىلمىدىم . لېكىن ، بايىقى ئاشۇ گۈزەل قىياپىتىڭىزنى چىقىرىشىڭىزغا

چۈقۈم ئۇ تۇرتكە بولدىغۇ دەيمەن . بىلسەم – بىلمىسەم ، ئۇ سىزگە ياغلىما گەپلەرنى تازا قىلدى ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەڭ .

- ئۇ ماڭا ياغلىما گەپلەرنى قىلمىدى . دەل شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمىدىم .

- ياق ، ھەممىسىگە ئىشەندىڭىز ، بۇ ئۆزىڭىزگە ئايان ، – دېدى لورد ھېنرى ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان سىرلىق كۆزلىرى بىلەن دورىيانغا قاراپ ، – بۇ ئۆيي بەك ئىسسىقكەن ، گۈللۈككە مەنمۇ بىللە چىقاي . بازىل ، بىزگە مۇز قوشۇلغان ئىچىملىك كەلتۇرۇپ بەرسىڭىز ، ئازراق بۆلجۈرگەن سېلىۋەتسۇن .

- چاتاق يوق ھاررى . قوڭغۇراقنى بېسىپ قويۇڭ ،پاك كەلسىلا دەپ قويىمەن ، ئۇ سىلەرگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە يەنە ئازراق ئىشلىمىسەم بولمايدۇ ، يېنىڭلارغا ھېلىراق چىقاي . دورىياننى بەك ئۇزاق تۇرغۇزىۋەتمەڭ . ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك ئىلھام كەپ باقمىغان . بۇ رەسىم مېنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرىم بولۇپ قالىدۇ، قارىماققىمۇ شۇنداقتەك تۇرىدۇ .

لورد ھېنرى گۈللۈككە كەلدى ، دورىيان گىرىنىڭ بېشىنى پىچەكگۈللەرنىڭ ئارىسىغا تىقىۋېلىپ ، گويا ئېسىل شاراپنىڭ ھىدىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك ، گۈل ھىدىنى زوق – شوق بىلەن تويىماي پۇراۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ يېقىن كېلىپ ، قولىنى دورىياننىڭ مۈرىسىگە قويدى .

- ھە ، ماۋۇ ئىشىڭىز بوپتۇ ، – دېدى ئۇ ، – خۇددى سەزگۈ ئورگانلىرىمىلارنى روھلا قۇتقۇزالىغاندەك ، روھنىمۇ سەزگۈ ئورگانلىرىمىلىرى قۇتقۇزالايدۇ .

چۆچۈپ كەتكەن دورىيان كەينىگە داجىدى . ئۇ شلەپىسىنى ئېلىۋەتكەن ، پىچەكگۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ تال – تال ئالتۇنرەڭ بۇدرە چاچلىرىغا ئولۇشۇۋالغان ئىدى . كۆزلىرىدىن تاتلىق ئۈيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن كىشىنىڭكىدەك بىر خىل ۋەھىمە نۇرلىرى چاقنايتتى. ئىلپەتەك تۈز كەلگەن بۇرۇننىڭ چاناقلىرى لىپىلدايتتى، قىپقىزىل لەۋلىرىنىڭ نامەلۇم بىر نېرىپلىرى دەممۇ-دەم تارتىشاتتى.

- توغرا قىلدىڭىز، – سۆزىنى داۋام قىلدى لورد ھېنرى ، – مانا بۇ تۇرمۇشتىكى سەزگۈ ئورگانلىرىمىلىرى ئارقىلىق روھنى قۇتقۇزۇش، روھ ئارقىلىق سەزگۈ ئورگانلىرىمىلىرىنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ مەخپىيەتلىك. سىز ياراتقۇچىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى . خۇددى بىلىدىغانلىرىڭىز بىلمەكچى بولغانلىرىڭىزدىن ئاز بولغاندەك ، بىلىدىغانلىرىڭىزمۇ ئۆزىڭىز بىلىمەن دەپ قارىغان نەرسىلەردىن كۆپ بولۇشى كېرەك.

دورىيان گىرىي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ، بېشىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالدى. ئۇ

يېنىدىكى قامەتلىك ، گەپ- سۆزى يېقىملىق بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتى . لورد هېنرىنىڭ رىۋايەت تۇسىگە باي زەيتۇن رەڭ يۈزلىرى ، هارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىراي ئىپادىسى ئۇنىڭ زوقىنى قوزغاۋاتاتتى . ئۇنىڭ تورلۇق ئەمما ئېزىلەڭگۈ ئاۋازىدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر خىل مۆلۈك بار ئىدى . شېشىدەك سۈزۈك مۇزدەك قوللىرىدىن بىر خىل سېهرىي كۈچ يامرايتتى . گەپ قىلغان چېغىدا قوللىرى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك تىنماي هەرىكەتلىنىپ تۇراتتى . لېكىن ، دورىيان ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالدى هەم ئۇنىڭدىن قورققىنىدىن خىجىلمۇ بولدى . نېمە ئۈچۈن بىر ناتونۇش كىشى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ؟ ئۇنىڭ بازىل خالۋارد بىلەن تونۇشقىنىغا نەچچە ئايلا بولدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق ئۇنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىگەن ئىدى . توساتتىن ، بىرەيلەن گويا هاياتنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىردى . لېكىن ، قورققۇدەك نېمىسى بار؟ قورقۇپ كەتكۈدەك ياكى ئۇ بىر كىچىك بالا بولمىسا .

- دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرايلىچۇ ! – دېدى لورد هېنرى ،- پاك ئىچىملىك ئەكەلدى . ئاپتاپتا تۇرىۋەرسىڭىز كۆيۈپ كېتىسىز. ئۇنداق بولۇپ قالسا، بازىل سىزنى سىزمايدۇ جۇمۇ. ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئاپتاپقا قاقلىماڭ، سەتلىشىپ كېتىسىز.

- ئۇنىڭغا نېمە بولاتتى ؟ – دورىيان گرېي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە گۈللۈكنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى ئورۇندا ئولتۇردى .

- هەممە نەرسىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ ، گرېي ئەپەندىم .

- نېمىشقا ئەمدى؟

- چۈنكى سىز تەققى – تۇرقتا تەڭداشسىز ، بۇ سىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك .

- بۇنى مەن هېچ هېس قىلمىدىمغۇ ، هېنرى .

- شۇنداق . هازىرچە هېس قىلالمايسىز . بىر كۈنلەردە ، قېرىپ چىرايىڭىزدىن كەتكەندە ، چىرايىڭىزنى يول – يول قورۇق باسقاندا ، ئوي – پىكىرلىرىڭىز پېشانىڭىزگە ئەگرى – بوگرى ئىزلارنى قالدۇرغاندا ، ئوتلۇق هېسسىياتىڭىزنىڭ كۆچلۈك يالقۇنلىرى لەۋلىرىڭىزگە تامغا باسقان چاغدا هېس قىلىسىز ، چوڭقۇر هېس قىلىسىز . هازىر مەيلى قەيەرگىلا بارماڭ ، دۇنيا سىز ئۈچۈنلا پىرقىرايدۇ . مەڭگۈ شۇنداق بولارمۇ ؟ سىز هۆسن – جامالدا تەڭداشسىز ، گرېي ئەپەندىم . قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭ ، راست دەۋاتىمەن . گۈزەللىك – تۇغما تالانتنىڭ بىر خىل شەكلى ، ئەمما ئۇ تۇغما تالانتتىن يۈكسەك بولىدۇ ، چۈنكى گۈزەللىكنى شەرھلەش بىهاجەت . گۈزەللىك گوياكى بىر قۇياش نۇرى ، باهار قۇياشى ياكى ئاينىڭ كۈمۈشرەڭ جۇلاسىنىڭ چوڭقۇر سۇدا ئەكىس ئەتكەن شولىسى ، دۇنيادىكى

ئەڭ ئۇلـۇغ ھەقىقەتلەرنىـڭ بىـرى . بۇنىڭغـا قىـل سـىغمايدۇ . گۈزەللىـك مـۇقەددەس ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە ، ئۇنىڭغا نائىل بولغان كىشىگە شاھزادىلىك نېسىپ بولىدۇ . كۈلۈۋاتىسـىزغۇ ؟ ھـىم ، ئۇنىڭـدىن مەھـرۇم بولغـان چېغىڭىـزدا كۈلمەيـدىغان بولىسـىز ... كىشىلەر بەزىدە گۈزەللىكنى ئەنە شۇنداق يۈزەكى نەرسە دەپلا قارايدۇ ، بەلكىم شـۇنداقتۇر . لېكىن ، ئۇ ھېچبولمىغاندىمۇ ئىدىيىگە ئوخشاش ئۇنچىلىك يـۈزەكى ئەمەس . گۈزەللىـك – مەن ئۈچـۈن مۆجىزىنىـڭ ئىچىـدىكى مـۆجىزە . تەنـتەك ئـادەملەرلا چىرايـى ئـارقىلىق باشقىلارنى جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ . دۇنيادىكى ھەقىقىي سىرلار كـۆرگىلى بولمايـدىغان نەرسـىلەردە ئەمەس ، بەلكـى كـۆرگىلى بولىـدىغان نەرسـىلەردە مەۋجـۇت بولىـدۇ ... گرېي ئەپەندىم . ئەمما ئىلاھ ئاتا قىلغان نەرسىلىرىنى يەنە ناھايىتى تېزلا قايتۇرۇۋالايـدۇ . سـىز پەقەت بىـر نەچـچە يىللىـق ئـۆمرىڭىزنىلا چـىن ، مـۇكەممەل ئۆتكۈزەلەيسـىز . ياشـلىق باھارىڭىز تامـام بولغانـدا ، گـۈزەل رۇخسـارىڭىزمۇ تەڭـلا غايىـپ بولىـدۇ . ئەنە شـۇ چاغـدا مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنىـڭ تامـام قالمىغـانلىقىنى ھـېس قىلىسـىز– دە ، ئىلگىـرى كـۆزگە ئىلمىغـان مـۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز ئـارقىلىق قانـائەت ھاسـىل قىلىـدىغان بـوپ قالىسـىز . ئۆتمۈشـنى ئەسـلىگەندە ، ئىلگىـرى قازانغـان مـۇۋەپپەقىيەتلەر مەغلۇبىيەتلەرگە قارىغانـدا كىشنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن سىز كۈنسىرى قورقۇنچلۇق مەنزىلگە قـاراپ يـول ئالىسـىز . ۋاقىـت سـىزگە ھەسـەت قىلىـدۇ ، كىشـى قەلبىنـى لال قىلىـدىغان رۇخسـارىڭىزغا ھۇجـۇم قىلىـدۇ . چىرايىڭىـز زەپىرانـدەك سـارغىيىپ ، مەڭزىلىرىڭىـز ئولتۇرۇشـىدۇ ، كۆزلىرىڭىزنىـڭ نـۇرى ئۆچىـدۇ ، چىرايىڭىزنـى غەم باسـىدۇ ، ئـازابتىن نېرى بولالمايسـىز . ياشلىق باھارىڭىز ئۇرغۇپ تۇرغاندا ، ئۇنىڭدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىـڭ ! ئـۆمرىڭىزنى تـايىنى يـوق سەپسـەتىلەرنى ئـاڭلاش بىـلەن ئىسـراپ قىلمـۇەتمەڭ ، قۇتۇلـۇش ئىمكـانىيىتى يـوق مەغلـۇبىيەتلەردىن ئـۆزىڭىزنى قـاچۇرىمەن دەپ ئـاۋارە بولمـاڭ ، ھايـاتىڭىزنى نـادان ، تۇتۇرۇقسـىز ئـادەملەر ئۈچـۈن سـەرپ قىلمـۇەتمەڭ . ئۇلارنىـڭ ھەممىسـى دەۋرىمىزدىكـى كېسەل تەگكەن نىشان ۋە خاتالىقلاردۇر . ياشاڭ ، باشقىلارنىڭ زوقى كەلگـۈدەك راۋۇرۇس ياشـاڭ ! ۋۇجـۇدىڭىزدىكى نەرسـىلەرنى بىكـاردىن – بىكـار ئىسـراپ قىلمـۇەتمەڭ . يېڭـى – يېڭى ئىستەكلەر ئۈچۈن ئىزدىنىڭ . ھېچنىمىـدىن قورقمـاڭ ... ھـازىر دەۋرىمىـزدە يېڭـى – يېڭـى ھـوزۇر – ھـالاۋەتلەر كەم بولۇۋاتىـدۇ . سـىز كىشـىنى مەھلىيـا قىلىـدىغان رەڭگـى – رويىڭىز بىلەن ئاشۇ ھوزۇر – ھالاۋەتلەر ئۈچۈن باشلامچى بولۇپ بەرسـىڭىز نـېمە يـامىنى . بۇ ئالەمـدە بىـرلا پەسـىل سـىزنىڭ ئىلكىڭىـزدە بولىـدۇ ... سـىزنى تـۇنجى كـۆرگەن ئاشـۇ دەقىقىدە ، مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىزنى ، زادى قانداق ئـادەم بولالايدىغانلىقىڭىزنى ئەسلا ھېس قىلىـپ يەتمىگەنلىكىڭىزنـى بايقىـدىم . ۋۇجـۇدىڭىزدىكى

نەرسىلەر مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى – دە ، ئۆزىگىزگە ئۆزىگىزنى ھەقىقىي تونۇتۇپ قويۇشۇمنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم . مېنىڭچە ، ئۆزىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋەتسىڭىز ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش قىلغان بولىسىز ! چۈنكى ، ياشلىقىڭىز تولىمۇ قىسقا ، تولىمۇ قىسقا . تاغ گۈلى سۇلىسا يەنە ئېچىلىدۇ . كىلەر يىلى ئىيۇندا شەھدان گۈلى ھازىرقىدەكلا ئالتۇنرەڭ ئېچىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېيىدا بىنەپشەرەڭ ماتىدار گۈلىنىڭ بەرگىلىرى گويا بىنەپشە يۇلتۇزلار كېچە ئاسمىنىغا بېزەك بولغاندەك غۇچچىدە يېشىل يۇپۇرماقلارغا زىننەت بېرىدۇ . يىللار ئۆتكەنسېرى ، ياشلىق باھارىمىز بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدۇ . 20 يېشىمىزدىن باشلاپ ، ۋۇجۇدىمىزدىكى سوقۇپ تۇرغان شوخ تومۇرلار ھورۇنلىشىدۇ . پۇت – قوللىرىمىز زەئىپلىشىپ ، سەزگۈلىرىمىز سولىشىدۇ . چۈشكۈنلىشىپ ، قورقۇنچلۇق ياغاچ قونچاقلارغا ئايلىنىمىز . ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىلەرنى، ئىلگىرى بىزنى قورقۇتقان ئوتلۇق ھېسسىيات ۋە ئۇنىڭغا باش ئېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بىنورمال ئېزىقتۇرۇشلارنى ئەسلەيمىز . ياشلىق باھارى ! ياشلىق باھارى ! كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇدات ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىكى ياشلىق باھارىدۇر !

دورىيان گرېي لورد ھېنرىنىڭ گەپلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالماقتا ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئويلانماقتا ئىدى . سۆسۈن سىرىنگۈلىنىڭ شېخى ئۇنىڭ قولىدىن سىرىلىپ شېخىللىق يولغا چۈشتى. بىر تال تۈكلۈك ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كېلىپ گۈلنى چۆرىدەپ بىردەم غوڭۇلدىغاندىن كېيىن ، گۈلنىڭ ئېللىپىس شەكىللىك بەرگىلىرىنى بويلاپ يوقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى . ئۇ باشقىچە بىر خىل قىزىقىش بىلەن بۇ كىچىككىنە جانىۋارنى كۆزەتمەكتە ئىدى _ ھەرقېتىم سىرلىق نەرسىلەردىن قورققان چېغىمىزدا ياكى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر تۇيغۇ بىزنى ھاياجانغا سالغاندا ، ياكى بولمىسا قورقۇنچلۇق خىياللىرىمىز چوڭ مېڭىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ ، بىزنى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىغاندا ، ھەممىشە قەلبىمىزدە ئەرزىمەس نەرسىلەرگە بولغان ئالاھىدە قىزىقىش بىخلايدۇ. ھايال ئۆتمەي ، ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كەتتى. دورىيان ھەسەل ھەرىسىنىڭ بىر تال سۆسۈن ھەشقىپىچەك گۈلىنىڭ كانايسىمان بەرگىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئولتۇردى . ھەسەل ھەرىسى كىرىپ كەتكەن گۈل سەل تەۋرىگەندەك بولۇپ ، ئارقىدىنلا يېنىك پۇلاڭلاشقا باشلىدى .

بازىل تۇيۇقسىز رەسىم سىزىش ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، ئۇلارغا كىرىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى . ئۇلار بىر- بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى .

- سىلەرنى ساقلاپ قالدىم ! – ۋارقىرىدى بازىل ،- تېز كىرىڭلار . ئۆي ئىچىگە نۇر بەك ئوبدان چۈشۈۋاتىدۇ ، ئىچىملىكىڭلارنىمۇ ئالغاچ كىرىڭلار.

ئۇ ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، كىچىك يولنى بويلاپ ئاستا قوزغالدى . يېشىل ۋە ئاق رەڭ ئارىلاشقان ئىككى كېپىنەك ئۇلارنىڭ يېنىدىنلا ئۇچۇپ كېتىشتى ، بىر ئاققاش قۇچقاچ گۈللۈكنىڭ بۇلۇڭىدىكى نەشپۈت دەرىخىگە قونۇۋېلىپ خەندان ئۇرۇپ سايراشقا باشلىدى.

- مەن بىلەن تونۇشۇپ خوشال بولغانسىز، گرېي ئەپەندىم؟- دېدى لورد ھېنرى ئۇنىڭغا قاراپ .

- شۇنداق ، شۇ تاپتا مەن بەك خوشال . بۇ خوشاللىقىم مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشارمۇ؟

- مەڭگۈ! نېمە دېگەن بىمەنە سۆز بۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا سەسكىنىپ كەتتىم . ئاياللارلا مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق كېلىدۇ . ئۇلار ھەر قېتىملىق مۇھەببىتىنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ – يۇ، ئۆزى ھالاك بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، «‹ مەڭگۈ›» – قىلچە ئەھمىيىتى يوق سۆز. كاللىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر مەھەللىك خىيال بىلەن چىن مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىردىنبىر پەرق شۇكى ، كېيىنكىسى ئۇزۇنراق داۋام قىلىدۇ.

ئۇلار رەسىم سىزىش ئۆيىگە كىردى ، دورىيان گرېي قولىنى لورد ھېنرىنىڭ بىلىكىگە قويۇۋالدى .

- ئۇنداق بولسا ، دوستلۇقىمىز كاللىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان خىيالغا ئايلانسۇن ، – دەپ پىچىرلىدىيۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئاغزى ئىتتىكلىكىدىن يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى ۋە مودىل تەكچىسىگە چىقىپ، قىياپىتىنى توغرىلاپ تۇردى .

- لورد ھېنرى ئۆزىنى سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا تاشلاپ ، دىققىتىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ جىممىدە ئولتۇردى . رەسىم تاختىسى ئۈستىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقان پەلكۈچ شارت- شۇرت ئاۋاز چىقىرىپ ، ئۆيدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى . بازىل خالۋارد پات- پات كەينىگە داجىپ ، سىزىۋاتقان رەسىمگە قاراپ قوياتتى . ئوچۇق ئىشكتىن ئۆي ئىچىگە قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان نۇر دەستىسىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ساپسېرىق توپا- چاڭلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . پۈتكۈل مەۋجۇدات گويا ئەتىرگۈلنىڭ كۈچلۈك ھىدىدىن مەست بولغاندەك ئىدى .

ئارىدىن چارەك ۋاقىت ئۆتتى ، بازىل خالۋارد رەسىم سىزىشتىن توختىدى ، يوغان بىر تال پەلكۈچنىڭ ئۇچىدىن چىشلەپ تۇرۇپ ، قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە بىردە دورىيان گرېيغا ، بىردە سىزىۋاتقان رەسىمگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىۋېتىپ : << پۈتتى>> دەپ ۋارقىرىدى ، ئاندىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ رەسىمنىڭ سول تەرەپ بۇرجىكىگە ئىسمىنى قىزىل رەڭدە

ئىنچىكە قىلىپ يازدى .

لورد ھېنرى رەسىمگە يېقىن كېلىپ سىنچىلاپ قارىدى . رەسىم تولىمۇ ئوخشىتىپ سىزىلغان ئىدى ، ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېسىل سەنئەت بۇيۇمى دېيىشكە مۇناسىپ كېلەتتى .

- قەدىرلىك دوستۇم ، سىزنى تەبرىكلەيمەن ،- دېدى بازىل، – بۇ_ دۇنيادا ئەڭ نەپىس سىزىلغان پورتىرېت بوپتۇ . گرېي ئەپەندىم ، كېلىپ ئۆزىڭىز بىر قاراپ بېقىڭە .

دورىيان گويا چۈشىدىن ئەمدىلا ئويغانغان ئادەمدەك چۆچۈپ كەتتى.

- راستىنلا سىزىپ بولدىڭىزمۇ؟- سورىدى ئۇ بوش ئاۋازدا مودىل تەكچىسىدىن چۈشۈۋېتىپ .

- ئاساسىي جەھەتتىن سىزىپ بولدۇم ،- جاۋاب بەردى بازىل ،- قالتىس ئىش قىلدىڭىز – دە ، بۈگۈن . سىزدىن چەكسىز مىننەتدارمەن .

- بۇرەسىمنى ماڭا بېرىڭ ،- لورد ھېنرى بازىلنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ،- شۇنداق قىلساق بولار ، گرېي ئەپەندىم؟

دورىيان ئۈندىمىدى ، تولىمۇ روھسىز قىياپەتتە رەسىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ ، رەسىمگە بۇرۇلۇپ قارىدى ، قارىدىيۇ ئىختىيارسىز كەينىگە نەچچە قەدەم داجىدى ، چېھرىدە مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋە قىلدى . گويا ئۆزىنى ئەمدى تونۇۋاتقاندەك ، كۆزلىرىدىن بىر خىل زوقمەنلىك تۇيغۇسى چاقنىدى . ئۇ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك جايىدا قىمىر قىلماستىن بازىل خالۋاردنىڭ گەپلىرىنى خىيالىدىن بىرمۇ – بىر ئۆتكۈزدى . لېكىن ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى . نەقەدەر قاملاشقان چىراي بۇ. بۇنى ئۇ ئىلگىرى ئەسلا ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى ، بازىل خالۋاردنىڭ ماختاشلىرى دوستىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقان مەدھىيە سۆزلىرىدەك تۇيۇلاتتى . ھەرقېتىم ئاشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ، كۈلۈپلا قويۇپ ئۇنتۇپ كىتەتتى، ئۇ مەدھىيە سۆزلىرى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى . لېكىن ، لورد ھېنرىنىڭ ياشلىق باھارىنى مەدھىيلەپ ئېيتقان غەلىتە گەپ – سۆزلىرى ، ياشلىق باھارىنىڭ تولىمۇ قىسقا ۋە ئاسان قولدىن كىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتقان ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زور تەۋرىنىش پەيدا قىلدى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ رەسىمدىكى سۈيۈملۈك ئوبرازىغا سىنچىلاپ قاراپ ، لورد ھېنرىنىڭ تەسۋىرلەشلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن زاھىر بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . توغرا ، ھامىنى بىر كۈنى ئۇنىڭ چىرايىدا قورۇقلار پەيدا بولۇپ ، قەددى – قامىتى پۈكۈلىدۇ. كۆزلىرى خۇنۈكلىشىپ ، نۇرى قاچىدۇ . قەددى يادەك ئېگىلىپ ، قىپقىزىل لەۋلىرى قورۇلىدۇ ، ئالتۇنرەڭ چاچلىرى پاخپىيىدۇ . ئۇنىڭ روھىنى يارىتىدىغىنىمۇ تۇرمۇش، جىسمىنى خاراپ قىلىدىغىنىمۇ يەنىلا شۇ تۇرمۇش

. ئاشۇ تۇرمۇش ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ بەد – بەشىرە قىلىدۇ.

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، پىچاق تىققاندەك بىر ئاغرىق ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامراپ ، بەدىنىدىكى ھەر بىرتال سەزگۈ نېرۋىلىرى تىترەپ كەتتى ، كۆزلىرىگە ياش ئولاشتى . ئۇ گويا سوغاق بىر قول يۈرىكىنى قاماللىۋالغاندەك تۇيغۇدا بولدى .

- بولماپتىما ؟- ئۇنلۇك ئاۋازدا سورىدى بازىل خالۋارد . ئۇدورىياننىڭ جىممىدە تۇرۇپ كېتىشلىرىنى چۈشەنمەي كۆڭلى يېرىم بولغان ئىدى .

- ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە يارايدۇ ،- دېدى لورد ھېنرى ،- بۇ رەسىمنى كىممۇ ياقتۇرمىسۇن؟ بۇ ھازىرقى زامان سەنئىتىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئەسەرنىڭ بىرى بوپتۇ. بۇ رەسىم مېنىڭ بولسا ، نېمەم كەتسە مەيلىتتى .

- ئۇ مېنىڭ ئەمەس، ھاررى .

- ئەمىسە كىمنىڭ؟

- ئەلۋەتتە دورىياننىڭ بولىدۇ- دە ،- جاۋاب بەردى بازىل .

- ئۇنىڭ ھەققەتەن تەلىيى باركەن .

- نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق !- پىچىرلىدى دورىيان . ئۇ كۆزىنى تېخىچە رەسىمدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى ، – نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ! مەن قېرىپ سەتلىشىپ ، چىرايىمدىن كېتىمەن . لېكىن ، بۇ رەسىم مەڭگۈ مۇشۇ پېتى تۇرىدۇ ، مەڭگۈ مۇشۇ ھالەتتە قېرىماي ياپياش تۇرىدۇ ... مۇشۇ رەسىم بىلەن ئالمىشىپ قالغان بولسام ، مەڭگۈ مۇشۇنداق ياش تۇرسام، ئەكسىچە رەسىمىم قېرىپ كەتسە نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى – ھە ! شۇنداقلا بولىدىغانلا بولسا ، قانچىلىك بەدەل تۆلىسەممۇ مەيلى ئىدى ! شۇنداق ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ، ھەتتا جېنىمدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىدىم .

- ئېھتىمال رەسىمنىڭ مۇشۇ ھالەتتە سىزنىڭ سىزگە ياقمىدىغۇ دەيمەن بازىل ، – لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ، – ئۇ – ئەسىرىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى بولۇپ قالىدىغان بولدى – دە .

- بۇ گېپىڭىزگە مەن قارشى ھاررى ، – دېدى بازىل .

دورىيان كەينىگە ئۆرۈلۈپ بازىلغا قاراپ تۇراتتى .

- قارشى تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن بازىل . سىز ئۆزىڭىزنىڭ سەنئەتتىن غالىپ كەلگەن ئاشۇ دوستىڭىزنىلا ياخشى كۆرىسىز . شۇنداق دېيەلەيمەنكى ، مەن سىزگە نىسبەتەن مىستىن ياسالغان بىر بۇت خالاس ، بەلكىم ئۇنىڭچىلىكمۇ ئەمەستۇرمەن .

بازىل ھەيرانلىقىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى . دورىيان باشقىچىلا گەپ قىلىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ ؟ خاپا چىراي كۆرۈنىدۇ ، يۈزلىرى ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ

كېتىپتۇ – يا ؟

- شۇنداق ، – سۆزىنى داۋام قىلدى دورىيان ، – سىزگە نىسبەتەن مەن ئاۋۇ پىل چىشى رەڭگىدىكى ھېرموسكىز ② ياكى كۈمۈشرەڭ چارۋا ئىلاھىغا يەتمەيمەن . سىز ئۇلارنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىسىز . لېكىن مېنى قانچە ئۇزۇن ياخشى كۆرىسىز ؟ مېنىڭچە ، يۈزۈمگە تۇنجى قورۇق چۈشكەن چاغقىچە ياخشى كۆرىسىز . ھازىر ماڭا شۇ نەرسە ئايان بولدى ، كىشى گۈزەل رۇخسارىنى يوقاتقان ھامان ، مەيلى ئۇ قانداق ئادەم بولمىسۇن ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن . بۇ نۇقتىنى ماڭا سىز سىزغان بۇ پورترېت ھېس قىلدۇردى . لورد ھېنرىنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي توغرىكەن ، ياشلىق باھارى بەك موھىم نەرسىكەن . قاچانكى ئۆزۈمنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بايقىغان ھامان ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن .

بازىل خالۋاردنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ ، دورىياننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى .

- دورىيان ، دورىيان ، – ۋارقىرىدى ئۇ ، – بۇنداق دېمەڭ . مېنىڭ ئەزەلدىن سىزگە ئوخشاش بۇنداق ياخشى دوستۇم بولۇپ باقمىغان ، بەلكىم مەڭگۈمۇ بولماس . سىز جېنى يوق نەرسىلەرگە ھەسەت قىلمايدىغانسىز – ھە؟ سىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر قانداق نەرسىدىنمۇ چىرايلىق .

- مەن گۈزەللىكى مەڭگۈ يوقۇمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەسەت قىلىمەن ، سىز بايا سىزغان ئاۋۇ پورترېتىمغىمۇ ھەسەت قىلىمەن . مەن ھامىنى ئايرىلىپ قالىدىغان نەرسىلەر نېمىشقا ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالىدۇ ؟ ۋاقىت مەندىن مىنۇت – سېكۇنتلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان نەرسىلەر ئاشۇ رەسىمگە جۇغلىنىۋاتىدۇ . ھەي ! شۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى – ھە ! ئاشۇ رەسىم ئۆزگىرىپ ، مەن مەڭگۈ مۇشۇ ھالىتىمنى ساقلاپ قالالىغان بولسامچۇ كاشكى ! سىز بۇ رەسىمنى نېمىشقا سىزىسىز ؟ بىر كۈنلەردە ئۇ مېنى مازاق قىلىدۇ _ راسا مازاق قىلىدۇ ، – ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى ، بازىلنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ ، سافاغا زوپپىدە ئولتۇردى ، خۇددى دۇئا قىلىۋاتقاندەك ، يۈزلىرىنى سافا ياستۇقىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدى .

- ھەممىسى سىزنىڭ كاساپىتىڭىز ، ھاررى ، – دېدى بازىل ئازابلانغان ھالدا .

لورد ھېنرى مۈرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ دېدى :

-مانا بۇ ھەقىقىي دورىيان گرېي .

- ئەمەس .

- ئەمەس بولغان ئىكەن ، مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق .

- مەن سىزنى كېتىڭ دېگەن چاغدىلا كېتىشىڭىز كېرەك ئىدى، -پىچىرلىدى بازىل .

- ئۆزىڭىز مېنى كەتمەك دەپ تۇرۇۋالدىڭىزغۇ ، – دېدى لورد ھېنرى .

- ھاررى ، سىلەردەك يېقىن دوستلىرىم بىلەن جېدەللەشكۈم يوق . لېكىن ، ئىككىڭلار مېنى ئەڭ ياخشى چىققان ئەسىرىمگە ئۆچ قىلىپ قويدۇڭلار ، مەن ئۇنى يىرتىۋېتىمەن . بۇ رەسىمنىڭ رەختى بىلەن رەڭگىدىن باشقا نېمىسى بار ؟ مەن ئۇنىڭ ئۈچىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بۆسۈپ كىرىپ ، تېنىچلىقىمىزنى بۇزۇشىغا يول قويمايمەن .

بازىل پەردە تارتىپ قويۇلغان ئىگىز پەنجىرىنىڭ ئاستىدىكى قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان رەسىم سىزىش ئۈستىلىگە قاراپ ماڭدى . شۇ ئەسنادا ، دورىيان گرېي ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى ، يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى . ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن بازىلغا قارىدى . ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ؟ ئۇنىڭ قوللىرى بوياق قۇتىسى ۋە قۇرىغان پەلكۈچكە ئوخشاش قالايمىقان نەرسىلەر ئارىسىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى ئىزدىمەكتە ئىدى . توغرا ، ئۇ ھېلىقى ئەپچىل رەڭ قىرىش پىچىقىنى ئىزدەۋاتاتتى . ئۇ پىچاقنى ئاخىرى تاپتى ۋە رەسىمنى يىرتىۋېتىش ئۈچۈن ماڭدى .

دورىيان سافادىن دىرىڭڭىدە تۇرۇپ كەتتى ، ئىتتىلىپ بارغان پېتى بازىلنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا چۆرۈۋەتتى .

- ياق ئۇنداق قىلماڭ بازىل ، – ۋارقىرىدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ، – بۇنداق قىلسىڭىز قاتىللىق قىلغان بولىسىز !

- سىزغان رەسىممدىن ئاخىرى خۇش بولدىڭىز ، ئەمدى ھاردۇقۇم چىقتى دورىيان ، – بازىلنىڭ بايىقى قوپاللىقى ھايال ئۆتمەي ھەيرانلىققا ئالماشتى ، – مەن تېخى سىزنى ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ھوزۇر ئالالمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن .

- ھوزۇرلىنىش دەمسىز ؟ مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، بازىل . ئۇ – ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى ، مەن بۇنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن .

- ياخشى ، قۇرىغاندىن كېيىن ئازراق سىر بېرىپ ، رامكىلاپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ بېرەي . شۇ چاغدا ئۇنى قانداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى ، – بازىل قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى تارتىپ چاي بۇيرۇتتى ، – چاي ئىچكۈڭىز كەلدىغۇ دەيمەن ، دورىيان ؟ سىزمۇ ئىچەمسىز ، ھاررى ؟ ئاددىي بولسىمۇ بىر پەيزى قىلىپ قويايلى . قارشى تۇرمايدىغانسىلەر – ھە ؟

- مەن ئاشۇنداق ئاددىي پەيزى قىلىشقا ئامراق ، – دېدى لورد ھېنرى ، – ئۇ – مۇرەككەپ نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھى . لېكىن ، مەن سەھنىدىن باشقا يەردە بايامقىدەك ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن . سىلەر ئىككىڭلار بەك تېتىقسىزكەنسىلەر ! كىم ئادەمگە «ئىدراكىي ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگەن بولغىيتتىكىن ،

ھېچ كاللامـدىن ئۆتمەيـدۇ . بـۇ – ئـادەملەرگە بېـرىلگەن ئەڭ قاملاشـمىغان تەبـىر بوپتـۇ . ئـادەم نۇرغـۇن خاسـلىققا ئـگە بولسـىمۇ ، لـېكىن ئـۇ ئـىدراكىيلىققا ئـگە ئەمەس . مەن ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئـىدراكىيلىققا ئـگە ئەمەسلىكىدىن خـۇش بولـدۇم . ئىككىڭلارنىـڭ بىـر پـارچە رەسـىمنى دەپ بۇنـداق تالىشىشـىڭلارنى كۆرگـۈم يـوق . ئەڭ ياخشىسى رەسىم يەنىلا مەندە قالسۇن ، بازىل . ماۋۇ ساراڭ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىسە ، مانا مەن يېتىمەن .

- رەسـىمنى مەنـدىن باشـقا ئـادەمگە بېرىۋېتىـدىغان بولسـىڭىز ، سـىزنى مەڭگـۈ كەچـۈرمەيمەن ، بازىـل ، – ۋارقىرىـدى دورىيـان گرېـي ، – باشـقىلارنىڭمۇ مېنـى سـاراڭ دېيىشىگە يول قويمايمەن .

- بۇ رەسىم ئاللىقاچـان سـىزگە تەۋە بولـدىغۇ دورىيـان . ئـۇنى مەن سـىزماي تـۇرۇپلا سىزگە ھەدىيە قىلىۋەتكەن .

- بايا راستىنلا ئازراق ساراڭلىق قىلىپ قويدىڭىز ، گرېي ئەپەندىم ، سـىز تېخـى چـوڭ بولماپسىز .

- مەن بۇ گېپىڭىزگە قەتئىي قارشى ، ھېنرى ئەپەندىم .

- ھەي ! بۇگـۈن ئەتـىگەن ، سـىزنى مانـا بۇگـۈن ئەتىگەنـدىن باشـلاپ ھەقىقـي تۇرمۇشنى باشلىدى دېسەك بولىدۇ .

شۇ ئەسنادا ئىشـىك چېكىلىـپ ، خىزمەتكـار كىرىـپ كەلـدى ۋە قولـدىكى پەتنۇسـنى يـاپون پاسـۇنىدىكى بىـر كىچىـك ئۈسـتەلگە قويـدى . ئـۆي ئىچىنـى بىـر ھـازا كۇرۇشـكا ، تەخسىلەرنىڭ تىرىڭلىغان ، جورجى دەۋرىـدىكى ئىسقىرتىدىغان چەينەكنىـڭ ۋىشـىلدىغان ئاۋازى بىر ئالـدى . بىـر يـاش خىزمەتكـار ئىككـى يۇمـۇلاق سـاپال تەخسـە ئېلىـپ كىـردى . دورىيـان گرېـي بېرىـپ چـاي قۇيـدى . بازىـل بىـلەن لـورد ھېنـرى ئېرىنلەڭگۈلـۈك بىـلەن ئۈستەلگە يېقىن بېرىپ ، نېمىدۇر دېگەندەك ، ئىستاكاننىڭ ئىچىگە قاراپ باقتى .

- بۈگـۈن ئاخشـام تىياتىرخانىغـا بېرىـپ كېلەيلـى ! – دېـدى لـوردھېنرى ، – چوقـۇم بىـرەر جايـدا ئويـۇن قويـىدۇ . ۋايـىتلار ئائىلىسـىگە بېرىـپ تامـاق يېيىشـكە مـاقۇل دەپ قويۇپتىكەنمەن . كونا دوستلاردىن بولغاندىكىن ، ئاغرىپ قالدىم ، دەپ تېلېگراممىا يوللاپ قوياي ياكى يەنە بىر ئۇچرىشىشىم بارئىدى ، بارالمايدىغان بولدۇم دەپ قوياي . مېنىڭچە ، بۇ ئەڭ ياخشى باھانە ئىكەن ، ھەم چانمايدىكەن .

- مۇراسىم كىيىمى كىيىش تولىمۇ ئاۋارىچىلىق ئىش جۇمـۇ ، – دېـدى بازىـل خـالۋارد ئاغرىنىـپ ، – ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ، مۇراسـىم كىيىمـى كىيسـە ، ئـادەم بەك سـەت كۆرۈنـۈپ قالىدىكەن .

- شۇنداق ، – دېدى لورد ھېنرى ، – 19 – ئەسىرنىڭ كىيىملىرى يا رەڭگى يوق ، يا پاسونى يوق ، شۇڭا زادىلا خوشۇم يوق . پەقەت جىنايەتلا ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا تۇس قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ .

- دورىياننىڭ ئالدىدا بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ ، ھاررى .

- قايسى دورىياننى دەۋاتىسىز ؟ بىزگە چاي قويۇپ بەرگەن دورىياننىمۇ ياكى رەسىمدىكى دورىياننىمۇ ؟

- ھەر ئىككىسىنىڭ ئالدىدا دېمەڭ .

- سىز بىلەن بىللە تىياتىرخانىغا بارغۇم كېلىۋاتىدۇ ، ھېنرى ئەپەندىم ، – دېدى دورىيان .

- بەك ياخشى بولدى . بېرىشقا ئاخىرى قوشۇلۇپسىز – دە . سىزمۇ بارامسىز بازىل ؟

- مەن بارماي تۇراي ، قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم بار .

- ئۇنداق بولسا ، ئىككىمىز بېرىۋېرەيلى گرېي ئەپەندىم .

- رەسىمىڭىزنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدىم .

بازىل لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ ، ئىستاكاننى ئېلىپ رەسىمنىڭ يېنىغا كەلدى .

- مەن ھەقىقىي دورىيان بىلەن بىللە قالىمەن ، – دېدى ئۇ مۇڭلانغان ھالدا .

- بۇ ھەقىقىي دورىيانما ؟ – دېدى دورىيان بازىلغا يېقىن كېلىپ ، – مەن راستىنلا مۇشۇنىڭغا ئوخشامدىم ؟

- شۇنداق ، سىز بۇنىڭغا بەك ئوخشايسىز .

- بەك ياخشى بوپتۇ ، بازىل !

- تاشقىي قىياپىتىڭىزلا ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ ، لېكىن ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەي مۇشۇ پېتى تۇرىدۇ ، – دېدى بازىل خالىۋارد ئۇھسىنىپ قويۇپ ، – بۇ پەرق ناھايىتى مۇھىم .

- كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس نەرسىلەرگە بولغان ساداقەتمەنلىكى كىشى چۆچۈگۈدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ ، – دېدى لورد ھېنرى ھەيرانلىق بىلەن ، – لېكىن ، مۇھەببەتتىكى ساداقەتمەنلىك نوقۇللا فىزىئولوگىيىلىك مەسىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . ساداقەتمەنلىك ئارزۇ – ئىستەكلىرىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز . ياشلار ساداقەتمەن بولاي دەيدۇ – يۇ ، بولالمايدۇ ؛ ياشانغانلارمۇ ساداقەتسىز بولاي دەيدۇ – يۇ ، بولالمايدۇ . بۇ مانا مۇشۇنچىلىكلا ئىش .

- بۈگۈن تىياتىرخانىغا بارماڭ ، دورىيان ، – دېدى بازىل ، – ئىككىمىز بىللە تاماق يەيلى .

- ئۇنداق قىلالمايمەن ، بازىل .

- نېمىشقا ؟

- لورد ھېنرى بىلەن بىللە بېرىشقا ماقۇل دەپ قويدۇم .

- ئۇ ۋەدىڭىزدە تۇرغىنىڭىز ئۈچۈنلا سىزگە ئامراق بولۇپ قالمايدۇ . ئۇ ئۆزىمۇ دائىم گېپىدە تۇرمايدۇ . ئۆتۈنۈپ قالاي ، بارماڭ .

دورىيان گرېي قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ بېشىنى چايقىدى .

- سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي .

دورىيان دېلغۇل بولۇپ لورد ھېنرىغا قارىدى . لورد ھېنرى بولسا چاي ئۈستىلى تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇراتتى .

بارمىسام بولمىغۇدەك ، بازىل ، - دېدى دورىيان .

- ئەمىسى بوپتۇ ، - دېدى بازىل خالۋارد قولىدىكى ئىستاكاننى پەتنۇسقا قويۇۋېتىپ ، - كەچ بوپ كەتتى ، سىلەر تېخى يەنە كىيىم ئالماشتۇرىسىلەر ، ياخشىسى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭلار . خەير - خوش ھاررى . خەير - خوش دورىيان ، مېنى تېزراق كۆرگىلى كېلىڭ ، ئەتە كېلىڭ جۇمۇ ؟

- چاتاق يوق .

- ئۇنتۇلۇپ قالماڭ ئەمىسە .

- ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ ، - ۋارقىرىدى دورىيان .

- ھىم ... ھاررى !

- نېمە بولدى ، بازىل ؟

- بۈگۈن ئەتىگەن گۈللۈكتە سىزدىن ئۆتۈنگەن ئىشنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ جۇمۇ!

- ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كەتتىم .

- شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم .

- ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشىنەلەيدىغان بولسامچۇ كاشكى ، - ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ، - قېنى ماڭايلى گرېي ئەپەندىم ، پەيتونۇم سىرتتىلا ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن . خەير _ خوش بازىل . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تازىمۇ قىزىق ئىشلار يۈز بەردى - ھە !

بازىل ئۇلار ئۆيدىن چىقىشىغىلا ئىشىكنى گۈممىدە يابتى - دە ، سافادا ئولتۇرۇپ قالدى ، چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى .

ئىزاھات :

① ۋايت چاپىل – لوندوننىڭ شەرقىي رايونىدىكى نامراتلار گەمىسى .

② ھېرموس – ئىلاھلارنىڭ ئەھكاملىرىنى يەتكۈزىدىغان ، سودا ، يول قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغان ئىلاھ .

# ئۈچىنچى باب

ئەتىسى چۈش، سائەت 12:30 دا ، لورد ھېنرى ۋاتتون كۇرسىن كوچىسىدىن چىقتى – دە ، تاغىسى لورد فورمنى يوقلاش ئۈچۈن بىر بىسىپ – ئىككى بىسىپ ئوربىن كوچىسىغا كەلدى . تاغىسى خۇشخۇي ، ئەمما سەل قوپال بوۋاي ئىدى . ئۇنىڭدىن پايدا كۆرمىگەنلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ تولىمۇ شەخسىيەتچى ؛ پات – پات ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ تۇرىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا مەرد ، ھاتەمدەك سېخى كىشى ئىدى . دادىسى ئەنگلىيىنىڭ مادرىدتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىدى . ئۇ چاغدا ئىزا بىللا① تېخى ياش ، پىرىم ② نىڭ نامى چىقمىغان ئىدى . ئەنگلىيىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا مەنسەپ تەگمىگەن بۇ بوۋاي ئاچچىقىدا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى . ئۇ ئۆزىنىڭ يوقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلىقى ، دىپلوماتىيە خەت – ئالاقىسى يېزىشقا ماھىرلىقى ، خۇشچاقچاق ، قىزغىن مىجەز – خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۆزىنى ئاشۇ خىزمەتكە تامامەن سالاھىيىتى توشىدۇ دەپ قارايتتى . ئوغلى ئۇنىڭ كاتىپى ئىدى ، كېيىن ئۇمۇ دادىسىنى دوراپ خىزمىتىدىن ئېستىپا بەردى . ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى كىشىلەرگە تولىمۇ ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلدى . ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوغلى دادىسىنىڭ لوردلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ، ھەممە ئىشنى تاشلاپ ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇيۇك سەنئەت ئۇلگىلىرىنى پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ شەھەر مەركىزىدە يوغان ئىككى يۇرۇش ئۆيى بار ئىدى ، قولايلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ، بويتاقلار بىناسىدا تۇرۇۋاتتى ، تاماقنىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا كۇلۇبتا يەيتتى . ئۇ ئوتتۇرا قىسىم ۋىلايەتلىرىدىكى كۆمۈر كان تىجارىتىنى زورايتىپ ئۆزىگە يول ئاچتى . بۇ تىجارەتنىڭ بىر چوڭ پايدىسى شۇ ئىدىكى ، مۆتىۋەر تۆرە – غوجاملارنى ئۆيلىرىدىكى تام ئوچاقلىرىغا قالايدىغان ئوتۇن – كۆمۈردىن غەم قىلدۇرمايتتى . سىياسىي جەھەتتە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى ياقىلىغىنى بىلەن ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ھامان ، ئۇلارنى <<بەك رادىكاللىشىپ كەتتى>> دەپ ئەيىبلەيتتى . خىزمەتكارلىرىنىڭ نەزىرىدە موللا بوزەك ، ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ نەزىرىدە شىر – يولۋاس ئىدى . چۈنكى ئۇ بىر ئۆرۈلۈپلا تۇغقانلىرىنىڭ رەقىبىگە ئايلىناتتى – دە ، ئۇلارنى بوزەك قىلاتتى. ئىنگلاندىتىن مۇشۇنداق ئادەملەر كۆپ چىقاتتى. لېكىن << دۆلەت خاراب بولۇۋاتىدۇ>> دىگەن گەپنى ئاغزىدىن

چۈشۈرمەيتتى . ئىش بىجىرىش ئۇسۇلى زامانىنىڭ كەينىدە قالغان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى قىلچە ئاساسى يوق دەپ قارايتتى.

لورد ھېنرى ئۆيگە كىرگەندە ، تاغىسى ئۇچىسىغا قوپال تىكىلگەن ئوۋ كۆينىكى كىيىۋالغان ، سىگارت چەككىنىچە << تايمىس گېزىتىگە>> قاراپ زارلىنىپ ئولتۇراتتى .

- ئوھوي ھاررى ، – دېدى بوۋاي ، – قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى ، مەن تېخى سىلەر بايۋەتچىلەرنى سائەت ئىككى بولمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمايدۇ ، بەش بولمىغۇچە قارىسنى كۆرسەتمەيدۇ دەپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ .

- تۇغقانلىق مېھرى بولمامدۇ، جورجى تاغا . يېنىڭىزغا ئازراق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم .

- پۇل ئۇچۇن كەلدىڭغۇ دەيمەن ! – دېدى لورد فورم چىرايىغا ھەييارلىق تۇسى بېرىپ ، – قېنى، ئولتۇرۇپ تەپسىلىي سۆزلە . ھازىرقى ياشلارغىزە ، پۇللا بولسا بولىدۇ .

- توغرا دېدىڭىز ، – دېدى ھېنرى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ، – ئۇلار يېشى چوڭايغانسېرى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ قالىدۇ. لېكىن ، مەن پۇل ئۇچۇن كەلمىدىم ، پاتاڭغىچە قەرزگە بوغۇلغان كىشىلەرنىڭلا پۇلغا ئېھتىياج چۈشىدۇ، مەن ئەزەلدىن بىرسىگە قەرز بولمايمەن ، جورجى تاغا . ئۇنىڭ ئۈستىگە دارتمۇرلۇق سودىگەرلەر بىلەن دائىم بېرىدى – كەلدى قىلىپ تۇرىمەن ، ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن ماڭا زىيىنى تەگمەيدۇ . يېنىڭىزغا سىزدىن بەزى كېرەكسىز ئۇچۇرلارنى ئىگىلەي دەپ كېلىۋىدىم .

- ئوھوي ، ئۇچۇر سەندىن ئايلانسۇن ، ھەرقانچە ئەنگلىيىنىڭ كۆك تاشلىق كىتابىدىكى نەرسىلەر بولغان تەقدىردىمۇ سەندىن ئايىمايمەن ھاررى . ھازىر بۇ پەسەندىلەر تولىمۇ بىمەنە نەرسىلەرنى يازىدىغان بولۇپ كېتىشتى . دېپلومات بولغان چاغلىرىمدا ئەھۋال خېلى ياخشى ئىدى . ئاڭلىسام ، دېپلوماتىيە ساھاسىدىكىلەر ھازىر ئەمەلدارلارنى ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلارمىش . كىم بىلىدۇ؟بۇنىڭدا بىر ئويۇن بارمۇ تېخى . ئىمتىھان دېگىنى پۈتۈنلەي ئادەم ئالدايدىغان نەرسە . بىر مۆتىۋەر كىشى ئۇچۇن ، قورسىقىدىكى ئۇمىچى يېتىپ – ئاشىدۇ ؛ مۆتىۋەر بولمىسۇنچۇ قېنى ، بىلىدىغانلىرىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن زىيىنى باركى ، زەررىچە پايدىسى يوق .

- دورىيان گرېي ئەپەندىنىڭ ئىسمى كۆك تاشلىق كىتابتا يوقتۇ جورجى تاغا ؟ – دېدى لورد ھېنرى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن .

دورىيان گرېي؟ كىمكەن ئۇ؟ – سورىدى لورد فورم ئاقۇچ قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويۇپ .

- مەن دەل شۇ ئىش ئۇچۇن كېلىۋېدىم جورجى تاغا . ئوچۇقنى دېسەم ، مەن ئۇنىڭ

كىملىكىنى بىلمەكچى . ئۇ لورد كلسونىڭ كەنجى نەۋرىسى ، ئاپىسى دېفرا جەمەتىدىن ، ھېلىقى مارگارت دېفرا دېگەن ئايال ئۇنىڭ ئاپىسى بولىدۇ. ماڭا ئۇنىڭ ئاپىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىز . ئۇنىڭ چىراي – تۇرۇقى قانداق ؟ كىمگە ياتلىق بولغان ؟ قۇرداشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا تونۇمايدىغىنىڭىز يوق ، ئۇنىڭ ئاپىسىنىمۇ تونۇماي قالمايسىز ھەقاچان . گرېي ئەپەندىم بىلەن يېڭىلا تونۇشقان ، ئۇنىڭغا بەكلا قىزىقىپ قالدىم .

- كلسونىڭ نەۋرىسى ! – تەكرارلىدى بوۋاي ، – كلسونىڭ نەۋرىسى ! ... ھە ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ... ئۇنىڭ ئاپىسىنى تازا ئوبدان بىلىمەن ، تېخى ئۇنىڭ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىغىمۇ قاتناشتىمغۇ دەيمەن. مارگارت دېۋروكس ئاجايىپ گۈزەل قىز ئىدى، كېيىن پىيادە ئەسكەرلەر دېۋىزىيىسىدە لېيتنانتلىق مەنسىپى بار نامى چىقمىغان بىر يالاڭتۆش بىلەن قېچىپ كېتىپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئەرلەرنى داغ – ھەسرەتتە قويىدى . بۇ ئىشلار تۇنۇگۈن يۈز بەرگەندەكلا ئىسىمدە . ئۇلار توي قىلىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ، ئېرى سىپادىكى بىر دۇئېلدا جىنىدىن ئايرىلدى. كېيىن ئۇنى سۈيىقەستتە بىلەن ئۆلگەن ، دەپ ئاڭلىدىم . ئاڭلىسام ، كلسو رەھىمسىزلىكتە ئۇچىغا چىققان بېلگىلىيلىك بىر تاشيۈرەك ئەبلەخنى ياللاپ ، كۈيئوغلىنى خەقنىڭ ئالدىدىلا ھاقارەت قىلغانمىش ، ھېلىقى ئەبلەخ ئۇنى خۇددى قۇچقاچنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ، جېنىدىن جۇدا قىلغانمىش . كېيىن بۇ ئىش بېسىقىپ قالدى ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ، كلسو كۇلۇبتا پەيدا بولۇپ قالدى . ئاڭلىسام ، ئۇ قىزىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ، لېكىن قىزى ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ گەپ قىلماپتۇ. ھەئە ، ئۇ ئىش تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى . بىر يىل ئۆتە – ئۆتمەي مارگارتمۇ ئۆلۈپ كەتتى . گېپىڭچە ، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل قالغان ، شۇنداقمۇ؟ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ . ئۇ بالىنىڭ چىراي – شەكلى قانداقراق ؟ ئاپىسىنى تارتقان بولسا ، چوقۇمكى ناھايىتى چىرايلىق بالا بولدى .

- ئۇ بەك قاملاشقان ، – دېدى لورد ھېنرى .

- خارلىنىپ قالمىسا بولاتتىغۇ ئۇ بالا ، – گېپىنى داۋام قىلدى بوۋاي ، – كلسو قارا نىيەتلىك قىلمىسىلا ، ئۇ كېيىن نۇرغۇن پۇلغا ۋارىسلىق قىلىدۇ . ئاپىسى قول – ئىلكىدە بار ئايال ئىدى ، ئۇنىڭغا بوۋىسىنىڭ سېلبىيدىكى قورو – جايىدىن نۇرغۇن مال – مۈلۈك مىراس قالغان . كلسو ئۇچىغا چىققان بېخىل ئادەم بولغاچقا ، بوۋىسى ئۇنىڭغا چىش – تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى بىر قېتىم ئۇ مادرىدقا بېرىپتۇ ، ئۇ چاغدا مەنمۇ مادرىدتا ئىدىم . تووۋا قىلدىم ، ئۇنىڭ ئۇچۇن مەن نوموسقا ئۆلگۈدەك بولدۇم . ئايال پادىشاھ مەندىن ھە دېسىلا : << ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا پەيتۇنكەش بىلەن كىرا ھەققى ئۈستىدە باھا تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدىغان كىم ؟ >> دەپ سورايدىغان بولۇۋالدى . ئۇ توغرىسىدا

نۇرغۇن ھېكايىلەر توقۇلدى . شۇ ئىش تۇپەيلى ، بىر ئايغىچە ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقالماي يۈردۈم . ھەر نېمە بولسا ، ئۆز نەۋرىسىگە پەيتۇنكەشكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماس .

بۇلاردىن خەۋىرىم يوقكەن ، – دېدى ھېنرى ، – ئىشىنىمەنكى ، ئۇ بالا چوقۇم بېيىپ كېتىدۇ . ئۇ تېخى كىچىك ، سىلىبىيدا قورو – جايى بارلىقىدىن خەۋىرىم بار ، ئۇمۇ ماڭا شۇنداق دېگەنىدى . ئاپىسى راستىنلا شۇنداق چىرايلىقمىدى ؟

- مارگارت دېۋروكس مەن كۆرگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈكى ، ھاررى . ئۇنىڭ زادى نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىغا ھازىرمۇ ئەقلىم يەتمەيدۇ . ئۇنىڭ كەينىدە كارلڭتونغا ئوخشاش پاي – پېتەك بوپ يۈرگەن ئەرلەر ساماندەك جىق ئىدى ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن چىكىپ تۇرۇپ تاللاپ ياتلىق بولسا بولىۋۈېرەتتى . ھەسسىنەي ، لېكىن ئۇ بەك رومانتىك قىز ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى . توۋا دەيمەن ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەرلەر تولىمۇ بىچارە ، ئاياللىرى قالتىسكەن دېسە . كارلڭتون تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويۇپتۇ . بۇنى ماڭا ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن . مارگارت ئۇنى ياراتمايدىكەن . شۇ چاغلاردا پۈتۈن لوندوندىكى قىزلار كارلڭتون دېسە جېنىنى بېرىشكە تاسلا قالاتتى . ھە راست ، سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي ، ھاررى . داداڭ ماڭا : <<دارتمور ئامېرىكىلىق بىر قىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدى>> دېدى ، بۇ راست گەپمۇ ؟ ئەجەبا ئۇنىڭغا ئەنگلىيىنىڭ قىزلىرى يارىمامدىكەن ؟

- ھازىر دېگەن ئامېرىكىلىقلار بىلەن توي قىلىش مودا ، جورجى تاغا .

- باغلىشىمەن ، دۇنيادا ئەنگلىيە ئاياللىرىغا يېتىدىغىنى يوق ، ھاررى ، – دېدى فېرمور مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلگە مۇشتلاپ قويۇپ .

- ھازىر ھەممىلا ئادەم ئامېرىكىلىق ئاياللارغا دۆم چۈشكىلى تۇردى .

- ئاڭلىسام ، ئۇلار ئۇزۇنغا چىدىمايدىكەنغۇ ، – دېدى تاغىسى .

- ئۇلار ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرىمەن دەپ ئۆزىنى ھالسىرىتىپ قويىدۇ ، مېنىڭچە دارتموردىن ئۈمىد يوقتەك تۇرىدۇ .

- كىمنىڭ بالا – ۋاقىسىكەن ئۇ ؟ – سورىدى بوۋاي خۇشياقماسلىق نەزەرىدە ، – ئاتا – ئانىسى باردۇر ؟

لورد ھېنرى بېشىنى چايقاپ قويىدى .

- ئەنگلىيىلىك قىزلار ئۆتمۈشىنى يوشۇرۇشقا ئۇستا بولغاندەك ، ئامېرىكىلىق قىزلارمۇ ئائىلە كېلىپ چىقىشىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمايدۇ ، – لورد ھېنرى شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

- پەرىزىمچە ، ئۇلار چوشقا گۆشى تىجارىتى قىلىدىغان سودىگەرلەرغۇ دەيمەن ؟

- دارتمور ئۇچۇن بولسىمۇ شۇنداق بولغاي ئىلاھىم ، جورجى تاغا . ئاڭلىسام ، ئامېرىكىدا چوشقا گۆشىنى توپ سېتىش سىياسىيدىن قالسىلا ئەڭ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسپ ئىكەن .
- ئۇ چىرايلىقمۇ ؟
- ئۇ ئۆزىنى بەك چىرايلىق چاغلايدۇ ، ئامېرىكىلىق ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق . مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەرلەرنى جەلپ قىلىشىدىكى سىرى .
- ئامېرىكىلىق ئاياللار تازىمۇ قىزىقكەن ، ئامېرىكىسىدا ياشىماي ، نېمە بار ئەنگلىيىدە ؟ جىمى ئادەم : <<ئامېرىكا ئاياللارنىڭ جەننىتى دېيىشۋاتسا>>.
- ئامېرىكا ھەقىقەتەن ئاياللارنىڭ جەننىتى . شۇڭا ئۇلار ھاۋا ئانىغا ئوخشاش ، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ جەننەت ماكانىدىن قېچىپ چىقىشقا ئارانلا تۇرىدىكەن ، – دېدى لورد ھېنرى ، – خەير ، جورجى تاغا ، مەن ماڭاي . چۈشلۈك تامىقىمغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن يەنە . كۆڭلۈمدىكىدەك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگىنىڭىزگە رەھمەت . نېمىشقىكىن ، كونا دوستلىرىمنىڭ ئىشلىرىغا زادىلا قىزىقمايمەن . لېكىن ، يېڭى دوستلىرىمنىڭ ھەممە ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇملا كېلىدۇ .
- تاماقنى نەدە يېمەكچى ئىدىڭ ھاررى ؟
- ئاگاسا ھامامنىڭكىدە ، يەنە دورىيان گرېي ئەپەندىنىمۇ باشلاپ بارماقچى ئىدىم ، ھامام ئۇنىڭغا بەك ئامراق .
- ھىم ، ھاماڭغا دەپ قوي ، خەير – ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىئانە يىغىمەن دەپ ئادەمنى تولا ئاۋارە قىلىۋەرمىسۇن . ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن جاق تويدۇم ! ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشلىرى ئۈچۈن چەك كېسىپ بېرىشتىن باشقا ئىشى يوق دەپ قالغان ئوخشايدۇ .
- ماقۇل جورجى تاغا ،گەپلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويىمەن . لېكىن ، ئۇ بۇنداق گەپلەرنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ . خەيرى – ساخاۋەتچىلەر ئۆز ئادىمىيلىكىنى يوقاتقانلاردۇر . مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى .
بوۋاي رازىمەنلىك بىلەن غۇدۇڭشىپ قويدى – دە ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ خىزمەتكارنى چاقىردى . لورد ھېنرى ئۈستى ياپ شەكلىدە يېپىلغان تۈتاش دەھلىزدىن ئۆتۈپ ، بۇرلىڭتون كوچىسىغا كىردى ۋە قەدىمىنى بېركلېي مەيدانىغا قاراپ يۆتكىدى .
دورىيان گرېينىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇنداق ئىدى . گەپ قوپال ئېيتىلغىنى بىلەن ، تولىمۇ غەلىتە ، زامانىۋى تۈس ئالغان بۇ رومانتىك ھېكايە ئۇنىڭغا خېلىلا تەسىر قىلدى . تەلۋە ھېسسىياتلارنىڭ ئالدىدا ئۇ گۈزەل ئايالنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى .

نەچچە ھەپتىلا داۋام قىلغان ئەسەبىي خۇشاللىق ھەش – پەش دېگۈچە يوشۇرۇن سۈيىقەستتە تەرىپىدىن بەربات بولدى . نەچچە ئايغا سوزۇلغان سوكۇتلۇك داغۇ – ھەسرەت ئىلكىدە بىر بالا دۇنياغا كۆز ئاچتى . ئاپىسى ئەزرائىلغا جان تەسلىم قىلىپ ، ئوغلىنى تىكەندەك يالغۇز قالدۇرۇپ بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى ، ئوغلى قېرىپ ماكىلداپ قالغان بىر قېرىنىڭ ھامىيلىقىدا قالدى . ھەئە ، ئەنە شۇ رىيازەتلىك كەچمىشلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قاملاشقان رەڭگى – رۇخسار ئاتا قىلدى . دۇنيادا ھەر قانداق بىر گۈزەل شەيئى مەلۇم بىرخىل تراگېدىك تۇسنى ئۆزىگە يوشۇرغان بولىدۇ ، ھېچبىر قەدىرسىز گۈل چېغىدا پورەكلەپ ئېچىلمەن دەيدىكەن ، تۇرلۇك – تۇمەن ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ... تۇنۇگۇن ئاخشام كۆلۈبتىكى تاماق ئۇستىلىدە ئۇ تولىمۇ جەلپكار بىرھالەتتە ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن جاي ئالدى ، ھەيرانلىق ئىلكىدە يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى ، سۇسقىنا كۇلۇمسىرەش جىلۋە قىلىپ تۇرغان لەۋلىرى ، كىشى كۆڭلىنى ئەسىر قىلىدىغان چېھرى گۈڭگا شام يۇرۇقىدا بۆلەكچە قىزىل كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ بىلەن ھال – مۇڭ بولۇش گويا ئىسكىرىپكا چالغان بىلەن باراۋەر ئىدىكى ، ئىسكىرىپكا تارىسىنىڭ ھەربىر چېكىلىشى ئۇنىڭدا ھەر خىل ئىنكاسلارنى پەيدا قىلاتتى ... ئۆزگىلەرگە تەسىرىنى ھېس قىلدۇرۇش ئاجايىپ قالتىس ئىشتە ! ئۇنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ . ئۆز روھىنى مەلۇم بىر شەيئىگە سىڭدۈرۈپ ، ئۇنى شۇ جايدا بىر پەس توختىتىش ، ئۆزىنىڭ ئاقلانە كۆز قاراشلىرىدىن ئوخچۇپ چىققان شوخ كۈيلەرنىڭ ئەكس ساداسىغا قۇلاق سېلىش ، مىجەز – خاراكتېرىنى گويا سىرلىق بىر خۇشھەدنى تاراتقاندەك باشقىلارغا تەسىر قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر ھەقىقىي ھوزۇر . بەلكى چەكلىمىلىككە تولغان ، جىنسىي ئىستەكنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈش ئەۋج ئالغان ، ئۇلۇغۋار نىشاندىن نام – ئەسەر قالمىغان بۇنداق چاكىنا دەۋردە مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىردىنبىر ھوزۇر ئىدى ... بازىلىنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بۇ يىگىت بۆلەكچە جەلپكار ئىدى . تېخى باللىقىدىكى گۈدەكلىكىنى يوقاتمىغان قاملاشقان چىرايى ، يۇنانىنىڭ مەر مەر تاشتىن ياسالغان ھەيكەللىرىنى ئەسلىتىدىغان بوي – بەستى كىشىگە ئاجايىپ زوق ئاتا قىلاتتى . ۋۇجۇدىدىن قىلچىمۇ ئىۋەن تاپقىلى بولمايتتى . شۇ قەدەر ئېۋەنسىز گۈزەللىكنىڭ سولىشى نەقەدەر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش – ھە ! ئەمىسە بازىلچۇ ؟ تازىمۇ قىزىق ئادەمدە ئۇ ! ئاڭسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىر بالىنى كۆرۈپ ھەش – پەش دېگۈچە يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ، يېڭىچە تۇرمۇش كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى دېسە ! ئىلگىرى قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە غايىپ بولۇپ ، تاپتاقىر داللاردا كېزىپ يۈرگەن بۇ يوچۇن كۆلەڭگە گويا ئايال ئورمان ئىلاھى دېرىيادقا ئوخشاش ھېچ قورقۇمسىزلا رەسسامنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى ،

چۈنكى رەسسامنىڭ قەلبى ئۇنى ئىزچىل ئىزلەپ كېلىۋاتاتتى . ھالا بۈگۈن ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا ئۇخلاپ ياتقان سىرلىق سېزىملار ئويغاندى ، ئەمما مۆجىزىلەرمۇ دەل ئاشۇنداق سېزىملار ئالدىدا نامايەن بولاتتى . شەيئىلەرنىڭ ھالىتى گويا ئەسلىدىنلا باشقا تېخىمۇ مۇكەممەل شەيئىلەرنىڭ ئۆلگىسىدەك ، ھەم ئاشۇ مۇكەممەللىك ئۆلچىمىگە يەتكەن يوچۇن كۆلەڭگىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرماقچى بولغاندەك ، بۆلەكچە گۈزەل تۇس ئالغان سىمۋۇللۇق قىممەتكە ئېرىشكەن ئىدى . نېمە دېگەن غەلىتىلىك – بۇ! ئۇ تارىختىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلارنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى . مۇتەپەككۇرلۇقتا كامالەتكە يەتكەن سەنئەتكار ئەپلاتون بۇنى تۇنجى بولۇپ ئانالىز قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئەجابا، مىكىلانجىلو ئۇنى رەڭلىك مەرمەر تاشتىكى 14مىسرالىق نەزمە ئارىسىغا ئويۇۋەتكەن ئەمەسمىدى ؟ مانا ئەمدى ئۇ كىشىگە غەلىتە تويۇلىدىغان بوپ قالدى.... شۇنداق، ئۇ ئاڭسىز بىر رەۋىشتە دورىيان گىرىي ئۈچۈن بىر مۇھىم شەخسكە ئايلانماقچى ئىدى، گويا دورىيانمۇ بۇ رەسسامنىڭ مەشھۇر بىر پورترېتى يارىتىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغاندەك ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بولاتتى_ ئەمەلىيەتتە ئۇ يېرىم مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن ئىدى . ئۇ ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە بۇ قەلبنى ئۆزىگە تەئەللۇق قىلماقچى بولدى، مۇھەببەت بىلەن ئەجەل مۇجەسسەملەشكەن بۇ تەندە كىشى قەلبىنى مەستخۇش قىلىدىغان سىرلىق نەرسە بارئىدى .

ئۇ توساتتىن قەدىمىنى توختاتتى، ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ھامىسىنىڭ ئۆيىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى_دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ يولنى داۋام قىلدى. گۈڭگا يورۇپ تۇرغان زالغا كىرىشكە، مۇلازىم ئۇنىڭغا ساھىپخانىنىڭ كىلىپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى . ئۇ شىلەپىسى بىلەن ھاسىسىنى بىر ئەر مۇلازىمغا بېرىپ قويۇپ، رېستۇرانغا كىردى.

_ يەنە كېچىكىپ قالدىڭ، ھاررى،_ ۋارقىرىدى ھامىسى ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا بېشىنى چايقاپ قويۇپ . ئۇ ئېسىگە كەلگەن باھانىدىن بىرنى دەپ قويۇپ، ھامىسىنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا ئولتۇردى ، ئاندىن باشقا مېھمانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى . ئۈستەلنىڭ ئۇ بېشىدا ئولتۇرغان دورىيان ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ سالام قىلدى، ئۇدۇلىدا گىراف ھاررى خانىم ئولتۇراتتى . ئۇ تولىمۇ ئوڭلۇق، مىجەزى ئېسىل ئايال ئىدى، تونۇيدىغانلار ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق ئىدى. قەددى_قامىتى تولغان بۇ ئايال ئەگەر گىراف خانىم بولمىغىنىدا ئىدى ، ھازىرقى زامان تارىخچىلىرىنىڭ قەلىمىدە تولۇمدەك سەمىرىگەن بىرلاخسا ئايال قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولاتتى . ئۇنىڭ تەرىپىدە سېر توماس باردون ئولتۇراتتى. ئۇ پارلامېنتنىڭ رادىكال ئەزاسى ئىدى، ئاشكارا سورۇنلاردا پارتىيىنىڭ

داھىيسىنىڭ ئىزىدىن ماڭاتتى، ئادەتتە ئاشپىزى داڭلىق جايلارغا باراتتى، << تاماقتا كونسىرۋاتىپلار بىلەن ، پىكىردە لىبىرالىستلار بىلەن بىردەك بولۇش>> ئۇنىڭ تۇرمۇش مىزانى ئىدى . ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تىرىدلىيدىن كەلگەن ئىرىسكىن ئەپەندى ئولتۇراتتى، جەلىپكار، خۇشپىئىل، تەربىيە كۆرگەن بۇ بوۋاينىڭ جىق گەپ قىلمايدىغان ئادىتى بار ئىدى.بۇ ھەقتە گەپ چىقسا، ئۇ: << دەيدىغانلىرىمنى 30يىشىمدىن بۇرۇن دەپ بولغان>> دوپ قوياتتى. ئىرىسكىن ئەپەندىنىڭ يىنىدىكىسى ۋاندىلۇر خانىم بولۇپ، ھىنرىنىڭ ھامىمىسىنىڭ قەدىناس دوستى ئىدى، پەرىشتىلەردەك كەم_كۇتىسىز بۇ ئايال كىشى چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە چاكىنا ياسىنىۋالغان بولۇپ ، تۇرۇقى كىشىگە بەئەينى تولىمۇ قوپال تۇپلەنگەن قەسىدىلەر توپلىمىنى ئەسلىتەتتى . ھىلىمۇ تەلىيى بار ئىكەن ، ۋاندىلۇر خانىمنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغىنى لورد فاۋىل ئىدى. ۋاندىلۇر خانىم ئۇنىڭ بىلەن تولىمۇ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى، بۇنداق قىزغىنلىق لورد فاۋدىلىنىڭ نەزىرىدە، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان، ئەمما يۇقۇپلا قالسا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، كەچۈرگىسىز خاتالىق ئىدى.

_ بىچارە دارتمور ئەپەندى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتىمىز،_ گىراف خانىم ئۇنىڭغا قاپ مەمنۇنىيەت بىلەن بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى،_ ئىيتىڭە، ئۇ ھىلىقى ناينىاق بىلەن راسلا توي قىلارمۇ؟

_ مىنىڭچە، ئۇ بۇ كەمگە دارتمۇر ئەپەندىگە توي تەكلىپىنى قويۇپ بولدىغۇ دەيمەن گىراف خانىم.

_ ئادەمنى قورقۇتمىغىنا !_ ۋارقىرىدى ئاگاسا خانىم،_ ئەمدى بىرەرسى چىقىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسا بولماپتۇ.

_ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇ قىزنىڭ دادىسى ئامىرىكىنىڭ قۇرۇق تاۋارلىرىنى ساتىدىغان دۇكان ئاچارمىش،_ گەپ قىستۇردى توماس باردون تەكەببۇرلۇق بىلەن .

_تاغام ئۇنى چوشقا گۆشىنى توپ ساتىدىغان ئوخشايدۇ، دەيدىغۇ، توماس ئەپەندىم.

_ قۇرۇق تاۋار! ئامىرىكىنىڭ قۇرۇق تاۋارلىرى دىگىنى نىمە ئەمدى؟_ سورىدى گىراف خانىم گۆشلۈك قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ گاڭگىرىغان قىياپەتتە .ئۇ << دىگىنى>> دىگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئىيتتى.

_ ئامىرىكىنىڭ ھىكايىسى _، لوردھىنرى شۇنداق دىگەچ بىر پارچە بۆدۈنە گۆشىنى ئاغزىغا سالدى .

گىراف خانىم بۇ گەپلەردىن گاڭگىراپلا قىلىۋاتاتتى .

_ ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي قەدىرلىكىم،_ دېدى ئاگاسا خانىم گىراف خانىمغا بوشقىنە شىۋىرلاپ،- ئۇ مۇشۇنداق ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدۇ.

_ ئامېرىكا بايقالغان چاغدا... – دەپ گېپىنى باشلىدى ھېلىقى رادىكال پارلامېنىت ئەزاسى . ئۇ گويا كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا سۆزلەپ تۈگەتمەكچى بولغاندەك توختىماي سۆزلەيتتى، مېھمانلارمۇ ئۇنىڭ گېپىدىن زېرىكىپ قالدى . گىراف خانىم بىرنى ئۇھسىنىپ قويدى_ دە، ئۇنىڭ گېپىنى قاپ بەلدىن بۆلدى :

_ ئەسلى ئامېرىكا قىتئەسى بايقالمىغان بولسا ياخشى بولاتتىكەن!_ دېدى ئۇ،_ مانا ئەمدى بىزنىڭ قىزلىرىمىز بىر چەتتە قىلىپ، پۇرسەتنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇۋاتىدۇ، نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك _ بۇ!

_ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقالغىنى يوق ئىشمىكىن دەيمەن ، – دېدى ئېرسكىن ئەپەندى،_ مېنىڭچە ئۇ بىر پەرەز ، خالاس.

_ شۇ يەرلىك كىشىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم،_ دېدى گىراف خانىم تولىمۇ مۇجمەل قىلىپ،_ ئۇلارنىڭ قىزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيرانۇ – ھەس قالدىم، ئۇلار بەك چىرايلىق كىيىنىدىكەن ، تېخى كىيىملىرىنى پارىژدىن ئەكەلدۈرىدىكەن. ئېسىت ، مەنمۇ شۇنداق كىيىملىرىم بولسىچۇ، كاشكى.

_ ئاڭلىسام، ياخشى نىيەتلىك ئامېرىكىلىقلار ئۆلگەندىن كېيىن پارىژغا بارارمىش،_ دېدى سېر توماس ئەپەندى . ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدىمۇ بولدى، يۇمۇرلۇق گەپ ئاغزىدىن ئۈزۈلمەي چىقاتتى .

_ راست شۇنداقمىكەن؟

_ ئەمسە، ئەسكى ئامېرىكىلىقلار ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارىدىكەن؟_ سورىدى گىراف خانىم.

_ ئامېرىكىغا ، – دېدى لوردھېنرى .

سېرتوماس قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى.

_ كىم بىلىدۇ ، جىيەنىڭىز ئۇ بۈيۈك دۆلەتكە باشقىچە قاراشتىمۇ تېخى،_ دېدى ئۇ ئاگاسا خانىمغا،- بۇرۇن ساياھەت پەيتوندا ئامېرىكىنى ئايلىنىپ چىققان ئىدىم . ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۇرۇش- تۇرۇشى خويمۇ ئەدەپلىك . ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇ يەرگە بارسىڭىز ، كۆرگەن – بىلگەنلىرىڭىز ئېشىپ قالىدىكەن .

_ چىكاگوغا بارسىلا كۆرگەن- بىلگىنى ئېشىپ قالىدىغان ئىش بارمىكەن؟_ دېدى ئېرسكىن ئەپەندىم تەئەددى بىلەن،_ ئۇ يەرگە ساياھەتكە بېرىشقا مەن ھەرگىز چىدىمايمەن.

سېرتوماس قولىنى شىلتىپ گەپنى بۆلدى:

ــ ئېرسكىن ئەپەندى پۈتۈن دۇنيانى ئۆيىدىكى كىتاب جاھازىسىغا تىزىۋالغان . بىزگە ئوخشاش ئەمەلىيەتچىل كىشىلەر ئۇنداق نەرسىلەرنى كىتابتىن ئوقۇشقا ئەمەس، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئامراق كېلىدۇ. ئامېرىكانلار بەك ئەقىللىق مىللەت . بۇنى ئۇلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكمىكىن دەيمەن. ھەممىدىن قىلالايمەنكى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىچىدە غەرەز ئۇقمايدىغانلىرى يوق دىيەرلىك.

ــ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق! – ۋارقىرىدى لورد ھېنرى ، – ئاشكارا زورۋانلىققا چىدىسام چىدايمەنكى ، ئاشكارا چېچەنلىككە تاقىتىم يوق . كاللىنى بەك ئىشلىتىپ كېتىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس، ئۇ دىگەن چېچەنلىككە قارا سىنىغانلىق .

- گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىمغۇ ، – دېدى سېر توماس يۈزلىرى پوكانىدەك قىزارغان قىياپەتتە .

- مەن چۈشەندىم لورد ھېنرى ، – دېدى ئېرسكىن ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .

- سەپسەتىنىڭمۇ پۈت دەسسەپ تۇرىدىغان ئۆزىگە چۈشلۇق ئۇسۇلى بولىدۇ ..... – گەپنى ئارىلىدى لورد ھېنرى .

- سەپسەتە دېدىڭىزما ؟ – سورىدى ئېرسكىن ئەپەندى ، – مەن ئۇنداق قارىمايمەن ، بەلكىم شۇنداقتۇر . ھەقىقەت ھەممىشە سەپسەتە شەكلىدە مەۋجۇت بوپ تۇرىدۇ . ھەقىقەتنى سىناشقا توغرا كەلسە ، ئۇنى چىڭ تارتىلغان پولات سىم ئۈستىگە چىقارساقلا ئايان بولىدۇ . ھەقىقەت پولات سىم ئۈستىدىكى دارۋازغا ئايلانغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارساق كېچىككەن بولمايمىز .

- توۋا قىلدىم ، سىلەر ئەرلەر نەزەرىيىگە بەك ئۇستا كېلىدىكەنسىلەر ! راستىنى دېسەم ، نېمە دېيىشىۋاتقىنىڭلارنى مەڭگۈ چۈشەنمىگۈدەكمەن . ھەي ھاررى ، سەندىن بەك بىزار بولدۇم . سەن نېمىشقا بىزنى سۆيۈملۈك دورىيان گرېي ئەپەندىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئىشلىرىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولىسەن ؟ ھەممىدىن قىلىمەنكى ، ئۇ بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ ، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ ، – دېدى ئاگاسا خانىم .

ــ مۇزىكىدىن بىرەرنى چېلىپ بەرسە ، ئاڭلاپ باقساق بوپتىكەن ، – لورد ھېنرى شۇنداق دېدى – دە ، تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۇ بېشىغا نەزەرىنى ئاغدۇردى ، كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز بىلەن ئۇچراشتى .

- شۇغىنىسى ، ۋايت چېركاۋى تەرەپتىكىلەرمۇ بەك بىچارىكەن ئەمەسمۇ ، – سۆزىنى داۋام قىلدى ئاگاسا خانىم .

- دەردۇ – ھەسرەتتىن ئۆزگە ، ھەرقانداق نەرسىگە ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىدۇ ، – لوردھېنرى مۇرىسىنى چىقىرىپ قويىدى ، – ئازاب چېكىۋاتقانلار ھېسداشلىقىمنى قوزغىيالمايدۇ . ئازاب – ئوقۇبەت تولىمۇ پەسكەش ، قورقۇنچلۇق بولىدۇ ، كىشىنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدۇ . بەزىلەر ئازاب چېكىۋاتقانلارغا ئاجايىپ ھېسداشلىق قىلىپ كېتىدىكەن . ھېسداشلىق قىلىش توغرا كەلسە ، رەڭدار ، گۈزەل ، شادىمان تۇرمۇشقا ھېسداشلىق قىلىش كېرەك . ھاياتنىڭ ئاچچىق – چۈچۈكىنى ئازراق تىلغا ئالغان ياخشى .

- ئەمما ، شەرقىي رايون مەسىلىسى ناھايىتى موھىم – دە ، – دېدى سېر توماس بېشىنى چايقاپ قويۇپ .

- ئۇغۇ شۇنداق ، – دېدى ھېنرى ، – بۇ دېگەن قۇل مەسىلىسى ، بىز قۇللارنى خۇش قىلىش بەدىلىگە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسەك بولىدۇ .

ھېلىقى سىياسەتۋاز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى :

- ئۇنداقتا ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ھەققىدە بىرەر ئاقىلانە تەكلىپىڭىز بولسا ئاڭلاپ باقسامىكىن .

لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- ھاۋارايىدىن باشقا ، ئېنگلاندىنىڭ ھېچ نەرسىسىنى ئۆزگەرتكۈم يوق ، – دېدى ئۇ ، – مەن پەلسەپىۋى پىكىر قىلىشتىن قانائەت تاپىمەن . شۇڭىنىسى ، 19 – ئەسىر ھېسداشلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ ، گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى . تەلىپىم شۇكى ، بىز ئىلىم – پەنگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق خاتالىقلارنى تۈزەتسەك بولىدۇ . ھېسسىياتنىڭ پايدىسى بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ بىزنى تۈيۇق يولغا باشلايدۇ ؛ ئىلىم – پەن بولسا كىشىگە ھېسسىياتقا تايانماي ئىش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ .

- ئەمما ، بۇ ئىشتا ھەر قايسىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ ، – دېدى ۋاندىلۇر خانىم خىجىللىق ئىلىكىدە .

- شۇنداق ، مەسئۇلىيىتىمىز بەك چوڭ ، – سۆز قاتتى ئاگاسا خانىم . لورد ھېنرى ئېرىسكىن ئەپەندىگە دېدى :

- ئىنسانلار ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلاپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ – ئىسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھى . ئەگەر ئىپتىدائىي ئىنسانلار قانداق كۈلۈشنى بىلەلىگەن بولسا ئىدى ، تارىخمۇ باشقىچە يېزىلغان بولاتتى .

_ كىشىگە تەسەللىي بېرىشكە بەك ئۇستىكەنسىز ، – دېدى گىراف خانىم مۇلايىم ئاۋازدا ، – ئىلگىرى قەدىرلىك ھاممىڭىزنى كۆرگىلى كەلگىنىمدە خويمۇ بىئارام بولاتتىم ،

چۈنكى مەن شەرقىي رايون دېگەنگە زادىلا قىزىقمايتتىم . كېيىنچە تىكلىپ قارىغىنىمدا ، ئۇمۇ قىزارمايدىغان بولار .

- قىزارغان يۈزلەر كىشىنى تولىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ گراف خانىم ، - دېدى لورد ھېنرى .

- ئادەم ياش ۋاقتىدىلا شۇنداق بولىدۇ ، - دېدى گراف خانىم ، - ماڭا ئوخشاش قېرى مومايلارمۇ قىزىرىپ يۈرسە ، ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس . لورد ھېنرى ، ماڭا قانداق قىلسا ياشلىقىغا قايتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەمسىز .

لورد ھېنرى بىردەم جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن گراف خانىمغا ئويچان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى :

- ياشلىقىڭىزدا سادىر قىلغان چوڭ - چوڭ سەۋەنلىكلىرىڭىزنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەمسىز ، گراف خانىم ؟

- سەۋەنلىكلىرىمغۇ بەك كۆپ ، - دېدى گراف خانىم ئۈنلۈك قىلىپ .

ئەمىسە شۇ سەۋەنلىكلىرىڭىزنى يەنە بىر قېتىم سادىر قىلىڭ ، - دېدى لورد ھېنرى چىرايىغا كەسكىن تۈس بېرىپ ، - كىشى ياشلىقىغا قايتىمەن دەيدىكەن ، ئەخمىقانە ئىشلىرىنى تەكرارلىشى كېرەك .

- خويمۇ كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەزەرىيە ئىكەن - بۇ ! - دېدى گراف خانىم چۆچۈگەن قىياپەتتە ، - مەن چوقۇم سىناپ كۆرىمەن .

- قويۇڭە بۇنداق خەتەرلىك نەزەرىيەلىرىڭىزنى ! - دېدى سىر توماس زەردە بىلەن . ئاگاسا خانىم بېشىنى چايقاپ قويدى ، چىرايىغا شۇئان بىزارلىق ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى . ئېرىسكىن ئەپەندىلا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى .

- شۇنداق ، - گېپىنى داۋام قىلدى لورد ھېنرى ، - مانا بۇ ھاياتنىڭ بىر چوڭ سىرى . ھازىر تالايلىغان كىشى ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان ئاتالمىش تەپەككۇر ئۇسۇلى تەرىپىدىن گۇمران بولۇۋاتىدۇ ، ئۇلار بىردىنبىر پۇشايمىنىنىڭ ئۆزى سادىر قىلغان سەۋەنلىكلەر ئىكەنلىكىنى بايقىغان چېغىدا ، ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ .

مېھمانلار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى . لورد ھېنرى ئويلىغانلىرىنى تولىمۇ رەڭدار قىلىپ تەسۋىرلەيتتى . ھېلىقى تاغدىن ، باغدىن سۆزلەيتتى ، ئاڭلىماققا بەھەيۋەت ، ئەمما قىلچە مەزمۇن ، مەنە بولمىغان داڭقانپۈتى گەپلىرىنى بازارغا سالاتتى . ئاغزىدىن ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان مارجاندەك پاساھەتلىك گەپلەر شۇ تاپتا ئەخمىقانىلىقنى مەدھىيىلەپ پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋاتاتتى . شۇ تاپتا پەلسەپىنىڭ ئايال ئىلاھىمۇ ياشلىقىغا قايتىپ ، خۇ شاللىق پەرىشتىسىنىڭ ئاشۇ ئەسەبىي كۈيىگە ئەسىر بولماقتا ئىدى

. كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالىتتىكى ، ئايال ئىلاھ ئۇچىسىغا ئۈزۈم ھارىقى چاچراپ كەتكەن پەرەنجە كىيگەن ، بېشىغا گۈلتاج تاقىغان ھالەتتە ھاياتنىڭ تاغ – ئېدىرلىرىدا لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن ، تاغ ئىلاھلىرىنىڭ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئۇقمايدىغان گالۋاڭلىقنى مەسخىرە قىلماقتا ئىدى . رېئاللىق گويا ئورمانلىقتىكى ئۈركۈپ كەتكەن بىر جانۋار كەبى كۆز ئالدىدىن لىپ – لىپ قىلىپ ئۆتەتتى . ئۇنىڭ شېشىدەك سۈزۈك ئاپئاق پۇتلىرى دانىشمەن پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام ئولتۇرغان ھېلىقى ئۈزۈم يانچىيدىغان يوغان تاشقا دەسسەپ تۇراتتى . ئۇ تاكى ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ دانە – دانە تامچىلىرى يالىڭاچ پۇتلىرىغا چاچرىغۇچە ياكى ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ قىزغۇچ ماغزاپلىرى ئىدىشتىن تېشىپ كەتكۈچە تاشقا شۇ رەۋىشتە دەسسەپ تۇردى . مۇزىكا قالتىس ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ چېلىندى . دورىيان گرېي لورد ھېنرىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى . ھېنرىنىڭ كۆزلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ئىچىدىن بىرلا سىمانى ئىزلەيتتى ، شۇندىلا ئۇنىڭ زېھنى ئېچىلاتتى ، تەپەككۇرى جانلىناتتى . دورىيان زېرەك، ئالىيجاناپ ، جەلىپكار بولغىنى بىلەن ، مەسئۇلىيەتسىز ئىدى . ئۇ مۇزىكىسى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى ئەسىر قىلىۋالدى . گويا بۇرانىنىڭ شېئىرلىرىدىكى نەيچىگە ③ ئوخشاش ، تاماشىبىنلارنى جۆر قىلدۇرۇپ قىقاس – چوقان سالدۇراتتى . دورىيان گرېي گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك ، لورد ھېنرىدىن كۆزنى ئۈزمەيتتى ، لەۋلىرىدە ھېلىدىن – ھېلىغا كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلاتتى ، قاپقارا ، تىنىق كۆزلىرىدىكى ھەيرانلىق ئاستا – ئاستا كەسكىنلىككە ئالماشتى .

ھايال ئۆتمەي ، مودا كىيىنگەن رېئاللىق رېستورانغا كىرىپ كەلدى . بىر خىزمەتكار گراف خانىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ، پەيتۇننىڭ سىرىتتا ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . گراف خانىم ئالدىرىغان قىياپەتتە قوللىرىنى ئىشقلاپ تۇرۇپ دېدى :

_ ھەجەپ كەيپىمنى ئۇچۇردى ! مەن ماڭىدىغان بوپ قالدىم . شۇ تاپتا كۇلۇبقا ئېرىمنى ئالغىلى بارىمەن ، ئاندىن ۋىللىس زالىغا بېرىپ ، بىر تېتىقسىز يىغىنغا قاتنىشىمىز ، ئېرىم ئۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ . كېچىكىپ قالسام ، ئېرىم خاپا بوپ كېتىدۇ . خەيىر ، قەدىرلىك ئاگاسا خانىم . لورد ھېنرى ، سىزمۇ بەك قىزىقچىكەنسىز ، ئەخلاق دېگەننى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتىڭىزغۇ زادى . گەپلىرىڭىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم . سەيشەنبە كۈنى كەچتە كېلىڭ ، بىللە تاماق يەيلى . ئۇ كۈنى باشقا ئىشىڭىز يوقتۇ – ھە ؟

- سىز ئۈچۈن ھەرقانچە موھىم ئىشىم بولسىمۇ تاشلايمەن، گراف خانىم ، -دېدى لورد ھېنرى تازىم قىلىپ .

– قالتىس جۇمۇ سىز ! ئۇنداق قىلسىڭىز بولماس ، – دېدى گراف خانىم ، –

ئۇنتۇلۇپ قالماڭ ئەمىسە ! گراف خانىم ئىغاڭلاپ ماڭغىنىچە رېستوراندىن چىقىپ كەتتى ، ئاگاسا خانىم باشقا مېھمانلار بىلەن كەينىدىن ئۇزۇتۇپ چىقتى .

لورد ھېنرى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، ئېرىسكىن ئەپەندى ئۇنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ ، قوللىرىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئالدى .

- نەچچە كىتاب بولغۇدەك گەپلەرنى قىلىۋەتتىڭىز ، - دېدى ئۇ ، - نېمىشقا بىرەر پارچە كىتاب يازمايسىز ؟

- مەن كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ، لېكىن كىتاب يازغۇم كەلمەيدۇ ، ئېرىسكىن ئەپەندىم . پارس گىلىمىگە ئوخشاش ئېسىل ، رېئاللىققا ماس كەلمەيدىغان روماندىن بىرنى يازسامغۇ تازا بولاتتى . ئەمما ، ئەنگلىيىدە كىشىلەر گېزىت ، سەۋىيەسىز كىتابلاردىن باشقا ، ئەدەبىيات دېگەندەكلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ . بەزىدە ئەنگلىيلىكلەرنىڭ ئەدەبىياتتىن زوقلىنىش تۇيغۇسى دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەنمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن .

- بەلكىم دېگىنىڭىز توغرىدۇر ، - دېدى ئېرىسكىن ئەپەندىم ، - ئىلگىرى ئەدەبىياتقا ھەۋەسىم بار ئىدى ، ئەمما بۇ ھەۋىسىم ئۇزۇنغا بارمىدى . قەدىرلىك دوستۇم ، مۇشۇنداق چاقىرسام خاپا بولمايدىغانسىز – ھە . سىزدىن بىر نەرسىنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ . بايا دېگەنلىرىڭىز راستما ؟

- بايا نېمە دېگەن بولغىيتتىم ، - كۈلۈمسىرەپ قويدى لورد ھېنرى ، - گەپلىرىم كۆڭلىڭىزگە ياقمىغان ئوخشىمامدۇ ؟

- زادىلا ياقمىدى . ئىشقىلىپ ، سىز بەك خەتەرلىك ئادەمكەنسىز . ئالىمادىس ئاشۇ ئاقكۆڭۈل گراف خانىمغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ، سىزدىنلا كۆرىمىز . ئەمما سىز بىلەن تۇرمۇش ھەققىدە پاراڭلاشقۇم بار ئىدى . ئادەملەر نېمە دېگەن تېتىقسىزلىشىپ كەتكەن– ھە ! ناۋادا بىر كۈنلەردە لوندوندىن زېرىكىپ قالسىڭىز، تىرېدلىيغا بېرىپ مېنى ئىزدەڭ . ئېسىل ئۈزۈم ھاراقلىرىم بار ، قۇيۇپ بېرىمەن ، ئىچىشكەچ پەلسەپەيىڭىزدىن ھوزۇرلىنىمىز .

- تەكلىپىڭىزنى جان دەپ قوبۇل قىلىمەن ، تىرېدلىيغا بېرىپ ھوزۇرىڭىزدا مېھمان بولۇش مەن ئۈچۈن زور شەرەپ . ساھىبخان ئېسىل ، كۇتۇپخانىلىرى ئاندىن ئېسىل تۇرسا ، بارمىسام بولامدۇ .

- بارسىڭىز قەۋەتلا خۇش بولىمەن ، - دېدى بوۋاي ئەدەب بىلەن تازىم قىلىپ تۇرۇپ ، - ئەمدى ھامىڭىز بىلەن خوشلىشايمىكىن ، ئافىنا ئەدەبىيات كۇلۇبىغا بارىدىغان ئىشىم بار ئىدى . ھازىر ماڭسام ، ئەلىياتقۇ مەزگىلىدە ئاران يېتىپ بارالايمەن .

- ھەممەڭلار بارامسىلەر ، ئىبرىسكىن ئەپەندىم ؟
_ 40 ئادەم بارىمىز ، 40 ئورۇندۇقتا ئولتۇرمىز . ئۇ يەردە ئەنگلىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىگە ئاكادېمىك بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمىز .
لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى :
- مەنمۇ باغچىغا بارماقچى ئىدىم .
لورد ھېنرى ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇۋېدى ، دورىيان گرېي ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى :
مېنىڭمۇ سىز بىلەن بىللە بارغۇم كېلىۋاتىدۇ .
- بازىل خالۋارد بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدە قىلىپ قويغانتىڭىزغۇ ؟ – دېدى لورد ھېنرى .
- گېپىڭىزگە ئامراق بولۇپ قالدىم ، سىز بىلەن بىللە بېرىپ مۇڭدىشىپ كېلەيمىكىن .
- نېمە دېدىڭىز ؟ بۈگۈن ھېلىمۇ جىق سۆزلەپ كەتتىم ، – كۈلۈپ كەتتى لورد ھېنرى ، – شۇ تاپتا تۇرمۇشنى راسا بىر كۆزەتكۈم كېلىۋاتىدۇ . خالىسىڭىز ، بىللە بېرىڭ ، بىللە كۆزىتەيلى .

———————————————

## ئىزاھات :

① ئىزابىللا (1830 – 1904 ) – ئىسپانىيىنىڭ ئايال پادىشاھى ، 1868 – يىلىدىكى ئىسپانىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىدا ئاغدۇرۇپ تاشلانغان .
② (1814 – 1870) – ئىسپانىيە گېنرالى ، ئىزابىللا ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسپانىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان .
③ بۇ جۈملە روبېرت بۇراۋنىنىڭ «خېمىرىنىدىكى گۈللۈك كىيىملىك نەيچى» ناملىق داستانىدىن ئېلىنغان . داستاندا بالىلار سىرلىق نەي ئاۋازىغا ئەگىشىپ كېتىپ قالىدۇ .

# تۆتىنچى باب

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. كۆن چۈشتىن قايرىلغان مەھەل بىلەن دورىيان گرېي لورد ھېنرىنىڭ ماي فايىرغا جايلاشقان ئۆيىنىڭ چاققانغىنا كۈتۈپخانىسىدا يۆلەنچۈكلۈك راھەت ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى . كۈتۈپخانا تولىمۇ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تامغا تورۇسقىچە تاقاشقان دۇب ياغىچى چاپلىنىپ ، ئۈستىگە ھالرەڭ جىيەك تۇتۇلغان ؛ تورۇسقا قاپارتما گۈللۈك نەقىش چىقىرىلغان؛ يەرگە كۆلرەڭ پالاز، پالاز ئۈستىگە ناھايىتى ياراشتۇرۇلۇپ ئۇزۇن پۆپۈكلۈك ئەپچىلگىنە پارس گىلىمى سېلىنغان؛ لىپا ياغىچىدىن ياسالغان چاي ئۈستىلىگە كلودىيوننىڭ ① بىر كىچىك ھەيكىلى تىزىلىپ، يېنىغا مۇقاۋىسىغا ئالتۇن ھەل بىلەن چىرايلىق دەستار گۈلىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن «100 پارچە ھېكايە» دەپ نام قويۇلغان قولىيازمىسى قويۇلغان ؛ بۇنى كلوۋىس ئىۋن② مارگات ۋالويس③ ئۈچۈن ئالاھىدە تۈپلەپ چىققاندى . تام مەشىنىڭ جاھازىسىدىكى بىر نەچچە ساپال لوڭقىغا سۈنئىي كۆركۈم گۈلى سېلىنغانىدى ، لوندون ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرغان گىلرەڭ قوياشنىڭ تال- تال نۇرلىرى دەرىزە ئەينىكىدىن ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

لورد ھېنرى تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. ۋاقتىدا رىئايە قىلىش ئۇنىڭ نەزەرىدە ۋاقتنى ئوغۇرلىغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى . شۇڭا بىر يەرگە دائىم كېچىكىپ باراتتى. شۇ تاپتا ئوزايىدىن زېرىكىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان دورىيان چىرايلىق قىستۇرما رەسىملەر بېرىلگەن «مانون لېسكاۋت»④ ناملىق كىتابنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. لۇيىس XI V دەۋرىنىڭ ئۇسلۇبىدا ياسالغان تام سائىتىدىن بىر خىللا رەرىشتە چىقىۋاتقان چىكىلدىغان ئاۋاز ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى . ئۇ نەچچە رەت مېڭىشقا تەمشىلىپ بولۇپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى.

نىھايەت ، سىرىتتا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ، ئىشىك ئېچىلدى.

_ بەك ساقلىتىۋەتتىڭىز، ھارىرى!_دېدى ئۇ ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا .

_ ئوبدانراق قارىڭە گرېي ئەپەندى ، كىم ھارىرىكەن،_ دېدى بىرى چىرقىراق ئاۋازدا.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى . قارىدىيۇ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

_ كەچۈرۈڭ. مەن تېخى....

_ ئېرىمنى كەپتۇ دەپ قاپسىز-دە، مەن ئۇنىڭ ئايالى بولىمەن . ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي . مەن سىزنىڭ نۇرغۇن رەسىمىڭىزنى كۆرگەن ، شۇڭا سىزنى ئوبدان تونۇيمەن .

ئېرىمدە سىزنىڭ رەسىمڭىزدىن 17 پارچىسى بار.

_ 17 پارچە ئەمەستۇ، ھېنرى خانىم؟

_ ئەمسە 18 پارچە ئوخشايدۇ . ھېلىقى كۈنى كەچتە سىزنى تىياتىرخانىدا ئېرىم بىلەن بىللە تۇرغاندا كۆرگەن ئىدىم ،_ ئۇ گەپ قىلغاچ ساراڭلارچە كۈلەتتى، خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن مىنى ئۇنتۇلۇپ قالماڭ دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ غەلىتە ئايال ئىدى، ھەممىشى بوران- چاپقۇندا كىيىشكە ماس كېلىدىغان ھەررەڭ- سەررەڭ كىيىملەرنى كىيىۋالاتتى. تۇرۇپلا كىمدۇر بىر كىملەرنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى، ئەمما بۇ ھېسسىياتلىرنى بىلىندۇرمەيتتى، خىياللىرىنى ھېچكىمگە تىنماتتى. ئۆزىنى جەلىپكار قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى – يۇ ، كىشىلەرگە ئۇچىغا چىققان شاللاق تەسىر بېرىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىكتورىيە بولۇپ، چېركاۋغا بېرىش ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇمارىنى باسىدىغان ئىش ئىدى.

_«لوھېنگرىن»⑤ نى ئورۇنلاۋاتقان چاغنى دەيسىزغۇ، ھېنرى خانىم .

_شۇنداق، شۇ چاغدا كۆرگەن. ۋاگنېرنىڭ مۇزىكىلىرىنى بەك ياقتۇرىمەن. ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئاۋاز تېمبىرى بەك يۇقىرى، قانچىلىك گەپلەشسىڭىزمۇ ئەتراپىڭىزدىكىلەر ئاڭلىيالمايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىدىكى بىر ئارتۇقچىلىق . قانداق دېدىم گرېي ئەپەندىم؟

ئۇ نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ ئۇزۇپ- ئۇزۇپ ساراڭلارچە كۈلۈپ كەتتى، قولىدىكى كارتىنا قېپىدىن ياسالغان ئۇزۇن ساپلىق قەغەز كېسىدىغان پىچاقنى ھەدەپ ئوينايتتى .

دورىيان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى:

_ بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلالمايمەن ھېنرى خانىم . مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان چېغىمدا قەتئىي گەپ قىلمايمەن ، ھېچبولمىغاندىمۇ ئېسىل مۇزىكىلارنى ئاڭلىغان چاغدا شۇنداق قىلىمەن . قۇلاققا ياقمىغان مۇزىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندىن، ئۆزىمىزنىڭ پاراڭلىرىنى سېلىشىپ ئولتۇرغىنىمىز ئەۋزەل.

_ ئوھوي، ھېنرىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ، شۇنداقمۇ گرېي ئەپەندىم؟ ھېنرىنىڭ قاراشلىرىنى ھەمىشە دوستلىرىدىن ئاڭلايمەن ، بۇمۇ ئۇنىڭ مىنى چۈشىنىشىمدىكى بىردىنبىر ئۇسۇلۇم . بۇنداق دېسەم ، مىنى ئېسىل مۇزىكىلارنى ياقتۇرمايدىكەن دەپ قالماڭ . ئېسىل مۇزىكىلارغا قەۋەتلا ئامراقمەن، لېكىن ، ئاڭلاشتىن قورقىمەن ، ئۇنداق مۇزىكىلارنى ئاڭلىسام، زىيادە رومانتىكلىشىپ كېتىدىكەنمەن. ھارىرى ماڭا:«مەن رويالچىلارغا چوقۇنىمەن، بەزىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشىگە چوقۇنىمەن»دېگەنتى.

ئۇلاردا نېمە سېھىر باركىنتالىق، ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. بەلكىم ئۇلار چەتئەللىك بولغاچقا شۇنداقمىكىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چەتئەللىكما؟ ئاشۇ روياللار ئەنگلىيەدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن چەتئەللىك بولىۋالىدىكەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇلارمۇ تازا ئەقىللىقكەن، مۇشۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ سەنئىتى تېخىمۇ ياخشى باھالارغا ئېرىشىدۇ، دۇنياۋى سەنئەتكە ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىز مەن ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتكە قاتنىشىپ باقمىدىڭىزغۇ دەيمەن گرېبىي ئەپەندىم؟ چۈقۇم بىر كېلىڭ. گۈل ئالالمىغىنىم بىلەن، چەتئەللىكلەرگە پۇل خەجلەشتە مەندىن سېخى ئادەم يوق. زالدا ئۇلار بولسا بەك قالتىس بولىدۇ. ئوھوي ، ھاررى كەلدى ! ھاررى، سىزنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىۋىدىم ، نېمە ئىش بولغىيتتى ، ھەجەپ ئۇنتۇپ قالدىميا . كەلسەم گرېبىي ئەپەندىم ئولتۇرۇپتىكەن، مۇزىكا توغرىسىدا تازا كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپتۇق. گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى. ياق، مەن دېمەكچى، كۆز قاراشلىرىمىز پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. لېكىن ، ئۇ ئادەمنى خۇش قىلىشقا بەك ئۇستىكەن . ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ بەك خۇش بولدۇم.

-ياخشى بوپتۇ قەدىرلىكىم، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ،_ لورد ھېنرى ھىلال ئايدەك ئېگىلىپ چۈشكەن قاپقارا قاشلىرىنى ھىمىرىپ قۇيۇپ ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى،_ كەچۈرۈڭ ، ئۇزۇن ساقلىتىپ قويدۇم. ۋاردور كوچىسىغا كونا كىمخاپ تاللىغىلى بېرىپ، ساتارمەن بىلەن نەچچە سائەت باھا تالىشىپ تۇرۇپ قالدىم. ھازىر كىشىلەر نەرسىنىڭ باھاسىنى بىلگەن بىلەن، قىممىتىنى بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ.

_ مەن ماڭايمىكىن،_ ئەنسىز ۋارقىرىدى ھېنرى خانىم. ئۇنىڭ گالۋاڭلارچە كۈلكىسى ئارىنى قاپلىغان ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزدى،_ گراف خانىم بىلەن پەيتۇندا شامالداپ كېلىشكە دېيىشىپ قويغان ئىدىم . خەير-خوش، گرېبىي ئەپەندىم. خەير- خوش، ھاررى . بىلسەم-بىلمىسەم، تاماقنى سىرىتتا يەيسىلەرغۇ دەيمەن، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن . سىلەر بىلەن دورنبارىي خانىمنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى.

ئۇ گويا كېچىچە يامغۇردا قالغان قەقنۇستەك ، ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى، شۇئان ئۆي ئىچىنى ئۇنىڭدىن تارقالغان قۇيۇق ئەتىر ھىدى بىر ئالدى.

_ شۇنداق دېيەلەيمەنكى ، قەدىرلىكىم،_ لورد ھېنرى شۇنداق دېگەچ ئايالىنىڭ كەينىدىن ئىشىكنى ياپتى – دە، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى،_ سېرىق چاچ ئاياللار بىلەن ھەرگىز توي قىلماڭ.

_ نېمىشقا ئەمدى، ھاررى؟

_ چۈنكى ئۇلار بەك ھېسسىياتچان كېلىدۇ.

_ مەن دەل شۇنداق ھېسسىياتچان ئاياللارغا ئامراق.

_ ئۇنداق ئايالىلارغا ھەرگىز يېقىن يولىماڭ، دورىيان. ئەرلەر ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن توي قىلىدۇ. ئايالىلار بولسا قىزىقىش ئۈچۈن توي قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە ھەر ئىككىيلەن پۇشايماندا قالىدۇ.

_ توي قىلىپمۇ كەتمەسمەن ھاررى . ھازىر بىر قىز بىلەن يۈرىۋاتىمەن . سىز ئېيتقان بۇ ھېكمەتنى ئەمەلىيىتىمدە بىر سىناق قىلىپ باقاي دەيمىنا.

_ كىم بىلەن يۈرىۋاتىسىز؟_ سورىدى لورد ھېنرى بىر پەس جىمىپ كېتىپ.

_ بىر ئارتىست بىلەن،- دېدى دورىيان گرېي قىزارغان ھالدا.

لورد ھېنرى مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى:

_ تۈنجى مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ.

_ ئۇنى كۆرسىڭىز بۇنداق دېمەيسىز، ھاررى.

_ كىم ئۇ؟

_ ئۇنىڭ ئىسمى سىبلىي ۋېيىن.

_ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن .

_ ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان . لېكىن كىشىلەر ھامىنى بىر كۈنى ئۇنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇ بىر تالانت ئىگىسى.

_قەدىرلىك ئىنىم، ئايالىلاردىن تالانت ئىگىسى چىقمايدۇ. ئايالىلار دېگەن ياسىنىش ئۈچۈنلا يارالغان خەق . ئۇلار نازلىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەر روھنىڭ ئەخلاقتىن ھالقىشىغا ۋەكىللىك قىلغىنىغا ئوخشاش، ئايالىلارمۇ ماددىنىڭ روھتىن ھالقىپ كېتىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

_ نېمىشقا بۇنداق دەيسىز ، ھاررى؟

_ قەدىرلىك دورىيان ، دېگەنلىرىم قۇرۇق گەپ ئەمەس . مەن ھازىر ئايالىلارنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، شۇڭا بۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن. بۇ تېما مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق سىرلىق نەرسە ئەمەس. بايقىشىمچە ، ئايالىلار مۇنداق ئىككى خىللا بولىدىكەن : بىرخىلى ئاددىي- ساددا ئايالىلار، يەنە بىر خىلى ياسانچۇق ئايالىلار. ئاددىي- ساددا ئادەملەردىن ئادەمگە نەپ تېگىدۇ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاي دېسىڭىز، ئۇلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلسىڭىزلا كۇپايە . يەنە بىر خىلدىكى ئايالىلار تولىمۇ جەلپكار كېلىدۇ، ئەمما بىرلا خاتالىقنى سادىر قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ، يەنى ئۆزىنى ياش كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرناقلىرىغا لاك سۈرىۋالىدۇ. مومىلىرىمىز بولسا قىلغان گەپلىرىنىڭ پاساھەتلىك، قايىل قىلارلىق چىقىشى ئۈچۈن تىرناقلىرىغا لاك سۈرىۋالاتتى. ئۇ چاغدا پەردازلىنىش بىلەن چېچەنلىك تەڭ ماسلاشسا گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەندەك ئىش بولىدۇ . ئەمما ، ھازىر ئۇنداق ئىشلار

قالمىدى . هازىرقى ئاياللار ئۆز قىزىدىنمۇ 10 ياش ياش كۆرۈنەلىسە ، كۆڭلى قانائەت تاپىدۇ، مۇراد- مەقسىتىگە يېتىدۇ. پاراڭلىشىش تىوغرا كەلسە، لوندۇندا بەشلا ئايال پاراڭلىششقا مۇناسىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئېتراپىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بولدىلا ، ماڭا ئاشۇ تالانتلىق مەشۇقىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭىا . ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا قانچىلىك بولدى؟

_ ھەي هاررى، گەپلىرىڭىزدىن سەل چۆچۈپ قالدىم .

_ ئۇ گەپنى قويۇپ تۇرۇپ دەڭە ، ئۇ قىز بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا قانچىلىك بولدى؟

_ ئۈچ ھەپتىچە بولدىغۇ دەيمەن.

_ قەيەردە تونۇشتىڭىز؟

_ سىزگە ھەممىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىمەن ھاررى . لېكىن كۆڭلۈمگە سوغۇق سۇ سەپسىڭىز بولمايدۇ! ئىشقىلىپ ، سىز بىلەن تونۇشمىغان بولسام، بۇ ئىش ھەرگىز يۈز بەرمىگەن بولاتتى. سىز مېنىڭ تۇرمۇشنى تەلۋىلەرچە چۈشىنىپ بېقىشىمغا سەۋەبچى بولدىڭىز. سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر غايىبانە نەرسە تومۇرلىرىمدا توختاۋسىز كۆۋەجىدى . باغچىلاردا ئايلانغانلىرىمدا ياكى پىكادىللىي كوچىسىدا ماڭغانلىرىمدا ، يېنىمدىن ئۆتكەنلەرنى كۆزىتىدىغان، تەلۋىلەرچە قىزىقىش بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . گاھىلىرى مېنى مەپتۇن قىلىۋالسا، گاھىلىرى قورقۇنچقا سالاتتى. نىمىشقىكىن ، يېڭى – يېڭى غەلىتە تۇيغۇلارنى ئارزۇلايدىغان بوپ قېلىۋاتاتتىم . بىر كۈنى كەچقۇرۇن، سائەت 7 لەر بولغان چاغقۇ دەيمەن ، چىقىپ يېڭى تۇيغۇلارنى ئىزدەپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم . كۈلرەڭ تۈس ئالغان بۇ غەلىتە شەھرىمىز لوندون_ سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە ئېيتقاندا، ئادەملەر تىقما- تىقماق بولۇپ كەتكەن، رەزىللىك، ئېپلاسلىق ئەۋج ئالغان ، جىنايەتنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان بۇ شەھەر ماڭا بىر نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدىغاندەكلا ئىدى . خىياللىرىم قاناتلىنىپ ، ۋەھىمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تۇيغۇ مېنى ھاياجانغا سالاتتى . ئىككىمىز تۇنجى قېتىم بىللە تاماق يېگەن ھىلقى گۈزەل ئاخشام ھېلىھەم ئېسىمدە ، شۇ چاغدا سىز ماڭا ھاياتنىڭ ھەققىي مەخپىيىتىنىڭ گۈزەللىك ئىزدەشتە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭىز . ئۆزۈمنىڭ زادى نېمىگە تەشنا بولۇۋاتقىنىمنى ئەسلا بىلمەيتتىم . شۇنداقتىمۇ ئىشكتىن چىقىپ ، شەرقىي رايۇن تامان ئىلدام يۈرۈپ كەتتىم ، بىردەم ماڭا- ماڭمايلا ئەگرى- بۈگرى كەتكەن، پاسكىنا كوچا، گىياھ ئۈنمەيدىغان قاپقاراڭغۇ بىر مەيداندا يولدىن ئادىشىپ قالدىم . ئالاھەزەل سائەت 8:30 بولغان چاغ، تولىمۇ ۋەيرانە بىر كىچىك تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم ، يولنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى گاز لامپىلىق

چىراغ لاۋۇلداپ نۇر چېچىپ ، ئىبلان تاختىسىنى رەڭگارەڭ يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇچىسىغا مەن تۇغۇلۇپ كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ غەلىتە جىلىتكە كىيىۋالغان ، تولىمۇ بەدبەشرە بىر يەھۇدىي سۇپىتى ناچار سىگارت شورىغىنىچە تىياترخانا ئىشىكىدە تۇراتتى. چاچلىرى مايلىشىپ غۇژمەكلىشىپ كەتكەن ، قاسماقلىشىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن كۆينىكىنىڭ كۆكرىكىگە قادىۋالغان بىرتال يوغان ئالماس ۋال- ۋۇل پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى . «ئايرىمخانىغا كىرەملا، جانابلىرى» دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ، بېشىدىكى شەپكىسىنى پۇرلاپ ئېلىۋېتىپ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قانداقتۇر بىر نەرسە كۆلكەمنى قىستايتتى. ئۇنىڭ تۇرۇقى كىشىگە گويا ئاجايىپ بىر مەخلۇقنى ئەسلىتەتتى . بىلىمەن ، مېنى چۇقۇم مازاق قىلىسىز. نىھايەت ، تىياتىرخانىغا كىردىم، بىر گۇينا (ئەنگلىيىنىڭ قەدىمكى پۇلىنىڭ نامى، بىر گۇينا 21 شىللىڭغا تەڭ)غا سەھنىگە يېقىن ئايرىمخانىنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالدىم . شۇ چاغدا نېمىشقا ئاشۇنداق قىلغىنىمغا ھازىرغىچە ئەقلىم ھەيران. ئەگەر شۇ يەرگە كىرمىگەن بولسام ، ھاياتىمدىكى ئەڭ بۈيۈك سۆيگۈ- مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولاتتىمكەن . مانا، مانا، مازاق قىلغىلى تۇردىڭىز، بەك ئەسكىكەنسىز!

_ مازاق قىلمىدىم دورىيان، باشقا ئىشقا كۈلۈۋاتىمەن . ھاياتىمدىكى ئەڭ بۈيۈك سۆيگۈ- مۇھەببەت دەيمۇ كەتمەڭ ، ئۇنى ھاياتىمدىكى تۇنجى مۇھەببەت دېسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ. سىز مەڭگۈ باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولىسىز، سۆيگۈ- مۇھەببەتكە نائىل بولىسىز. ھېسسىياتچانلىق دېگەن بىكار تەلەت كىشىلەرگە يارىشىدۇ، ئۇ بىر دۆلەتتىكى بىكارچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ پاتىنىتى. قورقماڭ، قالتىس ئىشلار تېخى ئالدىڭىزدا ، بۇ تېخى باشلىنىشى.

_ مېنى شۇنچە شاللاق چاغلاپ قالدىڭىزما؟- غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى دورىيان گرېي.

_ ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ نەزىرىمدە سىز ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يىگىت .

_ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

_ قەدىرلىك ئىنىم، ھاياتىدا بىرلا قېتىم مۇھەببەتلەشكەنلەرنى مانا ھەقىقىي شاللاق دېسەك بولىدۇ . ئۇلاردىكى ئاتالمىش ۋاپادارلىق بىلەن پاكلىق مېنىڭ نەزىرىمدە گاللۇاڭلىق، ئەقلى كەمتۈكلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس . ۋاپادارلىق بىلەن پاكلىق ھېسسىياتچان تۇرمۇشتىكى گوياكى بىر خىل ئۆزگەرمەس ئىدراكىي قانۇنىيەت ، يەنى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگەن بىلەن باراۋەر . كەلگۈسىدە ۋاپادارلىقنىمۇ بىر تەتقىق قىلىپ بېقىش ئويۇم بار . ۋاپادارلىق بىرخىل ئوتلۇق ھېسسىياتنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلغان . باشقىلارنىڭ تېرىۋېلىشىدىن قورۇقمايدىغان بولساق ، نۇرغۇن نەرسىلەر قولىمىزدىن كېتىدۇ. گېپىڭىزنى

بۆلۈۋەتتىم – ھە، قېنى سۆزىڭىزنى داۋام قىلىڭ.

_ ھىم، قارىسام، كاتاكتەك بىر ۋەيرانە ئايرىمخانىدا ئولتۇرىمەن، بىشىمنى كۆتۈرسەم ، جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن بىر پەردە كۆز ئالدىمدا تارتىقلىق تۇرۇپتۇ. پەردىنىڭ ئارىسىدىن نەزىرىمنى سىرتقا ئاغدۇرۇپ ، تىياتىرخانا ئىچىنى كۆزەتتىم . زالنىڭ ئىچى مۇھەببەت ئىلاھى چۈبىدىسىنىڭ رەسمى ۋە قوي مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بېزەكلەر بىلەن تولغان ، بەئەينى باھاسى چۈشۈرۈلگەن تورتنىڭ ئۈزىلا ئىدى . زالنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى بىلەن بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئورۇنلارنىڭ كەينى تەرىپى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغان ، ئالدىنقى ئىككى رەتتە تاماشىبىنلار تولىمۇ شالاڭ ئىدى . ئاپلىسىن ، خام پىۋا ساتىدىغان تەنزىكەشلەر ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، زال ئىچىنى مېۋە شۈپىكىنى ئاقلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز بىر ئالغان ئىدى .

- ئەمىسە ، تىياتىرخانا ئەنگلىيە درامىلىرىنى ئەۋج ئالغان دەۋردىكىدەك بېزىلىپتۇ – دە .

_ مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم . زال ئىچىدىكى كەيپىيات ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى . دەسلەپتە قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم . شۇ ئەسنادا نومۇر تىزىملىكىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . تېپىپ بېقىڭە ، قايسى دراما ئوينالدى، ھاررى؟

_ چۈقۇم « ئەخمەق بالا ياكى گۇناھسىز گاچا» دېگەن درامىغۇ دەيمەن . ئىشىنىمەنكى، ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق درامىلارنى ياخشى كۆرەتتى. دورىيان، بىشىم چوڭايغانسىرى ، شۇنى كۈچلۈك ھېس قىلىپ يەتتىم ، ئەجدادلىرىمىز ياخشى كۆرگەنلىكى نەرسىلەر بىزدە قانائەت ھاسىل قىلالمايدىكەن . ئەجدادلىرىمىز سەنئەت جەھەتتە سىياسىيونلارغا ئوخشاشلا خاتالىقتا يول قويۇپتىكەن.

_ ئۇ درامىلار بىزگىمۇ يارايدىغۇ ھاررى . سەھنىدە«رومىئو بىلەن جۇلىتتا» دېگەن دراما ئوينالدى . شۇ تاپتا شېكىسپىر ئەسەرلىرىنىڭ مۇشۇنداق ۋەيرانە تىياتىرخانىدا ئوينالغىنىغا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ مەندە بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى . بىرىنچى پەردىنى بولسىمۇ كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم . ئوركېستىر چېلىۋاتقان مۇزىكا تولىمۇ قالايمىقان ئىدى . دېرىژور بىر ياش يەھۇدىي بالا ئىدى ، ئۇ چېلىۋاتقان پىيانىنونىڭ ئاۋازى تۇرۇپ- تۇرۇپلا قاياتتى ، تاس قالدىم زالدىن قېچىپ چىقەتكىلى . نىھايەت ، پەردە ئېچىلىپ ، ئويۇن باشلاندى . رومىئونىڭ رولىنى ئالغىنى قاشلىرىنى دەمدەك قىلىپ بوياۋالغان ، ئاۋازى يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە مۇڭلۇق چىقىدىغان ، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، يارمىغان كۆتەكتەك تەمبەل بىر نېمە ئىدى. مېركىيونىڭ رولىغىمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە پەرىقلىنىپ كەتمەيدىغان ، كۆرۈمسىز بىر

كومىدىيە ئارتىسى چىقتى . ئۇ ھەدېسىلا قىزىقچىلىق قىلىدىم دەپ ، كەينى رەتتىكى تاماشىبىنلارنى ئۆرە- تۆپە قىلاتتى . ئىككىلىسى تىياتىرخانىنىڭ ۋەيرانە ئەپتىگە ئوخشاشلا كۆزگە سىغمايتتى، قارىماققا بەئەينى ھېلىلا سەھرادىن كەپ قالغان سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىدى . جۇلىتتانىڭ رولىنى كىم ئالدى ، دېمەمسىز ھاررى! چېھرى بەئەينى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگىلا ئوخشايدىغان ، قوڭۇر چاچلىرىنى گىرتسىيە پاسونىدا بۇدرە قىلىپ ئۆرۈۋالغان ، ھېسياتقا باي زەڭگەر كۆزلىرى گويا بۇلدۇقلاپ تۇرغان بولاقنى ، لەۋلىرى گويا يېڭىلا ئېچىلغان ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىلىرىنى ئەسلىتىدىغان ، تېخى 17 ياشنىڭ قارىسىنى ئالمىغان چىرايلىق بىر قىز ئالدى . ئۇ ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ ئۇماق قىز ئىدى . سىز ئىلگىرى ماڭا : «ئوتلۇق ھېسسىياتلارغا تولىمۇ بېپەرۋا مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز. لېكىن، گۈزەللىك ئالدىدا چاناقلىرىڭىزغا ياش ئالماي تۇرالمايسىز» دېگەنىدىڭىز. سىزگە دېسەم، ھاررى، شۇ چاغدا تۇيغۇسىز كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ ، ھېلىقى قىزنى كۆرەلمەيلا قالدىم . ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى_ مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئۇ بۇلبۇلدەك ئاۋاز دەسلەپتە يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك تولىمۇ ئاجىز چىقتى ، شۇ تاپتا بۇ ئاۋاز گويا ماڭىلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدىم . كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى بارا- بارا كۈچىيىپ ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان نەي ياكى گارمون كۈيىدەك تۇس ئالدى . ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە بىرخىل خوشاللىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان تىترەڭگۈ ئاۋازىنى كىشىلەر پەقەت پارىژنىڭ تاڭ ئېتىش ئالدىدا خەندان ئۇرۇپ سايرايدىغان بۇلبۇل ئاۋازىدىنلا ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالايتتى . ھايال ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن گويا ئىسكىرىپكىدىن چىقىدىغان بىر خىل ئوتلۇق ھېسسيات ئۇرغۇشقا باشلىدى . ئاۋازمۇ كىشىنى شۇنچە ھاياجانغا سالالايدىكەن دېسە . سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بىلەن سىبلىبي ۋېينىنىڭ ئاۋازى مەن مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان ئاۋازلاردۇر. كۆزۈمنى يۇمسامىلا ئىككىڭلارنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋۈمدە زاھىر بولىدۇ. گېپىڭلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ، لېكىن قايسىڭلارنىڭكىنى ئاڭلاشنى بىلمەيلا قالىمەن . ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرمەي تۇرالايمەن ھاررى؟ مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن ، ئۇ مېنىڭ ھاياتىم . ئۇنىڭ ئويۇننى كۆرگىلى بارمايدىغان كۈنۈم يوق . ئۇ بىر كۈنى روسالىندىنىڭ ⑥ رولىنى ئالسا ، يەنە بىر كۈنى ئىموگىنىنىڭ ⑦ رولىنى ئالاتتى . ھېلى مەشۇقىنىڭ ئاغزىدىن زەھەرنى شۈمۈرۈپ ئىچىۋېلىپ ، مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىتالىيە قەبرىستانلىقىدا ئۆلۈپ قالسا، ھېلى كۆز ئالدىمدا چىرايلىق ئوغۇلبالىدەك ياسىنىپ ، ئاستىغا سىقىپ تۇرىدىغان تار ئىشتان ، بېشىغا تولىمۇ نەپىس تىكىلگەن بۆك كىيگەن ھالدا ئاردىن ئورمانلىقىدا⑧ سەيلە قىلىپ يۈرگەن سىياقتا زاھىر بولاتتى . گاھ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ گۇناھكار پادىشاھنىڭ ھوزورىغا كىلىپ، ئۇنىڭغا سوزاپ گۈلى

تاقاپ، ئاچچىقئوت ⑨ يىگۈزسە، گاھ ھەسەت ئوتى ئەقلىدىن ئازدۇرغان قارا قول تەرپىدىن ھىقىقتەك بوينىنى⑩ھېچ گۇناھسىزلا قۇمۇش كەبى ئۈزۈپ تاشلىناتتى. يەنە گاھىدا ھەرخىل كىيىملەرنى كىيىپ ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ رولىنى ئالاتتى. ئادەتتىكى ئاياللار ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىتالمايدۇ . ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىپ ، ھەر قانچە جەلىپكار بولسىمۇ ، ئۆزىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى گويا بىشىغا كىيىۋالغان بۆكىگە ئوخشاشلا ئاپئاشكارىكى ، كىشلەر ھامان ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولىدۇ. ھېچقايسىسى كىشىگە سىرلىق تۇس بەرمەيدۇ. ئەتىگەندە باغچىلاردا ھاۋا يېيىشسە ، چۈشتىن كېيىن چاي زىياپىتىدە قۇرۇق گەپ ساتىدۇ. جىلۋە قىلىشلىرىمۇ بىر خىل ، ئىش- ھەرىكىتىمۇ قېلىپقا چۈشكەن . ئۇلارغا بىر قاراپلا قانداقلىقىنى بەش قولدەك بىلگىلى بولىدۇ . ئەمما ئايال ئارتىستلار ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ ھاررى! نىمىشقا ماڭا دۇنيادا ئايال ئارتىسنىڭلا بىردىنبىر سۆيۈشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى دىمىگەن بولغىيتتىڭىز؟

_ مەن ياخشى كۆرگەن ئايال ئارتىستلار سامانىدەك تولا، دورىيان.

_ ھە توغرا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاچلىرىنى ھەررەڭ – سەررەڭ بويىۋالغان ، يۈزلىرىگە بولۇشىغا ئۇپا- ئەڭلىك سۇرتىۋالغان رەسۋا ئاياللار دەڭە !

_ چېچىنى بويىغان ، ئۇپا - ئەڭلىك سۇرتىۋالغان ئاياللارنى چىشلەپ تارتماڭ . بەزىدە ئۇلارمۇ ئاجايىپ جەلىپكار بولۇپ كېتىدۇ ، – دېدى لورى ھېنرى.

_ بايا سىزگە سىبلىي ۋېين ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەپتىمەن .

_ ماڭا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىڭ ، دورىيان . ھاياتىڭىزدا نىملا ئىش يۈز بەرسۇن ، مەندىن يوشۇرماڭ.

_ بولىدۇ . مىنىڭچە ، سىز توغرا دېدىڭىز. نىمىشقىكىن ، ھەممە ئىشلىرىمنى سىزگە دېگۈملا كېلىپ تۇرىدۇ. كېيىن بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ سىزدىن يوشۇرمايمەن . سىز مىنى چۈشىنىسىز.

_ سىزگە ئوخشاش بۇنداق ئەركە چوڭ بولغان خۇشخۇي يىگىتلەر يامان ئىش قىلىدۇ دىيسە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن ، دورىيان . مىنى ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت . ئەمدى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ _ سەرەڭگىنى ئېلىۋېتىڭە ، رەھمەت _ سىبلىي ۋېين بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار زادى قانداقراق؟

_ دورىيان گرېي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى :

_ ھاررى! سىبلىي ۋېين تولىمۇ پاك ، بىغۇبار قىز.

_ پاك ، بىغۇبار نەرسىلەرلا تۇتۇپ بىقىشقا ئەرزىيدۇ دورىيان ،- دېدى لورد ھېنرى ھېسداشلىق ئارىلاشقان بىر خىل غەيرىي تەلەپپۇزدا ،- نېمانچە تېرىكىسىز؟ مېنىڭچە ، ئۇ ھامىنى بىر كۈنى سىزگە تەئەللۇق بولىدۇ. مۇھەببەت ھامان ئۆزىنى ئالداشتىن باشلىنىپ، ئۆزگىلەرنى ئالداش بىلەن تاماملىنىدۇ. مانا بۇ – كىشىلەر دەۋاتقان ئاتالمىش مۇھەببەت . مېنىڭچە ، سىز ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇنى چۈشەنگەنسىز؟

_ ئەلۋەتتە چۈشەندىم . تىياتىرخانىغا بارغان تۇنجى كۈنى ھېلىقى بەدبەشىرە يەھۇدىي ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن ، مېنى سەھنىنىڭ كەينىگە باشلاپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى . ئاچچىقىمدا ئۇنىڭغا :«جۇلىيتتانىڭ ئۆلگىنىگە نەچچە يۈز يىل بولدى، ئۇنىڭ جەسىتى ھازىر ۋېرونادىكى مەرمەرتاشتىن ياسالغان قەبرىدە ياتىدۇ» دەپتىمەن. بۇ گەپلىرىمدىن ئۇ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇزايىدىن مېنى ھاراقنى كۆپ ئىچىۋاپتۇ، دېگەندەك بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى.

_ ھېچقانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسكەنغۇ بۇ.

_ ئۇ مەندىن گېزىتكە ماقالە يازىدىغان- يازمايدىغانلىقىمنى سورىدى ، مەن ئۇنىڭغا ئەزەلدىن گېزىت ئوقۇمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇ بۇ گېپىمدىن ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى بولغاي ، دراما تەنقىدچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇل بېرىپ سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

_ بەلكىم ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستتۇر. مۇنداقچە ئېيتسام ، دراما تەنقىدچىلىرىنىڭ سىرىتقى قىياپىتىدىن ھۆكۈم قىلغاندا ، كۆپىنچىسىنىڭ سالاھىيىتى ئۇنچە يۇقىرى ئەمەس.

_ لېكىن ، ئۇ قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئامال قىلالماي قالغان ئوخشايدۇ،- كۈلۈپ قويدى دورىيان ، – شۇ ئەسنادا، تىياتىرخانىنىڭ چىراغلىرى ئۆچتى ، مەنمۇ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم . ئەتىسى كەچتە ، تىيتاتىرخانىغا يەرگە يەنە باردىم . ھېلىقى يەھۇدىي مېنى كۆرۈپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى ، مېنى، سەنئەتنى قوللايدىغان تولىمۇ مەرد ئادەمكەنسىز، دەپ ماختاپ كەتتى . ئۇ كىشىنى بىزار قىلغىنى بىلەن ، شېكىسپىرگە ھۆرمىتى چەكسىزكەن . بىر قېتىم ئۇ تېخى ماڭا «ئاشۇ شائىر»نى دەپ بەش قېتىم ۋەيران بولغانلىقىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى . ئۇ شېكىسپىرنى شۇنداق ئاتاش ئارقىلىق شەرەپ ھېس قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

_ بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر چەكسىز شەرەپ ، قەدىرلىك دورىيان . كۆپىنچە كىشىلەر ئاددىي تۇرمۇش ئۈچۈن زىيادە مەبلەغ سېلىۋېتىپ ۋەيران بولىدۇ، شېئىرىي تۇيغۇغا باي ئىشلىرىنىڭ ۋەيران بولغىنىنى ئۆزىچە شەرەپ ھېسابلايدۇ . ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم قاچان گەپ قىلدىڭىز؟

ــ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە . ئۇ كۈنى ئۇ روسالىندىنىڭ رولىنى ئالغان ئىدى . مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭ يېنىغا باردىم . ئىلگىرى ئۇنىڭغا خېلى جىق گۈل سوۋغا قىلغانىدىم ، پەرىزىمچە ئۇمۇ مېنى كۆرگەن ئىدى . ھېلىقى يەھۇدىي مېنى سەھنىنىڭ كەينىگە باشلاپ چىقمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋالدى . مەنمۇ ماقۇل بولدۇم . ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بۇنچە ئالدىراپ تونۇشقۇم يوق ئىدى . غەلىتىمىكەنمەن؟

ــ نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، قەدىرلىك ھاررى؟

ــ نېمىشقىلىقىنى كېيىن دەپ بېرىمەن . شۇ تاپتا ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى بەك بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ــ سىبىيىنى دەۋاتامسىز؟ ئۇ ناھايىتى ئۇياتچان ، مۇلايىم ، تۇرۇقىدىن بالىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر قىز. ئۇنىڭ ئالغان رولىغا بولغان باھايىمنى ئېيتقىنىمدا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز چەكچىيىپ كەتتى، ئۇزايىدىن رولىنى قانچىلىك ياخشى ئالغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىغاندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. ئىككىلىمىز ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتۇق . ھېلىقى يەھۇدىي توپا- چاڭ بېسىپ كەتكەن ئارتىستلارنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ ئىشكىدە ھىجايغىنىچە ئاغزى بېسىقماي بىزنى ماختاپ – ئۇچۇراتتى . ئىككىمىز بولساق بەئەينى كىچىك باللاردەك ، جايىمىزدا بىر- بىرىمىزگە قارىغىنىمىزچە تۇرۇپ قېلىشقانىدۇق. ھېلىقى يەھۇدىي مېنى «لورد غوجام» دەپ چارقىرىۋەرگەچكە ، سىبىيىغا ئۆزۈمنىڭ ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدىم . ئۇ تېخى ماڭا ساددىلارچە:« قارىماققا ، بەئەينى شاھزادىلەرگىلا ئوخشايدىكەنسىز، سىزنى <جەلىپكار شاھزادە> دەپ ئاتىسام بولغۇدەك » دېدى.

ــ شۇنداق دورىيان ، سىبىي خانىقىز ئادەمنى ماختاشقا بەك ئۇستا.

ــ سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز ھاررى. شۇ تاپتا ئۇ مېنى درامىمىدىكى بىر پېرسوناژ دەپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ھايات ھەققىدە تېخى ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ئىدى . ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن ، ئاپىسى يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان جۇدەڭگۈ موماي ئىكەن . ئاپىسى بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى قىزغۇچ خالات كىيىپ كاپۇلىت خانىمىنىڭ [11] رولىنى ئالدى . ئۇزايىدىن ياشلىقىدا خېلى نام چىقارغان ئايالدەك قىلاتتى .

ــ ئۇنىڭ تۇرۇقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ، ئۇنداقلارنى كۆرسەم ، بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن ،- دېدى لورد ھېنرى قولىدىكى ئۈزۈكىگە سىنچىلاپ قارىغاچ گاراڭ- گۇرۇڭ ئاۋازدا .

ــ ھېلىقى يەھۇدىي ماڭا ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋىدى ، مەن رەت ئۇنىمىدىم.

_ توغرا قىلىپسىز، باشقىلارنىڭ يارىسىنى كولاش ئەخلاقسىزلىق.

_ سىلىبىيدىن ئۆزگە ھېچكىمگە قىزىقمايتتىم . ئۇنىڭ ئائىلە كىلىپ چىقىشى بىلەن نېمە كارىم دەيسىز. ئۇ شۇ قەدەر نۇقسانسىز، مۇقەددەس ئىدى . ئۇنى ھەر كۈنى كۆرسەم ، ھەركۈنى بۆلەكچە جەلىپكار كۆرۈنەتتى .

_ ئەمدى بىلدىم ، بۈگۈن كەچتى مەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە ئۇنىمىغىنىڭىز بىكار ئەمەسكەندە . قارىسام ، غەلىتە بىر خىل مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكۈپ كەتكەندەك قىلىسىز. شۇنداقتىمۇ ، سىزنى بۇنچە بوپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن .

_ قەدىرلىك ھاررى، بىز ھېلىمۇ ھەر كۈنى چۈشتە ياكى كەچتە بىللە تاماق يەۋاتىمىدۇق، يەنە تېخى نەچچە قېتىم تىياتىرخانىغىمۇ باردۇققۇ.- دېدى ھەيران بولغان دورىيان كۆپكۆك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ .

_ لېكىن ، ھە دېسىلا كېچىكىپ كېلىسىز.

_ سىلىبىينىڭ ئويۇنىنى كۆرگىلى بارمىسام بولمايدۇ،- دېدى ئۇ ئۆلۈك قىلىپ ،- ھېچبولمىغاندىمۇ، بىر پەردە بولسىمۇ كۆرمىسەم بولمايدۇ. ئۇنى كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم ، ئۇنىڭ ئاشۇ نازاكەتلىك ، شېشىدەك سۈزۈك ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان نازۇك روھىنى ئويلىغىنىمدا ۋۇجۇدۇمنى ئىختىيارسىز قورقۇنچ باسىدۇ.

_ بۈگۈن كەچتە مەن بىلەن بىللە تاماق يېيەلەمسىز، دورىيان؟

دورىيان بېشىنى چايقىدى:

_ بۈگۈن كەچتە ئۇ ئىموگىننىڭ رولىنى ، ئەتە كەچتە جۇلىتتانىڭ رولىنى ئالىدۇ.

_ ئۇ قاچان ئۆز رولىنى ئالىدۇ؟

_ مەڭگۈ ئالمايدۇ.

_ سىزنى تەبرىكلەيمەن .

_ سىزدىن بىزار بولدۇم! ئۇ يالغۇز ئۆزىنىڭلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق ئاياللارنىڭ رولىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن . مەسخىرە قىلىشىڭىزمۇ مەيلى، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي ، ئۇ ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى. مەن ئۇنى سۆيىمەن، ھەم ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سۆيدۈرىمەن . سىزگە ھاياتنىڭ جىمى مەخپىيەتلىكلىرى بەش قولدەك ئايان . ئېيتىڭە ، قانداق قىلسام ئۇنى ئۆزۈمگە جەلىپ قىلىپ ، مېنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالايمەن ؟ رومئونىڭ رەشك ئوتىنى قوزغاتمىسام ، شاد كۈلكىمىز بىلەن دۇنيادىكى ئۆلۈپ كەتكەن ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ ئىچىنى قايناتمىسام ھېساب ئەمەس . مۇھەببىتىمىزنىڭ چوغىدەك ھارارىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتكەن جەسەت كۈللىرىنى ئويغىتىپ ، رەشك ئازابى سالىمەن . توۋا دەيمەن ، ھاررى، ئۇنىڭغا نىمانچە چوقۇنىدىغاندىمەن ،_ ئۇ

شۇنداق دېگەچ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا ماڭاتتى ، يۈزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ ، چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈلەتتى.

ئۇنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ تۇرغان لورد ھېنرى ئىچىدە خوشال بولدى. كۆز ئالدىدىكى دورىيان بىلەن بازىل خالۋاردنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيىدە ئۇچراشقان ھېلىقى ئۇياتچان ، جۈرئەتسىز دورىيان ھازىر ئىككىسى ئىككى دۇنيا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خاراكتىرى گويا گۈلگە ئوخشاش ۋايىغا يېتىپ ، ئوتقاشتەك پورەكلەپ ئېچىلغان؛ روھى پىنھان ۋۇجۇدىدىن ئاستا بوشۇنۇپ چىقىپ، ئارزۇ- ئىستەكلەرگە يول ئاچقانىدى .

_ ئەمدى قانداق قىلماقچى بولىۋاتىسىز؟_ سورىدى لورد ھېنرى.

_ بىر كۈنى بازىل ئىككىڭلارغا ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرسىتىپ كېلەي . ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ تالانتىغا قول قويماي تۇرالمايسىلەر، ئاندىن بىز ئۇنى ھېلىقى قېرى يەھۇدىينىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمىز. ئۇ ھېلىقى يەھۇدىي بىلەن ئۈچ يىللىق توختام تۈزۈشۈپتىكەن . ھازىردىن باشلاپ ھېساپلىغاندا، يەنە ئىككى يىل، 8 ئاي ۋاقىت بار ئىكەن .ئەلۋەتتە ئۇنى پۇل بېرىپ ئەپچىقىۋالىمەن . ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن ، ئۇنى غەربىي رايۇندىكى بىرەر تىئاتىرخانىغا تونۇشتۇرۇپ، نامىنى چىقىرىمەن . مەن ئۇنىڭغا قانداق مەپتۇن بولغان بولسام ، دۇنيامۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ.

_ بۇ مۇمكىن ئەمەس، قەدىرلىك ئىنىم.

_ ياق، ئۇ شۇنداق قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يالغۇز سەنئەتلا ئەمەس، ۋايىغا يەتكەن سەنئەت تۇيغۇسى ۋە خاسلىق بار. سىز ھە دېسىلا ماڭا ھېسسىياتچان دەۋر كىشىلىرىنىڭ خاسلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتىڭىزغۇ.

_ ئەمسە قايسى كۈنى بارىمىز؟

_ قېنى ئويلاپ باقاي ، بۈگۈن سەيشەنبە، ئەتە بولسۇن . ئەتە ئۇ جۇلىتتانىڭ رولىنى ئالىدۇ .

_ بولىدۇ. ئەتە سائەت سەككىزدە برىستولدا كۆرۈشەيلى، مەن بازىلنى ئېلىپ باراي .

_ سەككىزگە قالماڭلار، ھاررى . ئالتە يېرىمدا كېلىڭلار، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن بېرىپ بولمىساق بولمايدۇ، بولمىسا ، رومىئو بىلەن ئۇچرىشىدىغان بىرىنچى پەردىنى كۆرەلمەي قالىمىز.

_ ئالتە يېرىم بەك بالدۇر. ئۇ دەل مېنىڭ چاي ئىچىدىغان ، ئىنگلىزچە رومانلارنى ئوقۇيدىغان ۋاقتىم . سائەت يەتتىدە بارايلى ، تەرتىپلىك ئادەم دېگەن يەتتىدىن ئىلگىرى بىر نەرسى يېمەيدۇ. يېقىن ئارىدا بازىل بىلەن كۆرۈشەمسىز؟ ياكى بولمىسا مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ قويايمۇ؟

_ بازىلنى كۆرمىگىنىمگە بىر ھەپتە بولدى . تازىمۇ قىززىقتە مەن . بۇ كەمگە ئۇ پورترېتىمنى ئۆزى لايىھىلىگەن نەپىس رامكىغا سېلىپ ماڭا ئەۋەتىپ بولدى . ئۇ رەسىممنى ھازىرقى تۇرۇۋقۇمدىن بىر ئاي ياش سىزىۋېتىپتۇ، بۇنىڭغا خېلى ھەستىم قوزغالدى . لېكىن ، يۇرىكىمدىكى گەپنى قىلسام ، پورترېتىمنى يەنىلا ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇنىڭغا خەتنى سىز يېزىپ قويۇڭ ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز كۆرۈشكۈم يوق . ئۇ ھە دېسىلا سەممىيلىك توغرىسىدا گەپ ئېچىپ ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ.

لورد ھېنرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

_ بەزىلەر ئۆزى ئەڭ مۇھتاج نەرسىلەرنى ئۆزگىلەرگە بېرىۋېتىشكە ئامراق كېلىدىكەن، مانا مۇشۇنداق كىشلەر مېنىڭ نەزىرىمدە ھاتەمدەك سېخى سانىلىدۇ.

_ جاھىلراق خۇيىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بازىل بولىدىغان ئادەم . ھاررى، مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مۇشۇ تەرىپىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

_ قەدىرلىك ئىنىم، بازىل ۋۇجۇدىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئېسىل سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىپ ، تۇرمۇشقا كەلگەندە تولىمۇ بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە تۇتىدۇ . نەزىرىمدە مەن تونۇشقان خۇش پېئىل سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسى ناباب سەنئەتكارلاردۇر . ھەقىقىي سەنئەتكار ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ئىچىدىلا ياشىغاچقا، باشقىلارنى نە خۇش قىلىشنى، نە يىغلىتىشنى بىلمەيدۇ. جانلىقلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي بۈيۈك سەنئەتكارلارلا شېئىريي تۇيغۇغا ئەڭ كەمبەغەل كېلىدۇ. ئەمما نامى چىقمىغان سولتەك شائىرلار بولسا كىشىنى ئاجايىپ جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مىسرالىرى قانچە ناچار چىقسا، شۇنچە جەلپكار كۆرۈنىدۇ .

- راستىنلا شۇنداقمۇ ھاررى؟ – دېدى دورىيان گرېي ئۇستەلدىكى ئالتۇن پۈرۈپكىلىق يوغان بوتۇلكىدىن ئەتىر ئېلىپ ياغلىقىغا چاچقاچ ، – سىز بۇنداق دەۋاتقان يەردە ، ئۇ چۇقۇم راست بولىدۇ – دە . شۇ تاپتا ئىموگىن مېنى ساقلاۋاتىدۇ ، ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ . ئەتىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ ئەمسە . خەير – خوش !

-دورىيان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، لورد ھېنرى نەزەرىنى پەسكە ئاغدۇرۇپ ، چۇڭقۇر ئويغا پاتتى . ئۇ ھېچكىمگە دورىيان گرېيغا ئوخشاش مۇنداق قىزىقىپ باقمىغان ئىدى . ئەمما دورىياننىڭ باشقىلارغا بۇنداق سەۋدايىلەرچە چوقۇنىشى ئۇنىڭدا قىلچىلىك ھەسرەت ، ھەسەت قوزغىيالمىغان ، ئەكسىچە ، بۇنىڭدىن تولىمۇ خوش بولىۋاتاتتى . شۇ تاپتا دورىيان ئۇنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى قىزىقارلىق بىر تەتقىقات ئوبيكتى بولۇپ بېرىۋاتاتتى . ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان تەبىئىي پەن ئۇسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ يۈردىيۇ ، تەبىئىي پەندىكى ھېلىقىدەك تۇتامى يوق ئادديي تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلىقىنى

ھېس قىلىپ يەتكەچكە ، دەسلەپتە ئۆزىنى ، ئاندىن ئۆزگىلەرنى كۆزىتىشنى باشلىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ھاياتتىن ئۆزگە نەرسە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىمەيتى . ھاياتتىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە قىممىتى يوق ئىدى . راست ، ئازاب – ئوقۇبەت بىلەن شاد – خوراملىقنىڭ ئاجايىپ – غارايىپ پىچىلىرىدا تاۋلىنىۋاتقان ھاياتنى كۆزەتكەن چېغىمىزدا ، يۈزىمىزگە ئەينەك نىقاپ تاقىۋېلىشىمىزنىڭ ئورنى يوق ، گۆڭگۈرت ئىسلىرىنىڭ چوڭ مىڭىمىزنى ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا ياكى ۋەھىمىلىك ئوي – خىيال ، ھەررەڭ – سەررەڭ چۈشلەرنىڭ تەپەككۇرىمىزنى مالىمان قىلىشنى چەكلەشكە ئىلاجىسىز قالىمىز . بەزى زەھەرلىك دورىلار شۇنچىلىك ھەقىقىي ئىكەنكى ، ئۇنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك ئىدۇق ، ئازابى بىز بىلەنلا كەتكەن بولاتتى . يەنە شۇنداق غەلىتە كېسەللەر باركى ، ئۇ كېسەللەرنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىز شۇ كېسەلنىڭ ئازابىنى تېتىپ باقمىساق بولمايتتى . ئەنە شۇندىلا ئېرىشكەنلىرىمىز مۆلچەرلىگۈسىز بولاتتى ! دۇنيا مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆزگەردى . ئوتلۇق ھېسسىياتلار بىلەن ھېسسىيات تۇسى سىڭگەن ئەقلىي تۇرمۇشنى ، ئۇلارنىڭ قەيەردە بىرلىشىپ ، قەيەردە ئايرىلىدىغانلىقىنى ، قەيەردە مۇرەسسە قىلىپ ، قەيەردە چىقىشالمايدىغانلىقىنى يۈكسەك ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىش – ھە! ئۇنىڭ ئۈچۈن تالاي بەدەللەرنى تۆلىسەك نېمە بوپتۇ؟ يېڭى – يېڭى تۇيغۇلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسىمۇ ئەرزىيدىغۇ .

شۇ تاپتا ئۇ بەزى گەپلىرىنىڭ ، مۇڭلۇق مۇزىكىنى ئەسلىتىدىغان گەپلىرىنىڭ دورىيان گرېيىنىڭ قەلبىگە بىر بىغۇبار قىزنىڭ ئوتىنى سالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئالدىدا تېز پۈكتۈرگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . بۇ ئويىدىن ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدىن كۆرەڭلىك ئالامەتلىرى چاقنىدى . شۇ تاپتا دورىيان گرېينى ئۇنىڭ بىر ئىجادىيتى دېيىشكە بولاتتى . دورىياندا پىشقان ئەركەكلەرگە خاس خاراكتېر يارىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى . كاللىسى ئاددىي كىشىلەر ھاياتنىڭ ئۆز مەخپىيىتىنى ئۆزى ئېچىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ . پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ، ھاياتنىڭ مەخپىيتى ئۆز چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلاشتىن بۇرۇنلا ئاشكارە بولغان بولىدۇ . گاھىدا ، بۇ تۆھپە سەنئەتكە ، مۇھىمى ئوتلۇق ھېسسىيات ۋە ئەقىل – ئىدراك ئىپادە قىلىنغان ئەدەبىياتقا تەۋە بولىدۇ . سەنئەت گاھىدا ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز قۇدرىتىنى يوقىتىدۇ – دە ، بۇ كىشىلەر ئۆز بەدئىي قۇدرىتىنى ئىشقا سالىدۇ ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ھەقىقىي سەنئەت بۇيۇمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . ھايات بەجايىكى بىر پارچە شېئىر ، بىر ھەيكەل ياكى بىر پارچە رەسىمگە ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ۋايىغا يەتكەن مەشھۇر

ئەسەرلىرى بولىدۇ .

شۇنداق ، دورىيان شۇ تاپتا خېلى پىشىپ قالغان ، ياشلىقنىڭ تۇنجى مەۋسۇمىدىلا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى . ۋۇجۇدىدا ياشلىق ئىستەكلىرى كۆۋەجەپ ، ئوتلۇق ھېسسىياتلار دولقۇنلىماقتا ئىدى . بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلغاندەك تۇراتتى . ئۇنى كۆزىتىش كىشىگە تولىمۇ ھوزۇر بەخش ئېتەتتى ؛ قاملاشقان چىرايى ، پاك - بىغۇبار قەلبىگە كىشى مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمايتتى . بۇ ئىشلار نەگە بېرىپ نەدە توختايدۇ ، دورىياننىڭ تەقدىرىگە يەنە نېمە قىسمەتلەر پۈتۈلىدۇ ، بۇ لورد ھېنرى ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى . ئۇ گويا تارىخىي دىرامىدا ياكى تىياتىردا رول ئېلىۋاتقان ئاجايىپ قالتىس بىر پېرسوناژ ئىدى . ئۇلارنىڭ خوشلۇقلىرى كىشىلەردىن بەكلا يىراقلاپ كېتىدۇ ، دەرت - ئەلەملىرى بولسا كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى قوزغىماقتا ئىدى ، ئۇلارنىڭ قەلب يارىسى بەئەينى قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ئۆزى ئىدى .

تەن بىلەن روھ نەقەدەر سىرلىق-ھە! روھتا ھايۋانىي ئىستەكلەر بولىدۇ ، تەندىمۇ شۇنىڭغا يارىشا چېچەنلىك بولىدۇ . ھېسسىيات چەككە يەتسە يېتىدۇكى ، چېچەنلىك كەينىگە چېكىنىدۇ . تەندىكى ھاياجاننىڭ قاچان ئاخىرلىشىپ ، روھتىكى ھاياجاننىڭ قەيەردە باشلىنىدىغانلىقىغا كىم بىر نېمە دېيەلەيدۇ دەيسىز ؟ پسىخولوگلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى نەقەدەر تېيىز ، ئوخشىمىغان ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەشەببۇسلىرىدىكى سەرخىللىرىنى ئىلغاپ چىقماق نېمە دېگەن قىيىن - ھە! ئەجبا روھ گۇناھ قەسىردە ئولتۇرغان تەننىڭ سايىسىمىدۇ ؟ ياكى گىيوردانو برۇنو[12] ئېيتقاندەك ، تەن روھ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدىغاندۇ ؟ روھ بىلەن ماددىنىڭ ئايرىلىشى بىر تېپىشماق بولسا ، بىرلىششىمۇ بىر تېپىشماق .

ھېنرى شۇ تاپتا ، پسىخولوگىينى كەلگۈسىدە ۋايىغا يەتكەن بىر پەنگە ئايلاندۇرۇپ ، ھاياتتىكى كىچىككىنە بىر ھەرىكىتىمىزگىمۇ سەل قارىمايدىغان قىلالارمىزمۇ ، دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىمىزنى خاتا چۈشىنىۋالىمىز ، ھەم باشقىلارنىمۇ چۈشەنمەيمىز . تەجرىبىنىڭ ئېتىكىلىق قىممىتى بولمايدۇ ، ئۇ ناھايىتى كەتسە كىشىلەر ئۇقۇشماي خاتا قويۇپ قويغان بىر ئىسىم خالاس . ئېتىكشۇناسلار ئادەتتە ئۇنى بىر خىل ئىبرەت ، ئاگاھلاندۇرۇش دەپ قاراپ ، ئۇنىڭ خاراكتېر يارىتىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئېتىكىلىق ئۇنۇم پەيدا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ، تەجرىبىنىڭ بىزگە نېمىگە ئىتائەت قىلىپ ، نېمىدىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىغانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ . ھالبۇكى ، تەجرىبىنىڭ ھېچقانداق رولى يوق . ئۇ ۋىجدان ، غورۇرغا ئوخشاش ئۇنداق قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس . ئۇ بىزگە كەلگۈسىمىزنىڭ

ئۆتمۈشــــىمىزدىن پەرقلەنمەيـــدىغانلىقىنى ، ئىلگـــىرى يىرگىنىـــپ تـــۇرۇپ قىلغـــان ئىپلاسلىقلىرىمىزنى كەلگۈسىدە خوشاللىق بىلەن قايتا – قايتا تەكرارلايدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئـۇ شـۇنى چۈشـىنىپ يەتتىكى ، تەجـرىبە ھېسـىياتنى ئىلمىي تەھلىـل قىلىشـتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ئىدى . ئېنىقكى ، دورىيـان گرېيـي ئۇنىـڭ ئۈچـۈن بىـر تەتقىقـات ئېمىسى ئىدى ، ئۇ دورياندىن خېلى ئوبدان نەپكە ئېرىشىدىغاندەك قىلاتتى . دوريانىنـڭ سېلىقىي ۋېيىنىنـڭ ئوتتـدا كۆيـۈپ يۇرۇشـى تولىمـۇ قىزىقـارلىق بىـر پىسـخىكلىق ھادىسـە ئىـدى . شۈبھىسىزكى ، بۇ ، قىزىقىش بىلەن – يېڭى – يېڭى سەرگۈزەشتىلەرگە بولغان قىـزىقىش ۋە ئارزۇ – ئىستەك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى . بۇ خىل ئىستەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ، بەلكـى تولىمـۇ مـۇرەككەپ ئىـدى . خىيـاللىرى تەپەككـۇر ئالىمىـدە قانـات قېقىۋاتقـان دورىيانىڭ بىغۇبار سەزگۈ ئىقتىدارى ھېس – تۇيغۇلىرىدىن يىـراقلاپ كەتـكەن بولغاچقا ، بۇ ئىش تېخىمۇ خەتەرلىك ھالغا كېلىپ قالغانىدى . دەل ئاشۇنداق ئـارزۇ – ئىستەكلەر بىزنـى ئـۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغـان ، ئۇنىـڭ قانـداق پەيـدا بولغـانلىقى بىـلەن كـارىمىز بولمىغاچقا ، ئۆزىمىزنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ ئالداپ يۈرىۋاتاتتۇق . ئەمما بىز تونۇپ يەتـكەن ئاشـۇ چىن تۇيغۇلار تولىمۇ ئاجىز ئىدى . كۆپىنچە ھاللاردا ، بىز باشقىلارنى تەجرىبە قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىغـان چېغىمىـزدا ، باشـقىلارنى ئەمەس ، ئـۆزىمىزنى تەجـرىبە قىلىـۋاتقىنىمىزنى سەزمەي قالىمىز .

لـورد ھېنـرى جايـدا ئولتـۇرۇپ ، چوڭقـۇر خىيـال قاينىمىغا پاتقانىـدى . توسـاتتىن ئىشـىك قوڭغـۇرىقى جىـرىڭلاپ ، خىزمەتكـار كىرىـپ كەلـدى ۋە ئۇنىـڭ كىيىملىرىنـى ئالماشتۇرۇپ زىياپەتكە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى . ئـۇ لىككىـدە ئورنىـدىن تـۇرۇپ نەزىرىنـى كوچـا تەرەپـكە ئاغـدۇردى ، ئۇدۇلـدىكى رەت – رەت ئۆيلەرنىـڭ دەرىزىسـىنىڭ ئۈستۈنكى ئەينەكلىرى كۈچلۈك قۇياش تەپتىدە قىزغۇچ رەڭ ئالغان ، ئاسمانمۇ سولىشىشقا باشلىغان ئەتىرگـۈل رەڭگـگە كـىرگەن ئىـدى . ئـۇ ياشـلىق ھەۋەسلىرى ئىلكىـدە ئـۆزىنى تامامەن ئۇنتۇغان دورىيانىـڭ توسـۇن ئـاتتەك چاپچىـپ تۇرغـان بـۇ قاينـاق ھېسـىياتىنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختايدىغانلىقى ئۈستىدە خىيال قىلماقتا ئىدى .

ئۇ كېچە سائەت ئون ئىككى يېرىم بولغان مەھەل بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلـدى – دە ، مېھمانخانىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ قويۇلغـان تېلېگراممىغا كـۆزى چۈشـتى . تېلېگراممـا دورىيـان گرېيـدىن كەلــگەن ، تېلېگراممىـدا ئۇنىـڭ سـىبىلىي ۋېـيىن بىـلەن چـاي ئىچۈرۈلگەنلىكى يېزىلغانىدى .

# ئىزاھات :

① كلودىيون (1738 – 1814) – فرانسىيىلىك ھەيكەلتىراش .
②كلوۋس ئېڤ (1584 – 1635) – فرانسىيە ئوردىسىنىڭ كىتاب تۈپلىگۈچىسى .
③ مارگارت ۋالويا (1553 – 1615) – فرانسىيە بوپان خانلىقى ھېنرى IV نىڭ خانىشى .
④ «نومان لېسكاۋت» – فرانسىيە يازغۇچىسى پىرۋوستىنىڭ رومانى ، رومانىدا بىر ياش ئاقسۆڭەك بىلەن كەمبەغەل قىز مانوننىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدۇ .
⑤ «لوھىنگرىن» – گېرمانىيە كومپوزىتورى رىچارد ۋاگنېرنىڭ ئوپېراسى .
⑥ روسالىند – شېكسپېرنىڭ «خۇشاللىق » ناملىق دىرامىسىدىكى ئايال باش پېرسوناژ .
⑦ ئىموگېن – شېكسپېرنىڭ «سىنبېلىن » نامىلىق دىرامىسىدىكى ئايال باش پېرسوناژ .
⑧ شېكسپېرنىڭ«خۇشاللىق» نامىلىق دىرامىسىدىكى مەنزىرە .
⑨ شېكسپېرنىڭ« ھاملېت » نامىلىق دىرامىسىنىڭ تۆتىنچى پەردىسىدىكى ئوپېلىيانىڭ سۆزى .
⑩ شېكسپېرنىڭ« ئوسېررو » نامىلىق دىرامىسىنىڭ بەشىنچى پەردىسىدىكى ۋەقەلىك .

[11] جۇلىتتانىڭ ئايىسى .
[12] گيورداىنو برونو (1548 – 1600) – ئىتالىيە ئەدەبىيات – سەنئەت قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى پەيلاسوپ ۋە ئاسترونوم ، كوپېرنىكنىڭ قوياش مەركەز تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلغىنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىنى ئۈچۈن دىنىي سوت تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان .

# بەشىنچى باب

- ئاپا ، ئاپا ، مەن بۈگۈن بەك خۇشال ! – شۇنداق دەپ پىچىرلىغاچ يۈزىنى يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ، ئۇزايىدىن جۈدەڭگۈلۈك ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ئاپىسىنىڭ تىزىغا قويدى . ئاپىسى ئۆيدىكى بىردىنبىر بىسات سانىلىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا دەرىزىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى ، – مەن بەك خۇشال ، – تەكرارلىدى قىز ، – سەنمۇ مەن ئۈچۈن خۇشال بولغىن .

ۋېيىن خانىم جۈدەڭگۈ گەۋدىسىنى ئېگىپ ، ئەرزان باھالىق خېنە قويىۋېرىپ ئاقىرىپ كەتكەن قوللىرىنى قىزىنىڭ بېشىغا قويدى .- خۇش بولمامدىغان قىزىم ، – دېدى ۋېيىن خانىم مۇلايىملىق بىلەن ، – قىزىم سىبىل ، سېنىڭ ئويۇن قويغىنىڭنى كۆرسەملا خۇش بولىمەن . ئويۇن قويۇشتىن باشقا ئىشلارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت ، ئىساك ئەپەندىن بېشىمىزنى سىيلاۋاتىدۇ ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ پۇلغا قەرزدار ئىكەنلىكىمىزنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويمىغىن .

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاغزىنى ئۈمچەيتتى ، – پۇل دېدىڭىزما ئاپا ؟ – ۋارقىرىدى ئۇ ، – پۇلنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى ؟ مۇھەببەت پۇلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ !

- ئىساك ئەپەندىم يوك – تاقلىرى ئۈچۈن 50 پوند تۆلىۋېتىپ بىزنى قەرز قىلىپ قويدى . بۇنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولمايدۇ ، قىزىم . 50 پوندى دېگەن ئاز پۇل ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسان ئەپەندىم ھالىمىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ .

- ئۇ سۆيۈشتىنى ساقلىمايدىغان ئادەمكەن ، ئاپا . مەن ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغاندىكى تۇرۇقىدىن تولىمۇ بىزار بولدۇم ، – قىز شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ دەرىزە ئالدىغا باردى .

– ئۇ بولمىغان بولسا بىز قەيەرلەردە قېقىلدى – سوقۇلدى بولۇپ يۈرەر بولغىيتتۇق ، – دېدى ۋېيىن خانىم قىزىنىڭ ساددىلىقىدىن ئاغرىنىپ .

سىبىلبي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى :

ئەمدى ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ ، ئاپا . بۇنىڭدىن كېيىن ، جەلىپكار شاھزادە ھالىمىزدىن خەۋەر ئالىدۇ ، – ئۇ تۆۋۈقسىز گېپىنى توختىتىۋالدى ، قانلىرى ئۇرغۇپ ، ئىككى مەڭزى ئەتىرگۈل رەڭگىگە كىردى ، تىنىقلىرى ئىتتىكلەپ غۇنچىدەك لەۋلىرىنى بوشقىنە مىدىرلىتىپ قويدى . ئوتلۇق بىر ھېسسىيات پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامراپ ، چىرايلىق

يوپكىسى گويا سەلكىن شامال سوققاندەك يىنىككىنە تەۋرەنـدى ، – مەن ئـۇنى سـۆيـمەن ، – دېدى ئۇ سەبىيلەرچە .

ـ ئەخمەق بالام ! – دېدى ۋېيىن خانىم جىلە بولـۇپ . ئـۇ يالغـان ئـۇزۇك تاقىۋالغـان چوكـدەك ئـىنچىكە بارمـاقلىرىنى ھەدەپ ئىشـقىلايتتى ، ئۇزايـدىن قىزىنـىڭ گەپلىرىـدىن ئەجەپلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

قىـز تۇمۇچۇقنـىڭ سايراشـلىرىنى ئەسلىتىدىغان يېقىملىـق ئـاۋازلىرى بىـلەن كۈلـۈپ تاشـلىدى . گويـا سـىرلىرىم ئاشـكارىلىنىپ كەتمىسـۇن دېگەنـدەك ، مـۇھەببەت نـۇرلىرى چاقنـاپ تۇرغـان چىرايلىـق بوتـا كـۆزلىرىنى چىڭگـدە يومۇۋالـدى . ئـۇ كـۆزلىرىنى ئاچقـان چېغىدا گويا چۈش كۆرىۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا بولدى .

ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى ئورۇنـدۇقتا ئولتۇرغـان ئانىسى قىزىغا كۆڭۈلنىـڭ كەيىنگە كىرمەسلىكنى ، ئىھتىياتچانلىق بىـلەن ئـىش كـۆرۈش كېرەكلىكىنـى قورققۇنچلـۇق مىساللارنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرمەكتە ئىدى . بۇ نەسىھەتلەر سىلىبىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىـدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىياللىرى قايناق – سـۆيگۈ مـۇھەببەت ئالىمىـدە ئەركىـن قانـات قاقماقتـا ئىدى . خىيالىدا جەلىپكار شاھزادىسى بىلەن بىللە بولاتتى ، ئۇنىڭ سىماسىنى ، مەشـۇقى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى شېرىن مىنۇتلارنى كـۆز ئالـدىغا كەلتـۈردى . دەرۋەقە ، ئۇنىـڭ خىيال ئالىمىدە مەشۇقى زاھىر بولۇپ ، قىزنىڭ غۇنچە لەۋلىرىگە باستى ، ئىسسىـق تىـنىقلار قىزنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى . قىـز ئۇتلـۇق سۆيۈشـلەردىن مەسـت بولـۇپ ، نـازۇك لەۋلىـرى كۆيۈشكەندەك بولدى .

سەمىمىي نەسىھەتلىرى كارغا كەلمىگەن ئانـا تاكتىكىسـىنى ئۆزگەرتىـپ ، يىگەنتىنىـڭ ئەھۋالىنى كوچىلاپ سوراپ باقماقچى بولـدى . ئـۇ ھەققەتەن پۇلـدار يىگەـت بولـدىغان بولسا ، قىزنىـڭ تـوي ئىشـىنى ئويلىشـىپ بېقىشـقا بـولاتتى . ئاپىسـىنىڭ ئـۆزىچە – ئـادەتنى شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتقان گەپلىرى ئۇنىڭغا ھېچ تەسىر قىلىدىغانـدەك ئەمەس ئىـدى . قىـز ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋاتقان ئاپىسىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى .

ئاپىسىنىڭ كوتۇلداشلىرىغا چىدىمىغان قىز ئاخىرى ئېغىز ئاچمىسا بولمايـدىغانلىقنى ھېس قىلدى .

ـ ئاپا ، بولدى قىلساڭچۇ ، – ۋارقىرىـدى قىـز ، – ئـۇ مېنـى ياخشـى كۆرىـدۇ ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن . ئۇ ھەتتا مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى . ئـۇ نەرىمنـى ياخشـى كـۆرۈپ قىلـدىكىن تـاڭ ؟ مەنغـۇ ئۇنىڭغـا مـاس كەلمەيـمەن . .. نـېمە ئىشـلىكنى ئۆزەمـۇ ئېيتـىپ بېرەلمەيمەن ... ئۇنىڭغـا مـاس كەلمەيـدىغىنىم ئۆزۈمگەمـۇ ئايان بولمىسا ، لېكىن ئۆزۈمنى ھەرگىز كەمسۇندۇرۇپ باقمىدىم . مەن شۇ تاپتـا ئاجايىـپ

مەغرۇر . ئاپا ، مەن جەلپكار شەھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك ، سەنمۇ دادامنى شۇنداق ياخشى كۆرگەنمىدىڭ ؟

سوپىتى ناچار ئۇپا – ئەڭلىكلەرنى سۈرتۈۋېرىپ تاتىراڭغۇ چىراي بولۇپ قالغان ۋېيىن خانىم قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئەلەم بىلەن مىدىرلىتىپ قويدى . سىلىقىي ئىتتىلىپ كەلگەن پىتى ئاپىسىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى – دە ، ئانىسىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى .

- مىنى كەچۈرگەيسەن ، ئاپا . دادامنى تىلغا ئالساملا كۆڭلۈڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . لېكىن ، سېنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشىڭ دادامنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىڭدىن بولغان . بولدى ، كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن . بۈگۈن مەن خۇددى سېنىڭ 20 يىل بۇرۇنقى ۋاقتىڭغا ئوخشاشلا بەختىلىك . ئىلاھىم ، مەڭگۈ مۇشۇنداق بەختلىك بولۇشىنى نېسىپ قىلار !

– قىزىم ، سەن تېخى كىچىك . مۇھەببەتلىشىشكە بالدۇرلۇق قىلىسەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ يىگىت سېنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلمەيۋاتىسەن ئەنە . ئىش سەل چاتاقتەك تۇرىدۇ . راست دەۋاتىمەن ، قىزىم . جامۇس ئاۋستىرالىيىگە ماڭماقچى بولىۋاتىدۇ ، بېشىمدىكى سەۋدالار ئاز ئەمەس ، بۇنى چۈشەنگىن . باياملقى گەپكە كېلەيلى ، ئەگەر ئۇنىڭ پۇلى بولسا ...

- ئاپا ، بولدى قىلە ، خوشلۇقۇمنى بۇزمىغىنە !

ۋېيىن خانىم يالتىدە بىر قارىۋېتىپ ، قىزىنى باغرىغا باستى ، ساختىلىق بىلەن توغان بۇنداق سەھنە ھەرەكەتلىرى ئارتىستلار ئۈچۈن ئىككىنچى ئارتۇقچىلىق بولۇپ قالاتتى . شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ ، چاچلىرى پاخپايغان بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى . قامەتلىك ، پۇت – قوللىرى تاشتەك چىڭ ، يۇرۇش – تۇرۇشى كالامپايراق كەلگەن بۇ بالا ئاچىسىغا ئوخشاش ئۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن ئىدى . بىر قارىغان كىشى ئۇلارنىڭ بىر قورساق قېرىنداش ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى . ۋېيىن خانىم ئوغلىغا بىر تىكىلىپ قارىۋېتىپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ قەلبىدە ئوغلى ئېلىۋاتقان رولىنى باھالايدىغان تاماشىبىن ئىدى . ئۇ بۇ ھالەتنىڭ نەقەدەر قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى .

- نېمە ! باشقىلار سېنى سۆيۈپ قويۇشىنى ياقتۇرمايتىڭغۇ ، جىم ، – رارقىرىدى سىلىقىي ، – قارىغىنە تۇرۇقۇڭغا ، بەئەينى قورقۇنچلۇق ئېيىقتىلا ئوخشايسەن ، – ئۇ يۇگۇرۇپ بارغىنىچە ئىنىسىنى قۇچاقلىدى .

جامۇس تولىمۇ مۇلايىم قىياپەتتە ئاچىسىغا قاراپ تۇراتتى ، – سەن بىلەن بىللە

چىقىپ ئايلىنىپ كەلگۈم كېلىۋاتىدۇ ، ئاچا . رەزىللىك قا]لغان بۇ لوندوننى مەڭگۈ كۆرەرگە كۆزۈم يوق .

- بالام ، ئادەمنى قورقىتىدىغان ئۇنداق گەپلەرنى ئاز قىل ، – دېدى ۋېيىن خانىم ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا . ئۇ شۇنداق دېگەچ ناھايىتى قوپال تىكىلگەن بىر سەھنە كىيىمنى قولىغا ئېلىپ ياماشقا تۇتۇندى . ئوغلىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئويۇن قويۇۇشقا ئۇنىماسلىقىدىن ئۇ سەل ئۇمىدسىزلىنىپ قالغان ئىدى ، بۇ مەيدان ئويۇن تېخىمۇ قىزىغان بولار ئىدى .

– نېمىشقا ئۇنداق دېمىگۈدەكمەن ، ئاپا . بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەر .

– دەرتلەر ئاز كەلگەندەك ، ئەمدى سەنمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلماقچىمۇ ، ئوغلۇم؟ ئاۋستىرالىيىدىن قايتىپ كېلىدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن ، ئۇ چاغدا سەنمۇ بايۋەتچىلەردىن بولۇپ قالىسەن . مېنىڭچە ، مۇستەملىكە رايونلىرىدا يۇقىرى تەبىقە بولمايدۇ ، يۇقىرى تەبىقىگە تەۋە نەرسىلەرمۇ بولمايدۇ . شۇڭا قولۇڭ پۇل كۆرۈپ بېيىغان ھامان لوندۇنغا قايتىپ كەل ، ئىگىلىكنى لوندۇندا تىكلە .

– يۇقىرى تەبەقە دېدىڭىزما! – دېدى جىم قىزىقسىنغان ھالدا، – يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھېچقانداق ئىشىدىن خەۋەردار بولغۇم يوق . ئولتۇرسام – قوپسام كۆپرەك پۇل تېپىپ ، ئىككىڭلارنى ئويۇن قويۇپ خەقنى خوش قىلىشتىن ئازاد قىلىشنىلا ئويلايمەن . قىلىۋاتقان بۇ ئىشىڭلاردىن مەن تولىمۇ بىزار .

– جىم ! – سىبىي ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، – ئاغزىڭدىن ياخشى گەپ چىقمايدۇ سېنىڭ ! مەن بىلەن بىللە بەكمۇ ئايلانغۇڭ بارمىتتى ؟ ياخشى گەپ بولدى . مەن تېخى سېنى ساڭا ئەسكى غاڭزا سوۋغا قىلغان ھېلىقى تام خارىرى ياكى ھە دېسىلا سېنىڭ غاڭزا بىلەن تاماكا چەككەن ھالىتىڭنى قىلىدىغان نېدلاڭتون بىلەن خوشلاشقىلى بارامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرۈپتىمەن . ئاخىرقى يېرىم كۈن ۋاقتىڭنى ماڭا ئاجراتتىڭ ، سەن بەك ياخشى جۇمۇ . نەگە باساق بولار ؟ باغچىغا بارايلى بولمىسا .

– مۇشۇ لابدۇر كىيىملىرىم بىلەن بارامدىم ، – دېدى جامۇس قاشلىرىنى ھېمىرىپ قويۇپ ، – باغچا دېگەنگە ئېسىل كىيىنىپ بارىدۇ .

– قۇرۇق گەپنى ئاز قىل ، جىم ، – دېدى ئۇ ئىنىسىنىڭ كۆينىكىنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا .

ئۇ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ كېتىپ دېدى :

- ئەمسە بوپتۇ كىيىمڭنى تېز كىتكەپ چىق .

ئۇ خوشاللىقىدىن سەكرەپ – تاقلىغىنىچە ئۆيدىن چىقتى – دە ، ناخشا ئېيتقىنىچە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى . ھايال ئۆتمەي ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىن ئۇنىڭ ئاياغ

تىۋىشى ئاڭلاندى .

جامۇس ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيانغا نەچچە رەت مېڭىۋېتىپ ، ئورۇندۇقتا جىممىدە ئولتۇرغان ئاپىسغا بۇرۇلۇپ سورىدى ، - ئاپا ، يوك - تاقلىرىم تەييار بولدىمۇ ؟

- تەييار بولدى ، جامۇس ، - جاۋاب بەردى ئاپىدى كۆزىنى يىڭنە ئىشىدىن ئۈزمەي . يىقىندىن بۇيان بۇ تۇك مىجەز ئوغلى بىلەن يالغۇز قالسىلا ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاندى . كۆزى ئوغلىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىلا شۇ ھامان ۋۇجۇدىنى ئەنسىزلىك قاپلايتتى ، چۈنكى چۈنكى ئۇ تۇنتۇرۇقسىز ھىيلە - مىكىرسى تولا ئايال ئىدى . ئىلگىرى ئوغلىنى بىرەر ئىشنى سېزىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈردى . ئەمدىلىكتە بولسا ئوغلىدىن ھېچ زۇۋان چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ بۇنداق گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتى بولغاي ، يەنە كوتۇلداشقا باشلىدى .قارشى تەرەپنىڭ جىمىپ قالغىنىنى سەزگەن ھامان ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئايالىلارنىڭ بىر خاراكتىرى ئىدى ، - سېنى دېگىز تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالسىكەن دەيمەن . جامۇس ، - دېدى ئۇ ، - ئېسىڭدىن چىقارما ، بۇنى ئۆزۈڭ قارار قىلدىڭ جۇمۇ . ئەسلىدىغۇ بىرەر ئادۋۇكاتلىق ئورنىغا كىرسەڭ بوپلاتتى . ئادۋۇكاتلارنى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدۇ ، ئۇلار يېزىلارغا بارسا ، بايۋەتچىلەر ئۆيلىرىگە چاقىرىپ ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىلىدۇ .

- مەن ئادۋۇكاتلىق ئورنىغا ئۆچ ، يوگۇر - يىتىم ئىشلىرىنى قىلىشقا تېخىمۇ ئۆچ ، - دېدى جامۇس ، - توغرا دېدىڭ ، مەن ئۆز ھاياتىم ئۈچۈن قارار چىقىرىپ بولدۇم . ئاچامغا ياخشى قارىساڭ ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمىسەڭلا ، ساڭا باشقا گېپىم يوق . ئۇنىڭغا ياخشى قارا جۇمۇ !

- جامۇس، نېمە دېگىنىڭ ئۇ . مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياخشى قارايمەن .

- ئاڭلىسام، بىر ئېسىلزادە كىشى ھەر كۈنى كەچتە تىياتىرخانىغا كېلىپ ، سەھنىنىڭ ئارقىسىدا ئاچام بىلەن گەپلىشىدىكەن . راست مۇشۇنداق ئىش بارمۇ ؟ بۇ زادى قانداق ئىش ؟

- بۇ ئىشلارنى سەن چۈشەنمەيسەن ، جامۇس . بىزگە ئوخشاش بۇ كەسىپنى قىلىۋاتقانلار بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن ، بىز ئەنە شۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىمىز . بىر چاغلاردا قويغان ئۇيۇنۇم تاماشىبىنلارغا بەك ياراپ كېتىپ قالسا ، دەستە - دەستە گۈللەر ئالدىمغا دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان . ئاچاڭ بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتا-مدىكىن - تاڭ ، ھېچ ئۇقمىدىم . لېكىن ، ئۇ يىگىت ئۇندانلا تەربىيە كۆرگەندەك قىلىدۇ ، مېنى كۆرسە زادى قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىدۇ . قارىسام ، پۇلى جىقتەك قىلىدۇ ، سوۋغا قىلغان گۈللىرىمۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق .

– تېخى ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ ، – دېدى جامۇس كەسكىن تەلەپپۇزدا .

– شۇنداق ، – دېدى ئاپىسى پەرۋاسىز قىياپەتتە ، – ئۇ ھەققىي ئىسمىنى تېخى دېمەپتۇ . ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدە چوڭ بولغان تازىمۇ رومانتىك يىگەت ئوخشايدۇ ئۇ .

جامۇس لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى .

- ئاچامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئال ، ئاپا ، – دېدى ئۇ تەرسالىق بىلەن ، – ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتمەي ئوبدان باشقۇر .

– ئوبدان بالام ، ئۇنداق دېسەڭ ، كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن . ھېلىمۇ ئۇنى چىڭ تۇتىۋاتىمەن . ئەمما ئۇ يىگەتنىڭ پۇلى جىق بولسا ، سىڭلىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . مەن ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلىكىدىن گۇمانلانمايمەن . شۇنداق بولۇپ قالسا ، سىڭلىڭنىڭ تازا تەلىيى چىققان بولىدۇ، ئىككىسى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك تازا ماسلىشىدۇ. ئۇ بەك قاملاشقان يىگىتكەن ، ھەممىلا كىشىنىڭ كۆزى شۇنىڭدا .

جامۇس ئۆز – ئۆزىگە نېمىدۇر بىر نىمىلەرنى غۇدۇڭشىغاچ ، قوپال بارماقلىرى بىلەن دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېكىپ تۇراتتى . ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئەمدى گەپ قىلاي دېيىشىگە ئىشىك ئىچىلىپ سىڭلىڭ يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى .

- نېمانداق ئۈرۈشۈپ قالغاندەك ئولتۇرۇپ كەتكەندەك ئىلتۇرۇپ كەتتىڭلار ، – دېدى ئۇ ، – نېمە بولدى سىلەرگە ؟

- ھېچنېمە بولمىدى ، – دېدى جامۇس ، – ئويلاپ باقسام ، گاھىدا كىشىلەرنىڭ كەسكىن بولماي ئامالى يوقكەن . خەي – خوش ، ئاپا . كەچلىك تاماقنى سائەت بەش يېرىمدا كېلىپ يەيمەن . كۆكىنىكمەدىن باشقا نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قاچىلاپ بولدۇم ، ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ .

- خەير – خوش ، بالام ، – ۋېيىن خانىم جىددىيلەشكەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى .

ئوغلىنىڭ بايا گەپ قىلغانىدىكە تەلەپپۇزىدىن ۋېيىن خانىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان ، ھەر قارىغاندىكى مەنىلىك كۆزلىرىدىن ساراسىمىگە چۈشكەنىدى .

- مېنى سۆيۈپ قويغىن ئاپا ، – سىڭلىڭ شۇنداق دېگەچ گىلاستەك لەۋلىرىنى ئاپىسىنىڭ قورۇلۇپ كەتكە مەڭزىلىرىگە ياقتى ، بۇنىڭدىن ئانىسىنىڭ چىرايىدىكى ئەندىشە تۇمانلىرى ئازراق بولسىمۇ تەسەللىيگە ئېرىشتى .

- ۋاي ئوبدان بالام ! – ۋارقىرىدى ئانا . ئۇ تەسەۋۋۇرىدا ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئورۇندىكى تاماشىبىنلارنى ئېزدىمەكچى بولغاندەك ، نەزەرىنى تورۇسقا ئاغدۇردى .

- ماڭايلى ، ئاچا ، – دېدى جامۇس بىتاقەت بولۇپ . ئاپىسىنىڭ ياغلىما گەپلىرى

ئۇنى بىزار قىلىپ قويغانىدى .

ئاچا – ئىنى ئىككىيلەن ئىشكتىن چىقتى . سەلكىن شامالدا ئاسماندا ئۇزۇپ يۈرگەن توپ – توپ بۇلۇتلار قۇياش يۈزىنى پات – پات توسۇۋالاتتى . ئۇلار سالقىن شامال سوقۇپ تۇرغان ئىيوستون كوچىسىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۆتكەن – ۋەچكەنلەرنىڭ چىرايىنى غەم تۇمانلىرى قاپلىغان ، كىيىۋالغان ئەرزان باھالىق كىيىملىرى زادىلا ياراشمىغان بۇ يىگەنتىنىڭ يۈرۈش – تۇرۇشى تولىمۇ نازاكەتلىك ، كىشى ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيرالىق بىلەن قاراپ قويۇشاتتى . قولتۇقلىشىپ كېتىشىۋاتقان ئىككىيلەننىڭ ھالىتى شۇ تاپتا كىشىگە تېزەككە سانقىلغان گۈلنى ئەسلىتەتتى .

ئۆتكەن – كەچكەنلەرنىڭ قىزىقسىنىپ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ قۇشۇملىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى . ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىنى ياقتۇرمايتتى . سىبىلبى بولسا ئەتراپتىكىلەتنىڭ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىش قاراۋاتقانلىقىنى ھېچ ھېس قىلمىغانىدەك ئەمەس ئىدى ، چېھرىدىن قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلاردا بولىدىغان بىر خىل كۆلۈمسىرەش بالقىپ تۇراتتى . ئۇ شۇ تاپتا دورىيان گرېينى خىيال قىلىۋاتاتتى . ئاشۇ خىياللىرىنىڭ ئۇزۇنراق داۋام قىلىشى ئۈچۈن دورىياننى زادىلا تىلغا ئالمىدى . پەقەت ئىنىسىنىڭ يىراق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى ، ئۇنىڭ ئالتۇن كاننى چوقۇم تاپپا لايدىغانلىقى ، ئورمان قاراقچىسىنىڭ قولىدىن بىر گۈزەل مىراسخور ئايالنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ھەققىدە بىر تالاي گەپ؛ەرنى قىلدى . جامىس مەڭگۈ غەۋۋاس بولۇشنى ياكى مال توشۇغۇچى بولۇشتەك ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايتتى . ھەي ، ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك ! ھۆۋاس بولۇش نېمىدېگەن قورققۇنچلۇق ئىش – ھە ! ئويلاپ بېقىڭ ! شاۋقۇنلاشلىرى ، قۇترىغان دەھشەتلىك بوران – چاپقۇننىڭ پاراخوت مومىلىرىنى سۇندۇرۇپ ، يەلكەنلەرنى يىرتىپ پارچە – پارچە قىلىۋېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش نەقەدەر قورققۇنچلۇق – ھە ! لېكىن ، مىلبورۇنغا يېتىپ بارغان ھامان ئۇ ئۆزىنى قىزغاققا ئاتىدۇ ، كاپىتان بىلەن خوشلىشىۋېلىپلا ، ئالتۇن چىقىدىغان جايغا قاراپ يوغا چىقىدۇ . بىر ھەپتىگە قالمايلا يوغان بىر كاللەك ئالتۇنغا ئېرىشىدۇ . ئاندىن ئالتە ئاتلىق قوغدىغۇچىنىڭ ھەمرالىقىدا ئالتۇننى يۈك ماشىنىسىغا بېسىپ دېڭىز بويىغا ئاپىرىدۇ . بۇك – باراقسان ئورمانلىقتىن ئۆتكىچە ئۈچ قېتىم قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ ، لىكىن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ ، قاراقچىلارنى بىر – بىرلەپ ھالاك قىلىدۇ . ياق ، ياق ، ئۇنىڭ يەنىلا ئالتۇن كولىغىلى بارمىغىنى تۈزۈك . ئالتۇن چىقىدىغان جاي ئاززۇلاپ بارىدىغان يەر ئەمەس . ئۇ يەردە كىشىلەر بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ ، كەيىپچىلىكتە بىر – بىرسىنى قىرغىن قىلىشىدۇ ،

بىر – بىرىنى ئەپسانە گەپ بىلەن تىللىشىدۇ . ياق ، ئۇ پادىچى بولسا بولغۇدەك . بىر كۈنى كەچ ، زاۋال چۈشكەن مەھەل بىلەن ئۇ ئۆيگە كېتىۋاتقان بولىدۇ ، تۇساتتىن قارا ئات مىنىۋالغان بىر قاراقچىنىڭ نۇرغۇن بايلىق مىرىس قالغان چىرايلىق بىر ئايالنى ئېلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ ئايالنى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ . ئويلىمىغان يەردىن ، ئۇلار بىر – بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدۇ ، كېيىن توي قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە لوندوندىكى بىر كاتتا داچىدا ياشايدۇ . شۇنداق ، نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، لېكىن ئۇ ياخشى ئىشلىمىسە بولمايدۇ ، ھە دېسىلا تېرىكىشكە ، پۇلنى قالايمىقان بۇزۇپ – چېچىشقا بولمايدۇ . سېلبىي ئىنىسىدىن ئازان بىر ياشلا چوڭ بولسىمۇ ، لېكىن بىلىدىغانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغاندا خېلىلا جىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدى . ئۇ بارغاندىن كېيىن ھەر قېتىملىق پوچتا پاراخوتىدىن ئاچىسىغا خەت ئەۋەتىپ تۇرۇشى ، ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىشى كېرەك . شەپقەتلىك تەڭرى ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ . ئۇمۇ ئىنىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ ، ئۇ نەچچە يىلغا قالمايلا قايتىپ كېلىدۇ ، باياشات ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ .

جامۇس ئاچىسىنىڭ گەپلىرىنى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ جىممىدە ئاڭلىدى ، ئەمما ئىنكاس قايتۇرمىدى . ئۆيگە ئاز قالغاندا ، ئۇ تۇرۇۋېلا غەمكىن بولۇپ قالدى .

ئەمما بۇ ئۇنىڭ غەمكىن بولۇپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئەمەس ئىدى . ئۇ جىق ئىشلارنى چۈشەنمىسىمۇ ، لېكىن ئاچىسىنىڭ خەتەر ئىچىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاچىسىنى قوغلىشىۋاتقان ھېلىقى ئېسىلزادە يىگىتتىن ئاچىسىغا ياخشىلىق كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى . دورىيان يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققىنى ئۈچۈن جامۇس ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بىگلەن بىر خىل ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدى ، ئۇنىڭدىكى بۇ تۇيغۇ بارغانسىرى كۈچىيىپ ئۇنى ھېچ ئارامىدا قويمايتتى . ئۇ ئاپىسىنىڭ خاراكتىرىدىكى شاللاقلىق ، شۆھرەتپەرەسلىكنى ۋە بۇ شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئاچىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا نىسبەتەن ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . پەرزەنت دېگەن كىچىكىدە ئاتا – ئانىسىغا بەكلا ئامراق بولىدۇ ، چوڭ بولۇپ قانات – قۇيرۇقى يېتىلگەندە ئاتا – ئانىسىنىڭ ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىدىغان ، ھەتتا ئۇلارنى تەنقىدلەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ ، گاھىدا ئاتا – ئانىسىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆچۈرۈۋېتىپمۇ قالىدۇ .

ھەي مۇشۇ ئاپامنىزە ! ئۇ نەچچە ئايدىن بېرى ئاپىسىدىن بىر ئىشنى سوراش – سورىماسلىق توغرىسىدا دىلىغول بولۇپ يۈرەتتى . بىر كۈنى كەچتە ئۇ سەھنىنىڭ

كەينىدىكى كىرىش ئېغىزىدا تۇرغاندا ، تىياتىرخانىدا بىرسىنىڭ مەسخىرە تەلەپپۇزىدا دېگەن گېپى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى ، بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن زەنجىرسىمان قورقۇنچلۇق خىياللار پەيدا بولدى . شۇ گەپ تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىۋىدى ، گويا يۈزىگە ئۇشتۇمتۇت قامچا تەگكەندەك ، قۇشۇمىلىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ كەتتى . كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، ئاستىقى كالپۇكىنى چىڭگىدە چىشلىدى .

- بايا دېگەنلىرىمنىڭ بىرسىمۇ قۇلىقىڭغا كىرمىدىغۇ سېنىڭ ، – دېدى سېلبىي تېرىكىپ ، – كەلگۈسىڭ ئۈچۈن بىر چىرايلىق پىلانلارنى تۈزۈپ بېرىۋاتسام ، گەپ قىلماي تۇرغىنىنى بۇنىڭ !

– سەن مېنى نېمە دېگۈزمەكچى ؟

– ياخشى ئىشلەيمەن ، سىلەرنى ئەسلەپ تۇرىمەن دېمەمسەن ، – دېدى سېلبىي ئىنىسىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ .

جامۇس مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى .

- سەنلا مېنى ئۇنتۇپ قالمىساڭ ، مەن سېنى ھەرگىزمۇ ئۇنتىمايمەن ، سېلبىي .

- بۇ نېمە دېگىنىڭ ، جىم ؟ سېلبىي ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى .

- ئاڭلىسام ، يېقىندا دوستىڭ تۇتۇۋاپسەن ، كىم ئۇ ؟ ماڭا نېمىشقا دېمەيسەن ؟ ئۇنىڭدىن ساڭا ياخشىلىق يەتمەيدۇ .

- ئاغزىڭنى يۇم ، جىم ! – ئەنسىز ۋارقىرىدى سېلبىي ، – ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغۇچى بولما . مەن ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىمەن .

- لېكىن ، سەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيۋاتىسەنغۇ ، – دېدى جامۇس ، – مېنىڭ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىش ھوقۇقۇم بار .

- ئۇنىڭ ئىسمى جەلپكار شاھزادە . بۇ ئىسىم ساڭا ياقمىدىمۇ ؟ ھۇ دۆت . بۇ ئىسىمنى ئەمدى ئېسىڭدە چىڭ تۇت . ئۇنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ جەلپكار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتىڭ . سەن ئاۋستالىيىدىن قايتىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرەي . ئۇنىڭغا ھەممىلا ئادەم ئامراق . لېكىن ، مەن ئۇنى ... سۆيىمەن . بۈگۈن مەن جۇلىيتانىڭ رولىنى ئالىمەن . كەچتە تىياتىرخانىغا كېلەلىگەن بولساڭ ، ئۇنى كۆرەلەيتىڭ . جۇلىيتانىڭ رولىنى قانداق ئالسام بولار ، جىم ؟ مەن جۇلىيتانىڭ قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئالىمەن ، ئۇ تاماشىبىنلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ ئۇيۇنۇمنى كۆرىدۇ ! رولنى ياخشى ئېلىپ ئۇنى خوش قىلىمەن ! ئەمما تاماشىبىنلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتەرمەنمۇ ، دەيدىغان ئەنسىرەشمۇ يوق ئەمەس . ئادەم مۇھەببەت قاينىمىغا چۆككەن چاغدا زەدىلا ئەتكىن بولالمايدىكەن .

بىچارە ، ئەمما يىرگىنچلىك ئىسساك ئەپەندىم يەنە قاۋاقخانىدىكى بىكار تەلەپلەرگە « قالتىس ، قالتىس ›› ۋارقىرايدۇ . ئۇ مەندىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتىدۇ . مىنى بۇەۋىن ئاخشامىۇ ‹‹ بەك تالانتلىق ›› دەپ ماختاپ – ئۇچۇرىدۇ . بۇلار كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ جەلىپكار شاھزادەم ، كېلىشكەن مەشۇقۇم ، ئېسىل سۆيۈت مەبۇدەم ئۈچۈن . لېكىن ، مەن بەكلا نامرات . نامرات بولسام نېمە بوپتۇ ؟ كونىلاردا : « نامرات ئۆيگە كىرسە ، سۆيگۈ – مۇھەببەت دەرىزىدىن چىقىپ كېتەر » دەيدىغان ماقال بار . ئەسلىدە ئۇنى : « نامرات ئۆيگە كىرسە ، سۆيگۈ – مۇھەببەت دەرىزىدىن ئۇچۇپ كىرەر » دېسەك توغرا بولىدۇ . قارىغاندا ، بۇ ماقال قىشتا ئېيتىلغان ئوخشايدۇ . لېكىن ھازىر قىش ئەمەس ، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان باھار پەسلى – دە !

- ئۇ يۇقىرى تەبىقىدىن چىققان ئادەم تۇرسا ، – دېدى جامۇس زەردە بىلەن .

- ئۇ بىر شاھزادە ، – دېدى سىبلىبي يىقىملىق ئاۋازدا ، – سىنىڭ يەنە نېمىلەرنى بىلگۈڭ كېلىۋاتىدۇ ؟

- ئۇ سىنى كونترول قىلىۋالماقچىدەك تۇرىدۇ .

- ئەركىنلىك دېگەن گەپنى تىلغا ئالساملا بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىدۇ مىنىڭ .

- مەن سىنى ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە دېمەكچى .

- ئۇنى بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ ، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن ، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ .

- سىبلىبي ، سەن ئۇنىڭ دەستىدە سەۋدايى بوپسەن .

ئۇ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئىنىسىنىڭ قوتۇقىدىن قولتۇقلىۋالدى :

- ۋاي جېنىم ئۇكام ، بەزىدە بوۋايلاردەك گەپ قىلىپ قويىسەن . بىر كۈنلەردە سەنمۇ مۇھەببەتلىشىسەن ، شۇ چاغدا ئاندىن مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى چۈشىنىپ قالىسەن . چىرايىڭنى ئۇنداق پۈرۈشتۈرمە . سەن بىزدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن ، لېكىن ، ھېچقاچان ھازىرقىدەك خوشال بولۇپ باقمىغان . ئەجىبا مەن ئۈچۈن خوشال بولغۇڭ يوقمۇ ؟ دېمىسىمۇ ، ئىككىمىز غورىگۈل تۇرمۇشىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تېتىدۇق ، جەبىرى – جاپالارنى تارتتۇق . لېكىن ھازىر ئوخشىمايدۇ . سەن يېڭىچە بىر دۇنياغا مېڭىش ئالدىدا تۇرىسەن . مەن بولسان يېڭىچە دۇنياغا ئالللىقاچان ئېرىشىپ بولغانمەن . ئاۋۇ يەردە ئىككى ئورۇندۇق بوشكەن ، بىردەم ئولتۇرغاچ ئۆتكەن – كەچكەنلەرنىڭ مودا كىينىشلىرىدىن ھوزۇرلانامدۇق !

ئۇلار قاتارى ئوتتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بوش قالغان ئىككى ئورۇنغا قىسىلىشتى . يولنىڭ قارشى تەرىپىگە تىزىپ قويۇلغان تەشتەكلەتدىكى قىپقىزىل ئېچىلىپ

كەتكەن كۈركىۈم گۈللىرى يىنىك تەۋرىنىپ مەشئەلدەك جۇلالىناتتى . يولدا كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ قۇياش نۇرىدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن تۇتۇۋېلىشقان رەڭگارەڭ كۈنلۈكلىرىنىڭ ئىگىز – پەس پۇلاڭلاشلىرى كىشىگە غايەت زور كىيىنەكلەرنى ئەسلىتەتتى .

ئۇ ئىنىسىنى ئارزۇ – ئارمانلىرى ، كەلەۋسى ئىستىقبالى ، پىلانى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندىدى . ئىنىسى تولىمۇ ئىزلەڭگۈلۈك بىلەن زورىغا بىر نەرسىلەرنى دېدى . ئۇلار تاغدىن – باغدىن خېلىغىچە پاراڭلاشتى . سىلىي شۇنچە قىلىپمۇ ھېچ ئەركىن بولالمايۋاتاتتى . شۇ تاپتا قەلبىگە پاتمايۋاتقان خوشاللىقلىرىنى ئىنىسىگە قانداق چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدى ، ئىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىنىسى چىرايىغا بىلىنەر – بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتۈپ قۇيۇپلا جىم بولۇۋالاتتى ، چىش يېرىپ زىنھار بىر نىمە دېمەيتتى . سۆزلەۋېرىپ ھاغىنلىق يەتكەن سىلىي جىم بولۇپ قالدى . توساتتىن ئۇنىڭ زوق – شوق بىلەن سۆزلەپ كېلىۋاتقان سېرىق چاچلىق بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى ، دورىيان گىرىي ئىككى خېنىم بىلەن ئۈستى ئوچۇق بىر پەيتۇندا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى .

ئۇ ئورنىدىن دىرىڭگىدە تۇرۇپ كېتىپ ۋارقىرىدى :

- ئەنە ئاشۇ شۇ !

- كىمنى دەۋاتىسەن؟ – سورىدى جامۇس .

جەلىپكار شاھزادىنى دەۋاتىمەن، – دېدى ئۇ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پەيتۇندىن كۆزىنى ئۈزمەي .

جامۇس سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى – دە ، كاپىدە ئاچىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى .

- قېنى ، قېنى ؟ قايسىسى شۇ مەن بىر كۆرۈپ باقاي ، – ۋارقىرىدى جامۇس . دەل شۇ پەيتتە گىراف بېرۋىكنىڭ قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆت پەيتونى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى . پەيتونلار ئۆتۈپ بولغاندا ، گىرىي ئولتۇرغان پەيتون باغچىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ بولغانىدى .

– كېتىپ قالدى ، – كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولغان سىلىي ئۆز – ئۆزىگە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى ، – ئېسىت ، ئۇنى كۆرەلمەي قالدىڭ – دە !

– مېنىڭمۇ ئۇنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى . تەڭرىنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى ، ئەگەر ئۇ ساڭا يۇ كىلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ قارنىنى چوۋۇۋېتىمەن .

سىلىي ئەنسىزلىك ئىلكىدە لاپىدە ئىنىسىغا قارىدى ، ئىنىس ئۇ گەپلەرنى دانىمۇ – دانە قىلىپ زەردە بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى . ئەتراپىدىكىلەر ئۇلارغا تىكىلىپ

قاراپلا قىلىشتى ، سىلبىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئايال خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى .

- ئورنۇڭىدىن تۇرە ، ئۆيگە قايتايلى ، جىم ،- پىچىرلىدى سىلبىي . جامۇس ئىزلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاچىسىغا ئەگەشتى ۋە ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ دىيەن گەپلىرىدىن كۆڭلى يايارپ كېتىۋاتاتتى .

ئاچىللىسىنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا كەلگەندە ، سىلبىي كەينىگە ئۆرۈلدى ، چىھرىدىكى بىچارىلىك كۈلكىگە ئالمىشىپ ئىنىسىگە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى ، – سەن بەك ئەخمەقكەنسەن ، جىم ، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقكەنسەن . مىجەزىڭ ئاندىن ئوسالكەن . ساڭا دەيدىغان ئارتۇق گېپىم يوق . نېمە دېگىنىڭ ئۇ ؟ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيسەن ھە قاچان . ئۇ گەپلەرنى مېنى كۆرەلمەي دېدىڭغۇ دەيمەن . ھەي ، سەنمۇ مۇھەببەتلەشكەندە بىلىپ قالىسەن. مۇھەببەت كىشى قەلبىنى پاكلايدۇ ، لېكىن ، بايا سەن ناھايىتى زەھەرخەندە گەپتىن بىرنى قىلدىڭ .

- مەنمۇ 16 ياشقا كىرىپ قالدىم، ئاچا، – دېدى جامۇس، – نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن . ئاپام ساڭا يار – يۆلەك بولالمايدۇ ، ھالىڭدىن قانداق خەۋەر ئېلىشنىمۇ بىلمەيدۇ . تازا يامان ۋاقتىدا ماڭىدىغان بوپ قالدىم . بارمايمىكىن دېسەم تېخى . پاسپورتۇمغا ۋىزا ئالمىغان بولسامغۇ ، بارمايلا قويغان بولاتتىم .

– ئوھوي ، ئۆزۈڭچە كۆيۈمچان بوپ كەتكەن يەرلىرىڭما – بۇ ، جىم . شۇ تاپتا سەن ئاپام ئىلگىرى رولىنى ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىمەنە تىياتىردىكى ھېلىقى باش پېرسوناژلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىسەن . سەن بىلەن تالاشقۇم يوق . مەن ئۇنى كۆردۈم ، ئۇنى كۆرۈپ چەكسىز بەختكە چۆمۈلدۈم . بولدى ، ئۇرۇشمايلى . ئىشىنىمەن ، سەن مەن يۈرىكىمدىن سۆيگەن كىشىگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلمايسەن . قانداق دېدىم ؟

– سەن ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ ئۇنداق بولمايدۇ ، – دېدى ئىنىسى پەرىشانلىق بىلەن .

– مەن ئۇنى مەڭگۈ ياخشۇ كۆرىمەن ، – ۋارقىرىدى سىبلىي .

– ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ ؟

- شۇنداق بولغاي ئىلاھىم .

بۇ گەپتىن چۆچۈگەن سىبلىي كەينىگە داجىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى . ئۇ يەنىلا باللىق قىلىۋاتاتتى .

ئۇلار مەرمەر تاشتىن قۇيۇرۇلغان ئەگمە ئىشىككە كەلگەندە كىرا پەيتونىدىن بىرنى توستى ۋە ئىۋۇستون كوچىسىغا جايلاشقان ئادىدىغىنا ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە چۈشۈپ قالدى . بۇ چاغدا سائەت بەشتىن ئاشقان ، سىبلىينىڭ سەھنىگە چىقىشىغا يەنە ئىككى

سائەت قالغانىدى . ئۇ مۇشۇ ۋاقىتنى چەك تۇتۇپ ئارام ئالىۋالمىسا بولايتتى . جامۇس ئاچىسىنى يېتىۋالغىن دەپ چەك تۇردىۋالدى .ئۇ ئاچىسى بىلەن ئەپىسى يوق چاغدا خوشلىشىۋالماقچى ئىدى . بولمىسا ئاپىسى ئالا – تۇپىلاڭ قىلىپ ھەممە ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى ، ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ مىجەزىدىن تولىمۇ بىزار ئىدى .

ئۇلار سىلىپنىڭ ھوجرىسىدا خوشلاشتى ، قەلبىنى ھەسەت ئوتى قاپلىغان جامۇس دورىيانغا كۆرمەي تۇرۇۋپلا چىش – تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ قالدى ، شۇ تاپتا ئۇ دورىيانىنى ئاچىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى . لېكىن ئاچىسى ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ، چاچلىرىنى سىلىغاندا ، كۆڭلى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى – دە ، ئاچىسىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى . ئاچىسىنىڭ ھوجرىسىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ، كىكز چاناقلىرى ئىسسىق ياشقا تولدى .

ئاپىسى پەستىكى ئۆيدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى . ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشكە ، ئاپىسى ئۇنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلمىغانلىقىغا قاقشاپ كەتتى . ئۇ ئۇنچىقارماستىن كېلىپ غورىگۇل راسلانغان داستىخانغا ئولتۇردە – دە ، تامىقىنى يېيىشكە تۇتۇندى . بىر توپ بىزەك چىقىن بىردە تاناق ئۇستىلىنى چرىدەپ غوڭۇلداپ ئۇچسا ، بىردە قاسماقلىشىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن داستىخان ئۇستىدە ئۇيان – بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى . سىرىتتىن تاجىراقشىپ مېڭىشىۋاتقان پەيتۇنلار بىلەن كىرا ماشىنىلىرىنىڭ قۇلاقنى ياتغۇدەك سىگناللىرى ئۆيگە ھېلىدىن ھېلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ چىۋىنلەرنىڭ غوڭۇلداشلىرىغا قۇلاق سالغاچ ، يوغا چىقشقا قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقىنى مىنۇت – سېكۇنتلاپ ھېسابلىماقتا .بدى .

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ لىگەننى نېرىغا سۈرۈۋېتىپ ، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىدى . ئۇ ؟زىنى ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقوقۇم بار دەپ ئويلايتتى . ناۋادا ئىشلار ئۇنىڭ گۇمان ئىلغىنىدەك بولسا ، دورىيانغا ئېنىق ئېيتىپ قويمىسا بولمايتتى . ئاپىسى ئۇنىڭغا ۋەھىمە ئىلكىدە بىر قارىۋېتىپ ، ئاغزى بېسىقماي ۋالاقلاشقا باشلىدى . ئۇ ەەپ قىلغاچ ، چۆرىسىگە گۇل تۇتۇلغان يىرتىق قولياغلىقنى ھەدەپ قولىغا يۆگەيتتى . سائەت ئالتىگە داڭ ئۇردى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى . تۇيۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، ئاپىسىغا قارىدى ، ئىككىسى بىر – بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . ئاپىسىنىڭ كۆزىدىن يېلىنىۋاتقانىدەك بىر ئالامەتنى كۆرگەن جامۇسنىڭ شۇ سامان سەپرايى ئۆرلىدى .

- ئاپا ، سەندىن سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى ، – دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە ئالەڭلەپ بىر قارىۋېتىپ . ئاپىسى ئۈندىمىدى .

يۈشۈرماي راستىنى ئېيىت . سەن زادى دادام بىلەن توي قىلغانمۇ ؟
ئاپىسى چۈشقۇر ئۇھسىنىپ قويدى ، ئۇ بۇ ئۇھسىنىش بىلەن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى . ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان قورققۇنچلۇق دەقىقە مانا ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى . ئەمما ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ سوئالىدىن ئىسەنكىرەپمۇ كەتمىدى . ئەمما سەل ئۇمىدسىزلەنمەيمۇ قالمىدى . سوئال ئۇدۇل سورالغانىكەن ، ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي بولمايتتى .

- ياق ، - جاۋاب بەردى ۋېيىن خانىم تۇرمۇشىنىڭ ئوڭ كەلمىگىنىدىن ئۇھسىنىپ .
- ئەمىسە دادام تازىمۇ يارىماس ، چۈپرەندە بىر ئادەم ئىكەندە ، - ۋارقىرىدى جامۇس مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ .
ۋېيىن خانىم بېشىنى چايقىدى .
- ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى . لېكىن بىر - بىرىمىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈشەتتۇق . ئۇ هايات بولغان بولسا ، هالىمىزدىن خەۋەر ئالغان بولاتتى . داداڭغا هاقارەت قىلما بالام . نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇ سېنىڭ داداڭ . ئۇ مەرتىۋىلىك كىشى ئىدى . راست دەۋاتىمەن ، ئۇ يۇقىرى تەبىقىدە چوڭ بوغان ئادەم ئىدى .
جامۇس تۈيۈقسىز قايناپلا كەتتى .
- مېنىڭغۇ كارايىتىم چاغلىق ، - ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن ، - لېكىن ، ئاچامنىڭ ... يۇقىرى تەبىقىلىك ئائىلىدە چوڭ بولغان هېلىقى سولتەك بىلەن توي قىلىشىغا هەرگىز قوشۇلمايمەن . ئۇ يۇقىرى تەبەقىدى چوڭ بولۇپلا قالماي ، ئوقۇرىمۇ ئېگىزدۇر هەقاچان ؟
- ۋېيىن خانىم خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى . بېشى ئىختىيارسىز تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ، قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى ، - ئاچاڭغىغۇ هازىر مەندەك بىر ئاپىسى بار ، - پىچىرلىدى ئۇ ،لىكىن ، ئاچاڭدەك ۋاقتىمدا مېنىڭ هېچنىمەم يوق ، تىكەندەك يالغۇز ئىدىم .
ئاپىسىنىڭ گەپلىرىدىن يۈرەك - باغرى لەرزىگە كەلگەن جامۇس يېقىن كېلىپ ئاۋىسىنى سۆيۈپ قويدى ، - دادامنى ئېسىڭگە سېلىپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىپ قويدۇم ، مېنى كەچۈرگىن ، - دېدى ئۇ ، - لىكىن شۇ سۇ.النى شۇنچە سورىماي دېدىمىۇ ، ئۇنداق قىلالمىدىم . ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ . خەير - خوش ئاپا . ئەمسە ئاچام ساڭا قالدى . كىمدە كىم ئاچامنى كولدۇرلىتىمەن دەيدىكەن بويىنىنى ئىتنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن . راست دەۋاتىمەن ئاپا ، چۇقۇم شۇنداق قىلىمەن .
ئوغلىنىڭ خققتىن ئاڭلىغان تەهدىد سۆزلىرىنى قو ئىشارەتلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ

زەردە بىلەن سۆزلەشلىرىدىن ئانىنىڭ كۆڭلى خېلى ئاۋۇنۇپ ، بايىقى ھاسىراشلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى . ئۇ بۇنداق كەيپىياتلارغا كۆنۈك ئىدى . بۇ ئۇنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى ئوغلىدىن تۇنجى قېتىم زوقلىنىشى ئىدى . مۇشۇ كەيپىنى بۇماي تۇرۇپ بۇ مەيدان «ئويۇن » نى ئوينىۋەتمەكچى بولىۋىدى ، ئوغلى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتى . ئۇ تېخى يەنە ئوغلىنىڭ چامادانىنى ئېلىپ چۈشمىسە ، شارپىسىنى تېپىپ بەرمىسە بولمايتتى . قورۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى ھېلى كىرىپ ، ھېلى چىقىپ ، ئۇلارنى قاتتىق قىلىپلىۋەتتى . پەيتۇنكەش بىلەن كىرا ھەققى ئۈستىدە باھا تالىشىشتەك ئۇششاق ئىشلارغىمۇ بىر مۇنچە ۋاقىت كەتتى . ئوغلى پەيتۇنغا چىقىپ قورۇدىن ئايرىلدى ، ئاپىسى دەرىزىدىن ھېلىقى چۆرىسىگە گۈل تۇتۇلغان يىپتىن قولياغلىقنى پولاڭلىتىپ پىتۇننىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردى ۋە شۇئان ۋۇجۇدىنى بىر پەس ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى . ئۇ شۇ تاپتا تولىمۇ ياخشى بىر پۇرسەتنى قودىن بېرىپ قويغانىدى . ئۇ سېلىپىغا ، جامۇس مۇشۇ كەتكەنچە ئەمدى ئۆيىنىڭ چۆلدەرەپ قالىدىغانلىقى، ئۆزى بېقىشقا تېگىشلىك ئادەمدىن بىرسى ئازلىغانلىقنى ئۆز – ئۆزىگە تەسەللىي بەرگەن ئاساستا سۆزلىدى . ئوغلىنىڭ مۇشۇ گېپى ئۇنىڭ ئېسىدە قېپقالغانىدى ، ئۇ گەپتىن ئۇ خېلى خورسەن بولۇپ قالدى . ئوغلىنىڭ ھېلىقى تەھدىد سېلىپ دېگەن گەپلىرىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى . ئۇ تولىمۇ ھېسسىياتلىق ، جانلىق ، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى . سۆزلەپ بولۇپ كۆڭلىدە : « باللىرىم كېيىن مۇشۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ قالسا ، قانچىلىك كۈلۈپ كېتەرمىز – ھە ! » دېگەنلەرنى خىيال ئىكرانىدىن ئۆتكۈزدى.

# ئالتىنچى باب

ــ يېڭى خەۋەر ئاڭلىدىڭىزمۇ، بازىل؟- ھېلىقى كۈنى كەچ ، رېستوران مۇلازىمى بازىل خالۋاردنى ئۈچ كىشىلىك ئايرىمخانىغا باشلاپ كىرىشىگە ، لورد ھېنرى شۇنداق دەپ سورىدى.

ــ ياق ، ئاڭلىمىدىم ھاررى ، – دېدى بازىل شلەپىسى بىلەن پىلاشىنى ئەدەب بىلەن قول باغلاپ تۇرغان مۇلازىمغا تۇتقۇزۇۋېتىپ ، – نېمە خەۋەركەن ئۇ؟ سىياسىيغا ئائىت خەۋەرغۇ ئەمەستۇ . مېنىڭ سىياسىي بىلەن تازا خوشۇم يوق . تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ رەسىمىنى يېڭىلاپ سىزىدىغان يەرگە كەلدى ، لېكىن ئارىسىدا رەسىمىنى سىزىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەرسىمۇ يوق – تە .

ــ دورىيان گرېي توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇدەك ، – دېدى ھېنرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ.

بۇ گەپتىن ھاڭ – تاڭ قالغان بازىلنىڭ قوشۇملىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ كەتتى .

ــ دورىيان توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ! بۇ مۇمكىن ئەمەس ، – دېدى ئۇ .

ــ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست .

ــ كىم بىلەن توي قىلىدىكەن؟

ــ بىركىچىك ئارتىست بىلەن .

ــ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، دورىياننىڭ خېلى كاللىسى ئىشلەيتتىغۇ .

ــ ئادەمنىڭ كاللىسى بەك ئىشلەپ كەتسە ، ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ، قەدىرلىك بازىل .

ــ توي دېگەن ئويىنىشىدىغان ئىش بولمىسا يا ، ھاررى .

ــ ئامېرىكىدىلا شۇنداق بولىدۇ ، – كۆرەڭلىك بىلەن رەدىيە بەردى لورد ھېنرى ،- مەن دورىيانغا چاي ئىچۈرۈلۈپتۇ دېدىم ، توي قىلىدىكەن دېمىدىم ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا خېلى پەرق باردۇر. توي قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى خېلى ئوبدان بىلىمەن ، لېكىن چاي ئىچۈرۈلۈش دېگەنگە نىسبەتەن مەندە قىلچە ئىنكاس يوق . ئۆيدىكىلەر ماڭا چاي ئىچۈرۈپ يۈرمەيلا تويۇمنى قىلىۋەتكەنغۇ دەيمەن .

ــ لېكىن دورىيان مەرتىۋىلىك ، باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغان – دە . مەرتىۋىسى ئۆزىدىن بەكلا تۆۋەن تۇرىدىغان ئايال بىلەن توي قىلسا تازا بىمەنە ئىش بولمامدۇ .

_ بۇ گېپىڭىزنى ئۇنىڭ ئۆزىگە دەڭ ، بازىل . ئۇ چوقۇم گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ . كىشىلەرنىڭ قىلغان ھەربىر ئەخمىقانە ئىشى ئادەتتە ئەڭ ئالىي مەقسەتلەرنى چىقىش قىلغان بولىدۇ.

_ ئۇنىڭ تاپقىنى ئاقكۆڭۈل ، دىيانەتلىك قىز بولسىلا مەيلى ئىدىغۇ . ئۇنىڭ بىر ئەسكى ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئۆزىنى چىرىتىۋېلىشىنى ، ئەقلى – ھۇشىدىن ئايرىلىپ قىلىشىنى خالىمەيمەن ھاررى .

_ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك چىرايلىقمىش ، – پىچىرلىدى لورد ھېنرى قولىدىكى ئىستاكاندىكى لىمون سۈيى قېتىلغان كەكرىدەك ئاچچىق ئەمەن ھارىقىدىن ئوتلاپ قويۇپ ،- دورىياننىڭ دېيىشىچە ، ئۇ قىز بەك چىرايلىقمىش . بۇ جەھەتتە ئۇ ھەرگىز خاتالاشمايدۇ ، سىز سىزغان پورتېرىت ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ چىرايىغا بولغان تەلپىنى كۈچەيتىۋەتكەندەك قىلىدۇ . باشقىنى قويۇپ تۇرايلى ، سىز سىزغان رەسىمنىڭ ئۇنىڭ ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكىدە گەپ يوق . ئۇنىڭ بۈگۈن بىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنلا بولسا ، كەچتە ئۇ قىزنى كۆرۈش نېسىپ بولىدۇ .

_ راست دەۋاتامسىز؟

_ ئەلۋەتتە راست دەۋاتىمەن بازىل . مەن ئەزەلدىن ھازىرقىدەك ئەستايىدىل بولۇپ باقمىغان .

_ سىز ئۇنىڭ ئاشۇ قىز بىلەن توي قىلىشىنى قوللامسىز، ھاررى ؟- بازىل كالپۇكىنى چىڭقىدە چىشلىگىنىچە ئايرىمخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا ماڭغاچ سورىدى ،- پەرىزىمچە ، سىز قوللىمايسىز . مېنىڭچە ، ئۇ ئەس – ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ.

_ ھازىر مەن ھېچقانداق ئىشقا يا قاشى تۇرمايدىغان ، يا قوللىمايدىغان بولۇپ قالدىم . تۇرمۇشقا بۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇش بەك بىمەنىلىك ئىكەن . بىز بۇ دۇنياغا ھەرگىزمۇ ئەخلاقىقا بولغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرىمىزنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن كەلمىگەن . چاكىنا ئادەملەرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىم يوق ، ھەم سۆيۈملۈك ئادەملەرنىڭ ئىشىغمۇ ئەزەلدىن ئارىلىشىپ كەتمەيمەن . ئەگەر بىراۋغا مەپتۇن بولۇپلا قالسام ، مەيلى ئۇ ئۆزىنى قايسى خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلىسۇن ، ماڭا سۆيۈملۈك تۇيۇلۇۋېرىدۇ . دورىيان گرېينىڭ جۇلىتتانىڭ رولىنى ئالىدىغان ھېلىقى چىرايلىق قىزغا كۆزى چۈشۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ . بۇنىڭ نېمە يامىنى؟ ھەتتا ئۇ مېسساليىنا ① نى ئەمرىگە ئالغان تەقدىردىمۇ ، جەلپكارلىقى ئازراقمۇ كەملەپ كەتمەيدۇ . نىكاھنى ئانچە ئۇلۇغلاپ كەتمەيدىغىنىمنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. نىكاھنىڭ ئەڭ يامان يېرى شۇكى ، ئۇ

كىشىنى ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ ، ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلىمايدىغان كىشىلەرنىڭ كىشىنى جەلىپ قىلغۇدەك خاسلىقى ، ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ . ھالبۇكى ، بەزىلەرنىڭ مىجەز – خاراكتېرى تويي قىلغاندىن كېيىن ، تۇرۇپلا مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدىكى ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان تۇرمۇشىغا يەنە نۇرغۇن << مەنلەر>> قېتىلىپ ، قوش مەسئۇلىيەت پاتاقىغا چۈشىدۇ ، تۇرمۇشى يۈكسەك بىرتەرتىپ ئىچىدە ئۆتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە ، يۈكسەك بىرتەرتىپ ئىچىدە ياشاش دەل ھاياتىمىزنىڭ نىشانى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىمىزمۇ ناھايىتى قىممەتلىكتۇر . بىز نىكاھنى مەيلى قانچىلىك يامان دېمەيلى ، ئۇ ھامىنى سەرگۈزەشتىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . مەن دورىياننى ھېلىقى قىزنى ئەمرىگە ئالسىكەن دەيمەن . نېمىشقا دىسىڭىز ، ئۇ قىز بىلەن ئالتە ئاي سۆرۈشۈپ يۈرۈپ ، ئەمدىلىكتە باشقا بىر قىزنى تېپىۋالسا بولماس . دورىيان مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەتقىقات ئوبيېكتى .

_ دېگەنلىرىڭىزنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيمەن ، بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان ھاررى . دورىيان ئالىمادىس تۇرمۇشتا بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالسا ، بىرىنچى بولۇپ ئازاپ چېكىدىغىنى سىز بولارسىز ھەقاچان . سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز ئەسلىدىنلا ياخشى ، مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ساختا قىياپەتكە كىرىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟

لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

_ بىز ھە دېسىلا ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەپلا يۈرگەچكە ، باشقىلارنى بەك ئالىيجاناب تەسەۋۋۇر قىلىۋېتىمىز. ئۆزىمىزنى ھاتەمدەك سېخى چاغلىۋېتىپ ، خاراكتېرىمىزنى تېخىمۇ جۇلالىتىدىغان پەزىلەتلىرىمىزنى ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ھەدىيە قىلىۋېتىمىز . پۇل قەرز ئېلىشىمىز ئاسان بولارمىكىن دەپ بانكىرلارغا مەدھىيە ئوقۇيمىز، خوشامەت قىلىمىز؟ رەھىم قىلارمىكىن ، مال – مۈلكىمىزنى ، پۇل – پۈچەكلىرىمىزنى قۇرۇقداپ قويارمىكىن دەپ يول توسار ئوغرى – قاراقچىلارنى ماختاپ – ئۇچۇرىمىز ، ئۇلارغا قويىرۇق شىپاڭلىتىمىز. دېگەنلىرىمىنىڭ ھەممىسى چىن قەلبىمدىن چىققان گەپلەر. ئۇمۇدۋارلىق دېگەنلەرنى كۆزۈمگە ئىلىپمۇ قويمايمەن . ئوڭۇشسىز تۇرمۇش دېيىشكە توغرا كەلسە ، تەرەققىيات پۇرسىتى چەكلىمىگە ئۇچرىغان تۇرمۇشنى دېسەك بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىمەن دەيدىكەنسىز ، ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىقىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ . نىكاھ ئىشىغا كەلسەك ، ئۇمۇ ناھايىتى تېتىقسىز بىر ئىش . ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت باغلايدىغانغا نىكاھتىنمۇ قىزىقارلىق ئۇسۇللار بارغۇ ، مانا مۇشۇ ئىشلارنى مەن جان دەپ قۇۋۋەتلەيمەن . چۈنكى ، بۇ ئۇسۇللار ماگا تولىمۇ ئۆزگىچە ، جەلىپكار تۇيۇلىدۇ . ئوھوي ، دورىيان كەلدى . قالدى گەپلەرنى ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىدىن

ئاڭلاڭ .

_ قەدىرلىك ھاررى ، قەدىرلىك بازىل ، مېنى تەبرىكلەڭلار! – دورىيان شۇنداق دېگەچ ، تاۋار كۆپىنكىنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغان پلاشىنى سالدى – دە ، ئىككەيلەن بىلەن بىرمۇ- بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، – ئەزەلدىن بۇنچە خۇشال بولۇپ باقمىغان . دېمىسىمۇ ، بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز بولدى . ھەقىقىي خۇشاللىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدىكەن . مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى مەن زارىقىپ كۈتكەن ئەمەسمىدىم ، – ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن- قىنىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى .

- ئىلاھىم مەڭگۈ مۇشۇنداق چىرايىڭىزدىن كۈلكە ئۆچمىسۇن دورىيان ،- دېدى بازىل ، – تويى قىلىدىغانلىقىڭىزنى ھارىرىغا ئېيتىپسىز ، لېكىن مەندىن سىر تۇتۇپسىز . بۇ قىلىقىڭىزدىن مەن رەنجىپ قالدىم ، سىزنى كەچۈرمەيمەن .

- مەنمۇ سىزنىڭ تاماققا كېچىكىپ كەلگىنىڭىزنى كەچۈرمەيمەن ، – ھېنرى كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە قولىنى دورىيانىنىڭ مۈرىسىگە ئالدى ، – قېنى ئولتۇرۇڭ . ئاۋۋال يېڭى كەلگەن ئاشپەزنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تامىقىنى تېتىپ باقايلى ، ئاندىن بىزگە ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى يېيىدىن – يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىڭ .

- دېگۈدەك نېمە گەپ بولسۇن دەيسىلەر ،- دېدى دورىيان ئۈچەيلەن ئەيچىلگىنە كەلگەن يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، – ئىش مۇنداق يۈز بەردى . ھاررى ، تۈنۈگۈن كەچ سىز بىلەن خوشلىشىپ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ ، سىز دېگەن دۇپېرت كوچىسىدىكى ھېلىقى ئىتالىيىچە كىچىك ئاشپۇزۇلدا تاماق يېدىم ، ئاندىن سائەت سەككىزگە ئۇلگۇرۇپ تىياتىرخانىغا باردىم . بارسام سىبىلىي روسالىندىنىڭ رولىنى ئېلىۋېتىپتىكەن ، سەھنە دېكوراتىيىسى پەقەتلا قاملاشماپتۇ، ئورلاندىنىڭ رولىنى ئالغىنى تازىمۇ تېتىقسىز، كۈلكىلىك بىر نېمە ئىكەن . لېكىن سىبىلىي – زە ! بارغان بولساڭلار كۆرەتتىڭلار. ئۇ ئەرەنچە ياسىنىپ سەھنىگە چىقىۋېدى ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم . ئۇ ئۇستىگە يېڭىغا ئاچ قىزىل رەڭدە جىيەك تۇتۇلغان كۆك دۇخاۋا كەمزۇل ، قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك سىقىپ تۇرىدىغان ئاسما ئىشتان ، بېشىغا مارجاندىن كۆز تۇتۇلۇپ بىر تال بۈركۈت پېيى قادالغان كىچىك بۆك كىيگەن ھالەتتە سەھنىدە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ بۇ تۇرۇقى كۆزۈمگە بۆلەكچە نازاكەتلىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى . بازىل ، ئۇ شۇ تۇرۇقىدا رەسىم سىزىش ئۈيىڭىزدىكى تاناگرانىڭ ھەيكىلىدىكى جىمى نازاكەت ۋە لاتاپەتنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملىگەندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىلىپ چۈشكەن سۇمبۇل چاچلىرى كىشىگە بەئەينى ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىغا پۈركىنىپ تۇرغان ئەتىرگۈلنى ئەسلىتەتتى . ئۇنىڭ رول ئېلىش ماھارىتىنى دېمەيسىلەر ، تېخى . بۈگۈن كەچتە بېرىپ

كۆرسەتكىلار ، ئۇنىڭ رول ئىلىشتىكى تۇغما تالانتىغا قول قويماي تۇرالمايسىلەر. مەن غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئايرىمخانىدا ئولتۇرۇپ ، ئۆزۈممۇ شۇ دىرامىدا رول ئىلىشقاتقاندەك تۇيغۇدا بوپ قالدىم . گويا ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويغان ئىدىمكى ، شۇ تاپتا 19 - ئەسىردىكى لوندوندا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ، ئەسىرلەردىن ئۆتۈپ كەتكەندەك ، خىياللىرىم ئۇ رول ئىلىشقاتقان ۋەقەلىك تامان ئۇچۇپ ، تەسىۋۋۇرۇمدا مەشۇقۇم بىلەن ئىنسان زاتىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بىپايان ئورمانلىقلار ئىچىدە سەيىر ئېتەتتىم . ئۇيۇن تۈگىگەندىن كېيىن ، سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم . ئىككىمىز يانمۇيان ئولتۇردۇق ، تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىپادە پەيدا بولغان پەيتتە ئەكس ئەتتى . لەۋلىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن جىپسلىشىپ ، ئۆزىمىزنى تامام ئۇنتۇغان ھالدا سۆيۈشۈپ كەتتۇق . شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى سىلەرگە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن . ئىشقىلىپ ، شۇ دەقىقىدە پۈتكۈل ھاياتىم مۇكەممەللىك ماقامىغا يەتكەن بىر نۇقتىغا ـــ ئېيىتقۇسىز بىر خۇشاللىق ئىچىگە مۇجەسسەم بولغاندەكلا ئىدى . سىبىلنىڭ نازۇك تېنى قۇچىقىمدا گويا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك توختاۋسىز تولغىناتتى . قوللىرى بىلەن يەرگە تېيىنىپ تۇرۇپ نازۇك لەۋلىرىنى قوللىرىمغا ياقاتتى . بۇلارنى سىلەرگە دېمەي دىسەممۇ ، ئىختىيارىم ئۆزۈمگە باقماي دەۋىتىپ سالدىم . لېكىن ، توي ئىشىمنى ھازىرچە سىلەردىن سىر تۇتمىسام بولمايدۇ ، ئۇمۇ تېخى ئاپىسىغا دېيىشكە ئۈلگۈرمىدى . ئادۇۋكاتىمغا بۇ ئىش توغرۇلۇق قانداق ئېغىز ئېچىشنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن . لورد رادلېي بۇنى ئاڭلىسا چوقۇم قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ . لېكىن ، پەرۋايىم پەلەك ، بىر يىلغا قالماي مەنمۇ بالاغەتكە يېتىمەن ، شۇچاغدا نېمە قىلسام ئۆز ئىختىيارىم بولىدۇ. مەن شېئىر ئىچىدىن سۆيگۈ – مۇھەببەتنى بايقىدىم ، شېكسىپىرنىڭ دىراممىلىرىدىن بولغۇسى ئايالىمنى تاپتىم . شېكسىپىرنىڭ سونىتلىرىدىن لەۋلەرنىڭ سىر- مەخپىيەتلەرنى قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ئاشكارىلاپ قويالايدىغىنىنى ھېس قىلدىم . شۇ مىنۇتلاردىكى ھالىتىم روسالىندىنىڭ مېنى چىڭ باغرىغا باسقانلىقىدىن ، مېنىڭمۇ جۇلىتتانىڭ نازۇك لەۋلىرىدىن سۆيگۈ شارابى ئىچكەنلىكىمدىن قېلىشمايتتى . قانداق ، قىلغانلىرىم خاتا ئەمەستۇ بازىل؟

- ياق ، دورىيان . مېنىڭچە ، قىلغانلىرىڭىزنىڭ قىلچە خاتاسى يوق ، – دېدى بازىل خالۋارد تولىمۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن .

- بۈگۈن ئۇنى كۆردىڭىزمۇ ،- سورىدى لورد ھېنرى .

دورىيان گرېي بېشىنى چايقاپ قويدى :

- مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاردىن ئورمانلىقىدا ۋىدالاشتىم ، ئەمدى ئۇنى ۋېروناdىكى بىر باغچىدىن ئىزدەيمەن .

- لورد ھېنرى چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا قولىدىكى براندىدىن ئوتلاپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى :

- << توي قىلىش>> دېگەن بۇسۆزنى ئۇنىڭغا قانداق دېدىڭىز؟ ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بەردى ؟ شۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغۇمىز بار .

- قەدىرلىك ھاررى ، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ بىر سودا ئورنىدا كۆرگۈم يوق ، ھەم ئۇنىڭغا رەسمىي توي قىلىش تەكلىپى قويۇپمۇ يۈرمىدىم . پەقەتلا ئۇنىڭغا ئۇنى چىن دىلىمدىن سۆيىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇ: << مەن سىزگە ماس كەلمەيمەن>> دەپ تۇرىۋالدى. ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ ، مېنىڭ نەزىرىمدە پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا ماس كەلمەيتتى .

– ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئەمەلىيەتچىل كېلىدۇ ،- پىچىرلىدى لورد ھېنرى ،- ئاشۇنداق ئەھۋالدا توي قىلىش توغرىسىدا گەپ ئېچىش ئېسىمىزگە كەلمەي قالىدۇ. ئەمما ئاياللار بىزگە ئۇنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ .

بازىل خالۋارد لورد ھېنرىنىڭ بىلىكىنى چىڭڭىدە تۇتىۋالدى :

- بۇنداق دېمەڭ ، ھاررى . دورىيان خاپا بوپ قالىدۇ . ئۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، ھېچقاچان باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرەي دەپ ئويلىمايدۇ . ئۇ بەك ئاقكۆڭۈل ، ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ .

قارشى تەرەپتە ئولتۇرغان لورد ھېنرى بازىل خالۋاردقا قاراپ قويۇپ دېدى :

- دورىيان مەندىن ھەرگىز خاپا بولمايدۇ. مەن بۇ سوئالنى پەقەت قىزىقىش نۇقتىسىدىنلا سوراپ قويدۇم . قىزىقىپ سورىغان سوئالنى ھەرقانداق ئادەم توغرا چۈشىنىدۇ . تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا ، ئادەتتە بىز ئاياللارغا ئەمەس ، ئاياللار بىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ . ئەلۋەتتە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە دەۋرىدە ئۇنداق بولمايدۇ . لېكىن، ھازىر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە دەۋرى كەلمەسكە كەتتى.

- دورىيان گىرىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- سىزگە گەپ توغرا كەلمەيدىكەن ھاررى . گەپلىرىڭىز ھەرگىز كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ . سىلبىي ۋېيىننى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئەرنىڭ ھايۋاندىن ھېچ پەرقى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالىسىز . گاھىدا سۆيگەن يارىنى ئىزا – ئاھانەتكە قويىدىغان ئادەملەر زادى قانداق ئادەملەردۇر دەپ ئويلاپ قالىمەن . مەن سىلبىينى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن . ئۇنى ئالتۇن سەھنىلەردە چاقناتقۇزۇپ ، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرىمەن . نىكاھ دېگەن زادى نېمە ؟ ئۇ – خىلاپلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدىغان بىر مۇقەددەس قەسەم . تولا مەسخىرە قىلماڭ جۇمۇ! مەن خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان ئەنە شۇنداق مۇقەددەس قەسەمدە چىڭ تۇرۇشقا مىڭ مەرتىۋە رازى .

ئۇنىڭدىكى ئىشەنچ ، ئۇنىڭدىكى ئەقىدە مېنى ھەر دەقىقە ۋاپادارلىققا ، مەسئۇلىيەتچانلىققا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان دەملەردە سىزنىڭ تەلىملىرىڭىزنى ئاڭلىغىنىمغا مىڭ پېرىمدىن پۇشايمان قىلىمەن . مەن ھازىر سىز بۇرۇن كۆرگەن دورىيان ئەمەس . مەن ھازىر ئۆزگەردىم ، سىبىلنىڭ قولىنى تۇتقان ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ سىز دەپ يۈرگەن ، ئادەمنى ئازغۇنلۇققا باشلايدىغان ، تەسىرلىك ئەمما زەھەرلىك ئاشۇ سەپسەتىلەرنى ، قۇرۇق نەزەرىيىلەرنى تامام ئۇنتۇپ كەتتىم .

- قايسى نەزەرىيىلەرنى دەۋاتىسىز.....؟- دېدى لورد ھېنرى تەخسىدىكى سالاتتىن ئالغاچ .

- سىزنىڭ ئاشۇ تۇرمۇش ، مۇھەببەت ، ھوزۇرلىنىش ، توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىڭىز بولمامدۇ . ئىشقىلىپ ، سىز تىلغا ئالغان جىمى نەزەرىيىلەر ، ھاررى .

- ھوزۇرلىنىش – نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر نەرسە، – جاۋاب بەردى ھېنرى پېقىملىق ، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا ، – ئاغزىمدىن چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئىجاد قىلغان نەزەرىيە دەپ تۇرىۋالمايمەن . ئۇنىڭ ئىجادچىسى تۇغما خاراكتېر، ھەرگىز مەن ئەمەس . ھوزۇرلىنىش – تۇغما خاراكتېرىمىزنى سىنايدىغان بىر ئۆلچەم ، تۇغما خاراكتېرنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر بەلگە . خۇشال چاغلىرىمىزدا ھەممىمىز ياخشى ، لېكىن ياخشى چاغلىرىمىزدا ھېچقايسىمىز خۇشال بولالمايمىز .

- << ياخشى>> دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە ؟- سورىدى بازىل خالۋارد .

- توغرا ،- لورد ھېنرى كەينىگە يۆلىنىپ ، نەزىرىنى تاماق ئۈستىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ قويۇلغان بىر دەستە بىنەپشە كېپىنەك گۈلىدىن لورد ھېنرىغا ئاغدۇرۇپ سورىدى ، – سىز دېگەن << ياخشى>> نېمىنى كۆرسىتىدۇ ، ھاررى ؟

- << ياخشى>> دېگىنىم – تەنىنىڭ رايىغا بېقىش دېگەنلىكتۇر ،- دەپ جاۋاب بەردى لورد ھېنرى ئاپئاق ، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئەينەك ئىستاكاننىڭ بويىندىن تۇتۇپ تۇرۇپ ، – ئىنتىپاقسىزلىق كىشىنى باشقىلار بىلەن بىرلىككە كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ. ھاياتىمىز ھەممىدىن مۇھىم . ئەمدى قۇلۇم – قوشنىلىرىمىزغا كەلسەك ، ئەگەر دۇرۇس ئادەم ياكى ئىسلام دىنى مۇرتى بولۇشنى كۆڭلىمىزگە پۈككەن بولساق ، ئۆز ئەخلاق قارىشىمىزنى ئۇلارغا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلساق بولۇۋېرىدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ قايسى ھالەتتە ھاياتى كەچۈرىشى بىزنىڭ دىققەت ئوبيېكتىمىز ئەمەس . ئۇنىڭدىن باشقا ، شەخسىيەتچىلىك ئەڭ بۇيۇك نىشان . زامانىۋى ئەخلاق دەل قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان دەۋرنىڭ ئۆلچىمىدە بولىدۇ. مېنىڭچە ، تەربىيە كۆرگەن كىشىگە دەۋر ئۆلچىمىنى تېڭىش ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىقتۇر .

- لېكىن ، كىشى ئۆزى ئۇچۇنلا ياشىسا ، ئاشۇنداق قىلغىنى ئۇچۇن قورقۇنچلۇق بەدەل تۆلىمەمدۇ ھاررى؟- دېدى بازىل ھېنرىغا << گەپ- سۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ>> دېگەن مەنىدە .

- توغرا دېدىڭىز، ھازىر بىز ھەرقانداق نەرسىگە ھەددىدىن زىيادە بەدەل تۆلەۋاتىمىز . ئويلاپ باقسام ، يوقسۇللارنىڭ تىراگېدىيىسى ئۇلارنىڭ ئۆز- ئۆزىنى چەكلىشىدىن باشقا ، ھېچنېمىگە مەسئۇل بولمايدىغانلىقىدا ئىكەن . جىنايەت گويا گۈزەل نەرسىلەرگە ئوخشاش ، پۇلدارلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى بولۇپ قالدىكەن .

- يالغۇز پۇللا ئەمەس ، باشقا جەھەتلەردىنمۇ بەدەل تۆلەيدۇ .

– قايسى جەھەتلەرنى دەيسىز بازىل؟

– پۇشايمان ، دەرت – ھەسرەت ، يەنە ... ھىم ، ئۆزىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى ھېس قىلىش.

لورد ھېنرى مۆرىسىنى چىقىرىپ قويدى .

- قەدىرلىك بازىل ، ئوتتۇرا ئەسىر سەنئىتى كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى ، لېكىن ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھېس – تۇيغۇلار ھازىر كەلمەسكە كەتتى . ئەلۋەتتە ، كىشىلەر ئۇنى ھېكايە – رومانلارنى يازغاندا تىلغا ئېلىپ قويۇشىدۇ . لېكىن ، ھېكايە – رومانلاردا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر رېئال تۇرمۇشتا زادىلا ماس كەلمەيدۇ . ھەۋەدە قىلمەنكى ، ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدىغان كىشى ھوزۇرلانغانلىرىدىن ھەرگىز پۇشمان قىلمايدۇ، ئەمما نادان كىشىلەر ھوزۇرلىنىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ .

- مەن ھوزۇرلىنىشنى تازا بىلمەن ، – ۋاقىرىدى دورىيان گرېي ،- بىرسىنى زىيادە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى ھوزۇرلىنىش دېگەن شۇ .

- بۇ ئەلۋەتتە باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشتىن ئەۋزەلرەك ، – دېدى لورد ھېنرى ئۇستەلدىكى مېۋىلەرنى تۇتۇپ قويۇپ ، – باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشتىن مەن خويمۇ بىزار . ئاياللار بىزگە خۇددى ئىنسانلار ئىلاھقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ، بىزگە باش ئۇرىدۇ ، مەيلىمىزنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ ، يەنە تېخى بىزنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پاي – پېتەك قىلدۇرىدۇ .

- مېنىڭچە ، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىدىغانلىرى ئىلگىرى بىزگە بېرىۋەتكەن نەرسىلىرىدۇر، – دېدى دورىيان گرېي كەسكىن ئاھاڭدا، – ئۇلار بىزگە مۇھەببەت ئاتا قىلغان ، شۇڭا بىزدىن تېگىشلىك ھەق تەلەپ قىلىش ھوقوقى بار .

- پۈتۈنلەي توغرا گەپ قىلدىڭىز دورىيان ، – دورىياننىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى بازىل .

– ئەزەلدىن ھېچقانداق نەرسە پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ باقمىغان ،- دېدى لورد ھېنرى.

- بولغان ، – گەپ قىستۇردى دورىيان ، – ئىتىراپ قىلمىسىڭىز بولمايدۇ هاررى . ئاياللار هاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئەرلەرگە بېرىۋېتىدۇ .

- بەلكىم شۇنداقتۇر، – دېدى لورد هېنرى خۇرسىنىپ قويۇپ ، – لېكىن ئۇلار بەرگەنلىرىنى بىر- بىرلەپ قايتۇرىۋالىدۇ. چاتاق دەل مۇشۇ يەردە . خۇددى بىر قىززىقچى فرانسىيىلىك ئېيتقاندەك ، ئاياللار بىزدە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش ئىستىكى قوزغايدۇ – يۇ، ئارقىدىنلا ئاشۇ ئاززۇ – ئىستەكلىرىمىزگە يېتىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ .

- هاررى ، بەك قورقۇنچلۇق ئادەم ئىكەنسىز! سىزنىڭ نەرىكىزگە بۇنچە ئامراق بولۇپ قالغىنىمغا هېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ .

- سىز ماڭا مەڭگۈ ئامراق بولۇپ قالىسىز دورىيان ،- دېدى لورد هېنرى ، – بۇرادەرلەر ، ئاززاقتىن قەهۋە ئىچىشسەك قانداق دەيسىلەر؟ مۇلازىم ، ئاززاق قەهۋە ، ئالىي دەرىجىلىك براندى ، پاپىرۇس كەلتۈرۈڭ . بولدى ، پاپىرۇس ئەكەلمەڭ ، پاپىرۇسۇم تېخى تۈگىمەپتۇ . بازىل ، سىگارت چەكمىسىڭىزچۇ. سىگارتنىڭ ئورنىغا پاپىرۇس چېكىڭ ، پاپىرۇس چېكىش دېگەن هوزۇرلىنىشنىڭ ئەڭ مۇكەممەللەشكەن تىپى . ئۇ هەم كۆركەم ، هەم ئادەمنىڭ خۇمارىنى قوزغاپ تۇرىدۇ . كىشىلەر ئاززۇ قىلغۇدەك يەنە نېمە قالدى؟ شۇنداق دورىيان . سىز ماڭا مەڭگۈ ئامراق بولۇپ قالىسىز. نەزىرىڭىزدە مەن سىز ئەزەلدىن قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان يامان ئىشلارغا ۋەكىللىك قىلىمەن .

- نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز هاررى ! – دېدى دورىيان مۇلازىم تاماق ئۈستىلىگە قويۇپ قويغان ئوت پۈركۈيدىغان كۈمۈش ئەجدىهادىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاچ ، – تىياتىرخانىغا ماڭايلى ! سىبىل سەهنىگە چىققان هامان سىزدە هاياتقا نىسبەتەن يېڭىچە غايە پەيدا بولىدۇ ، ئۇ سىزگە سىز ئەزەلدىن تېگىگە يېتەلمەيدىغان بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ قويىدۇ .

- مەن بىلمەيدىغان ئىش يوق ، – دېدى كۆزلىرىدىن هارغىنلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان لورد هېنرى ، – لېكىن ، مەن يېڭى تۇيغۇلاردىن هوزۇرلىنىشقا هەر ۋاقىت تەييار. مەن هوزۇرلىنىپ باقمىغان يېڭىچە تۇيغۇلار قالمىدىمىكىن دەيمەن . ئەمما ، سىزنىڭ گۈزەل مەشۇقىڭىز قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس . مەن درامىما كۆرۈشكە ئامراق ، درامىما تۇرمۇشتا قارىغاندا چىن بولىدۇ. ماڭايلى دورىيان ، ئىككىمىز بىللە ماڭايلى . بەك سەت بولىدىغان بولدى بازىل ، پەيتونۇمغا ئىككىلا ئادەم سىغىدۇ ، سىز باشقا پەيتوننى كىرا قىلىپ كەينىمىزدىن مېڭىڭ .

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كىيىملىرىنى كىيىشتى – دە ، ئىچىپ قالغان قەهۋەلىرىنى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىۋەتتى . بازىل خالۋارد گەپمۇ قىلماستىن ، چوڭقۇر خىيالغا

پاتقان ھالەتتە تۇراتتى ، چىرايىنى ئۇمىدسىزلىك تۇمانلىرى قاپلىغان ئىدى . ئۇنىڭ بۇ تويغا ھېچ رازىلىق بەرگۈسى كەلمەيتتى – يۇ ، يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان باشقا ئىشلاردىن ياخشىراق دەپ ئويلايتتى . ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتتۈپ ، ئۇلار رېستوراندىن چىقىشتى . كېلىشكىنى بويىچە ، بازىل ئۆزى يالغۇز يەنە بىر پەيتونغا چىقتى . ئالدىدا كېتىۋاتقان تۆت چاقلىق پەيتۇندىن چاقناۋاتقان چىراغ يورۇقىغا قاراۋېتىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەلىتە بىر خىل ئۇمىدسىزلىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى . ئۇ دورىيان گرېيىنىڭ ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ، تۇرمۇشنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى .... توساتتىن ئۇنىڭ كۆزئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، كوچىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى چىراغلار غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى . كىرا پەيتونى تىياترخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا ، ئۇ گويا ئۆزىنى نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى .

## ئىزاھات :

① مېسسالىنا (22 – 48)– قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى كلودىيوسنىڭ شاللاقلىقتا ئۇچىغا چىققان خانىشى .

# يەتتىنچى باب

نىمە سەۋەپتىنكىن ، ئۇ كۈنى ئاخشىمى تىياتىرخانىدا تاماشىبىن بۆلەكچە كۆپ ئىدى . سىمىز كەلگەن ھىبلىقى يەھۇدىي خوجايىن خوشلۇقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالەتتە ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ ئۈچەيلەننى تىياتىرخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا باشلاپ كىتىۋىتىپ گۆشلۈك بارماقلىرىغا قاتىرىسىغا سېلىنغان ياقۇت ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ دېگەندەك قولىنى ھەدەپ پولاڭلىتاتتى ، ئۇنىڭ ئاۋازدا ۋارقىراپ گەپ قىلاتتى ، خۇشاللىقىدا ئاغزى يۇمۇلمايلا قالغانىدى . دورىيان گرېي ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك بىزار بولۇۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن مىراندا ①نى ئىزدەيمەن دەپ كالىبانغا ②دوقۇرشۇپ قالغاندەكلا ئىش بولۇۋاتاتتى . ئەكسىچە ، لورد ھېنرى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن زورىغا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسىنى بايقىغان ، بىر شائىر ئۈچۈن ۋەيران بولۇشتىنمۇ باش تارتمايدىغان خوجايىن بىلەن تونۇشالىغىنىدىن تولىمۇ شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بازىل خالۋارد بولسا كەيىندىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان خىلمۇ – خىل چىرايلارنى قىزىقسىنغان ھالەتتە كۆزىتىپ ئولتۇراتتى . تىياتىرخانا چىدىغۇسىز دىمىق بولۇپ ، تورۇستىكى يوغان مەخمەل گۈلنى ئەسلىتىدىغان غايەت زور گاز لەمپىدىن ئوت يالقۇنىدىن قېلىشمىغۇدەك ھارارەتلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى . ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇرغان ياشلار ئىسسىقتا چىدىماي چاپانلىرىنى سېلىۋىتىشكەن ئىدى . ئۇلار ئەتراپىدىكى تونۇش چىرايلارغا سالام قىلىپ قويۇشاتتى ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويىۋىتىپ گەپ قىلىشاتتى ، يېنىدىكى تولىمۇ چاكىنا كىيىنگەن قىزلار بىلەن ئاپلىسىننى تالىشىپ يېيىشەتتى . كەينى تەرەپتە ئولتۇرغان ئاياللار بار ئاۋازى بىلەن كۈلۈشەتتى ، چوقان سالاتتى . قۇلاقنى يارغۇدەك ۋاراڭ – چۇرۇڭ تىياتىرخانا ئىچىنى بىر ئالغانىدى . تىياتىرخانا ئىچىگە جايلاشقان كىچىككىنە قاۋاقتىن ھاراق بوتۇلكىسىنى ئاچقاندا چىققان ئاۋاز دەممۇدەم ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

- تازا كۆڭلۈمدىكىدەك جايكەنغۇ – بۇ ! – دېدى لورد ھېنرى .

- شۇنداق ! – جاۋاب بەردى دورىيان گرېي ، – مەن ئۇنى دەل مۇشۇ يەردە بايقىغان . نەزىرىمدە ئۇ ئىلاھتىنمۇ پاك ، مۇقەددەس . ئۇنىڭ ئويۇننى كۆرسىڭىز ھەممىنى ئۇنتۇيسىز . بۇ تاماشىبىنلار كۆزىڭىزگە قالاق ، مەدەنىيەتسىز ، ياۋايى كۆرۈنگىنى بىلەن ،

ئۇ سەھنىدە پەيدا بولغان ھامان پاراڭلىرنى توختىتىپ جىم بولىدۇ . ئەس – ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭدىن كۆزنى ئۈزمەيدۇ ، ئۇ يىغلىسا تەڭ يىغلايدۇ ، كۈلسە تەڭ كۈلىدۇ . ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى شۇنچىلىك ئەسىر قىلىۋالغان ئىكەنكى ، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر جان ، بىر تەن بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىسىز .

- ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر جان ، بىر تەن بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىسىز ! ئۇنداق بولمىسىكەن ئىلاھىم ، – دېدى لورد ھېنرى دورىيۇن بىلەن ئۈستىدىكى تاماشىبىنلارغا قاراۋېتىپ .

- ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماڭ ، دورىيان ، – دېدى بازىل ، – نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى مەن چۈشەندىم ، ھەم ئۇ قىزغىمۇ ئىشەندىم . سىز ئۇنداق – بۇنداق قىزبالىنى ياخشى كۆرۈپ قالمايسىز . ئەگەر تەسۋىرلەپ بەرگىنىڭىزدەكلا بولسا ، ئۇ چوقۇمكى ناھايىتى لاتاپەتلىك . بىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ روھىنى پاكلاش دېگەن قالتىس ئىش . ناۋادا ئۇ روھى پۈچەك ئاشۇ كىشىلەرگە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلالىسا ، يىرگىنچلىك ، بەدبەشىرە مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا گۈزەل ھېس – تۇيغۇلارنى ئويغىتالىسا ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يامراپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىكلەرنى پاكپاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىيالىسا ، باشقىلارنىڭ دەرت – ھەسرىتى ئۈچۈن ھېسداشلىق ياشلىرىنى ئاقتۇرالىسا ، ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىزنى بەرسىڭىز تامامەن ئەرزىيدۇ ، ئۇنداق ئادەمگە پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆرمىتى قوزغىلىدۇ . سىز ئۇنى مەڭگۈلۈك جورىلىققا تاللاپ خاتا قىلمىدىڭىز . دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىڭىزغا قوشۇلغۇم كەلمىگەنىدى ، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس . تەڭرى ئۇنى سىز ئۈچۈنلا يارىتىپتىكەن ، ئۇ بولمىسا ، سىزمۇ بىر يېرىڭىز كامدەك ھېسسىياتتا بولۇپ قالىسىز .

- رەھمەت سىزگە بازىل ، – دېدى دورىيان گىرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، – مەنمۇ سىزنىڭ مېنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم . ھاررىنىڭ ھەممىنى بىر تاياقتىلا يوققا چىقىرىدىغان مىجەزىدىن سەل قورقۇپ قالدىم . ئەنە مۇزىكا باشلاندى ، يەنە بەش مىنۇتتا قالمايلا پەردە ئېچىلىدۇ . پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭلا ئۇنى كۆرەلەيسىلەر . مەن ئۇنىڭغا جېنىمنى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار ، ھېلىمۇ ۋۇجۇدۇمدىكى جىمى گۈزەللىكنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدىم . ھەجەپ قاملاشمىغان مۇزىكا ئىكەنا بۇ !

ئارىدىن 15 مىنۇت ئۆتتى ، سىبلىي ۋېيىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىدە پەيدا بولدى . ئۇ شۇ دەرىجىدە جەلپكار ئىدىكى ، ھەتتا لورد ھېنرىمۇ ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قىز بالىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىغا تەن بېرىۋاتاتتى . ئۇنىڭ شەرمى – ھايا بالقىپ تۇرغان ئېيتقۇسىز دەرىجىدىكى لاتاپىتى ۋە ھەيرانلىق ، چۆچۈش ئالامەتلىرى

چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى كىشىگە بەئەينى بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كېتىپ ، قېچىشقا ئـارانلا تۇرغان كىيىكنى ئەسلىتەتتى . تىقما – تىقماق ئولتـۇرۇپ كەتـكەن ، ھايـاجىنىنى باسـالماي قىلىشىۋاتقان تاماشىبىنلارغا بىر نەزەر تاشلىدى – دە ، چېھرىگە ۋىللىدە قىزىللىق يۈگـۈردى ، ئۇنىڭ بۇ تۇرۇقى كىشىگە ئەتىرگۈلنىـڭ ئەينەكتىكـى ئەكسىنى ئەسـلىتەتتى . ئـۇ كەيـنىگە نەچچە قەدەم داجىپ ، نېپىز لەۋلىرىنـى قىمىرلىتىـپ قويـدى . بازىـل خـالىۋارد ئىختىيارسىـز ئورنىدىن تـۇرۇپ چـاۋاك چېلىـپ كەتتـى . دورىيـان گرېـي گويـا چـۈش كۆرۈۋاتقانـدەك بىـر قىياپەتتە كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي جىممىدە ئولتـۇراتتى . دۇربـۇن بىـلەن ئەسـتايىدىل كۆزىتىپ ئولتۇرغان لورد ھېنرى ئۆز – ئۆزىگە : « قالتىس ، قالتىس !» دەپ پىچىرلىدى .

پەردە ئېچىلىـپ كاپولتىنىـڭ ئۆيىنىـڭ زالـى نامـايەن بولـدى . تـاۋاپ قىلغـۇچىلاردەك كىيىنگەن رومىئو مېركۇتىئو ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە دوستلىرى بىلەن سەھنىگە چىقتـى. قىسقا بىــر مۇزىكــا چېلىنىشــى بىــلەن تەڭ ئــۇلار ئۇسســۇلغا چۈشــۈپ كېتىشــتى. مۇزىكــا ئەترىتــدىكىلەرنىڭ ئورۇنـداش سەۋىيىسـى تۆۋەنمـۇ قانـداق ، مۇزىكىنىـڭ ئـۇدارى قېيىــپ كېتىۋاتاتتى . سىبىلبې ۋېيىن گويا باشقا بىر دۇنيادىن كېلىـپ قالغـان گـۈزەل پەرىشـتىلەرگە ئوخشاش تولىمـۇ چـۈپەي كىيىـنگەن ، ھەرىكەتلىـرى قولاشـمايۋاتقان بىـر تـوپ ئارتىسـتلار ئارىسـىغا پىرقىــرىغىنىچە كېلىــپ قېتىلــدى . ئۇنىــڭ ئۇسســۇل ئويناۋاتقانــدىكى قىيــاپىتى شۇنچىلىك لەرزان ئىدىكى ، گويا سۇدا توختاۋسىز چايقىلىۋاتقان قومۇشنى ئەسلىتەتتى . ئۇ بويىنىغا ئاپئاق سامساق گۈلنىڭ شەكلىنى چىقىرىپ لىنتا چىگىۋالغان ، قوللىرى شىشىـدەك سۈزۈك ، نازۇك ئىدى .

ئۇنىڭ چىرايىغا تۇرۇپلا روھسىزلىق ئالامەتلىرى تېپىـپ چىقـاتتى . كـۆزلىرى رومىئوغـا چۈشكەندە ، چىرايىدا قىلچىمۇ خۇش بولۇش ئالامەتلىرى پەيدا بولمىدى .

قولۇڭغا ھاقارەت قىلما ئەي ، شاگىرت،
سېنىڭمۇ ھۆرمىتىڭ ئۆزۈڭگە پۈتۈن.
ئىلاھنىڭ قولىغا تېگىشسە قولۇڭ،
ئىككى ئالىقان ئۇچرىششى سۆيۈشتىن ئۈستۈن.

ئۇنىڭ دېگەن سەھنە سۆزى ۋە ئارقىدىن قىلىشقان قىسقا دىئالوگى تولىمـۇ سـۈنئىي چىقىپ قالدى .

ئۇنىــڭ ئــاۋازى بــۇلاق ســۈيىنىڭ شىلدىرلىشــىدەك يېقىملىــق بــولغىنى بىــلەن ، ئىنتوناتسىيىسى بەكـلا قېيىـپ كېتىۋاتـاتتى . ئاساسـىي ئىنتوناتسـىيە تـوغرا بولمىغاچقـا ،

پۈتۈن شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقى بۇزۇلۇپ ، ھېسسىيات ساختا چىقىپ قېلىۋاتاتتى.

سېبلىيىدىن كۆزنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان دورىيان گرېيىنىڭ چىرايى شۇئان تامدەك تاتىرىپ كەتتى . نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي مەڭدىگىنىچە تۇرۇپ قالدى ، يۈرەكلىرىمۇ تېز-تېز سوقۇپ كەتتى . لورد ھېنرى بىلەن بازىل خالۋارد شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ سېلبىيىنىڭ بۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالالىشىغا كۆزى يەتمەي ، ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى.

لېكىن ، ئۇلارغا شۇنىسى ئايانكى ، جۇلىئېتتانىڭ رولىنى ئالغۇچىنىڭ ماھارىتى ئىككىنچى پەردىدىكى بالكونغا چىققان چاغدىكى كۆرۈنۈشتە ھەقىقىي سىنىلاتتى . ئۇلار پۈتۈن ئۈمىدىنى ئىككىنچى پەردىگە باغلىدى ، ئەگەر سېلبىي رولنى ئىككىنچى پەردىدىمۇ ياخشى ئالالمىسا ، تۆگەشكىنى شۇ ئىدى .

ئايدىڭ كېچە ، سېلبىي ئاي شولىسى يورۇتۇپ تۇرغان بالكوندا پەيدا بولدى ، ئۇنىڭ تۇرۇقى كۆرگەن كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى ، بۇ تەرىپىگە كۆز يۇمۇشقا قەتئىي بولمايتتى . لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى تەبئىيلىكنى يوقىتىپ ، بارغانسېرى قولاشمىغىلى تۇردى . ئۇ پەقەتلا ئەركىن بولالماي ، ئوينىغان رولىغا سۈنئىي تۈس بېرىپ قويۇۋاتاتتى . دېگەن ھەربىر جۈملە سۆزنىڭ ئىنتوناتسىيىسىمۇ زىيادە يۇقىرى چىقىپ كېتىۋاتاتتى . ئەسلىدە ئادەمگە تولىمۇ ھوزۇر بېغىشلايدىغان بۇ مونولوگ –

كېچە ياپتىكى بەختىمگە قارا رەڭلىك لىباسنى ،
كۆرەتتىڭ بولمىسا مەندىن قىزارغان يۈز – سىماسىنى ،
ساڭا ئېيتماق بولۇپ تۇرغان پېقىرنىڭ سۆز ناۋاسىنى .

خۇددى ئوقۇتقۇچىسىغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭكىدەك سۈنئىي چىقىپ قالدى . ئۇ بالكوننىڭ رىشاتكىسىدىن گەۋدىسىنى ئېگىپ تۇرۇپ ، تۆۋەندىكى ئېسىل مىسرالارنى ئوقۇدى .

قانچىلىك سۆيسەممۇ گەر سېنى دىلدىن ،
پۈتۈن كېچە ناخۇشمەن مەخپىي ۋىسالدىن .
بۇ كېچە شۇنچە قىس ، شۇنچىلىك خائىن ،
ھېچ پەرۋا قىلمايلا كەتتى ئالدىمدىن .
خەير – خوش ، ئاھ مېنىڭ سۆيگەن ئامرىقىم .

مۇھەببەت غۇنچىسى قالدى بىر دەستە ،
ئىللىق ياز شامىلدا شۇ دەقىق بىردىن .
ئەمدى ئۇ كەلگۈسى كۆرۈشكەن چاغدا ،
پورەكلەپ ئېچىلسۇن ۋىسالىمىزدىن .

ئۇنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان چاغدىكى چىراي ئىپادىسى شېئىردىكى مەنە بىلەن زادىلا ماسلاشمىدى . بولمىسا ئۇ ھېچ جىددىيلەشمەي كەتكەندەكمۇ قىلمايتتى ، چىرايىدىن ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . بۇ پۈتۈنلەي رول ئېلىشتىكى ماھارەتنىڭ ناچارلىقىدىن بولۇۋاتاتتى . ئىككىنچى پەردىدە ئۇ رولنى قەتئىيلا ياخشى ئالالمىدى .

تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىنلىقى بىراقلا يۇقىدى . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ۋارقىراشقا ، ئىسقىرتىشقا باشلىدى . كېيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىنىڭ كەينىدە تۇرغان يەھۇدىي خوجايىن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ تىللاشقا باشلىدى . پۈتۈن زال ئىچىدە سىلىبىيلا قاققان قوزۇقتەك ئورنىدا جىممىدە تۇراتتى .

ئىككىنچى پەردە تاماملىنىشى بىلەن ، ھۇشقىيتىپ ئىسقىرتىشقان ئاۋازلار زال ئىچىنى بىر ئالدى . لورد ھېنرى ئورنىدىن تۇردى — دە ، چاپىنىنى كىيگەچ دېدى :

ئۇ چىرايلىق بولغىنى بىلەن ، رولنى ياخشى ئالالمايدىكەن ئەمەسمۇ ، دورىيان . يۈرۈڭلار كېتەيلى !

- مەن ئاخىرىغىچە كۆرۈۋېتىپ ماڭاي ، — دېدى دورىيان كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، — بۈگۈن كەچتىكى ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلىۋەتكىنىمدىن سىلەردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن .

— قەدىرلىك دورىيان ، مېنىڭچە ، سىبىلىي خانقىزنىڭ بۈگۈن مىجەزى يوق ئوخشايدۇ ، — دېدى بازىل دورىياننىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — بىز باشقا كۈنى كېلەيلى .

— ئىلاھىم ، شۇنداق بولسىكەن ، — جاۋاب بەردى دورىيان ، — ئۇنىڭغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ ؟ ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالدىيا ؟ تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا بىر ئۇلۇغ سەنئەتكار ئىدىغۇ . بىر كېچىدىلا پاخپاق ئارتىستقا ئوخشاپ قالغىنى نېمىسى .

- ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭىزنى ئۇنداق دېمەڭ دورىيان . مۇھەببەت سەنئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ .

- ھەر ئىككىلىسى شەكىلدىن باشقا نەرسە ئەمەس ، — دېدى لورد ھېنرى ، — بولدى ، ماڭايلى . دورىيان ، بۇنداق ئولتۇرىۋەرسىڭىز بولمايدۇ . تېتىقسىز ئويۇننى كۆرۈپ

ئولتۇرۇشنىڭ ھېچنىمىگە پايدىسى يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سىز كەلگۈسىدە ئاياللىقىڭىزنىڭ ئارتىسىت بولۇشىنى خالىمايسىز . قارىغىنىڭ ئالغان رولىنى ، جۇلىتتانىڭ رولىنى قونچاقتا ئوخشاشلا ئويناپ قويدى . ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا گەپ كەتمەيدىكەن ، لېكىن ئۇ تۇرمۇشقىمۇ رول ئالغانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىش كىشىنى خوشال قىلغۇدەك بىر ئەسلىمە بولۇپ قالغۇدەك . دۇنيادا ھەقىقىي جەلپكار ئادەملەر مۇنداق ئىككى خىللا بولىدۇ ، بىرى – بىلمەيدىغىنى يوقلار ؛ يەنە بىرى – ھېچنىمىنى بىلمەيدىغانلار . قەدىرلىك دورىيان ، كۆڭلىڭىزنى بۇنچىلىك يېرىم قىلماڭ . ياشلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشنىڭ مەخپىيىتى – ھېسسىياتنى مەڭگۈ ياشارتىپ تۇرۇشتا . ئۈچەيلەن كۇلۇبقا بېرىپ ، سىبلىي ۋېيىننىڭ گۈزەل رۇخسارى ئۈچۈن بىرەر قەدەھتىن ئىچىشەيلى . ئۇ ئاجايىپ جەلپكار قىز ئىكەن . سىز بۇ يەردە يەنە تۇرىۋەرمەكچىما ؟

- مېڭىۋېرىڭ ھاررى ، – دېدى دورىيان بىئارام بولغان ھالدا ، -بىردەم يالغۇز تۇرغۇم بار . بازىل ، سىزمۇ مېڭىۋېرىڭ . ھەي ، شۇ تاپتا يۈرىكىمنىڭ پارە – پارە بولاي دەۋاتقانلىقىنى بىلمىدىڭلارمۇ ؟ – ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى ، شۇئان ئايرىمخانىنىڭ كەينى تېمىغا يېقىن باردى – دە ، قوللىرى بىلەن يۈز – كۆزلىرىنى تۇتقىنىچە تامغا يۆلىنىپ تۇرىۋالدى .

- بىز مېڭىۋېرەيلى بازىل ، – دېدى لورد ھېنرى ئاۋازىغا بولەكچە مۇلايىم تۈس بېرىپ . ئىككىيلەن دورىياننى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى .

ئارىدىن ھېچقانچە ئۆتمەيلا چىراغلار يېنىپ ، ئۈچىنچى پەردە باشلاندى . دورىيان گىرىي جايىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ، تۇرۇقىدىن بىر خىل كۆرەڭلىك ، مۇزدەك سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى . ئەزمىلىك بىلەن ئوينىلىۋاتقان بۇ دراما ھېچ تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى . تاماشىبىنلارنىڭ يېرىمى كۆرۈشكە تاقەتى قالماي زالدىن چىقىپ كېتىشتى . بۇ پەردىدە ئۇ رولنى زادىلا ياخشى ئالالمىدى . ئەڭ ئاخىرقى پەردە ئوينىلىۋاتقاندا زالدا تۆزۈك ئادەم قالمىدى . ئويۇن تۈگىگەندە ، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكەن ، خورسىنغان ئاۋازلار زالنى بىر ئالدى .

ئويۇن تۈگىدى ، دورىيان گىرىي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇدۇل سەھنىنىڭ كەينىدىكى ئارام ئېلىش ئۆيىگە كىردى . چىرايىدىن كۆرەڭلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان سىبلىي ئۆزى يالغۇز تۇراتتى ، بىلىنەر – بىلىنمەس ئېچىلغان لەۋلىرىدە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ دورىياننىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ، چېھرىدە شۇئان بىر خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى .

- بۈگۈن رولنى زادىلا ياخشى ئالالمىدىم ، دورىيان ! -

ۋارقىرىدى ئۇ .

- رولنى بەك ناچار ئالدىڭىز ! – دورىيان ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى ، – بەكلا ناچار ئالدىڭىز ! مىجەزىڭىز يوقمۇ يا ؟ بۇ رولنى قانچىلىك ناچار ئالغىنىڭىزنى ، مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز ، سىبىل .

قىزچاق پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى .

- دورىيان ، – ئۇ خۇددى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك بىر ئاۋازدا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى . بۇ ئىسىم ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى ئەسلىتىدىغان گىلاستەك لەۋلىرىگە ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بىلىندىغاندەك قىلاتتى ، – دورىيان ، سىزمۇ مېنى چۈشەنمەمسىز ؟

– نېمىنى چۈشىنىمەن ؟ – ۋارقىرىدى دورىيان غەزەپ بىلەن .

– بۈگۈن رولنى نېمىشقا ئالالمىغىنىمنى بولمامدۇ . ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن رولنى ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق ياخشى ئالالمايمەن .

دورىيان مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى .

- مىجەزىڭىز يوقتەك تۇرىدۇ ، مىجەزىڭىز يوق چاغلاردا رولغا چىقماڭ ، بۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگە سەت . دوستلىرىم كۆرۈشكە تاقەت قىلالماي كېتىپ قېلىشتى ، مېنىڭمۇ كۆرگۈم كەلمىدى .

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى سىبىلنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ شۇ تاپتا خۇشلۇقتا ھەممىنى ئۇنتۇغان ، ئېيتقۇسىز بىر بەخت قوينىغا چۆمۈلگەن ئىدى .

-دورىيان ، دورىيان ، – دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ، – سىز بىلەن تونۇشماستا ، ئويۇن قويۇش ھاياتىمدىكى جىمى خۇشلۇقۇم ئىدى . مەن ئۇچۇن درامىمىدىكى جىمى ۋەقەلىك چىن تۇيۇلغاچقا ، دراما ئېچىدىلا ياشايتتىم . بىر كۈنى روسالىند بولۇپ ياشىسام ، يەنە بىر كۈنى پورتىيا ③ بولۇپ ياشايتىم . بىياترىسسىنىڭ ④ خۇشلۇقىنى ئۆزۈمنىڭ خۇشلۇقى ، كوردېلىيانىڭ ⑤ ھەسرىتىنى ئۆزۈمنىڭ ھەسرىتى دەپ بىلەتتىم . ھەممە نەرسىگە ئىشىنەتتىم . مەن بىلەن بىللە رول ئالىدىغان باشقا ئارتىستلار نەزەرىمدە بىر ئىلاھ ئىدى ، سەھنىدىكى دېكوراتسىيىلەر مېنىڭ دۇنيارىم ئىدى . روھلاردىن ئۆزگىنى بىلمەيتتىم ھەم ئۇلار مېنىڭ نەزىرىمدە رېئال ئادەملار ئىدى . تۇساتتىن تۇرمۇشۇمدا سىز پەيدا بولدىڭىز ، ئامرىقىم . سىز مېنىڭ روھىمنى قەپەستىن ئازاد قىلدىڭىز ، ماڭا رېئاللىقنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردىڭىز . بۈگۈن ئاخشام مەن ئىزچىل ئويناپ كېلىۋاتقان رولۇمنىڭ تولىمۇ تېتىقسىز ئىكەنلىكىنى تۇنجى رەت تونۇپ يەتتىم ، ئۆزۈمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ، ساختا ، بىمەنە كۆپۈك بىر دۇنيادا ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم . بۈگۈن ئاخشام مەن گىرىم بىلەن ئۆزىنى نىقابلىۋالغان

رومئونىڭ قىرى ھەم يىرگىنچلىك ئەپتىنى ، مۇئلىك باغدىكى ئايدىك كىچىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ، دىكوراتسىيلەرنىڭ ئادەم ئالدايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ، ئاغزىمدىن چىققانلىرىنىڭ چىن يۈرىكىمدىكى گەپلەر ئەمەسلىكىنى تۇنجى رەت تونۇپ يەتتىم . سىز ماڭا تېخىمۇ بۈيۈك بىر نەرسىنى ئاتا قىلدىڭىز ، جىمى سەنئەت پەقەت سىزنىڭ ئاتا قىلغانلىرىڭىزنىڭ ئىنكاسى ئىكەن . سىز ماڭا مۇھەببەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردىڭىز . سىز مېنىڭ قامەتلىك شاھزادەم ، مەشۇقۇم ، مېنىڭ بارلىقىم سىز . مەن خىيالىي تۇيغۇدىن بىزار بولدۇم . سىز مەن ئۈچۈن سەنئەتتىنمۇ ئېشىپ چۈشىسىز . درامىدىكى قونچاق بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقكەن . بۈگۈن سەھنىگە چىققاندا ، ئۆزۈمدە ئوخشىمايدىغانلا بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . رولنى شۇنچە ياخشى ئوينايدىمىغۇ ، ئامال بولمىدى . ئەنە شۇندىلا نېمە سەۋەپتىن شۇنداق تۇيغۇدا بوپ قالغىنىمنىڭ تېگىگە يەتتىم . بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم . تاماشىبىنلارنىڭ ئىسقىرتىشلىرىنى ئاڭلاپ ، كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندىم . ئۇلار ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن دەيسىز ؟ مېنى ئېلىپ كېتىڭ دورىيان ، ھېچكىم دەخلى قىلمايدىغان پىنھان جايلارغا ئېلىپ كېتىڭ . سەھنە دېگەننى ئەمدى كۆرەرگە كۆزۈم يوق . ئويلاپ باقسام ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ، سۆيگۈ – مۇھەببەت درامىلىرىدا رول ئاپتىمەن . شۇ تاپتا مۇھەببەت قەلبىمدە ئوتتەك يالقۇنلىماقتا . ئەمدى يەنە رول ئېلىشقا رەۋىشىم يوق . دورىيان ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز ؟ رولنى ئالالمايمەن ، لېكىن ، مۇھەببەت درامىلىرىدا رول ئېلىپ يۈرسەم مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ھاقارەت قىلغان بولۇپ قالىدىكەنمەن . بۇ نوقتىنى ماڭا سىز ھېس قىلدۇردىڭىز .

تولىمۇ پەرىشان ھالەتتە سافادا ئولتۇرغان دورىيان يۈزىنى بىر ياققا بۇراپ دېدى :

- سىز مۇھەببىتىمنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز .

سىبىلىي ئۇنىڭغا مەڭدىگىنىچە قاراپ قويۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى . دورىيان ئۈندىمىدى . سىبىلىي دورىياننىڭ يېنىغا كېلىپ نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىيلىدى ، ئاندىن يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ چوغدەك لەۋلىرىنى ئۇنىڭ قوللىرىغا چىڭڭىدە ياقتى . ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر تىترەك ئولاشقان دورىيان قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى .

دورىيان ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ دېدى .

- شۇنداق ، سىز مۇھەببىتىمنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز . ئىلگىرى تەپەككۇرۇمنى سىز ئويغاتقان ئىدىڭىز ، ئەمدىلىكتىچۇ ، سىزگە نىسبەتەن مەندە قىزىقىشتىن ئەسەر قالمىدى .

رول ئېلىشتىكى ماھارىتىڭىز ئۈستۈن ، تۇغما تالانتلىق بولغانلىقىڭىز ، ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ ، سەنئەتكە ھەقىقىي شەكىل ۋە مەزمۇن ئاتا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىلگىرى مەن سىزنى سۆيگەن . ئەمدىلىكتە سىز ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كەچتىڭىز ، سىز ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقكەنسىز . ئاھ تەڭرىم ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىكىن ، مەنمۇ بىر ساراڭكەنمەن ، ئۇچىغا چىققان ھاماقەتكەنمەن ! ھازىر سىز مەن ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيسىز . سىزنى مەڭگۈ كۆرەر كۆزۈم يوق ، مەڭگۈ ئويلىغىم يوق ، ئىسمىڭىزنىمۇ مەڭگۈ تىلغا ئالغۇم يوق . سىز مەن ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدىكەنسىز . لېكىن ... مەن ، بۇلارنى ئويلىسام چىدىمايلا قالىمەن ! سىز تۇرمۇشۇمدىكى رومانتىك تۇيغۇلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭىز . سىزنىڭ مۇھەببەتكە بولغان تونۇشىڭىز نېمە دېگەن چولتا — ھە ! « مۇھەببەت مەندىكى سەنئەت تۇيغۇسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى » دەپ كېتىشلىرىڭىزچۇ تېخى ! سەنئەتتىن ئايرىلسىڭىز ، قىممىتىڭىز بىر تىيىن . ئەسلىدە نامىڭىزنى چىقىراي ، پۈتۈن دۇنيانى ئايىغىڭىزغا تىزلاندۇراي ، ئۆز فامىلەمنى قوللاندۇراي دەپ ئويلاپتىمەن . لېكىن ، ھازىر سىز — زە ! سىزنىڭ شۇ تاپتا چىرايلا بار ناباپ سەنئەتچىدىن نېمە پەرقىڭىز قالدى .

سىبىلبېينىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، ۋۇجۇدى شامال سوققاندەك لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى . قوللىرىنى بىر — بىرىگە چىڭڭىدە كىرىشتۈردى ، گويا بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى .

بۇ گەپلەرنى راست دەۋاتامدىغانسىز ، دورىيان ؟ — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ، — ئۇيۇن ئويناۋاتىسىز — ھە !

- ئويۇن دېدىڭىزما ؟ ئويۇننى سىزلا ئويناپ ئارىلىشىپ كېتىسىز ! — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن .

-چىراينى ئازاپ تۇمانلىرى قاپلىغان سىبىبي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ، قوللىرىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى . دورىيان قىزنى ئىتتىرىۋېتىپ ۋارقىرىدى :

— ماڭا تەگمەڭ .

قىز پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى ، دورىياننىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى ، شۇ تاپتا ئۇ رەھىمسىزلەرچە چەيلەنگەن گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى .

- دورىيان ، دورىيان ، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ! — دەپ يېلىندى قىزچاق ئايانچلىق ئاۋازدا ، — مېنى كەچۈرۈڭ ، مەن رولنى ياخشى ئالمىدىم . سىزنىلا خىيال قىلىۋاتىمەن . لېكىن مەن تىرىشسام بولىدىغۇ ! سىزنى بۇنچە تېز ياخشى كۆرۈپ قالارمەن دەپ

ئويلىماپتىمەن . سىز مېنى سۆيۈۋالمىغان بولسىڭىز ، ئىككىمىز سۆيۈشمىگەن بولساق ، سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ ھېس قىلماس ئىكەنمەن . مېنى يەنە بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ ئامرىقىم . مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ، مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن . ئىنىم ... ياق ، ھېچقىسى يوق . ئۇ كۆڭلىدىن چىقىرىپ دېمىدى ، پەقەت چاقچاق قىلىپ قويدى ...لېكىن سىز ! بۈگۈنكى ئىشىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈۋېتەلەمسىزمۇ ؟ مەن تىرىشاي ، رولنى ياخشى ئېلىشقا تىرىشاي . ماڭا ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماڭ . سىز ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقىمۇ رازىمەن . بۈنىڭدىن كېيىن سىز نارازى بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن . سىز توغرا دېدىڭىز دورىيان ! مەن ئۆزۈمدىكى سەنئەتكارلارغا خاس خاراكتېرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىشىم كېرەك ئىدى . مەن ئەخمەقلىق قىپتىمەن . لىكىن ، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس . مېنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەڭ ، - ئۇ كۆچلۈك ئېسەدەشتىن نەپەس ئالالمايلا قالدى . ئۇ پولدا گويا يارىلانغان جانىۋارغا ئوخشاش تولگۇلۇپ ياتاتتى . دورىيان گرېي چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قىزغا نەزەر تاشلىدى ۋە مەنسىتمىگەندەك بىر تەرىزدە ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى . بۇنداق ئىشلار تۇرمۇشتا كۆپ يۈز بېرىدۇ . بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالسىڭىز ، ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى سىزگە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ . سىبىيىنىڭ قىلىقلىرى دورىيان گرېيغا ئويۇن ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . قىزنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ چۈشىۋاتقان ياشلىرى ، ئېسەدەشلىرى ئۇنى بىزار قىلىپ قويۇۋاتاتتى .

- مەن كەتتىم ، - دېدى ئۇ ئاۋازىنى تەمكىن چىقىرىشقا تىرىشىپ ، - مېنىڭ رەھىمسىز ئادەملەردىن بولۇپ قالغۇم يوق . لېكىن ئەمدى سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق . مېنى بەك نائۇمىدتە قويدىڭىز .

ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان سىبىيى ئۈندىمەستىن ، ئۆمىلەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ، گويا ئۇنى ئىزلەۋاتقاندەك ، قوللىرىنى بىچارىلەرچە ئالدىغا سوزدى . دورىيان تۇيۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ تىياتىرخانىدىن چىقىپ كەتتى .

ئۇ نەگە بېرىپ نەدە توختىشىنى بىلمەيتتى . ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ، چىراغلىرى غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچىلاردا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى ، قاپقاراڭغۇ ئەگمە ئىشىكلىك دەھلىزلەردىن ۋە ئالۋاستى ئۆڭكۈرلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئۆيلەردىن ئۆتكەنلىكىنى ، قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك يېقىمسىز ئاۋازدا كۈلۈشىۋاتقان بىر توپ شاللاق ئايالالرنىڭ كەينىدىن توۋلاشقانلىرىنى ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ يۈرگەن مەستلەرنىڭ كىمدۇر بىركىملەرنى تىللاشقانلىرىنى ، گۆرىستان قاپلىغان بىر ھويلىدىن چىقىۋاتقان چىرقىرىغان ، كىمدۇر بىر كىملەرنى قارغىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاش ئۈچۈن لەمپىسىگە چىقىۋالغان ، ھازىرلا گۆردىن

ئېچىۋالغاندەك سىياقتىكى بىر توپ بەدبەشرە بالىلارنى خىرە – شىرە ئەسلىيەلىدى .

تاك سۇزۇلەي دېگەن مەھەل بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ كوۋىنت باغچىسىنىڭ يېنىغا كەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . زىمىننى قاپلىغان كۆكۈم پەردىسى ئاستا – ئاستا تاراپ ، ئاسماننىڭ شەرق بۇرجىكىدە ئەتىگەنكى شەپەق نۇرىنىڭ ئاجىز نۇرلىرى جۇلالاشقا باشلىدى . لىققىدە پىيازگۈل بېسىلغان ناھايىتى يوغان بىر ئات ھارۋىسى پاكىز ، ئەمما ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغان كوچىنى بويلاپ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى . شۇئان پىياز گۈلىنىڭ قۇيۇق ھىدى دىماققا ئۇرۇلدى . چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئازابلىرى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى . ئۇ پىياز بېسىلغان ئات ھارۋىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بازارنىڭ ئىچىگە كىردى ، كىشىلەر ئالدىراش مال چۇشۇرۇش بىلەن بەنت ئىدى . ئاپئاق خالات كىيىۋالغان ھارۋىكەش ئۇنىڭغا بىر سىقىم گىلاس بەردى . ئۇ رەھمەت ئېيتىپ گىلاسنى ئالدى . « ئۇ كىشى پۇل بەرمىسەم نېمە ئۇچۇن ئالمايدۇ ؟ » دەپ ئويلىدى – يۇ ، نېرى – بېرىسىنى ئويلاشقا رەۋىتى بارماي گىلاسنى يېيىشكە باشلىدى . گىلاس يېرىم كېچىدە ئۈزۈلگەن بولغاچقىمىكىن ، مۇزدەك ئىدى .

كۈركۈم گۈلى ، سېرىق ئەترگۈل ۋە قىزىل ئەترگۈل قاچىلانغان چىرايلىق سىۋەتلەرنى كۆتۈرىۋېلىشقان بىر توپ بالا ئۇزۇن سەپ بولغىنىچە دۆۋە – دۆۋە كۆكتاتلارنىڭ ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدىن تېز – تېز ئۆتۈپ كېتىشتى . رەتسىز كىيىنىۋالغان بىر توپ يالاڭباشتاق قىزلار قۇياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان پىشايىۋاننىڭ ئاستىدا توپ سېتىش سودىگىرىنىڭ ماللىرىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىپ بولۇشنى ساقلاپ گەپ سېتىپ ئولتۇراتتى . يەنە بىر توپ كىشى مەيدان يېنىدىكى بىر قەھۋاخانىنىڭ پىرقىرىما ئىشىكىنىڭ يېنىغا توپلىشىۋالغان ئىدى . ئاتلار لىققىدە نەرسە بېسىلغان ھارۋىنى سۆرىگىنىچە قوڭغۇراقلىرىنى جىلدىڭلىتىپ ، ئوڭغۇل – دوڭغۇل شېغىللىق يولدا مۇدۇرۇپ – چوقۇرۇپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى . ھارۋىكەشنىڭ بەزىلىرى تاغار دۆۋىسىگە ئۆزىنى تاشلاپلا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى . بوييۇنلىرى ھەسەن – ھۈسەننىڭ رەڭگىدەك چىرايلىق كەلگەن بىر توپ كەپتەر يەردە دانلىشىپ يۈرەتتى .

ھايال ئۆتمەي ، دورىيان بىر پەيتۇننى كىرا قىلىپ ئۆيىگە قايتتى . ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر پەس دېلىغول بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەيدانغا نەزەرىنى ئاغدۇردى . قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ دەرىزىلىرى چىڭ يېپىلغان ، پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئىدى . بۇ چاغدا كۆكۈم پەردىلىرى پۈتۈنلەي تارقاپ ، ئاسمان سۈپسۈزۈك رەڭگە كىرگەن ، قۇياشنىڭ كۆمۈشرەڭ ئاجىز نۇرلىرى ئۆگزىلەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ تۇرخۇنىدىن چىقىۋاتقان تۈرۈم – تۈرۈم ئىسلار تۈرمەكلەپ قويۇلغان

سۆسۈن شايىلارغا ئوخشاش چىرايلىق چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىپ توختىماي ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى .

كەڭرى دەھلىز تېمىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە دۇب ياغىچىدىن ئويۇلغان چىرايلىق نەقىش تۈتۈلغان ، تورۇسقا شۇ جايدىكى مەلۇم بىر گۇبېرناتۇرنىڭ ساياھەت كېمىسىدىن ئولجا ئېلىنغان ، ۋېنتسىيە پاسونىدىكى ئالتۇن يالىتىلغان غايەت يوغان ئاسما چىراغ ئېسىلغان ئىدى ، چىراغدىن چىقىۋاتقان كۈچلۈك نۇر قاراڭغۇ دەھلىزنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، شلەپىسى بىلەن پىلاشىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى ، ئاندىن كىتابخانىدىن ئۆتۈپ ، ئاستىنقى قەۋەتتىكى سەككىز بۇرجەكلىك ھوجرىسىغا قاراپ ماڭدى . ھوجرىنى ئۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىغا ماس كەلتۈرۈپ ئۆز قولى بىلەن تېخى يېقىندىلا زىننەتلىگەن ئىدى . ھوجرىنىڭ تېمىغا ئەدەبىيات – سەنئەت قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىن قالغان غەلىتە پاسونىدىكى گىلەم ئېسىلغانىدى . ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تولغاۋېتىپ ، بازىل خالۋارد سىزىپ بەرگەن ھېلىقى پورترېتىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى – دە ، خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئىتتىك كەينىگە داجىدى . ئۇ بىردەم تۇرۇۋېتىپ ھۇجرىغا كىردى ، كالللىسىنى گادىرماچ خىياللار چۇلغىۋالغان ئىدى . ئۇ پەلتۇرىنىڭ پەتلىسىگە قاداپ قويغان گۈلنى قولىغا ئېلىپ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ كېتىپ ، يەنە جايىغا قاداپ قويدى . ئاندىن رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىنچىلاپ قارىدى . پەنجىرىگە تارتىلغان ئاچ سىرىق رەڭدىكى شايى پەردىنىڭ ئاراچلىرىدىن ئۆيگە چۈشكەن نۇرنىڭ يورۇقىدا رەسىمنىڭ يۈز قىسمى ئازراق ئۆزگىرىپ قالغاندەك ، رەسىمنىڭ چىراي ئىپادىسى بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغاندەك ، رەسىمنىڭ چىرايىدىن بىر خىل شەپقەتسىزلىك چىقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . قىزىق ئىشقۇ – بۇ !

ئۇ ئۆرۈلۈپ دەرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى – دە ، پەردىنى قايرىدى . يارقىن قۇياشنىڭ تال – تال نۇرلىرى ئۆي ئىچىنى ئاپتاپتەك يورۇتىۋەتتى . ئۆي ئىچىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق شۇئان ئۆينىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭىغا مۆكۈندى . لېكىن ، رەسىمنىڭ چىرايىدىكى بايامقى غەلىتە ئالامەتلەر يەنىلا يوقىمىدى ، بەلكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . يامان ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويغان ئادەم ئەينەكتە ئۆز ئەپتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەندەك ، رەسىمنىڭ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە نازىغۋاتقان كۈچلۈك قۇياش نۇرى رەسىمنى ئۇنىڭغا تولىمۇ شەپقەتسىز سىزىلغاندەك كۆرسىتىۋاتاتتى .

ئۇ كەينىگە داجىپ ، ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرغان پىل چىشىدىن ياسالغان جاھازىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان ، ئېللىپس شەكىللىك نەپىس ئەينەك ( بۇ لورد ھېنرى ئۇنىڭغا بەرگەن نۇرغۇن سوۋغىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدى ) نى قولىغا ئېلىپ ،

ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە سىنچىلاپ قارىدى ، جاۋغىيىدا بايامقىدەك شەپقەتسىزلىك ئالامەتلىرى ھېچ كۆرۈنمەيتتى . نېمە ئىشتۇ – بۇ ئەمدى ؟

ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ رەسىمگە يېقىن كەلدى – دە ، قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى . ئۇ رەسىمنىڭ چىرايىدا بايىقى ئالامەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى . بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىكى خىيالىي تۇيغۇ ئەمەس ئىدى ، بەلكى ھەقىقەتەن شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى .

ئۇ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا پورترېت سىزىلىپ بولغان ھېلىقى كۈنى ئۆزىنىڭ بازىل خالۋاردنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيىدە دېگەن گەپلىرى پەيدا بولدى . شۇنداق ، ئۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا ئۇ : « مەڭگۈ مۇشۇ ياشلىق باھارىمنى ساقلاپ قالسام ، ئەكسىچە رەسىمىم ئاستا – ئاستا قېرىپ كەتسە ؛ قاملاشقان رەڭگى – روھىم ھەر ۋاقىت مۇشۇ ھالەتتە تۇرسا ، ھاياتىمدىكى دەرت – ھەسرەتلىرىم ، قىلغان ئېپلاسلىقلىرىم ئۇنىڭغا يۈكلەنسە ؛ رەسىمدىكى ئۇ قاملاشقان چىرايغا كۆتۈرۈلۈپ – قوپقۇسىز قايغۇ – ھەسرەت ۋە غەم – ئەندىشىلەر دەستىدىن يول – يول قورۇقلار چۈشسە ، ئەكسىچە مەن مۇشۇ قاملاشقان رەڭگى – رۇخسارىمنى مەڭگۈ ساقلاپ قالسام » دېگەنىدەك ئارمانلارنى قىلغان ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ ئارمانلىرى رېئاللىققا ئايلاندىمۇ نېمە ؟ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ، ئويلاشتىنمۇ قورقىدىغان ئىشلارغۇ – بۇ ؟ ئەمسە رەسىمنىڭ جاۋغىيىدا قېتىپ قالغان شەپقەتسىزلىك ئالامەتلىرىگە نېمە دەيمىز ؟

شەپقەتسىز ! ئۇ شەپقەتسىزما ؟ ھەممە ئەيىب سىبىلبىدا ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ ! ئۇ سىبىلبىنى ئۇلۇغ سەنئەتكار قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولدى ، ئۇ ئۇلۇغ بولغاچقىلا دورىيان پۈتۈن مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىغۇ . لېكىن ئۇ دورىياننى نائۈمىد قويدى . ئۇ بەك بۇلۇمسىز ، ئۇنىڭ سۆيۈشكە ئەرزىمەيدۇ . لېكىن ، ئۇ سىبىلبىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ كېچىك باللاردەك ئۆسسەدەپ يىغلاپ كەتكىنىنى خىيالىغا كەلتۈرسە ، مىڭ يېرىدىن پۇشايمان قىلىدۇ . ئۇ سىبىلبىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنىنى ئەسلىدى . ئۇ نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتتى ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا تاشيۈرەك بولۇپ كەتتى ؟ لېكىن ، ئۇ ئۆزىمۇ ئاز ئازاپ چەكتىمۇ ؟ ئۈچ سائەت داۋام قىلغان ئاشۇ ئويۇننى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ، نەچچە ئەسىرلىك ئازابنى باشتىن كەچۈردى ، چەكسىز دەرت – ھەسرەت تارتتى . ئۇمۇ سىبىلبىگە ئوخشاش ھېسداشلىققا ئېرىشىشكە ھوقوقلۇق . ئەگەر سىبىلبىنى ئۆمۈرلۈك ئازابقا دۇچار قىلدى دېيىلسە ، سىبىلبىنىڭمۇ ئۇنىڭ قەلبىگە سالغان دەرت – ئەلىمى ئاز ئەمەس – تە . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا كۆتۈرۈشلۈك كېلىدۇ . ئۇلار ھېسسىيات ئىچىدە

ياشـــايدۇ ، ھېســـىياتتىن باشـــقىنى ئويلىمايـــدۇ . ئـــۇلار ئـــۆزىنى ئازابلىيالايـــدىغان ، يىغلىتالايـدىغان كىشـىنى ئـۆز مەشـۇقى قىلىـپ تاللايـدۇ . بۇلارنـىڭ ھەممىسـىنى ئـۇ لـورد ھېنرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ، ئـۇ ئايـاللارنى بەش قولـدەك چۈشـىنىدۇ . ئـۇ نـېمە ئۈچـۈن سىبىلىنى دەپ ئۆزىگە ئازاپ تاپقۇدەك ، زېھنىنى ئۇپراتقۇدەك ؟ ئەمدى ئۇ دورىيـان ئۈچـۈن ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ .

ئەمسە رەسىمنى قانداق چۈشـەندۈرىدۇ ؟ رەسـىم ئۇنـىڭ ھايـات مەخپىيىتىنـى ئـۆزىگە يۇشۇرغان ھەم ئۇنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرىنـى ئەكـس ئەتتـۈرۈپ بېرەلەيـدۇ . ئـۇ ئۇنىڭغـا ئۆزىنىڭ قاملاشـقان چىرايىنـى قانـداق قەدىرلەشـنى ئـۆگەتكەن . ئەمـدى يەنە ئـۆزىگە ئـۆچ بولۇشنى ئۆگەتسۇنمۇ ؟ ئۇ ئەمدى رەسىمگە ئىككىچىلەپ قارىمسۇنمۇ ؟

ياق ، بۇ پەقەت تەپەككۇر چېچىلىشتىن پەيدا بولغان بىـر خىـل خىيـالىي تۇيغـۇ ، ئـۇ سىرىتتا تەمتىلەپ ئۆتكۈزگەن قورقۇنچلۇق كېچە قالـدۇرغان سـاختا سـىزىم . ئـۇ تۇيۇقسـىز كىچىككىنە بىر قىزىل داغنىڭمۇ كىشىنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالـدى . تـوغرا ، رەسىمدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق ، كاللىسى ئېلىشىپ قالغان ئادەملەرلا رەسىم ئۆزگىرىپ قاپتۇ دەپ ئويلايدۇ .

رەسىم ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە ھېجىيىپ قاراپ تۇراتتى ، ئالتۇنرەڭ سېرىق چاچلىرى سـۈبھى قۇياشـىنىڭ تـال – تـال نـۇرلىرى ئاسـتىدا ۋال – ۋال قىلىـپ پـارقىرايتتى ، كۆپكـۆك زەڭگەر كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچىراشتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇنـىڭ قەلبىـدە چەكسـىز ئىچ ئـاغرىتىش تۇيغۇسـى دولقۇنلىـدى ، بـۇ ئىـچ ئـاغرىتىش ئـۆزى ئۈچـۈن ئەمەس ، بەلكـى ئۆزىنىڭ پورترېتى ئۈچۈن ئىدى ، كېيىن يەنە تالاي قېتىملاپ ئـۆزگىرەتتى . ئۇنـىڭ ئـالتۇن چـاچلىرى شـالاڭلاپ كۈمۈشـتەك ئاقىرىـدۇ ، قىزىـل ئەتىرگۈلـدەك قاملاشـقان رەڭگـى – رۇخسـارى سولىشـىدۇ . ئۇنـىڭ سـادىر قىلغـان ھەربىـر سـەۋەنلىكى رەسـىمگە نوقسـان يەتكۈزۈپ ، گۈزەللىكىنى بۇزىدۇ . لىكىن ئۇ ئەمدى ئەسكى ئىشلارنى قىلمايـدۇ . بـۇ رەسـىم مەيلـى ئۆزگەرسـۇن يـاكى ئۆزگەرمىسـۇن ، ئـۆز ۋىجـدانىنىڭ ئىنكاسـى بولـۇپ قالـدۇ . ئـۇ ئەمدى ئېزىقتۇرۇشلارغا باش ئەگمەيدۇ . لورد ھېنـرى بىـلەن ئىككىچىـلەپ كۆرۈشـمەيدۇ ، ئۇنىڭ شېرىن ، ئەمما زەھەرلىك نەزەرىيىلىرىگە ھەرگىز قۇلاق سالمايدۇ . بازىل خالۋاردنىڭ باغچىسـىدا ئاڭلىغـان ئاشـۇ نەزەرىـيىلەر تـۇنجى رەت ئۇنـىڭ ئوتلـۇق ھېسـىياتلىرىنى ئويغاتقانىدى . ئۇ ئەمدى سىبىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ ، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپى قويىدۇ ، ئۇنى يېڭىباشتىن ياخشى كۆرۈشكە تىرىشىدۇ . شـۇنداق ، ئۇنـىڭ مۇشـۇنداق قىلىـش مەجبـۇرىيىتى بـار. سـىبىلىنىڭ تارتقـان ئـازابلىرى ئۇنىڭـدىن نەچـچە ھەسسە كۆپ بولۇپ كەتتى. بىچـارە قىزچـاق! ئـۇ نـېمە دېـگەن شەخسـىيەتچى ، ئـۇ قىزغـا

شۇنچىۋالامۇ تاشىيۈرەكلىك قىلغان بارمۇ. سىلبىيىنىڭ ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغان سىھىرىي كۈچى يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ . ئۇلار بىللە بولۇپ چەكسىز بەختكە چۆمۈلىدۇ. ئۇ سىلبىيغا ئىرىشسە ، ھاياتى تولىمۇ گۈزەل ، مەنىلىك ئۆتىدۇ.

ئۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ رەسىمنىڭ يۈزىگە پەردە تارتىپ قويىدى – يۇ ، كۆزلىرى رەسىمگە چۈشكەندە بەدىنى جىغغىدە قىلىپ قالدى.«نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!» ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرۇپ ، دەرىزىنى يوغان ئاچتى ، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ ھويلىدىكى چىملىققا كېلىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى گويا ئۇنىڭدىكى غەمكىنلىكنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ سىلبىيدىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يېنىش-يېنىشلاپ زىكرى قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتكە بولغان ئاجىز بىر سادا قايتا ياڭرىدى . شەبنەم سۇلىرى بىلەن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن قۇشلار گويا گۈللەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك چاڭىلداپ بەس-بەستە سايراشقا باشلىدى.

## ئىزاھات :

① مىراندا – شېكسپىرنىڭ «بوران – چاپقۇن» ناملىق درامىسىدىكى بىر ئايال پېرسوناژ . ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى مىران گراف مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن . كېيىن گرافلىق مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، قىزى بىلەن بىللە بىر قاقاس ئارالغا سۈرگۈن قىلىنغان .

② كالىبان – شېكسپىرنىڭ «بوران – چاپقۇن» ناملىق درامىسىدىكى بىر پېرسوناژ ، تولىمۇ بەدبەشىرە ، ياۋۇز بىر مالاي .

③ پورتىيا – شېكسپىرنىڭ «ۋېنتسىيىلىك سودىگەر» ناملىق درامىسىدىكى ئايال باش پېرسوناژ .

④ بىياترىس – شېكسپىرنىڭ «يوقتىن بار قىلىش» ناملىق درامىسىدىكى ئايال باش پېرسوناژ .

⑤ كوردېلىيا – شېكسپىرنىڭ «پادىشاھ لىر » ناملىق درامىسىدىكى ئايال باش پېرسوناژ .

# سەككىزىنچى باب

دورىيان ئويغانغان چېغىدا كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى . خوجايىنىنىڭ مۈشۈ ۋاقىتقىچە ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلەنگەن خىزمەتكار ئۇنى ئويغاتمىدى – يوق دېگەن نىيەتتە ئۆيگە پۇتىنىڭ ئۇچىدا نەچچە كىرىپ چىقتى. نىھايەت، دورىيان قوڭغۇراقنى بېسىپ خىزمەتكارنى چاقىردى. خىزمەتكار ۋىكتور فىرانسىيىنىڭ سېرۋىس دېگەن يېرىدىن چىققىدىغان قەدىمىي پاسوندىكى پەتنوستا بىر ئىستاكان چاي ۋە خەت-چەكنى كۈتەرگىنىچە ئاستاغىنە ھوجرىغا كىردى- دە، ئۈچ قاناتلىق پەنجىرىگە ئېسىلغان كۆك ئەستەرلىك يېشىل دۇخاۋا پەردىنى قايرىۋەتتى.

- ئەپەندىم، بەك ياخشى ئۇخلىۋالدىڭىز جۇمۇ بۈگۈن،- دېدى ۋىكتور كۈلۈپ تۇرۇپ.

- سائەت نەچچە بولدى ۋىكتور؟- سورىدى دورىيان گېرىپ ئۇيقۇچان ھالەتتە.

- سائەت بىردىن 15مىنۇت ئۆتتى، ئەپەندىم.

ھەجەپ ۋاقىچە بوپ كېتىپتا! ئۇ كارىۋاتتىن ئۆرە بولۇپ ئىستاكاندىكى چايدىن ئوتلاپ قويدى- دە، مەكتۇپلارغا بىر-بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئارىسىدىكى بىر مەكتۇپنى لورد ھېنىرى يازغان بولۇپ، تېخى ئەتىگەندىلا بىرىدىن ئەۋەتكەنىدى. ئاچايمۇ- ئاچمايمۇ دېگەن نىيەتتە بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرى مەكتۇپنى ئاچتى. باشقا خەتلەرنىمۇ خوشياقمىغان ھالدا بىر- بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى. مەكتۇپلارنىڭ ھەممىسى ئاتام ئېيتقان ئاتكىرىتكا، زىياپەت باغىقى، شەخسىي كۆرگەزمىسىگە كىرىش بېلىتى، خەيىر-ساخاۋەت مۇزىكا كېچىلىكىنىڭ نۇمۇر تىزىملىكى دېگەندەك نەرسىلەر ئىدى. بۇ پەسىلدە 1 مودا قوغلىشىدىغان بەزى ياشلار مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى سەندىن مەن قالامتىم دېگەندەك ھەركۈنى دېگۈدەك ئۇيۇشتۇراتتى. خەت- چەكلەرنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بىر پارچىسى لۇيىس XV دەۋرىدىكى كۈمۈشتىن ياسالغان گىرىم بۇيۇمىنىڭ يۇقىرى سومملىق تالونى بولۇپ، دورىيان بۇ تالونى ئۆزىنىڭ ۋەسىيسىگە ئەۋەتىپ بېرىشكە تېخىچە جۈرئەت قىلالماي يۈرەتتى. ئۇلار تولىمۇ مۇتەسسىپ بولۇپ، بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى.قالغانلىرى جېرمىن كوچىسىدىكى قەرز بېرىش خوجايىنلىرىدىن كەلگەن خەتلەر ئىدى. خەتتە دورىيان ھايتلا دەپ قويسا، ھەرقانچە زور سوممىدىكى قەرز بولسىمۇ

بىرىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆسمىنىڭمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىدى.

ئالاھەزەل 10مىنۇتلاردىن كېيىن، دورىيان كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان، ناھايىتى نەپىس تىكىلگەن يىپەك كۆينىكىنى يىپىنچاقلىغىنىچە ئاستىغا مەرمەرتاش ياتقۇزۇلغان مۇنچىغا كىردى. ئۇخلاۋېرىپ خارامۇش بولۇپ قالغان دورىيان مۇزدەك سۇدا يۇيۇنۇپ بوشىكچىلا تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇ گويا تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئىشىنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىتە بىر تىراگېدىيىگە دۇچار بولغىنىنى خىر-شىرە ھېس قىلدىيۇ، لېكىن ئۇنى چۈشۈم ئوخشايدۇ دەپ، پەرۋا قىلمىدى. ئۇ تولۇق كىيىنىپ كۇتۇپخانىسىغا كىردى- دە، ئوچۇق دەرىزىنىڭ يېنىدىكى ئەپچىلگىنە كەلگەن يۇمۇلاق ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، خىزمەتكار تەييارلاپ قويغان فىرانسىيىچە ئاددىي ناشتىلىغىنى يېيىشكە تۇتۇندى. ھاۋا بوشىكچىلا ياخشى ئىدى، سالقىن ھاۋادىن گۈل- چېچەكلەرنىڭ ھىدى كېلەتتى. بىر تال ھەسەل ھەرىسى دەرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى سىرىق ئەتىرگۈل سېلىپ قويۇلغان ساپال لوڭقىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ غۇڭغىلداشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

توساتتىن، ئۇنىڭ نەزىرى رەسىمنىڭ يۈزىگە تارتىپ قويۇلغان، پەردىگە چۈشۈپ قالدى ۋە بەدىنىگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى.

- توڭلاۋاتامسىز ئەپەندىم؟- خىزمەتكار شۇنداق دەپ سورىغاچ تەخسىدىكى تۇخۇم پوشكىلنى ئۈستەلگە قويدى،- دەرىزىنى يېپىۋېتەيمۇ- يا؟

- ياق، توڭلىمىدىم،- دېدى دورىيان بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

ئەجىبا، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟ رەسىم راستىنلا ئۆزگىرىپ قالدىمۇ ياكى ئۇ يېڭىلىشىۋاتامدۇ؟ تولىمۇ خۇشخۇي ھالەتتە سىزىلغان رەسىمنىڭ تۇرۇپلا يىرگىنىچلىك ھالەتكە ئۆزگىرىپ قالغىنى نېمىسى؟ رەسىمنىڭ رەختىغۇ ئۆزلىگىدىن ئۆزگىرىپ قالماس؟ ئەجەپ غەلىتە ئىشقۇ- بۇ! بۇنى بازىلغا دەپ بېرىدىغان بولسام، ئۇ چوقۇم كۈلۈپ كېتىدۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغىنىنى كۆرگىنى شۇنداق ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ! ئۇي قاراڭغۇ چاغدىغۇ شۇنداق كۆرۈنسۇن، لېكىن پەردىنى قايرىۋېتىپ يورۇقتا قارىسىمۇ، رەسىمنىڭ جاۋغىيىدا بىلىنەر- بىلىنمەس بىر رەھىمسىزلىكنىڭ قېتىپ قالغىنىنى كۆردىغۇ. ئۇ قورققىنىدىن ئىچىدە خىزمەتكارنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكىنى تىلىدى. ئەگەر ئۆزى يالغۇز قالسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي رەسىمگە قاراپ سالاتتى. ئۇ رەسىمنىڭ راستىنلا شۇنداق ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. خىزمەتكار قەھۋە بىلەن سىگارتنى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلدى، دورىيان خىزمەتكارنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكىنى شۇنچە تىلىدى. خىزمەتكار ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى

يېپىشىغا، دورىيان ئۇنى چاقىردى. خىزمەتكار، نېمە تاپشۇرۇقى باركىن، دېگەن مەنىدە ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ قەدىمىنى توختاتتى. دورىيان ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئۇھسىنغان ھالدا دېدى:

- ۋىكتور ئىزدەپ كەلگەنلەرگە مېنى يوق دەپ قويغىن.

خىزمەتكار بىرنى تازىم قىلىۋېتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى- دە، بىر تال تاماكا ياندۇرۇپ، رەسىمنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېسىل كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.پەردە لۇيىس IV x دەۋرىدىكى پاسوندا ئىسپانىيە خۇرۇمىدىن تىكىلگەن، يۇزىگە ئالا بۇلماچ گۈل چۇشۇرۇلگەن بولۇپ، ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى. دورىيان گويا بۇ پەردىنىڭ ئىلگىرى ئاللىكىملەرنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى يۇشۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، قىزىقسىنىش نەزىرىدە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ پەردىنى قايرىۋەتسۇنمۇ؟ ياكى ئۇ ئۆز جايىدا تۇرىۋەرسۇنمۇ؟ رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغان- قالمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممۇ؟ ئەگەر رەسىم راستىنلا ئۆگىرىپ قالغان بولسا، ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىش بولىدۇ. ئۆزگەرمىگەن بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ ئالمادىس، بىرەرسى ئۇقۇشماي پەردىنى قايرىپ رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ناۋادا بازىل ئۆيگە كەلگەندە كۆرۈپ قالسا نېمە دېگۈلۈك؟ بازىل رەسىمنى كۆگىلى كەلمەي قالمايدۇ. ياق، بۇ ئىشنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئېنىقلاپ بېقىش كېرەك. بۇ، گۇمانسىراپ، ئەنسىرەپ ئولتۇرۇشتىن مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟دورىيان ئورنىدىن لىككىدە تۇردى- دە، رەسىمدىكى بەدبەشىرە چىرايىمنى باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دېگەندەك، ئىككىلا ئىشىكنى قۇلۇپلىدى، ئاندىن پەردىنى قايرىۋېتىپ، رەسىمگە ئۇدۇلىدىن قارىدى. رەسىم ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بولدى، دەسلەپتە ئىلمىي جەھەتتىن كۆزىتىپ، رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىدىن گاڭگىراپلا قالدى، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىغا زادىلا ئەقلى يەتمىدى. ئەمما رەسىمنىڭ ئۆزەرىپ قالغانلىقى پاكىت ئىدى. رەسىمدىكى ئوبراز ۋە رەسىم سىزىشقا ئىشلىتىلگەن بوياقنىڭ خىمىيلىك تەركىۋى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ بىر خىل باغلىنىش بامۇ نېمە؟ ئەجىبا، ئۇنىڭ روھى نېمىنى خىيال قىلسا، بوياقنىڭ تەركىۋىدىكى خىمىيلىك تەركىبلەر ئۇنىڭ خىيالىنى روياپقا چىقىرامدىغاندۇ؟ ياكى بولمىسا بۇنىڭدا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىرەر سەۋەب بارمىدۇ؟ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىختىيارسىز

تىترەك ئۇلاشتى- دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، بىر خىل ۋەھىمە ۋە يىرگىنىش نەزىرىدە رەسىمگە تىكىلىپ قارىدى.

رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن دورىيان ۋىيىنغا ئۇۋال قىلغىنىنى، شەپقەتسىزلىك قىلغىنىنى ھېس قىلدى. خاتالىقىنى ئەمدى تونۇسىمۇ كېچىكمەيدۇ، سىبلىبي يەنىلا ئۇنىڭ ئايالى بولىۋېرىدۇ.ئۇنىڭ خىيالىيلىقتىن قۇتۇلالمىغان، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى مۇھەببىتى ئەمدى بۇيۈكلىشىدۇ، ھەققىي، ساپ مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ. بازىل خالاۋارد سىزغان ئاشۇ رەسىم ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى نىشانى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ رولى بەزىلەرنىڭ ئاجايىپ كۈچ- قۇدرىتىنى، بەزىلەرنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا تەڭرىدىن ھېيقىشىنى ئۆزىگە نىشان قىلىۋالغىنىدىن قىلىشمايدۇ. دۇنيادا تەننى زەئىپلەشتۈرىدىغان ئەپيۇن، ئەخلاقنى پايخان قىلىدىغان زەھەرلىك بۇيۇملار ئەۋج ئالغىنى بىلەن، بۇ يەردە، چۈشكۈنلۈك ۋە جىنايەتنىڭ ئاشكارا سىمۋولى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز روھىنى گۇمران قىلىشىدىكى مەڭگۈلۈك بىر بەلگە بار. سائەت ئۇچكە، تۆتكە، تۆت يېرىمگە داڭ ئۇردى، لېكىن دورىيان ئورنىدىن ھېچ قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتىنى گويا بىر قىزىل يىپقا ئوخشىتىپ، ئۇ يىپتىن بىر لايىھە توقۇپ، ئۆزىنى مەھكەم ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان يەڭگىلتەك ھېسسىياتىنىڭ سىرلىق قەسرىدىن چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان بىر يولنى تاپماقچى بولىدى. ئۇ نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى ئويلاش كېرەكلىكىنى ھېچ بىلمەيتتى. نىھايەت، ئۇ ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان تەلۋىلىكلىرىگە پۇشمان قىلدى، مەھبۇبىسىدىن ئەپۇ سوراپ، تولىمۇ تەسىرلىك قىلىپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. ئۇنىڭ يازغان مەكتۇپىنىڭ ھەربىر جۈملىسىدىن، ھەربىر بېتىدىن چەكسىز ھەسرەت- نادامەت، ئېيتقۇسىز دەردىجىدىكى بىر خىل مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەشمۇ ۋاقتى كەلسە بىرخىل ھوزۇر ئىدى. ئۆزىمىزنى ئەيىبلىگەن چېغىمىزدا، باشقىلارنىڭ بىزنى ئەيىبلەشكە ھەققى يوقتەك ھېس قىلىمىز، قىلمىش- ئەتمىشلىرىمىزگە توۋا قىلساقلا، كەچۈرۈم دېگەن شۇ. دورىيان مەكتۇپنى يېزىپ بولۇپ، سىبلىبىنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشكەندەك خېلى يېنىكلەپ قالدى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك چېكىلىپ، تاشقىرىدا لورد ھېنرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- قەدىرلىك دورىيان، سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، مېنى كۆرگىلى قويۇڭ. بۇنداق ئۆيگە بىكىنىۋالسىڭىز، زادىلا چىدىيالمايدىكەنمەن. ئۇ دەسلەپتە ئۇندىمەستىن جىممىدە تۇرىۋالدى. لورد ھېنرى ئىشىكنى ئېتىمۇ قاتتىق چەككىلى تۇردى، ئۇزايىدىن ھېچ كېتىدىغاندەك قىلمايتتى. بوپتۇلا، ئۇنى كۆرگىلى قوياي. دورىيان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى يېڭىدىن باشلىماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش، گىزى كەلسە ئۇنىڭ

دەككىسىنى بېرىپ، مۇناسىۋەتنى چورتلا ئۈزۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ لككىدە ئورنىدىن تۇردى- دە، رەسىمنىڭ يۈزىگە پەردە تارتىپ قويۇپ، ئىشكنى ئاچتى.

- بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ دورىيان،- دېدى لورد ھېنىرى ئىشىكتىن كىرىپلا،- لېكىن بەك جىق ئويلاپ كەتمەڭ.

- سىبىل ۋېيىن توغرىسىدىكى ئىشنى دەۋاتامسىز؟- سورىدى دورىيان.

- شۇنداق،- لورد ھېنىرى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ قولىدىكى سېرىق پەلىيىنى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن سالغاچ جاۋاب بەردى،- تازا قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ. لېكىن بۇنى سىزدىن كۆرۈشكىمۇ بولمايدۇ. ئېيتىڭە، ئۇيۇن تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنى كۆرگىلى سەھنىنىڭ كەينىگە ئۆتكەنمىدىڭىز؟

- ھەئە.

- شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانمىدىڭىز؟

- مەن ئۇنىڭغا بەك قوپاللىق قىپتىمەن ھارى. لېكىن، ھەممە ئىشلارنىڭ ياخشى بوپ كېتىشىگە ئىشىنىمەن. يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئەپسۇسلانمايمەن، شۇ باھانىدا ئۆزۈمنى ئوبدان چۈشىنىۋالدىم.

- ھەي، دورىيان! بۇ ئىشقا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىڭىزدىن بەك مەمنۇن بولدۇم! مەن تېخى سىزنى چەكسىز ھەسرەت-نادامەت دەستىدىن چىرايلىق ئالتۇن چاچلىرىنى يۇلۇپ ئولتۇرامدىكىن دەپتىمەن.

- ھەممە ئىشلار كاللامدىن ئۆتتى،- دورىيان كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى،- شۇ تاپتا مەن بەك خوشال. ۋىجدان دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى بىلىپ يەتتىم. ئۇ ھەرگىزمۇ سىز دېگەندەك نەرسە ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسە ئىكەن. ھارى، ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا ۋىجدانىنى مەسخىرە قىلىدىغان گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ. مەن ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بولىمەن، روھىمىنىڭ پەسكەشلىشىپ كېتىشىگە ئەمدى ھەرگىز يول قويمايمەن.

- ئېتىكىنىڭ بەدىئىي ئاساسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، دورىيان! سىزنى تەبرىكلەيمەن. قېنى ئېيتىڭە، يېڭى تۇرمۇشىڭىزنى قانداق باشلىماقچىسىز؟

– سىبىل ۋېيىن بىلەن توي قىلىمەن.

- سىبىل ۋېيىن بىلەن توي قىلىمەن!- لورد ھېنىرى ۋارقىرىغىنىچە دېرىزىگە ئورنىدىن تۇرۇۋ كەتتى ۋە ھەيرانلىق، گاڭگىراش ئىلكىدە دورىيانغا تىكىلدى،- لېكىن، قەدىرلىك دورىيان....

- شۇنداق ھارى، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى بىلىمەن. نىكاھ ھەققىدىكى ئادەمنى

ۋەھىمىگە سالىدىغان گەپلىرىڭىزنى دېمەيلا قويۇڭ، ئۇنداق گەپلەرنى ئەمدى ماڭا ئىككىنچىلەپ دېگۈچى بولماڭ. ئىككى كۈن ئىلگىرى مەن سىببىلغا توي تەكلىپى قويۇپ بولدۇم. ئەمدى گېپىمدىن يېنىۋالسام بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان.

- ئۇنىڭ بىلەن توي قىلامسىز؟ دورىيان؟....

– ئەتتىگەن خىزمەتكارىمدىن ئەۋەتكەن خەتنى ئوقۇمىدىڭىزما؟

- ماڭا خەت يازغانمىدىڭىز؟ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. خېتىڭىزنى تېخى ئوقۇغۇدەك بولمىدىم ھاررى. خېتىڭىزدە مېنى بىزار قىلىدىغان گەپلەر بوپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن. ھە دېسىلا ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىز بىلەن ھاياتنى بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز قىلىۋېتىدىكەنسىز.

- گېپىڭىزچە، ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز يوقكەندە؟

– قايسى ئىشلارنى دەۋاتامسىز؟

لورد ھېنىرى دورىياننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭڭىدە تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى،- دورىيان، مەن خېتىمدە... ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ ئاڭلاڭ.... مەن خېتىمدە سىزگە سىببىل ۋېيىننىڭ تۇنۇگۈن ئاخشام ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېمەكچى ئىدىم.

دورىيان يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدىكى ئايانچىلىق ئاۋازدا ئاھ ئۇردى. ئورنىدىن دىرىڭڭىدە سەكرەپ تۇردى ۋە قولىنى ھېنىرى لوردنىڭ قولىدىكى ئالدىراپقىنا تارتىۋالدى:

- نېمە؟ سىببىل ئۆلدى، دېدىڭىزما؟ يالغان ئېيتىۋاتىسىز! نېمە دېگەن بىمەنە گەپ-بۇ! ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلىشقا قانداق پېتىندىڭىز؟

- دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راستە دورىيان،- دېدى لورد ھېنىرى كەسكىن تەرىزدە،- بۇ ئىش سەھەر گېزىتىنىڭ ھەممىسىدە خەۋەر قىلىندى. مەن خېتىمدە سىزگە مەن كەلمىگۈچە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى جېكىلىمەكچى ئىدىم. ئېنىقكى، جەسەت تەكشۈرۈلمەي قالمايدۇ.

- لېكىن، سىز بۇ ئىشقا ھەرگىز چېتىلىپ قالماڭ. بۇ ئىش پارىژدا يۈز بەرگەن بولسىغۇ شۇ ھامان نامىڭىز چىقىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، لوندوندا كىشىلەر بۇنداق ئىشقا باشقىچە قارايدۇ. شۇڭا، سىز بۇنداق سەتچىلىككە چېتىلىپ قالسىڭىز بولمايدۇ.بۇ ئىشنى مەڭگۈ بىرسىگە تىنىغۇچى بولماڭ.پەرىزىمچە، تىياترخانىدىكىلەر ئىسمىڭىزنى تېخى بىلمەيدىغۇ دەيمەن؟ ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالسا ھېچ ئىش بولمايدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزنى بىرەرسى كۆردىمۇ؟ بۇ بەك مۇھىم.

دورىيان خېلىغىچە گەپ قىلماي جىممىدە تۇرۇپ كەتتى، ئۇ لورد ھېنىرىنىڭ گەپلەردىن داڭقىپ تۇرۇپلا قالغاندى. نىھايەت، ئۇ گاچىلاشقان ھالدا دېدى:

ھارری، جەسەتنى تەكشۈرىدۇ دېدىڭىزما؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئەجىبا سىبىل... ھەي، ھارری، شۇ تاپتا مەن گاڭگىراپلا قېلىۋاتىمەن. ئېيتىڭە، ماڭا نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېز ئېيتىپ بېرىڭ!

- بۇنى تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. دورىيان كىشىلەرنى مۇشۇنداق ئويغا كەلتۈرۈش كېرەك. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئالاھەزەل سائەت 12يېرىملار ئەتراپىدا ئاپىسى بىلەن تىياتىرخانىدىن چىققان. تۇيۇقسىز بىر نەرسەمنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەن. ئۇلار سىبىلنى خېلى ساقلىغان، ئەمما، ئۇ زادىلا چۈشمىگەن. ئۇلار ئاخىرى ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۇنىڭ كىيىم يۈتكەش ئۆيىدە ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ ئارتىستلار ئىشلىتىدىغان زەھەرلىك گىرىم بويۇمنى ئۇقۇشماي يەۋاپتۇدەك. نېمە يەۋالغىنى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ، تەركىبىدە گىدروسىيانىد دەمدۇ، قوغۇشۇن دەمدۇ، ئىشقىلىپ زەھەرلىك ماددىنىڭ بارلىقى ئېنىقكەن. ئۇ گىدروسىيانىد يەۋالمىغان بولسا، ئۇنچىۋالا تېز جېنى چىقىپ كەتمىگەن بولاتتى.

- ھارری، ھارری، ئادەمنى نېمانداق قورقۇتىسىز ئېچىنىشلىق ۋارقىرىدى، دورىيان.

- شۇنداق، بەك ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ. لېكىن بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالسىڭىز بولمايدۇ. << ئۆلچەم گېزىتى>> دە ئۇنى، ئەمدىلا 17ياشقا كىرگەن دەپ يېزىپتۇ. مەن تېخى ئۇنىڭ بالا چىرايىغا، رولنى ياخشى ئالالمىغىنىغا قاراپ يېشى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكمىكىن دەپ قاپتىمەن. دورىيان، بۇ ئىش ئۈچۈن ھەرگىز ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ يۈرمەڭ. كەچتە ئىككەيلەن بىرگە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تىياتىرخانىغا بېرىپ كىلەيلى. بۈگۈن ئاخشام پەتتى② ئويۇن قويىدىكەن، ئويۇن كۆرگىلى كېلىدىغانلار بەك كۆپ ھەقاچان. سىز ئاچام ئولتۇرغان ئايرىمخانىدا ئولتۇرۇڭ، ئۇ سەتەڭ دوستلىرىدىن بىر نەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇ باھانىدا كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

- بۇ گېپىڭىزچە، سىبىلنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپتىمەن-دە،- دېدى دورىيان،- لېكىن، ئەتتىرگۈلنىڭ گۈزەللىكى بۇنىڭلىق بىلەنلا يوقىلىپ كەتمەيدۇ. قۇشلار باغچامدا ئاۋۋالقىدەكلا خەندان ئۇرۇپ سايرىشىۋېرىدۇ. كەچتە سىز بىلەن بىللە تاماق يەيمەن، ئاندىن تىياتىرخانىغا بارىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىرەر يەرنى تېپىپ چىلاشقۇدەك راسا ئىچىمەن. ھايات دېگەن كومېدىيە بىلەن تولغان بولىدىكەن! ئەگەر مۇشۇلارنى كىتابتىن ئوقۇغان بولسام، چوقۇمكى ھەسرەت ئىچىدە يۇم-يۇم يىغلاپ كەتكەن بولار ئىدىم، ھارری. ھالبۇكى، تۇرمۇشۇمدا كومېدىيە يۈز بەردى. بۇنىڭغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، شۇ تاپتا ياش تۆكۈشكىمۇ ئامالسىز تۇرۇپتىمەن. بۇ- ھاياتىمدىكى قايناق سۆيگۈ ئىزھارلىرى

بىلەن تولغان تۇنجى سۆيگۈ مەكتۇپۇم ئىدى. قىزىق ئىش، تۇنجى سۆيگۈ مەكتۇپۇمنى ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىزغا يېزىپتىمەن ئەمەسمۇ. بىز ئۆلۈپ كەتتى دەۋاتقان ئاشۇ كىشىلە بۇنى ھېس قىلالارمۇ؟ سىبىل مېنىڭ ئۆزىگە خەت يازغىنىمنى ھېس قىلالارمۇ، ئاڭلىيالارمۇ؟ ھەي، مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىمغۇ! بۇ ئىش مانا ئەمدىلىكتە نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىشتەكلا تۇيۇلىدىغان بوپ قالدى. ئۇ مېنىڭ بارلىقىم ئىدى. ئەمما تۆنۈگۈنكى نەس باسقۇر كېچە ھەممىنى گۇمران قىلدى. ئۇ رولنى زادىلا ياخشى ئالالمىدى، بۇنىڭدىن بەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇ ماڭا نېمىشقا شۇنداق بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زارلىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ دېمىگەن گەپلىرى قالمىدى. مەن ئۇنى << ھالىڭ شۇنچىلىكمىدى>> دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ شۇنچە يىلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماپتىمەن ئەمەسمۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەردى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. كېيىن ئۆزۈمنىڭ ھەققەتەن خاتا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراي دېگەن چېغىمدا، ئۇ بۇ ئالەم بىلەنخوشلىشىپتۇ ئەمەسمۇ! ئاھ تەڭرىم! ئېيتىڭە، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟ مېنىڭ شۇ تاپتا نەقەدەر خەتەرلىك ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز، مانا ئىمكان قالمىدى. ئەسلىدە سىبىل مېنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدا ھەققى يوق ئىدى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ بەك شەخسىيەتچىلىك قىپتۇ.

- قەدىرلىك دورىيان،- لورد ھېنرى تاماكا قۇتۇسىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ، ئالتۇن يالىتىلغان سەرەڭگىسى بىلەن ئوت تۇتاشتۇردى،- ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىرلا ئۇسۇلى بار. يەنى، ئۇلار ئەرلەرنى بىزار قىلىش ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تۇرمۇشتىن بەكلا سوۋۇتىۋېتىدۇ. ئەگەر سىبىل بىلەن توي قىلغان بولسىڭىز، سىزنى تازا نەس باسقان بولاتتى. سىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتىڭىز. بىز ئادەتتە ئۆزىمىز قىزىقمايدىغان ئادەملەرگە زىيادە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋېتىمىز. ئەمما ئۇ سىزنىڭ ئۆزىگە قىلچە قىزىقمايدىغانلىقىڭىزنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالاتتى. ئاياللار ئېرىنىڭ ئۆزىدىن كۆڭلى قالغىنىنى سەزگەن ھامان، بىر بولسا چىرايلىق ياسىنىپ يۈرمەي ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ؛ بىر بولسا، مودا شلەپىلەرنى كىيىپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، باشقا ئەرلەرنىڭ يولىنى خەجلەيدىغان بوپ قالىدۇ. مەن بۇنداق نىكاھنى ھەرگىز قوللىمايمەن. بۇنداق نىكاھنىڭ ھەرگىز ئايىغى چىقمايدۇ، ھامىنى بىر كۈنى چاك-چاك چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ.

- مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن،- دېدى دورىيان بوش ئاۋازدا. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ھېلى ئۇياققا، سېلى بۇياققا ماڭاتتى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى،- مېنىڭچە، ھەممە

مەسئۇلىيەت مەندە. بۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە پۈتۈن ئىشلىرىمنى گۇمران قىلدى. ئەمما خاتالىق مەندە ئەمەس. سىز ماڭا ئىلگىرى:<< ياخشى قارار كېچىكىپ چىقىرىلغاچقا، ھامىنى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ>> دېگەن ئىدىڭىز. مېنىڭ قارارىممۇ ئەنە شۇنداق كېچىكىپ چىقىرىلىپ قالدى.

- ياخشى قارار_ ئىلىم- پەن نىيىتىدىن چەتنىگەن قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ساختا شان- شەرەپنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولغاچقا، نەتىجىسى چىقمايدۇ. ئۇ بىزگە ئاندا- ساندا قىزغىن ئەمما پايدىسى يوق قۇرۇق ھېسسىياتلارنى ئاتا قىلىپ قويىدۇ. ئۇ- ئاجىزلارغا ناھايىتى قالتىس تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنى پەقەت مۇشۇنچىلىكلا تەربىيلەش مۇمكىن. يىغىپ- يۇگەپ كەلگەندە، سىزنىڭ چىقارغان قارارىڭىز پۇل يوق قۇرۇق چەككىلا ئوخشايدۇ خالاس.

- ھاررى ، – دورىيان ھېنرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، – بۇ تىراگېدىيە ئۇچۇن شۇنچە قىلساممۇ ئازابلىنالمايۋاتىمەن . بۇ زادى نېمە ئۇچۇن ؟ ئېيتىڭە ، مەن بەك رەھىمسىزمۇ قانداق ؟

- ئىككى ھەپتىنىڭىياقى قىلغان ئەخمىقانە ئىشلىرىڭىز ئاز ئەمەس ، «رەھىمسىز » دېگەن بۇ چىرايلىق نامغا تېخى سالاھىيىتىڭىز توشمايدۇ دورىيان ، – دەپ كۈلۈپ قويدى لورد ھېنرى چىرايىغا قايغۇلۇق ئەمما يېقىملىق تۈس بېرىپ .

دورىيان گىرىپىنىڭ ئىختىيارسىز قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كېتتى .

- بۇ گېپىڭىز ماڭا ياقمىدى ھاررى ، – دېدى ئۇ رەددىيە بېرىپ ، – لېكىن ، مېنى رەھىمسىزلەر قاتارىغا چىقىرىۋەتمىگەنلىكىڭىزدىن ھەر ھالدا خۇرسەن بولدۇم ، مەن ئۇنداق رەھىمسىز ئادەملەردىن ئەمەس . لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى ، بۇ ئىشنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ئويلىغىنىمدىكىدەك ئېغىر بولمىدى . نەزىرىمدە بۇ ئىش پەقەت قالتىس ئاياغلاشقان بىر ئويۇن خالاس . بۇ ئويۇن گىرېتسىيە ئۇسلۇبىدىكى تىراگېدىيەلەرنىڭ ۋەھىمە گۈزەللىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ، مەن پەقەت مۇشۇ تىراگېدىيىدە رول ئالغان ، قەلبى شىكەستلەنمىگەن بىر باش پېرسوناژ .

- ھەجەپ قىزىق گەپ قىلدىڭىزا ، – دېدى لورد ھېنرى . ئۇ شۇ تاپتا دورىياننى گەپكە سېلىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلالمايدىغان شەخسىيەتچىلىكىدىن ئالەمچە ھوزۇر ئېلىپ ئولتۇراتتى ، – مېنىڭچە ، «رەھىمسىزلىك » دېگەن بۇ سۆزگە مۇشۇنداقلا تەبىر بېرىشكە بولىدۇ . تۇرمۇشتا روي بەرگەن تىراگېدىيەلەرنىڭ ھېچقانداق بەدىئىيلىكى بولمايدۇ . بۇ تىراگېدىيەلەر ئۇچىغا چىققان شەپقەتسىزلىكى ، دەھشەتلىكلىكى ، بىمەنىلىكى بىلەن بىزنى ئېچىنىشلىق كۈلپەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئوچۇقتىن – ئوچۇق

زوراۋانلىقلىرى بىزگە تەسىر قىلىپ ، بىزارلىقىمىزنى ، قارشىلىقىمىزنى قوزغايدۇ . ھالبۇكى ، تۇرمۇشتا يەنە ناگان – ناگاندا ئىستېتىك تۇيغۇغا باي تراگېدىيىلەرمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ . ئەگەر مۇشۇ تراگېدىيىلەردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسى چىن ، ھەقىقىي بولىدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كومېدىيىلىك تۈسى قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇ . شۇندىلا ئۆزىمىزنى بۇ تراگېدىيىنىڭ بىر پېرسوناژى ئەمەس ، بەلكى تاماشىبىنى ، توغرىراقى ھەم پېرسوناژى ، ھەم تاماشىبىنى ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز . شۇنىڭ بىلەن ، ئۆزىمىزنى سىنچى كۆزلىرىمىز بىلەن كۆزىتىشكە باشلايمىز – دە ، تراگېدىيىنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى بىزنى مەپتۇن قىلىپلىۋالىدۇ . ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن مۇشۇ تراگېدىيىنى ئالايلى ، مانا سىبىلمۇ سىزنى زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى . بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بولسىچۇ كاشكى ، شۇنداق بولغان بولسا ، قالغان ئۆمرۈمدە مۇھەببەتتىن ئۆزگىگە كۆڭلۈمنى بەرمەي ئۆتۈپ كېتەر ئىدىم . مېنى زىيادە ياشى كۆرىدىغانلار يوق ئەمەس بار . لېكىن ئانچە كۆپ ئەمەس . بىر – بىرمىزنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئايرىلىپ كېتىشكەنلەرنىڭ ئىچىدە نەچچىسى تېخىچە ھايات ياشاۋاتىدۇ ، بەزىلىرى بېيىپمۇ كەتتى . ئۇچرىشىپ قالساقلا ، ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالىدۇ . گاھىدا ھەيران قالىمەن ، ئاياللارنىڭ خاتىرىسى ئاجايىپ ياخشى بولىدىكەنيۇ ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ كۈچلۈك خاتىرىسى زېھنىنى جايىدىلا توختىتىپلا قويىدىكەن !بىز ھاياتنىڭ جۇشقۇنلۇقى ، رەڭدارلىقىغا ئىنتىلىشىمىز كېرەككى ، تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق – چۈششەك چاكىنا تەپسىلاتلىرىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك .

- باغچامغا ئەپيۇنگۈل ③ تېرىپ قويسام بولىدىغان ئوخشايدۇ ، – دېدى دورىيان ئۇھسىنىپ قويۇپ .

- ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، – رەددىيە بەردى لورد ھېنرى ، – ھاياتنىڭ ھەرقانداق چېغىدا ئەپيۇنگۈل كەم بولمايدۇ . ئەلۋەتتە ، بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس . ئىلگىرى مەنمۇ ئاسانلىقچە ئايىغى چىقمايدىغان بىر مۇھەببەتكە ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن رومانتىكراق بولسۇن دەپ ، يېزىچە رۇخسار گۈلى تاقاپ يۈردۈم . نىھايەت مەن بىزار بولغان ئۇ مۇھەببەت گۇمران بولدى . ئەمما نېمە سەۋەبتىن گۇمران بولغانلىقىنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن . ئېھتىمال ئۇ ئايالنىڭ مەن ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچىشكە رازى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك . ئۇ مەن ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچىشكە رازى بولغان ئاشۇ دەقىقە ماڭا ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى ، ھەم شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ۋۇجۇدۇمنى ۋەھىمە ، قورقۇنچى چىرمىۋالدى . بىر گەپنى دېسەم ئىشىنەرسىزمۇ ؟ ئالدىنقى ھەپتە ھامپشىر خانىمنىڭ ئۆيىگە كەچلىك زىياپەتكە باردىم ، خامپىزىر خانىم يېنىمدىلا

ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى چۈۋۈپ ، كونا خامانني سورىغىلى تۇردى . ھېلى ئۆتمۈشتىن ، ھېلى كەلگۈسىدىن گەپ ئېچىپ توختىماي سۆزلىدى . مەن ئۇ رومانتىك ئەسلىمىلەرنى ئالىلقاچان ۋىنكا گۈلى④ تەشتىكىگە دەپنە قىلىۋەتكەن ئىدىم . خامپىشىر خانىم ئۆتمۈشىمىزنى تىلغا ئېلىپ ، مېنى «تۇرمۇشىمىزنى خانىۋەيران قىلدىڭىز» دېدى . ئۇنىڭ ئىشتىھاسى بۆلەكچىلا ياخشى ئىدى ، ئاغزى بېسىقماي بىر نەرسە يەيتتى . شۇڭا مەندە ئەنسىرەشتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ كۆزۈمگە تولىمۇ تېتىقسىز كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى . ئۆتمۈش دەل ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا سۆيۈملۈك . ئاياللار مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئويۇننىڭ پەردىسىنىڭ قاچان يىپىلىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ . ئويۇن ئاخىرلىشىپ بولغان بولسىمۇ ، يەنىلا 6 – پەردىسى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەپ تاماشا قىلىشىدۇ . ئويۇننىڭ ھاياجىنى بېسىلماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ يەنە داۋام قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ . ئەگەر ئۇلارنىڭ رايىغا باقىدىغان بولسا ، ھەرقانداق كومېدىيە تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ، تراگېدىيە بولسا قىزىقچىلىق بىلەن تامام بولىدۇ . ئۇلار بۇ ئويۇندا رولنى شۇنچىلىك ياخشى ئالىدۇ – يۇ ، ئالغان رولىنىڭ قىلچە ئىستېتىك تۇيغۇسى بولمايدۇ . بۇ جەھەتتە سىز ماڭا قارىغاندا جىق تەلەيلىككەنسىز . راستىنى ئېيتسام دورىيان ، مەن تونۇيدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدە ھېچقايسىسى تېخى ماڭا سىبىل سىزگە قىلغانچىلىك قىلىپ باقمىدى . چاكىنا ئاياللار ئۆزىنى بەزلەشكە ئۇستا كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئۈچىسىغا غەمكىن تۈس بېرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىۋالىدۇ . يېشى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ، سۆسۈن رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغان ئاياللارغا ھەرگىز ئىشەنمەڭ . يېشى 35 تىن ئېشىپمۇ توخۇۇڭ لېنتىلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللارغىمۇ ئىشەنمەڭ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ كەچمىشلىرى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بەزى ئاياللار ئەرلىرىدىكى بىرەر ئارتۇقچىلىقنى بايقىۋالغانلىقىدىن غايەت زور تەسەللىيگە ئېرىشىدۇ ، خۇددى ئېرىنىڭ يامان يېرىدىن تۇتۇۋالغاندەك ، چېھرىدە نىكاھنىڭ بەخت نۇرلىرى چاقناپ كېتىدۇ . بەزى ئاياللار دىندىن ئۆزىگە تەسەللىي تاپىدۇ . ئىلگىرى بىر ئايال ماڭا : «دىننىي مۇراسىملارنىڭمۇ ئىشقىۋازلىق قىلىشقا ئوخشاش ، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان يەرلىرى كۆپ» دېگەنىدى . بۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىشلىك . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھازىر كىشىلەر گۇناھكار دەپ قارالغاندىلا ئاندىن ساختا شان – شەرەپ قازىنىش ئىستىكى قانائەت تاپىدىغان بولۇپ قالدى . ۋىجدانىمىز بىزنى تولىمۇ شەخسىيەتچى قىلىۋەتتى . شۇنداق ، ئاياللارنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشتىن تاپىدىغان تەسەللىيسى چەكسىز . ئەمەلىيەتتە مەن تەسەللىينىڭ ئەڭ نوچىسىنى تېخى تىلغا ئالمىدىم .

- تەسەللىينىڭ ئەڭ نوچىسى قايسى ھاررى ؟ – سورىدى دورىيان پەرىشان ھالدا .

- ھەي ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ ، باشقىلارنىڭكىنى تارتىۋېلىش تەسەللىينىڭ ئەڭ نوچىسى دېگەن شۇ . يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن داڭ چىقارغان ئاياللار كۆرمىگەن . لېكىن ، شۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز بولماۋدۇ دورىيان ، سىبىل ۋېيىن باشقا ئاياللارغا زادىلا ئوخشىمايدۇ . مېنىڭچە ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە ۋايىغا يەتكەن بىر گۈزەللىك بار ئىكەن . مەن ئۆزۈمنىڭ مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ياشىيالىغىنىمدىن تولىمۇ خۇشال . بۇ مۆجىزىلەر بىزنى رومانتىكلىق ، قايناق ھېسسىيات ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بىزگە باللارچە تۇيۇلىدىغان ئىشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ .

- مەن ئۇنىڭغا بەك تاشىيۈرەكلىك قىلدىم . سىز بۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇۋاتىسىز .

- ئاياللار ئەنە شۇنداق ئۇچىغا چىققان تاشيۈرەكلىكلەرگە ئامراق كېلىدۇ ! ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇڭا ئاشۇنداق ئاجىز ، نازۇك بولىدۇ . بىز ئۇلارغا ھۆرلۈك ئاتا قىلساقمۇ ، ئۇلار خۇددى ئىگىسىگە سادىق قۇلدەك ئەتراپىمىزدىن نېرى كەتمەيدۇ ، ئاشۇنداق ئۆزگىلەرگە باش ئېگىش ، ئىتائەت قىلىشتىن ھوزۇر ئالىدۇ . ئىشىنىمەن ، سىز شۇ چاغدا ناھايىتى قەيسەر بولۇپ كەتتىڭىز . مەن سىزنىڭ غەزەبلەنگەن ھالىتىڭىزنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم ، ئەمما تەسەۋۋۇر قىلالايمەن . شۇ چاغدا سىز ئاجايىپ جەلپكار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن . ئۆلۈشكۈن دېگەن گەپلىرىڭىزنى خام خىيال دەپ قاپتىمەن . لېكىن ، ئەمدى چۈشەندىم ، گېپىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىكەن .

- قايسى گەپنى دەيسىز ھاررى ؟

- سىز ماڭا : «سىبىل ۋېيىن مەن ئۈچۈن مۇھەببەت ھېكايىسىدىكى بىر ئايال پېرسوناژ . ئۇ بىر كۈنى دېسدېمونىنىڭ رولىنى ئالسا ، بىر كۈنى ئوپېلىيانىڭ رولىنى ئالىدۇ.جۈلىتتا بولۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئىموگېن بولۇپ تىرىلىدۇ» دېمىگەنمىدىڭىز ؟

- ئەمدى ئۇ ئىككىنچىلەپ تىرىلمەيدۇ ، دېدى دورىيان يۈزلىرىنى چاڭگاللاپ ھەسرەت بىلەن .

- شۇنداق ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى رولىنى ئېلىپ بولدى ، ئەمدى تىرىلمەيدۇ . سىز ئاشۇ چۆلدەرەپ قالغان ئەسكى تىياتىرخانىنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدە يۈز بەرگەن بۇ غېرىبانە ئۆلۈمنى جاكوبىن دەۋرىدىكى تراگېدىيىنىڭ ئېھمىنشلىق بىر بۆلىكى ، ۋېبىستىر ، فورد ، كىرىل ، تۇرنېرلارنىڭ ④ قالتىس كومېدىيىلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ . سىبىل ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رېئال تۇرمۇشىدا ياشاپ باقمىغان ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ

ھەقىقىي ھېسابلانمايدۇ . ھېچبولمىغاندىمۇ ، ئۇ سىز ئۇچۇن مەڭگۈلۈك بىر چۈش ، شېكىسپېرنىڭ دراممىلىرىدا ئەگىپ يۈرىدىغان بىر ئالۋۇب روھ ، شېكىسپېرنىڭ دراممىلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىغا سېھرىي كۈچ ، يېقىملىق كۈي ئاتا قىلىدىغان بىر نەي . ئۇ رېئال تۇرمۇشقا يېقىنلاشقان ھامان گۇمران بولىدۇ ، شۇڭا ئۇ بۇ تراگېدىيىگە دۇچار بولغان . خالىسىڭىز ئوپېلىيا ئۈچۈن قارىلىق تۇتىسىڭىزمۇ ، كوردېلىيانىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىدىن ئازابلىنىپ بېشىڭىزغا كۈل چاچسىڭىزمۇ بولىدۇ . برابانتيونىڭ قىزىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ھەسرەتلىنىپ تەڭرىنى قارغىسىڭىز قارغاڭكى ، ھەرگىزمۇ سىبىل ۋېين ئۈچۈن ياش تۆكمەڭ . سىبىل چىنلىقتا ئاشۇلارنى ھەرگىزمۇ بېسىپ چۈشەلمەيدۇ .

ئارىنى بىر ھازا سۈكۈت قاپلىدى ، ئەتراپقا ئاستا – ئاستا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىپ ، ئۆينى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالدى . بىر نەچچە يوچۇن كۆلەڭگە گۈللۈكتى ئاستاغىنە سۈغۇرۇلۇپ چىقىپ ، غىلمىسسىدە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى . ئۆيدىكى جىمى نەرسە تولىمۇ سۆرۈن بىر تەرزدە كۆزگە تاشلىناتتى .

دورىيان خېلىغىچە ئۈندىمەستىن جىممىدە تۇرۇۋېلىپ بېشىنى كۆتۈردى .

- سىز مېنى ئۆز – ئۆزۈمگە ئوپراتسىيە قىلىپ بەردىڭىز ھاررى ، – دەپ پىچىرلىدى دورىيان ئۇھسىنىپ قويۇپ ، – سىز گويا ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ، ھېس – تۇيغۇلىرىمنى ئەينەن دەپ بېرىۋاتسىز . لېكىن ، مەن بۇ تۇيغۇلاردىن قورقىمەن ، نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن . سىز مېنى بەش قولدەك چۈشىنىدىكەنسىز . ئەمدى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشمايلى . ئۇنى مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ئاجايىپ بىر سەرگۈزەشتە دەپلا بىلىمەن ، خالاس . بىلمىدىم ، ھايات ماڭا يەنە قانداق ئاجايىپ قىسمەتلەرنى ئاتا قىلىدىكىن .

- ھايات سىزگە ئاتا قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنىڭ ھەممىسنى ئاتا قىلىپ بولغان ، دورىيان . سىزگە مانا مۇشۇنداق ھېچكىمدە يوق قاملاشقان رەڭگى – رۇخسار ئاتا قىلغىنىمۇ يەتمەمدۇ ؟

- لېكىن ، ھاررى ، مېنىڭ قېرىپ چىرايىمدىن كەتكەن ، چىرايىمنى يول – يول قورۇقلار باسقان ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭە . شۇ چاغدا قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟

- ھە ، ئۇ چاغدا ، – لورد ھېنرى شۇنداق دەۋېتىپ مېڭىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ، – قەدىرلىك دورىيان ، ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، سىز كۆز ئالدىڭىزدىكى غەلىبىلەرگە ھېچقانداق كۈرەش قىلمايلا ئېرىشىپ قالغان . ياق ، سىزمۇ مۇشۇ قاملاشقان چىرايىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىز كېرەك . ھازىر كىشىلەر كىتابنى كۆپ ئوقۇۋېتىپ ھاماقەتلىشىپ كەتتى . جىق ئىشلارنى

كاللىسىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، چىرايىدىن كېتىشتى . شۇڭا سىز بولسىڭىزمۇ چىرايىڭىزنى ئاسراڭ . دەرھال كىيىملىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ ، پەيتۇنۇم بىلەن كۇلۇبقا بىرىپ كېلىمىز . ھېلىمۇ بەكلا كاچ قالدۇق .

- بولمىسا ئىككىمىز تىياتىرخانىدىلا كۆرۈشەيلى ھارري . سەل چارچاپ قاپتىمەن ، بىر نەرسە يېگۈممۇ يوق. ئاچچىڭىز قانچىنچى نومۇرلۇق ئايرىمخانىدا ئولتۇرىدىغان بوپتۇ ؟

- 27 – نومۇرلۇق ھەشەمەتلىك ئايرىمخانىغۇ دەيمەن . ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكىگە قارىسىڭىز ، ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆرىسىز . كەچلىك تاماقنى مەن بىلەن بىللە يېمىگىنىڭىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم .

- راستىنلا بىر نەرسە يېگۈم يوق ، – دېدى دورىيان تولىمۇ روھسىز قىياپەتتە ، – لېكىن دېگەنلىرىڭىز مېنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالدى . سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستۇمكەنسىز . ھېچكىم مېنى سىزدەك چۈشىنىپ باقمىغان .

- دوستلۇقىمىز تېخى ئەمدى باشلاندى دورىيان ، – دېدى لورد ھېنرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، – خوش ئەمىسە ، سائەت 9:30 دا كۆرۈشەيلى . پەتتىنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ . لورد ھېنرى ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىشىگە ، دورىيان قوڭغۇراقنى باستى . خىزمەتكار ۋىكتور چىراغ كۆتۈرگىنىچە ھايالشمايلا كىرىپ كەلدى ۋە چىراغنى دەرىزە تەكچىسىگە قويدى . دورىيان خىزمەتكارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە بىتاقەت بولۇۋاتاتتى . ئەمما خىزمەتكار بىر ئىشنى باردەكلا ئۆيدە تىمسقلاپ يۈرەتتى .

خىزمەتكار چىقىپ كېتىشى بىلەنلا دورىيان رەسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پەردىنى قايرىۋەتتى . رەسىمدە يېڭى ئۆزگىرىش بولمىغانىدى . رەسىم سىبىل ۋېيىننىڭ ئۆلۈمىدىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن خەۋەر تېپىپ بولغانىدى . دورىياننىڭ تۇرمۇشىدا نېمىلا ئىش يۈز بەرمىسۇن ، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى . رەسىمنىڭ جاۋغىيىدا قېتىپ قالغان ھېلىقى شەپقەتسىزلىك نۇرلىرى چوقۇمكى سىبىل زەھەرلىك دورا يەۋالغان چاغدا پەيدا بولغان گەپ . ياكى ئۇ رەسىم دورىياننىڭ قىلمىش – ئەتمىشلىرىنىڭ نېمە نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەس ؟ ئەجىبا ئۇ روھىي تىنۋشلاردىن ئۆزگىگە دىققەت قىلمامدىغاندۇ ؟ ئۇ چەكسىز بىر ئىزتىراپ ئىچىدە قالغانىدى ، «رەسىمنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ بولارمۇ» دېگەنلەرنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزەتتى . ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ ۋۇجۇدىغا ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى .

بىچارە سىبىل ، خويمۇ رومانتىك ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى دېسە ! ئىلگىرى سەھنىلەردە ئۆلگەن كىشلەرنىڭ رولىنى ئالاتتى ، مانا ئەمدى ، ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىغا

چاڭگال سېلىپ ، ئۇنى جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى . ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئاشۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشنى قانداق ئۇينىغان بولغىيتتى ؟ نەپسى توختاشنىڭ ئالدىدا دورىيانغا لانات ئوقۇغان بولغىيمتتى ؟ ياق ، ئۇ دورىياننى زىيادە ياخشى كۆرگەچكە شۇنداق قىلدى . مۇھەببەت دورىيان ئۈچۈن سىبىلنىڭ ئۆلۈم خەۋپىنى ئاڭلىغان دەقىقىدىن باشلاپ ئەڭ مۇقەددەس نەرسىگە ئايلاندى . ئۇ گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلدى . دورىيان ئەمدى تىياترخانىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئاخشامدا سىبىلنى كۆتۈرۈپ قويۇقسىز ئازابقا مۇپتىلا قىلغانلىقىنى ئىككىنچىلەپ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ . ئۇنى پەقەت گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن تراگېدىيە ئارتىسى ، سەھنىلەردە مۇھەببەتنىڭ چىنلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يارالغان مۇقەددەس ئىنسان سۈپىتىدە ئەسكە ئالىدۇ . ئۇ قانداقمۇ گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن تراگېدىيە ئارتىسى بولسۇن ؟ سىبىلنىڭ بالىلارچە سەبى چىرايى ، كىشى قەلبىنى ساماۋى خىيالار قوينىغا غەرق قىلىدىغان خۇشپىچىم ھەرىكەتلىرى ، نازاكەتلىك ، تارتىنچاق كەلگەن قىياپىتىنى ئەسلەۋاتقان دورىياننىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز يىغا ياماشتى . ئۇ ياشلىرىنى ئالدىراپقىنا سۈرتىۋېتىپ ، رەسىمگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى .

ئۇ تۇرۇپلا تاللاش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى . بەلكىم ئۇ بۇ ھەقتە ئاللىبۇرۇن قارار چىقىرىپ بولغان بولغىيتتى ؟ شۇنداق ، ھايات ۋە ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان چەكسىز ئارزۇ – ئارمانلىرى قارارنى ئۇنىڭ ئورنىدا چىقىرىپ بولغانىدى . ئۇ مەڭگۈ سولماس ياشلىق باھارى ، قاندۇرۇپ بولمايدىغان ئارزۇ – ئىستەكلەر ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق ھوزۇر – ھالاۋەتلەر تەلۋىلەرچە شادىمانلىق ۋە چېكىگە يەتكەن ئەسەبىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا تەل بولۇشىنى ئىستەيتتى . ئۇنىڭ قىلمىش – ئەتمىشلىرى ، شەرمەندىلىكلىرى بولسا رەسىمگە يۈكلىنەتتى . بۇ مانا مۇشۇنچىلىكلا ئىش ئىدى .

ئۇ رەسىمنىڭ قاملاشقان رەڭگى – رۇخسارىنىڭ جاۋغىيىدا قېتىپ قالغان بىلىنەر – بىلىنمەس بىر شەپقەتسىزلىك نۇرى سەۋەبىدىن پايخان بولغانلىقىنى ئويلاۋېتىپ ، ئىختىيارسىز پىچاق تىققاندەك بىر ئاغرىق پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامرىدى . ئىلگىرى ئۇ بالىلارچە قىلىق قىلىپ ، ناركىسسۇسنى دورىغان ، رەسىمدىكى قاملاشقان سىمانىڭ چىرايلىق لەۋلىرىگە سۆيۈپ باققان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ لەۋلەر ئۇنىڭغا شەپقەتسىزلەرچە ھىجىيىپ تۇرماقتا . ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا رەسىمنىڭ ئالدىدا ئۇزۇندىن – ئۇزۇن ئولتۇراتتى ، رەسىمدىكى سىمانىڭ تەڭداشسىز رۇخسارىدىن بەھۇش بولاتتى ، گاھىدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك بىر تۇيغۇدىمۇ بولاتتى .

بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تىز پۈككەن ھەربىر ئېزىقتۇرۇش رەسىمدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلارمۇ ؟ چىرايىدىن مۇدھىش يىغىپ تۇرىدىغان يىرگىنچلىك بىر سىماغا ئايلىنىپ قاراڭغۇ قازناقلارغا سولىنىپ ، ئاشۇ ئالتۇنرەڭ چاچلىرىنى كۆچلۈك نۇرلىرى بىلەن جۇلالاتقان نۇرلۇق قوياش بىلەن ئەبەدىي ۋىدالىشارمۇ ؟ ئېسىت ! ھەي ئېسىت !

توساتتىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزى بىلەن رەسىم ئوتتۇرىسىدا روي بېرىۋاتقان قورقۇنچلۇق تۇيغۇغا مۇشۇ يەردە ھالاقەت بېرىش ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىش ئىستىكى قوزغالدى . ئەگەر ئۇنىڭ ئىلتىجاسى ئىجابەت بولۇپ رەسىمدە ئۆزگىرىش بولسا ، يەنە بىر ئىلتىجا ئارقىلىق ئۇنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش مۇمكىن بولاتتى . ھالبۇكى ، ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان كىشى ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش مۇمكىن بولاتتى . ھالبۇكى ، ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان كىشى ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش پۇرسىتىدىن قانداقمۇ ۋاز كېچەلىسۇن ؟ بۇ پۇرسەت بەلكىم ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەسلىكى ، جانغا زامىن بولىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ئىش راستىنلا ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالارمۇ ؟ ئۇنىڭ قىلغان ئىلتىجالىرى راستىنلا ئۇنىڭ بىلەن رەسىمنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويالارمۇ ؟ ئەجىبا بۇنىڭدا ئاللىقانداق سىرلىق ئىلمىي داۋلىلار يوقمىدۇ ؟ ئىدىيە قېنى بار بىر شەيئىگە تەسىر كۆرسىتەلىگەن يەردە ، جانسىز شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلمەسمۇ ؟ ياق ، ئىدىيە ياكى ئاڭلىق يوسۇندىكى ئارزۇ – ئىستەكلەر بولمىغان تەغدىردىمۇ ، ۋۇجۇدىمىزنىڭ سىرتىدىكى شەيئىلەر روھىي كەيپىياتىمىز ۋە ھېس – تۇيغۇلىرىمىز بىلەن تەڭ لەرزىگە كەلمەسمۇ ؟ ئاتوم بىلەن ئاتوم ئارىسىدا سىرلىق تارتىش كۈچى ۋە يېقىنچىلىق تۇيغۇسى ، ئۆز ئارا بېقىنىش يۈز بەرمەسمۇ ؟ لېكىن ، سەۋەب ئانچە مۇھىم ئەمەس . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋەھىملىك بىر كۈچنى ئىلتىجا ئارقىلىق سىناق قىلىشقا رەۋىتى يوق ئىدى . رەسىم ئۆزگىرىمەن دېسە ، ئۆزگىرىۋەرسۇن . ئۇنچىۋالا ۋايىم يەپ نېمە كەپتۇ ؟

رەسىمنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ھەقىقەتەن ھوزۇرلۇق ئىش ئىدى ، ئۇمۇ شۇ باھانىدا ئايىغى چىقمايدىغان ئاشۇ ئوي – خىياللىرىغا ئەگىشىپ ، سىرلىق روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكەلەيتتى . شۇ تاپتا بۇ رەسىم ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىرلىق ئەينەككە ئايلانغان ، ئۇ ئەينەككە ئۆز ۋۇجۇدىنى نامايان قىلسا ، ئەينەكمۇ ئۇمىڭغا روھىيىتىنى زاھىر قىلىدىغان بوپ قالغانىدى . رەسىم ئۈچۈن جۇدۇنلۇق قىش بولسا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تومۇز ياز بولاتتى . رەسىمنىڭ چىرايىنىڭ نۇرى قېچىپ ، كۆزلىرى خۇنىنى يوقىتىپ پىلدىرلاپ قالسا ، قاملاشقان رەڭگى – رۇخسارى بىلەن بەردەم تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاجايىپ

قاملاشقان چىرايى گويا يېڭىلا ئېچىلغان ، ئاسانلىقچە سولاشمايدىغان بىر گۈل ئىدىكى ، ۋۇجۇدىدىكى تومۇرلار زەئىپلەشمەكتە يوق ، ئاجايىپ شوخلۇق بىلەن تېز – تېز سوقاتتى . ئۇ گويا گېرك ئىلاھلىرىدەك بەردەم ، چەبدەس ، شاد – خۇرام ياشايدۇ .

ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە پەردىنى رەسىمنىڭ يۈزىگە سۈرۈپ قويدى – دە ، ھوقرىسىغا كىرىپ كەتتى . خىزمەتكار ھوجرىدا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكىشى ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇراتتى . بىر سائەتتىن كېيىن ، ئۇ تىياتىرخانىدا بولىدۇ ، لورد ھېنرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ گەپ قىلىپ بېرىدۇ .

# توققۇزىنچى باب

ئەتىسى سەھەر ، دورىيان گرېي ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرۇشىغا ، خىزمەتكار بازىل خالۋاردنى باشلاپ كىردى .

- ھەر نېمە بولسا سىزنى ئاخىرى تاپتىم دورىيان ، - دېدى بازىل تولىمۇ خۇش بولغان ھالدا ، - تۈنۈگۈن كەچتە كەلسەم ، سىزنى تىياتىرخانىغا كەتتى دېدى . بولغان ئىشلارغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، سىزمۇ قەيەرگە بارىدىغانلىقىڭىزنى دەپ قويۇشىڭىز كېرەكتى - دە ! كېچىچە ئۇياققا ئۆرۈلۈپ ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى ، بالا - قازا قوشلاپ كەلمىگىيدى دەپ كۆپ ئەنسىرىدىم . دورىيان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ماڭا تېلېگراممىا يوللايدۇ ، دەپ ئولتۇرۇپتىمەن . كۆلۈبتا يېگىدىن نەشىر قىلىنغان «يەرشارى»گېزىتىدىن تاسادىپىي بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ ، شۇ ھامان ئۆيىڭىزگە كەلدىم ، سىز يوق ، كۆرۈشەلمەي بەك تىت - تىت بولدۇم . بۇ ئىش ئۈچۈن قانچىلىك كۆڭلۈم يېرىم بولغانلىقىنى دېمەيلا قوياي . بىلىمەن ، سىز بۇ ئىش ئۈچۈن چەكسىز ئازابلانىدىڭىز . ئېيتىڭە ، تۈنۈگۈن ئاخشام نەگە باردىڭىز ؟ سىبىلنىڭ ئاپىسىنى كۆرگىلى باردىڭىزمۇ يا ؟ گېزىتتىن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى كۆرۈۋالغان ئىدىم ، تاس قالدىم سىزنى شۇ يەرلەرگىچە ئىزدەپ بارغىلى . ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىيۇستون كوچىسىنىڭ بىر يېرىدىكەنغۇ ؟ لېكىن ، بارغىنىم بىلەنمۇ ، ئۇلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىپ بېرەلمىگەنلىكىم ئۈستىگە ، پاتىپاراق قىلىۋېتىدىكەنمەن . شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ، بۇ نىيىتىمدىنمۇ ياندىم . بىچارە ۋېيىن خانىم ! بۇ ئىش ئۇنىڭغا چوقۇم بەك ئېغىر كەلدى ! سىبىل ئۇنىڭ بىردىنبىر بالىسى ئىدى - دە ! بۇ ھەقتە سىبىل سىزگە بىر نەرسە دېمىگەنمىتى ؟

- قەدىرلىك بازىل ، بۇ ئىشنى مەن نەدىن بىلەي ؟ - دورىيان پەرىشانلىق بىلەن شۇنداق دېگەچ ، ئەينەك ئىستاكاندىكى ئاچ سېرىق رەڭلىك ئۈزۈم ھارىقىدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتتى ، ئۇزايىدىن ئېيتقۇسىز دەرىجىدە پەرىشان بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى ، - تۈنۈگۈن كەچتە تىياتىرخانىغا باردىم ، شۇ يەرگە بارغان بولسىڭىز مېنى تاپالايتتىڭىز . تىياتىرخانىدا لورد ھېنرىنىڭ ئاچىسى گۋېندولېن خانىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ، ئۇنىڭ ئايرىمخانىسىدا بىللە ئولتۇردۇق ، ئۇ ئاجايىپ جەلپكار ، نازاكەتلىك ئايالكەن . پەتتىمۇ ناخشىنى قالتىس ئېيتىۋەتتى . بولدى ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنى تىلغا

ئېلىشمايلى . سىز ئۇ ئىشلارنى يۈز بەرمىگەن دەپ بىلىڭ . ھاررىنىڭ دېگىنىدەك ، مەلۇم بىر ئىش كىشىلەر تەرپىدىن مۇنازىرە قىلىنمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئىش مەۋجۇت بولمىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ . سىزگە دېسەم ، ئۇ يالغۇز بالا ئەمەس ، ئۇنىڭ يەنە ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق بىر ئىنىسى بار . لېكىن ، ئۇ ئاچسىدەك ئارتىست ئەمەسكەن ، غەۋۋاسمۇ ئەيتاۋۇر بىر نېمە دەيدۇ . ئەمدى گەپنى سىزدىن ئاڭلايلى . يېقىندىن بېرى بىرەر نەرسە سىزدىڭىزمۇ ؟

- تىياتىرخانىغا باردىڭىزما ؟ – بازىل خالۋارد ئاۋازىغا تولىمۇ ئازابلىق تۈس بېرىپ دانىمۇ دانە قىلىپ ئېيتتى ، – سىبىل ۋېيىننىڭ جەستى تېخىچە بىر ۋەيرانە ئۆيدە ياتسا ، سىز تىياتىرخانىغا باردىم دەڭ ؟ سىز پىراقىدا ئوت – كاۋاپ بولغان ئۇ قىز تېخى يەرلىككە قويۇلۇپ ئارام تاپماي تۇرۇپ ، يەنە باشقا ئاياللارنى «ئۇنداق سەتەڭكەن ، بۇنداق سەتەڭكەن ، پەتتى ناخشىنى ئاجايىپ ياخشى ئېيتىدىكەن»دەپ يۈرۈۋاتامسىز ؟ ھەي ئۇكام ، ئۇ بىچارىنىڭ تېنى ئۆلگەندىمۇ ئارام تاپماي يەنە بىرمۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە يولۇقىدىغان بولدى ، بۇنى بىلىۋاتامسىز ؟

- بولدى قىلىڭ بازىل ، ئۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق ، – دورىيان ئورنىدىن دىرىڭىدە تۇرۇپ كەتتى ، – ماڭا تەربىيە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئۆتكەن ئىش ئۆتتى ، ئەمدى ملك قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ .

- تېخى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشنى ئۆتمۈشكە چىقىرىۋەتمەكچىمۇسىز ؟

- بۇنىڭ ۋاقىت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق . تۇتۇرۇقسىز ئادەملەرلا ئۆز ھېسسىياتىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق نەچچە يىل تىركىشىدۇ . ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ خۇشاللىق تېپىش دېگەن بىردەمچىلىكلا ئىش . مەن ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدىغانلاردىن ئەمەس . گېزى كەلسە ، ھېسسىياتىمدىن پايدىلىنىشنى ، ھوزۇرلىنىشنى ، ئۇلارنى باشقۇرۇشنى تازا ئوبدان بىلىمەن .

- دورىيان ، نىمانداق قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىسىز ! نىمانچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز ؟ ئىلگىرى ھەر كۈنى ئۆيۈمگە بىرىپ مودېل بولۇپ بىرەتتىڭىز . بولمىسىغۇ شۇ چاغدىكى قاملاشقان چىرايىڭىز شۇ پېتى تۇرۇپتۇ . لېكىن ، ئۇ چاغدا سىز تولىمۇ ئاقكۆڭۈل ، مۇلايىم ، يېقىشلىق ، كۆڭلى يۇمشاق بالا ئىدىڭىز . مانا ئەمدىلىكتە ، باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قاپسىز . گەپلىرىڭىزدىن قارىسام ، غۇرۇر – ۋىجدان ، رەھىم – شەپقەت دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ . چۈشەندىم ، بۇنىڭ ھەممىسى ھاررىنىڭ كاساپىتى .

دورىيان پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى ، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ، يېشىلچىلىق قاپلىغان ،

كۆچلۈك قوياش نۇرىدا ئاجايىپ چىرايلىق تۇسكە كىرگەن گۈللۈككە نەزەرنى ئاغدۇردى . ئۇ شۇ تەرزدە بىردەم تۇرۇۋېتىپ ئىغىز ئاچتى :

- مەن ھاررىنىڭ جىق پايدىسىنى كۆردۈم بازىل ، سىزدىنمۇ جىق پايدىسىنى كۆردۈم . سىز ھەدېسىلا ماڭا قۇرۇق شان – شۆھرەت توغرىسىدا ۋەز ئېيتىشنىلا بىلىسىز .

- ھىم ، بۇنىڭ دەردىنىمۇ جىق تارتتىم ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تارتىدىغان ئوخشايمەن.

- نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىم بازىل ، – دېدى دورىيان بۇرۇلۇپ ، – ھېچ بىلمىدىم ، سىزگە زادى نېمە كېرەك ؟

- ماڭا مەن رەسىمنى سىزغان ھېلىقى دورىيان گرېي كېرەك ، – دېدى بازىل ئازابلانغان ھالدا .

- بازىل ، – دورىيان يېقىن كېلىپ قولنى بازىلنىڭ مۈرىسىگە قويدى ، – بەكلا كېچىكىپ قاپسىز . سىبىل ۋېيىننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىدىن تۈنۈگۈنلا خەۋەر تېپىپ بولغانمەن ...

- ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ ؟ ۋاي خۇدايىم ! راست دەۋاتامسىز – يا ؟ – ۋارقىراپ تاشلىدى بازىل خالۋارد چىرايىغا ئەنسىز تۈس بېرىپ .

- قەدىرلىك بازىل ! ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئادەتتىكى بىر ھادىسە دەپ قارىمايدىغانسىز – ھە ؟

بازىل قوللىرى بىلەن يۈزىنى چاڭگاللىۋالدى ، ئاغزى گەپكە كەلمەي لاغىلداپ تىترەپ كەتتى :

- نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ؟

- ئۇنداق دېمەڭ بازىل ، دېدى دورىيان ، – بۇنىڭ ھېچقانداق قورقۇنچلۇق يېرى يوق . ئۇ پەقەت مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى بۈيۈك ھەم رومانتىك تراگېدىيىلەرنىڭ بىرى خالاس . ئارتىستلار تولىمۇ ئاددىي – ساددا ياشايدىغان خەق ، ئېرى ئايالىغا سادىق بولۇپ ، ئايالى ئېرىگە ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ ، توختام سۇدەك بىرلا خىل رەۋىشتە مەززىسىز ياشايدۇ . مېنىڭ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمىدىكىلەر ياقىلايدىغان ئەخلاق قارىشىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ بولدىڭىز ھەقاچان . لېكىن ، سىبىل ئۇلارغا ئوخشىمايتتى ! ئۇ ئەڭ ئېسىل تراگېدىيىلەرنى ئۆزى بىر قوللۇق ئوينىدى ، ئۇ مەڭگۈ تراگېدىيىلەردىكى مەڭگۈلۈك بىر ئايال پېرسوناژ . ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئويۇن قويغان كەچتە – سىز ئۇنى كۆرگەن ھېلىقى كەچ – مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ قالغاچقا ، رولنى ياخشى ئالالمىدى . مۇھەببەتنىڭ بىر خىيالىي تۇيغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، جۇلىتتاغا ئوخشاش بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى ، سەنئەتنىڭ ماقامىغا ئۇلاشتى . ئۇنىڭ

ۋۇجۇدىدا مۇھەببەتكە نىسبەتەن بىر خىل پىداكارلىق بولغاچقا ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۇچۇن ئۆز جېنىنى تەسەددۇق قىلدى ، تەڭداشسىز گۈزەللىكنى نابۇت قىلدى . بۇنىڭدىن كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئىچى سىيرىلىدۇ . لېكىن ، بۇ گېپىمدىن مېنى ئازابلانماپتۇ دەپ قالماڭ . تۇنۇگۇن سائەت بەش يېرىملاردا كەلگەن بولسىڭىز ، يۈز - يۈز يىغلاۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن بولاتتىڭىز . تۇنۇگۇن ھارغىدىن مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، كۆتۈرۈپ - قويۇپسىز ئازاب دەستىدىن يۈرەكلىرىم خۇن بولدى ، بۇنىڭدىن ھاررىمۇ ھەيرانۇ - ھەس قالدى . ئاجايىپ ئازابلاندىم ، لېكىن چىدىدىم . ئەمما ، ھەممە ئىش ئۆتتى ، كەتتى . قازاغا رىزا بولماي ئامال يوق . ئاھ ئۇرۇپ ، ھەسرەت چېكىشىڭمۇ ئورنى يوق . ئورنۇمدا باشقا بىرى بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى . بازىل ، سىز مېنى چۈشەنمەيۋاتىسىز . ماڭا تەسەللىي بەرگىلى ، دەردىمگە دەرمان بولغىلى كەلگىنىڭىزدىن مىننەتدارمەن . لېكىن مېنىڭ ئاشۇ ئازابلارنى كەينىمگە تاشلاپ ھېچئىش بولمىغاندەك تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ، ماڭا غەزەبلىنىۋاتىسىز ، ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتىدۇ . ئادەمگە مۇشۇنداقمۇ تەسەللىي بەرگەن بارمۇ ؟ گەپلىرىڭىز ماڭا ھارىرى سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايىنى ئەسلىتىپ قويدى : بىر خەير - ساخاۋەتچى ئۇۋۇالچىلىققا ئۇچرىغان بىر كىشىنى ئاقلاش ئۈچۈن دەمدۇ ياكى مەلۇم بىر ئادالەتسىز قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن دەمدۇ ، ئەيتاۋۇر بىر ئىشقا 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپتۇ . نىھايەت ، ئۇ غەلىبە قىلىپتۇ . ئەمما شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنى ئۇمىدسىزلىك ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋاپتۇ . ھېچئىشقا رايى بارماي ، چەكسىز بۇرۇقتۇرمىلىق ، مىسكىنلىك دەستىدە جاھاندىن بىزار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . شۇڭا دەيمەن ، قەدىرلىك بازىل ، ماڭا چىن كۆڭلىڭىزدىن تەسەللىي بەرگىلى كەلگەن بولسىڭىز ، قانداق قىلغاندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى ، قانداق قىلغاندا ئۆتمۈشكە سەنئەت نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىرىڭىز بولسا سۆزلەپ بېرىڭ . گيۇتىيىر① «سەنئەت ئارقىلىق تەسەللىي بېرىش»دەپ يازغان ئەمەسمىدى ؟ ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئادەمگە ھوزۇر بېرىدىغان بۇ گەپنى مەن سىزنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيىڭىزدىن تېپىۋالغان ، كالا تېرىسىدە ناھايىتى چىرايلىق مۇقاۋىلانغان بىر كىچىك كىتابچىدىن ئوقۇغان ئىدىم . بىر چاغدا ئىككىمىز شەھەر سىرتىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا ، سىز ماڭا «سىرىق كىمخاپ ئادەمنىڭ ئازابلىرىغا تەسەللىي بېرەلەيدۇ»دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر يىگىت ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىدىڭىز . لېكىن ، مەن ئۇ يىگىتكە ھەرگىز ئوخشىمايمەن . مەن تۇتقىلى ، ھوزۇر ئالغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە ئامراق . قەدىمىي تاۋار - دۇردۇن ، برونزا ، سىرلانغان ساپال بۇيۇم ، پىل چىشىدىن ئويۇلغان نەرسىلەر ، چىرايلىق مەنزىرىلەر ،

ئەيىش – ئىشرەت بۇيۇملىرى ، ھەشەمەتلىك سورۇن قاتارلىقلار كىشىگە ھېسابسىز خۇشاللىقلارنى ئاتا قىلىدۇ . لېكىن ، مەن ئۇچۇن ئەڭ موھىم بولغىنى ، ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ياسىلىشى ، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ بىزنى سەنئەتكارنىڭ خاراكتېرىدىن خەۋەردار قىلغىنىدۇر . خۇددى ھاررىنىڭ ئېيتقىنىدەك ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ كۆزەتكۈچىسىگە ئايلانغاندىلا ئاندىن ھاياتنىڭ دىشۋارچىلىقلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ . بىلىمەن ، بۇ گەپلىرىم سىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ . مەن ھازىر سىز بىلەن يېڭى تونۇشقان چاغدىكى بالا ئەمەس ، پىشقان ئەرلەرگە ئايلاندىم ، بىلىدىغانلىرىممۇ كۆپەيدى . مەندە يېڭى – يېڭى ئارزۇ – ئىستەكلەر ، يېڭىچە ئىدىيىلەر ، يېڭىچە كۆز قاراشلار پەيدا بولدى . قىسقىسى ، مەن ھازىر بۇرۇنقى مەن ئەمەس ، لېكىن ماڭا بۇرۇنقىدەكلا ئامراق بولسىڭىز بولۇۋېرىدۇ . مەن جىق ئۆزگەردىم ، لېكىن سىز مېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇم بولۇشقا ۋەدە بېرىڭ . مەن ھاررىغا ئامراق ، لېكىن ئۇ ياخشىلىقتا سىزگە يەتمەيدۇ . تۇرمۇش ئىشىغا كەلگەندە سىز ئۇنىڭغا يەتمەيسىز . چۈنكى ، سىز تۇرمۇشتىن زىيادە قورقىسىز . لېكىن ، ئاقكۆڭۈللۈكتە يەنىلا ئۇنى بېسىپ چۈشىسىز . يېڭى تونۇشقان چاغلىرىمىزدا بىر – بىرىمىزنى كۆرسەك خوشلۇقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتەتتۇق . يېنىمدىن كەتمەڭ بازىل ، مەن بىلەن تاكاللىشىپمۇ يۈرمەڭ . مانا كۆردىڭىز ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ، ئەمدى دېگۈدەك باشقا گەپ قالمىدى .

بۇ گەپلەردىن ھەيران قالغان بازىلنىڭ قەلبى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى . شۇئان ، دورىياندىن ئۆزگە سىرداش دوستى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى . دورىيان بازىلنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى . ئۇنى ئەمدى ئەيىبلەۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى ، ئۇنىڭ بايامقى توڭلۇقلىرى بىردەمچىلىكلا ئىدى ، ۋۇجۇدىدا ئاقكۆڭۈللۈك ، ئالىيجانابلىقتەك خىسلەتلەر تولىمۇ كۆپ ئىدى .

- بولىدۇ دورىيان ، – ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ، – بۇنىڭدىن كېيىن ، ئالدىڭىزدا بۇ ئىشنى ئىككىنچىلەپ تىلغا ئالمايمەن . لېكىن ، سىزنى بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالارمۇ ، دەيدىغان ئەندىشەممۇ يوق ئەمەس . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قانۇن دوختۇرى سىبىلنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرىدىكەن . ئۇلار سىزنى چاقىرتمىغاندۇ ؟

دورىيان بېشىنى چايقىدى ، «جەسەت تەكشۈرۈلىدىكەن»دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ، چىرايىغا بىزارلىق ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى ، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ تولىمۇ رەسۋا ئىشلار ئىدى .

- ئۇلار ئىسمىمنى بىلمەيدۇ ، – دېدى ئۇ .

- لېكىن ، سىبىل بىلىدىغاندۇ ؟

- ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنىلا بىلىدۇ ، فامىلەمنى ئۇقمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىسمىمنى ھېچكىمگە دېمىگەن . بىر قېتىم ئۇلار ماڭا قىزىقىپ كىملىكىمنى بىلمەكچى بوپتىكەن ، ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى «جەلىپكار شاھزادە»دەپ قويۇپلا بولدى قىپتۇ . ماڭا سىبىلنىڭ پورترېتىنى سىزىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ بازىل . مەندە ئۇنىڭغا قارىتا بىر نەچچە قېتىم سۆيۈشۈش ، شېرىن - شېكەر پاراڭلارنى قىلىشتەك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن باشقا ھېچقانداق ئەسلىمە يوق . شۇڭا ئۇنى رەسىمى ئارقىلىق ئەسلەپ تۇراي دەيمىنا .

- سىزلا خۇش بولىدىغان ئىش بولسا ، سىزىپ باقسام باقاي دورىيان . لېكىن ، ئۆيۈمگە بېرىپ مودېل بولۇپ بېرىسىز . ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ .

- سىزگە ئەمدى مودېل بولۇپ بېرەلمەيمەن بازىل . بۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ! - ئۇ چۆچۈگىنىچە كەينىگە داجىدى .

بازىل ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى .

- قەدىرلىك دورىيان ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ - دەپ سورىدى بازىل ھەيرانلىق ئىلىكىدە ، - مەن سىزىپ بەرگەن پورترېت يارىماي شۇنداق دەۋاتامسىز ؟ پورترېت قېنى ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ يۈزىگە پەردە تارتىپ قويدىڭىز ؟ مەن ئۇنى كۆرۈپ باقاي . بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ياخشى چىققان ئەسىرىم . پەردىنى قايرىۋېتىڭ دورىيان . بىلسەم - بىلمىسەم ، پەردىنى رەسىمنىڭ يۈزىگە خىزمەتكارىڭىز يېپىپ قويدىغۇ دەيمەن . كىرگەن چېغىمدا ، ئۆيىنىڭ كۆزۈمگە سەل باشقىچىرەك كۆرۈنگىنى بىكار ئەمەسكەندە .

- بۇنىڭ خىزمەتكارىم بىلەن ئالاقىسى يوق بازىل . سىز مېنى ھوجرىسىنى خىزمەتكارىغا يىغىشتۇرغۇزىدىكەن دەپ قاپسىز - دە ؟ ياق ، ئۇ ئاندا - ساندا ھوجرامغا گۈل تىزىشتەك ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ ، خالاس . رەسىمنىڭ يۈزىگە نۇر بەك كۈچلۈك چۈشۈپ كەتكەچكە ، پەردىنى مەن تارتىپ قويغانىدىم .

- نۇر بەك كۈچلۈك چۈشۈپ كەتتى دېدىڭىزما ؟ ئۇنداق ئەمەسكەنغۇ دوستۇم ؟ رەسىمنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ ناھايىتى ياخشى قىپسىز . قېنى مەن كۆرۈپ باقايچۇ ، - بازىل شۇنداق دېگەچ بۇلۇڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

دورىيان ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئىتتىك بارغىنىچە رەسىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالدى .

- بازىل ، - ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى ، - كۆرسىڭىز بولمايدۇ ، رەسىمنى سىزگە كۆرسەتمەيمەن .

- ئۆزۈم سىزغان رەسىمنى ئۆزۈم كۆرسەم بولمامدىكەن ! چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز دورىيان ؟ كۆرسەم نېمىشقا بولمىغۇدەك ؟ - بازىل قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- بازىل ، ئەگەر رەسىمنى كۆرمەن دەپ تۇرۇۋالىدىكەنسىز ، ئىككىنچىلەپ

يۈزلىگەن ئادەم بىلەن قايتا كۆرۈشەلمىگەندەك ئىشىمۇ يوق . بۇ ھەقتە سىزگە
چۈشەنچە بەرگۈم يوق ، ھەم مەندىن سەۋەبىنى سورىماڭ . ئېسىڭىزدە بولسۇن ، ئەگەر
پەردىگە چېقىلىدىكەنسىز ، سىز بىلەن مۇناسىۋىتىمنى چورتلا ئۈزىمەن .

بازىل گويا بېشىغا كالتەك تەگكەن ئادەمدەك ، دورىيانغا قارىغىنىچە داڭقېتىپ
تۇرۇپلا قالدى . ئۇ دورىياننى ئىلگىرى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ئىدى . دورىياننىڭ
چىرايى غەزەبتىن تامدەك تاتارغان ، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈرۈلگەن ئىدى ، كۆزلىرىدىن بىر
خىل سوغۇق نۇر چاقناپ ، پۈتۈن ئەزايى جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى .

- دورىيان !

- بولدى ، گەپ قىلماڭ !

- سىزگە نېمە بولدى ؟ رەسىمنى كۆرسەتكۈڭىز بولمىسا ، كۆرمىسەملا بولىدىغۇ ، —
بازىل زەردە بىلەن شۇنداق دېگەچ كەينىگە ئۆرۈلۈپ دەرېزىنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — ئۆزۈم
سىزغان رەسىمنى ئۆزۈم كۆرەلمىسەم ، تازا قاملاشمىغان ئىش بولىدىغۇ . مەن تېخى بۇ
رەسىمنى كۈزدە پارىژ رەسىم كۆرگەزمىسىگە ئاپىراي دەپ ئويلاپتىمەن . كۆرگەزمىگە
ئاپىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا يەنە ئازراق رەڭ بەرمىسەم بولمايدۇ . شۇڭا ئۇنى ھامىنى
كۆرىدىغان گەپ . ئېيتىڭە ، بۈگۈن كۆرسەم نېمىشقا بولمىغۇدەك ؟

- ئۇنى كۆرگەزمىگە ئاپىرامسىز ؟ ئۇنى كۆرگەزمە قىلماقچىمۇسىز ؟ — دورىيان
ھەيرانلىق ئىلكىدە ۋارقىرىۋەتتى ، ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىرخىل ۋەھىمە چىرمىۋالدى .
ئەمدى ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكى پۈتۈن ئالەمگە ئاشكارا بولۇپ كېتەرمۇ ؟ كىشىلەر ئۇنىڭ
سىرلىرىنى بىلىۋالارمۇ ؟ ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ ! ئامال تېپىپ چوقۇم بۇ ئىشنى
توسۇۋېلىش كېرەك . لېكىن ئۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسلە بىلمەيتتى .

- شۇنداق ، مېنىڭچە بۇنىڭغا قارشى تۇرمايسىزغۇ دەيمەن . جورج پەتتى مېنىڭ ئەڭ
ياخشى ئەسەرلىرىمنى يىغىپ پارىژنىڭ سېز كوچىسىدا كۆرگەزمە قىلىپ بەرمەكچى بولدى
، كۆرگەزمە ئۆكتەبىرنىڭ بىرىنچى ھەپتىسى باشلىنىدۇ . رەسىمنى بىر ئايغا قالماي
قولىڭىزغا تەگكۈزىمەن . خۇشاللىق بىلەن بېرىپ تۇرسىزغۇ دەيمەن . ئۇ چاغدا سىز
بەربىر لوندوندا بولمايسىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھە دېسىلا ئۇنى پەردە بىلەن توسۇپ قويۇپ
كارىڭىز بولمايدىكەن ئەمەسمۇ .

دورىيان سوغۇق تەر تەپچىرەپ تۇرغان پېشانىسىنى قوللىرى بىلەن ئېرىتتى ، ئۆزىنى
گويا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر خەتەر گىردابىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى .

- بىر ئاي بۇرۇن سىز : «بۇ رەسىمنى ھەرگىز كۆرگەزمىگە ئاپارمايمەن»
دېگەنتىڭىزغۇ ، — غەزەب بىلەن ۋارقىرىدى دورىيان ، — ئەمدى نېمىشقا بۇ ئويىڭىزنى

ئۆزگەرتىپ قالىدىڭىز ؟ سىلەر رەسساملار ئۆزۈڭلارنى كۆز - كۆز قىلىشقا ئارانلا تۇرىدىكەنسىلەر ، باشقىلارغا ئوخشاشلا بەك تۇتۇرۇقسىز كېلىدىكەنسىلەر . بىرلا پەرقىڭلار - كەيپىياتىڭلارنىڭ ئۆزگىرىشى بەك تۇراقسىزكەن . «ھېچقانداق نەرسە مېنى بۇ رەسىمنى كۆرگەزمىگە ئاپىرىشقا ئېزىقتۇرالمايدۇ»دەپ مەيدىڭىزگە مۇشتلىغانلىرىڭىز قېنى ؟ ئەجەبا بۇ گەپلىرىڭىز يادىڭىزدىن چىقىپ قالدىما ؟ تېخى ھاررىغىمۇ شۇنداق دېگەن ئىدىڭىز ، - ئۇ تۇيۇقسىز گېپىدىن توختىدى ، كۆزلىرى پاللىدە يورۇپ كەتتى . ئۇ شۇئان لورد ھېنرىنىڭ بىر چاغدا چاقچاق ئارىلاش : «ئەگەر بىردەم بولسىمۇ ئاجايىپ بىر ھوزۇرغا ئېرىشىپ باقاي دېسىڭىز ، بازىلدىن رەسىمىڭىزنى نېمىشقا كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرمايدىغانلىقىنى سوراڭ . ئۇ ماڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرگەن . بۇ مەن ئۇچۇن بىر چوڭ بايقاش» دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى . توغرا ، بازىلنىڭمۇ باشقىلارغا دېيەلمەيدىغان بىر مەخپىيىتى بار ئوخشايدۇ . قېنى ، بىر كوچىلاپ سوراپ باقايچۇ .

- بازىل ، - دورىيان ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزلىرىگە تىكىلدى ، - ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق مەخپىيەتلىكىمىز باركەن . سىزمۇ ماڭا مەخپىيەتلىكىڭىزنى دەپ بېرىڭ ، مەنمۇ سىزگە دەپ بېرەي . ئېيتىڭە ، پورتىرىتىمنى كۆرگەزمىگە ئاپىرىشقا بۇرۇن نېمىشقا ئۇنىمىغانتىڭىز ؟

بازىل ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى .

- دورىيان ، بۇنىڭ سەۋەبىنى دېسەم ، ماڭا ئۆچ بوپ قالىسىز ، مېنى زاڭلىق قىلىسىز . ئۇنداق قىلسىڭىز ماڭا بەك ئېغىر كېلىدۇ . رەسىمنى راستىنلا كۆرسەتكۇڭىز بولمىسا مەيلى . ئىشقىلىپ ، سىزنى مەڭگۈ كۆرۈپ تۇرسام بولدى . مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرىمنى جاھان ئەھلىگە كۆرسەتكۇڭىز بولمىسا ، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى . بۇنىڭغا باشقىچە پىكرىم يوق . سىزنىڭ دوستلۇقىڭىز مەن ئۈچۈن ھەرقانداق شان - شەرەپ ۋە ئابرويدىنمۇ قىممەتلىك .

- ياق بازىل ، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ ، - دورىيان ھېچ گېپىدىن ياندىغاندەك قىلمايتتى ، - مېنىڭ بۇنى بىلىش ھوقۇقۇم بار ، - ئۇنىڭدا بايامقى ۋەھىمىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خىل قىزىقىش ئالماشقان ئىدى . ئۇ بازىلنىڭ مەخپىيىتىنى بىلمەي قويماسلىق قارارىغا كەلدى .

- ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى دورىيان ، - بازىلنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھولۇقۇش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى ، - قېنى ئولتۇرايلى . بىرلا سۇئالىمغا جاۋاب بېرىڭ . رەسىمنىڭ بىرەر غەلىتە يېرىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ ؟ رەسىمنىڭ بىر يېرى دەسلەپ قارىغاندا سىزنى جەلپ قىلىۋالىدىغان ، لېكىن تۇرۇپلا ئاشۇ غەلىتە يېرى كۆز ئالدىڭىزدا زاھىر بولىدىغان بىر خىل تۇيغۇدا بولدىڭىزمۇ ؟

- بازىل ! – دورىيان ئەندىكىپ كەتتى ، قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ ئورۇنىدۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى چىڭگىدە تۇتتۇۋالىدى ، بازىلغا تىكىلىپ قارىدى ، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەندىكىش ئالامەتلىرى يالتتىدە ئەكىس ئەتتى .

- قارىغاندا ، سىزمۇ دىققەت قىلىپسىز – دە . بولدى دېمەك ، ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ . دورىيان ، مەن سىزنى ئۇچراتقان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ، خاراكتېرىڭىز مەندە ئاجايىپ تەسىر قالدۇردى . پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ، روھىم ، كاللام ، ئەقلى – ھوشۇمنى سېھىرلەپلا قويدىڭىز . قەلبىمدە بىر خىل غايىبانە سىماغا ئايلاندىڭىز . بۇ غايىبانە سىما بەجايىكى شېئىرىي ساماۋى چۈشكە ئوخشايتتى . بىز سەنئەتكارلار بۇنداق ساماۋى شېرىن چۈشلەرگە باغلىنىپلا قالاتتۇق . شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ، سىز قەلبىمدىكى بىر مەبۇدقا ئايلاندىڭىز ، باشقىلارغا گەپ قىلسىڭىز ، شۇ ھامان ئىچى تارلىقىم قوزغىلاتتى . سىزگە مەندىن باشقا ئادەم ئېرىشەلمىسە دەپ ئويلايتتىم . يېنىمدا بولسىڭىز ، كۆڭلۈم يايراپ كېتەتتى . يېنىمدا يوق چاغلىرىڭىزدا سەنئەت ئالىمىمدە زاھىر بولاتتىڭىز ... ئەلۋەتتە بۇ تۇيغۇلىرىمنى سىزگە ئاشكارىلىمايتتىم ، ھەم بۇنداق قىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇنى سىز چۈشەنمەيتتىڭىز ، ھەتتا ئۆزۈممۇ تېگىگە يېتەلمەيتتىم . پەقەت ئۆزۈمنىڭ ھەقدادىغا يەتكەن بىر گۈزەللىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر شاھىد ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتىم ، دۇنيا نەزەرىمدە گۈزەل ، يېقىملىق كۆرۈنەتتى . چۈنكى بۇ خىل تەلۋىلەرچە چوقۇنۇشقا خەتەر ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . ئەمما بۇ خىل تەلۋىلەرچە چوقۇنۇشتىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندىنمۇ خەتەرلىك ئىدى ... ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، سىزگە بارغانسېرى باغلىنىپلا قېلىۋاتاتتىم . دەل شۇ چاغدا قەلبىمدە تېخىمۇ يېڭىچە تۇيغۇلار بىخلىدى . تەسەۋۋۇرۇمدا سىزنى گاھ ئۇچىسىغا ئاجايىپ ئېسىل دۇبۇلغا – ساۋۇت كىيگەن پارىس ② سىياقىدا ، گاھ بېشىغا ئوۋچىلار كىيىدىغان چىغ قالپاق كىيگەن ، قولىدا ئوۋ مىلتىقى تۇتقان ھالەتتىكى ئادونىس سىياقىدا سىزاتتىم . ھېلى بېشىڭىزغا گۈلچەمبىرەكتىن ياسالغان تاج تاقىغان ھالەتتە ئادرىيان پادىشاھلىقىنىڭ ساياھەت كېمىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ، نىل دەرياسىدىكى ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇلاردىن ھاسىل بولغان دولقۇنلارنىڭ مەۋج ئۇرۇشىغا قاراۋاتقان ھالەتتە كۆرسەم ، ھېلى گرېتسىيە ئورمانلىقلىرىدىكى تىنىق كۆل سۈيىدىن مۆجىزىسىمان قاملاشقان چېھرىڭىزنى كۆرەتتىم . بۇ سىمالارنىڭ ھەممىسى سەنئەتتە ئىپادىلەنمىسە بولمايدىغان بىۋاستە ، غايىۋى ، گىرىمسەن تۇيغۇلار ئىدى . گاھىدا بۇلارنى تەقدىرىمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ دەپمۇ قالاتتىم . شۇنىڭ بىلەن ، مەندە سىزنى قەدىمىي كىيىملەرنى كىيگەن ھالەتتە ئەمەس ، بەلكى ھازىرقى دەۋرگە ماس كېلىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن

ھالىتىڭىزنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ، ئاجايىپ قالتىس پورترېتىڭىزنى سىزىش ئىستىكى تۇغۇلدى . بۇ ئويۇمنىڭ رېئالىزملىق ئۇسلۇب ياكى سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزدىن پەيدا بولغان مۆجىزە ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيەلمەيتتىم . ئىشقىلىپ ، خىيالىمدىكى سىما كۆز ئالدىمدا شۇنچىلىك ئېنىق ، شۇنچىلىك يارقىن ھالەتتە نامايان بولاتتى . لېكىن ، پورترېتىڭىزنى سىزىۋاتقان چېغىمدا ئىشلەتكەن ھەربىر بوياق ، ھەربىر رەڭ گويا قەلب سىرلىرىمنى ئاشكارىلىۋېتىپ بارغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم ۋە قەلبىمدە ، باشقىلار مېنىڭ مەبۇدقا چوقۇنىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالارمۇ ، دەيدىغان ئەندىشە پەيدا بولدى . بۇ رەسىمگە نۇرغۇن سىرلىرىمنى سىڭدۈرۈۋەتكەندەك ، ئۆزلۈكۈمنى مۇجەسسەم قىلىۋەتكەندەك تۇيغۇدا بولدۇم . شۇڭا ، دەسلەپتە كۆرگەزمە قىلغۇم كەلمىدى . سىز بايا بەك چېچىلىپ كەتتىڭىز ، لېكىن ئۇ چاغدا سىز بۇ رەسىمنىڭ مەن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىڭىز . بۇنى مەن ھاررىغا سۆزلەپ بەرگەن ، ئۇ مېنى راسا مازاق قىلغانىدى . لېكىن ، ھەرگىز كۆڭلۈمگە ئالمايمەن . رەسسام پۈتكەندە ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ ، قىلغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ... شۇنداق قىلىپ ، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، پورترېتنى رەسىم سىزىش ئۆيۈمدىن ئەچىقىۋەتتىم . شۇندىلا ئۇنىڭغا بولغان شەيدالىقتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم ، ھەم ئۆزۈمنىڭ بۇرۇن تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم - سىزنىڭ ئاجايىپ رەڭگى - رۇخسارىڭىزنى كۆرگەندىن ، ئۆزۈمنىڭ رەسىمنى سىزىش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمنى تونۇپ يەتكەندىن باشقا ، تەسەۋۋۇر ئالىمىدە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر زاھىر بولدى . «ئىجادىيەت قىلىۋاتقاندا پەيدا بولغان قايناق ھېسسىياتلار ھەقىقەتەن ئەسەردە ئەكس ئېتىدۇ» دەيدىغان قاراشنى ھېلىمۇ خاتا دەپ قارايمەن . سەنئەت تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ ئابستراكت بولىدۇ . سەنئەتتىكى ئوبراز بىلەن رەڭ بىزگە باشقا نەرسىدىن ئەمەس ، بەلكى ئوبراز بىلەن رەڭدىنلا دېرەك بېرىدۇ . ھازىر شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى ، سەنئەتنىڭ سەنئەتكارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يوشۇرۇشى ئاشكارىلىۋېتىشىدىن كۆپرەك بولىدىكەن . شۇڭا ، پارىژدىن كەلگەن رەسىم كۆرگەزمە قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ، سىزنىڭ پورترېتىڭىزنى كۆرگەزمىگە قويىدىغان ئاساسلىق ئەسەر قىلىش قارارىغا كەلدىم . لېكىن ، سىزنى رەت قىلىشىڭىزغا قارشى تۇرۇشۇمنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن . ئەمدى چۈشەندىم ، سىز توغرا قىلىپسىز ، بۇ رەسىمنى كۆرگەزمىگە قويسام بولمىغۇدەك . دورىيان ، دېگەنلىرىمگە ھەرگىز خاپا بولماڭ . خۇددى مەن ھاررىغا دېگەندەك ئوخشاش ، سىز باشقىلارنىڭ چوقۇنۇشى ئۈچۈنلا يارالغان .

دورىيان گرېي چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويدى . ئىككى مەڭزى ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ ،

جاۋغىيدا بىلىنەر – بىلىنمەس بىر جىلمىيىش پەيدا بولدى . ئەنسىرىگەن ئىش ئۆتۈپ كەتكەن ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ئىدى . ئەمما بايا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قەلب سىرلىرىنى تۆككەن بازىلغا نىسبەتەن ئۇنىڭدا چەكسىز بىرخىل ئىچ ئاغرىتىش پەيدا بولدى ۋە كۆڭلىدە : «مەنمۇ بىر كۇنلەردە دوستۇمنىڭ ئالدىدا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالارمەنمۇ ؟ لورد ھېنرى ناھايىتى جەلىپكار ، ئەمما خەتەرلىك ئادەم ، ئۇنىڭ مۇشۇ بىرلا ئارتۇقچىلىقى بار . ئۇ بەك زېرەك ئەمما بەك زەھەرخەندە ، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئاسانلىقچە كۆڭلىگە ياقمايدۇ . مېنى ئۆزىگە چوقۇندۇرالىغۇدەك يەنە كىم بار ؟ بۇ ياكى تەقدىرنىڭ ماڭا پۈتكەن قىسمىتىمۇ ؟» دېگەنلەرنى خىيال ئېكرانىدىن بىر – بىرلەپ ئۆتكۈزدى .

- ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ دورىيان ، – دېدى بازىل ، – سىز رەسىمدىن راستىنلا مۇشۇ نۇقتىنى بايقىيالىدىڭىزمۇ ؟

- بىر نەرسىنى بايقىدىم ، – جاۋاب بەردى دورىيان ، – ئاجايىپ غەلىتە بىر نەرسىنى بايقىدىم .

- ئۇنداق بولسا رەسىمنى كۆرۈپ باقاي .

دورىيان بېشىنى چايقىدى .

- بۇنداق دەپ تۇرۇۋالماڭ بازىل . ھېلىغۇ كۆرۈشكەن ، سىزنى رەسىمنىڭ يېنىغىمۇ يولاتقۇزمايمەن .

- ئەمىسە كېيىنچە كۆرسەمغۇ بولار ؟

- ياق ، مەڭگۈ كۆرسەتمەيمەن .

- بوپتۇ ئەمىسە ، بەلكى سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز توغرىدۇ ؟ خوش ئەمىسە دورىيان ، مەن ماڭاي . سىز ھاياتىمدىكى ئىجادىيىتىمگە بىردىنبىر تەسىر كۆرسەتكەن ئادەمسىز . ئەسەرلىرىمدىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممىسى سىزگە تەئەللۇق . ھەي ! بايىقى گەپلەرنى قانچىلىك تەستە ئېغىزدىن چىقارغانلىقىمنى سىز ھېس قىلالمايسىز .

- قەدىرلىك بازىل ، – دېدى دورىيان ، – سىز ماڭا نېمىلەرنى دېدىڭىز ؟ پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ماڭا قانچىلىك دەرىجىدە چوقۇنىدىغانلىقىڭىزنىلا دېدىڭىز . بۇ سىزنىڭ ياغلىما گەپلىرىڭىز ئەمەستۇ ؟

- مەن سىزنى ياغلىما گەپلەر بىلەن ماختاپ – ئۇچۇرۇش خىيالىدا بوپ باقمىدىم . قەلب سىرلىرىمنى سىزگە تۆكۈپ بولۇپ ، گويا بىر نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم . بەلكىم كىشى ئۆزىنىڭ باشقىلارغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ھەرگىز تىل ئارقىلىق ئىپادىلىمەسلىكى كېرەكتۇر .

- بۇ قەلب سىرلىرىڭىز كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىكەن .

- نېمشقا بۇنداق دەيسىز ؟ مەندىن باشقىچىرەك بىر گەپنى كۈتكەنمىدىڭىز يا دورىيان ؟ رەسىمدىن باشقا نەرسىنى ھېس قىلمىدىڭىز شۇنداقمۇ ؟

- شۇنداق ، ھېچنېمىنى ھېس قىلمىدىم . بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ؟ چوقۇنۇش – پوقۇنۇش دېگەندەك گەپلەرنى ئەمدى ھەرگىز ئاغزىڭىزغا ئالغۇچى بولماڭ ، بۇ گەپ ماڭا تولىمۇ ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلىدىكەن . ئىككىمىز دېگەن دوست بازىل ، قىيامەتلىك دوست .

- سىزگە ھازىر ھاررى بولسىلا بولدى ، – دېدى بازىل كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا .

- ئوھوي ، ھاررى دەڭ ! – دورىيان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ، – ھاررى ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرمەيدىغان ، ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ . ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەسىم كېلىدۇ . لېكىن ، ۋاقتانى ۋاق كېلىپ بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققۇدەك بولسام ھاررىنى ئەمەس ، سىزنى ئىزدەيمەن بازىل .

- ماڭا يەنە مودېل بولۇپ بېرەمسىز ؟

- ياق .

- بۇنداق قىلسىڭىز ، مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمنى نابۇت قىلغان بولىسىز دورىيان . ھېچكىم ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگىلا ئېرىشەلىگەن ئەمەس ، بىرسىگە ئېرىشەلىگەنلىرىمۇ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز .

- سىزگە چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمەن بازىل . لېكىن ، ئەمدى سىزگە راستىنلا مودېل بولۇپ بېرەلمەيمەن . ھەربىر پورتېرىتتا شۇ كىشىنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن نەرسىلەر ئەكىس ئەتكەن بولىدۇ ، بىر ھېساپتا ئۇنىمۇ بىر جېنى بار نەرسە دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز . لېكىن ، ئۆيىڭىزگە چاي ئىچىشكەچ پاراڭلاشقىلى بېرىپ تۇرىمەن . بۇمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئىش .

- بۇنىڭدىن مەن ئەمەس ، سىز بەكرەك ھوزۇر ئالىسىز ، – دېدى بازىل ئەپسۇسلانغان ھالدا ، – ئەمىسە مەن ماڭاي ، شۇنچە قىلسامۇ رەسىمنى كۆرگىلى قويمىدىڭىز . بوپتۇ ، ھېسسىياتىڭىزنى مەن چۈشىنىمەن .

بازىل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، دورىيان ئىچىدە كۈلۈپ قويدى . بىچارە بازىل ! نېمە ئۈچۈن رەسىمنى كۆرسەتكىلى قويمىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيلا كەتتى – دە ! ئۆز ئىچ سىرىنى بەرمەي ، دوستىنى دەيدەيگە سېلىپ قويۇپ قەلب سىرلىرىنى بىلىۋالدى ، تازىمۇ قىزىق ئىش بولدى – دە ! لېكىن ، دوستىنىڭ ئاشۇ قەلب ئىزھارلىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ تېگىگە يەتتى ! رەسساملىق ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ھەسەتخورلۇقى ، تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىققان مەجنۇنلۇقى ، ئۆزىنى زىيادە ئاشۇرۇپ تەرىپلەشلىرى ، ئىچىدىكىنى تېشىغا چىقارمايدىغان غەلىتە مىجەزى بارلىقىنى ئاشۇ

سۆزلىرىدىن بىلىۋالدى ، بىلىۋالدى – يۇ ، ناھايىتى ئىزتىراپ چەكتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، تولىمۇ رومانتىك بۇ دوستلۇققا بىر خىل تراگېدىيە تۈسى ئارىلىشىپ كەتكەندى .

ئۇ ئۇھسىنىپ قويۇپ ، قوڭغۇراقنى باستى . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، رەسىمنى يوشۇرۇپ قويۇش كېرەك . ئۇ رەسىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىشتەك بۇ خەتەرگە ئەمدى زىنھار تەۋەككۇل قىلمايدۇ . ئۇ راستىنلا ساراڭ بوپتۇ ، بۇ رەسىمنى ئەمدى دوستلىرى كىرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئۆيگە قويماسلىق كېرەك ، رەسىمنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىشنى بىر سائەتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ .

## ئىزاھات :

① گيۇتىيېر (1811 – 1872) – فرانسىيىلىك شائىر ، يازغۇچى ، تەنقىدچى ، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن ئېتىكىلىق ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلغان .

② پارس – يۇنان ئەپسانىلىرىدا تەسۋىرلىنىدىغان تروي شاھزادىسى ، پادىشاھ سىبادانىڭ ئايالى ھەيلۇننى ئازدۇرغانلىقى سەۋەبلىك تروي ئۇرۇشى پارتلىغان .

# ئونىنچى باب

خىزمەتكار ۋىكتور كىرگەندە ، دورىيان ، ۋىكتور پەردىدىن ماراۋاتقانمىدۇ ، دېگەن گۇماندا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى . ۋىكتور بولسا ئىپادىسىز بىر قىياپەتتە ئۇنىڭ يولىيۇرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى . دورىيان بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئۇ ئەينەكتىن ۋىكتورنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردى . ۋىكتورنىڭ چىرايىدىن ئىتائەتمەنلىك ، رايىشلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى .

دورىيان ۋىكتورغا ئاۋۋال ئايال خىزمەتكار لىبى خانىمنى ، ئاندىن رەسىم جاھازىسى دۇكىنىغا بېرىپ ئىككى كىشىنى چاقىرىپ كېلىشنى ئەزمىلىك بىلەن تاپىلىدى . ئۇنىڭغا ۋىكتور ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ پەردە تەرەپكە لاپىدە قاراپ قويغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ياكى بۇ ئۇنىڭدىكى خىيالىي تۇيغۇمۇ ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

ھايال ئۆتمەي ، ئۇچىسىغا قارا يىپەك كۆينەك ، يول – يول قورۇقلار دەستىدىن خەرىتىگىلا ئوخشاپ قالغان قوللىرىغا بارماقسىز پەلەي كىيىۋالغان لىبى خانىم ھاسىراپ – ھۆمىدىگىنىچە كىرىپ كەلدى . دورىيان ئۇنىڭدىن قىرائەتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى سورىدى .

- ھېلىقى كونا قىرائەتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى دەمسىز دورىيان ئەپەندى ؟ – سورىدى لىبى خانىم ھەيرانلىق بىلەن ، – ۋاي خۇدايىم ، ئۇ قىرائەتخانىغا سۈپۈرگە تەگمىگىنىگە خېلى بولغان ، ئاۋۋال مەن كىرىپ سىرىپ – سۈپۈرۈۋېتەي ، ئاندىن كىرىڭ .

- ھاجىتى يوق لىبى خانىم ، ئاچقۇچنى بەرسىڭىزلا بولدى .

- لېكىن ئەپەندىم ، بۇ پېتى كىرسىڭىز ئۈستى – بېشىڭىز ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن پاسكىنا بولۇپ كېتىدۇ . ھەي ، لورد قازا قىلغان بەش يىلدىن بېرى ، قىرائەتخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ باقمىدى .

بوۋىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن تەڭ ، دورىياننىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى . چۈنكى ئۇ بوۋىسىدىن ئىنتايىن نەپرەتلىنەتتى .

- ھېچقىسى يوق ، مۇنداقلا كۆرۈپ باقاي دېگەنىدىم . ئەكېلىڭ ئاچقۇچنى .

- بولىدۇ ئەپەندىم ، – لىبى خانىم تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىر توپ ئاچقۇچ ئارىسىدىن قىرائەتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى چىقاردى ، – مۇشۇ ئاچقۇچ شۇغۇ دەيمەن . شۇنچە

راھەت ئۆيگىزنى تاشلاپ ، قىرائەتخانىغا كۆچۈپ كىرىۋالاي دېمەيۋاتقانسىز – ھە !
- ياقەي ، ئۇنداق ئەمەس ، – دېدى دورىيان بىزارلىق بىلەن ، – رەھمەت سىزگە خانىم ، ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ .

لېف خانىم بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ ئايىقى چىقماس ئۇششاق ئىشلار ئۇچۇن غۇتۇلدىغىنىچە ئىشىككە قاراپ ماڭدى . لېف خانىمنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان دورىيان ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە بۇ خىزمەتكارنى قاراپ بېقىپ ئىشتىن بوشىتىش قارارىغا كەلدى .

دورىيان ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سالدى – دە ، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . زەر يېپتا تىكىلگەن بىنەپشىرەڭ يوغان تاۋار كارىۋات ياپقۇچ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى . 17 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ۋېنتسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ نەپىس سەنئەت بۇيۇمنى ئۇنىڭ بوۋىسى بولوگناغا يېقىن جايدىكى بىر چېركاۋدىن سېتىۋالغانىدى . توغرا ، مۇشۇ ياپقۇچ بىلەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق نەرسىنى يېپىپ قويۇش كېرەك . بەلكىم بۇ رەخت ئىلگىرى تالاي قېتىم جەسەتلەرنىڭ تاۋۇتىغا يېپىلغان بولغىيتتى . ئەمدىلىكتە بۇ ياپقۇچ جەسەتلەردىنمۇ ئۆتە چىرىپ كەتكەن نەرسىگە ، كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ، لېكىن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بىر نەرسىگە يېپىلىدۇ . قۇرت – قوڭغۇزلار جەسەتنى چىرىتىۋەتكەنگە ئوخشاش ، بۇ ياپقۇچمۇ ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىپ قالالايدۇ . ئۇنىڭ قىلغان پەسكەشلىكلىرى رەسىمنىڭ لاتاپىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ ، گۈزەللىكىگە داغ چۈشۈرىدۇ ، ئۇنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ . ئەمما ، رەسىم داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ، مەڭگۈ ياشايدۇ .

ئۇ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى ، رەسىمنى نېمىشقا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بازىلغا ئېيتمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . ئەگەر ئېيتقان بولسا ، بازىل ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ لورد ھېنرىنىڭ تەسىرىنى توسىغان ، قورقۇنچلۇق تەسىرىگە چەك قويالىغان بولاتتى . بازىلنىڭ دورىيانغا بولغان مۇھەببىتى قىلچىلىك ساختىپەزلىك ۋە ياكى بىمەنىلىك ئارىلاشمىغان ھەقىقىي مۇھەببەت ئىدى . ئۇ ھەرگىزمۇ تاشقىي گۈزەللىككە مەھلىيا بولۇشتىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت ئەمەس ئىدى . تاشقىي گۈزەللىككە مەپتۇن بولغان مۇھەببەت سەزگۈ ئەزالار چارچىغان چاغدا ئۆز كۈچىنى يوقىتاتتى . بۇ مۇھەببەت مىكىلانجېلونىڭ بېشىدىن ئۆتكەن مۇھەببەتكە ئوخشاپ كېتەتتى . بۇ مۇھەببەت مونتاگىن ① ، ۋىنكېلمەن ② ، ھەتتا شېكسپىرچە مۇھەببەت ئىدى . شۇنداق ، بازىل ئەسلىدە ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتى . لېكىن ، ئەمدى ئۇنىڭ ياردىمىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق . ئۆتكەن ئىشلارنى پۇشايمان ۋە ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ياكى بولمىسا ئۇنتۇش ئارقىلىق كۆزدىن يوقاتقىلى بولىدۇ . لېكىن ، كەلگۈسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ھېچكىمنىڭ قولىدىن

كەلمەيدۇ . شۇنىڭدەك ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئـاززۇ – ئىستەكلەر قورقۇنچلۇق توسالغۇلار ئـارقىلىق ئـۆزىنى ئاشكارىلىشـى ، شـېرىن چۈشـلىرى ئـارقىلىق جىنايەتنىـڭ خىيـالىي كۆلەڭگىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن .

ئۇ كـارىۋات يـاپقۇچىنى ئېلىـپ پەردە ئارقىسـىغا ئـۆتتى . رەسـىمنىڭ چىرايـى ئېخىمـۇ ياۋۇزلىشـىپ كەتكەنمىـدۇ ؟ رەسـىمنىڭ چىـراي ئىپادىسـى ئـازراقمۇ ئۆزگەرمىگەنىـدى . ئـۇ رەسـىمگە قـاراپ جـۇدۇنى ئېخىمـۇ ئۆرلـىدى . ساپسـېرىق چـاچلار ، زەڭـگەر كـۆزلەر ، ئالۇچىـدەك قىپقىزىـل لەۋلەر ئىلگىـرىكىگە ئوپئوخشـاش تـۇراتتى . بىـرلا نەرسـە – ئۇنىـڭ چېھرىـدىكى شەپقەتسـىزلەرچە قورقـۇنچ ئـۆزگەرگەن ئىـدى . رەسـىمدە ئەكـس ئەتـكەن سۆكۈش ياكى ئەيىبلەش بىلەن سىلىشتۇرغاندا ، بازىلنىـڭ بايـا سـىبىل ۋېيىن ۋەقەسـىنى دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىشى ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەسكەنغۇ ! ئۇنىڭ روھى رەسـىمدىن ئـۆزىگە دەھشـەتلىك تىكىلىـپ ، ئـۇنى سـوتقا چاقىرىۋاتاتتاقانـدەك تۇيۇلـۇپ كەتتـى . ئۇنىـڭ ئـىچ – ئىچىدىن بىر خىل پىغان ئۆرلىدى – دە ، قولىدىكى شاھانە كـارىۋات يـاپقۇچىنى ئالـدىراپ – تېنەپ رەسـىمنىڭ ئۈسـتىگە يـاپتى . شـۇ ئەسـنادا ئىشـىك چېكىلـدى . ئـۇ چىمىلـدىقتىن چىقىپ تۇرۇۋىشىغا ، ۋىكتور كىرىپ كەلدى .

- سىز دېگەن ئادەم كەلدى ، ئەپەندىم .

ئۇ رەسىمنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ۋىكتـورنى بىـرەر ئىشقا بۇيرۇۋېتىشنى قارار قىلدى . ئىچىدە ۋىكتورنى ھەجەپ مەككـار ئەبلەخكىنـا بـۇ دەپ ئويلىدى . ئۇ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ لورد ھېنرىغا بىـر پـارچە خەت يـازدى ، خېتىدە ئۆزىگە ئوقۇغۇدەك كىتاب ئالغاچ كېلىشىنى ، كەچتە سائەت 8:15 مىنۇت ئۆتكەنـدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە خەتنى ۋىكتوردىن ئەۋەتمەكچى بولدى .

- بۇ خەتنى لورد ھېنرىغا ئاپىرىـپ بەرگىـن ، نـېمە دەيـدۇ ، گېپىنـى ئۇقـۇپ كەل . – دېدى ئۇ ۋىكتورغا خەتنى سۇنغاچ ، – ئاۋۇ كەلگەنلەرنى قېشىمغا باشلاپ كىرگىن .

ئـالاھەزەل ئىككـى – ئـۈچ مىنـۇتلاردىن كېيىن ، يەنە ئىشـىك چېكىلىـپ ، جەنـۇبىي ئـاۋۇدلىي كوچىسـىدىكى داڭلىـق رەسـىم جاھـازىلىرى دۇكىنىنىـڭ خوجايىنى خوببـارد بىـر ئۇزۇنتـۇرا ياردەمچىسـىنى ئەگەشـتۈرۈپ كىرىـپ كەلـدى . بومبـا سـاقال ، ئىككـى مەڭـزى قاچانلا قارىسا قىزىـرىپلا تۇرىـدىغان ، تەققـى – تـۇرقى پـاكىنەك كەلـگەن بـۇ كىشـى ئـۆزى بىـلەن ئارىلاشـقان كـۆپىنچە سـەنئەتكارلارنىڭ ھە دېسـىلا ئېغىـر كـۈنلەردە قېلىشـىدىن سەنئەتكە بولغان ھۆرمىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى . ئۇ ئادەتتە دۇكىنىدىن ئايرىلمـايتتى ، خېرىدارلار ئۇنى دۇكىنىغا ئىزدەپ كېلەتتى . بىراق ، ئۇ دورىيان گرېيغا ئامراق بولغاچقـا ، ئاتـايىن ئۇنىـڭ ئالـدىغا ئـۆزى كەلـگەن ئىـدى . دېمىسـىمۇ ، دورىياننىـڭ ۋۇجۇدىـدا بىـرلا

كۆرگەن كىشىنى جەلپ قىلالايدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بار ئىدى .

- نېمە ئىشقىلىپ بىز باركىن گرېي ئەپەندىم ؟ - دېدى خوببارد ئەپەندى سەپكۈن بېسىپ كەتكەن سىيمىز قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ، - ئالدىڭىزغا ئۆزۈم كېلەلىگىنىمدىن تولىمۇ شەرەپ ھېس قىلىمەن ئەپەندى . ھازىر قولۇمدا تولىمۇ نەپىس ياسالغان رەسىم جاھازىسىدىن بىرسى بار . ئۇنى ئۆتكەندە فلورېنسىيىلىك بىر ئاسار ئەتىقە سودىگىرىدىن كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىۋالغان ئىدىم . ئۇنى فرونسىلدىكى ③ تاغلىق كەنتتىن كەلتۈرۈلدىمىكىن دەيمەن . ئۇ جاھازا دىنىي تۈس ئالغان رەسىملەرگە بەك ماس كېلىدۇ ، گرېي ئەپەندىم .

- سىزنى ئاۋارە قىلغىنىمدىن تولىمۇ خىجىلمەن خوببارد ئەپەندى . دىنىي تۈس ئالغان سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئانچە قىزىقمىسامۇ ، دۇكىنىڭىزغا بېرىپ ئۇ جاھازىنى چوقۇم كۆرۈپ كېلىمەن . لېكىن ، بۈگۈن سىزنى ، ماۋۇ رەسىمنى ئۈستۈنكى قەۋەتكە يۆتكىشىپ بېرەمدىكىن دەپ چاقىرغان ئىدىم . رەسىم بەك ئېغىر بولغاچقا ، راستىنلا ياردەمچىسى بىلەن بىللە كەلسۇن دېگەنىدىم .

- نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز گرېي ئەپەندىم . سىز ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرەلىسەم ، ناھايىتى خۇش بولىمەن . قايسى رەسىمنى يۆتكەيمىز ئەپەندىم ؟

- مۇشۇ رەسىمنى ، - دورىيان پەردىنى قايرىپ رەسىمنى كۆرسەتتى ، - رەسىمنى يوپۇقنى ئېلىۋەتمەيلا يۆتكەڭلار . ئۈستىگە چىققۇچە بۇزۇلۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەنمەن .

- چاتاق يوق ، - خوببارد شۇنداق دېگەچ ، ياردەمچىسى بىلەن بىللە ئۇزۇن مىس زەنجىر ئېسىلغان رەسىمنى پەسكە چۈشۈردى ، - رەسىمنى نەگە يۆتكەيمىز دورىيان ئەپەندى ؟

- سىلەرنى مەن باشلاپ چىقاي خوببارد ئەپەندى ، كەينىمدىن مېڭىڭلار . يا بولمىسا ، سىلەر ئالدىدا مېڭىڭلار ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى قىرائەتخانىغا يۆتكەيمىز . ئالدى ئىشىكتىكى پەلەمپەيدىن ماڭايلى ، ئۇ يەر كەڭتاشا ، مېڭىشقا ئەپلىكرەك .

دورىيان ئۇلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى . ئۇلار چوڭ زال ئارقىلىق پەلەمپەيگە چىقىشتى . رەسىمنىڭ جاھازىسى ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ياسالغان بولغاچقا ، بەكلا ئېغىر ئىدى . دورىيان نەچچە رەت ئۇلارغا كۆتۈرۈشۈپ بەرمەكچى بولدى . لېكىن خوببارد ئەپەندى ئۇنىمىدى . ئۇ بەك تۈزۈتلۈك بولغاچقا ، ئېسىلزادە كىشىلەرنىڭ بىر ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشىنى ياقتۇرمايتتى .

- راستىنلا بەك ئېغىر رەسىمكەن بۇ ، - قىرائەتخانا ئىشىكىگە ئارانلا ئۇلاشقان

يارده‌مچى يىگىت پېشانىسىدىكى مۇنچاق – مۇنچاق تەرلىرىنى ئېرتقاچ ، ھاسىرىغىنىچە شۇنداق دېدى .

- شۇنداق ، بەك ئېغىر رەسىم بۇ ، – دورىيان ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى . بۇ ئۆي ئەمدى ئۇزۇن خوجىسىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ساقلايدىغان ، ئىگىسىنىڭ روھىنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىدىغان ئۆيگە ئايلانغانىدى .

بوۋىسى ئۆلۈپ كېتىپ بەش يىلغىچە ھېچكىشى كىرىپ باقمىغان بۇ ئۆي دورىياننىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئويۇنچۇقخانىسى بولۇپ ، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن كىتابخانا ئورنىدا ئىشلىتىلگەنىدى . ئۆي خېلىلا چوڭ بولۇپ ، بوۋىسى لورد كلسو بۇ ئۆينى مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن ياساتقان ئىدى . ئۇ ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىغاچقا ، بوۋىسى ئۇنىڭغا بەك ئۆچ ئىدى . بۇ ئۆينى دورىياننى كۆزدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن ياساتقان دېيىشكە بولىدۇ ھېچ خاتاسى يوق ئىدى . دورىيان ئۆينىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى . گۈللۈك گىرۋىكىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن يوغان ئىتالىيە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان چېرتىيوژ ، قەغەز دېگەندەك نەرسىلەرگە بىر ئىلىك توپا قونغان بولۇپ ، ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز جايىدا تۇراتتى . دۇب دەرىخىدىن ياسالغان كىتاب جاھازىسىدا ئۇ تولا ئوقۇپ كونىرىتىۋەتكەن كىتابلار تىزىقلىق ئىدى ، كەينى تامغا ئېسىپ قويۇلغان رەڭلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا گىلەمگە پادىشاھ بىلەن خانىش شاھمات ئويناۋاتقان ، بىر توپ ئاتلىق چەۋەنداز بېشىغا خالتا كىيگۈزۈلگەن ئوۋ بۈركۈتلىرىنى بىلىكىگە قوندۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن مەغرۇر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن ئىدى . ئۇ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتكەنسېرى ، بالىلىقىدا يالغۇز ئۆتكەن كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى . ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىغۇبار بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ گىلەمنىڭ مۇشۇ ئۆيگە ئېسىپ قويۇلغانلىقىدىن چۆچۈگەندەك بولدى . ئۇ توختام سۈدەك مەززىسىز ئۆتۈۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە بۇ نەرسىلەرنى كۆرەرمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان ئىدى .

رەسىمنى باشقىلارنىڭ ئوغرىلىقچە كۆرۈۋېلىشىدىن ساقلىنىشتا بۇ ئۆيدەك ياخشى جاي يوق . ئاچقۇچ ئۇنىڭ قولىدا ، ئۆيگە ھېچكىم كىرەلمەيدۇ . بىنەپشىرەڭ يۇپۇق ئاستىدا رەسىمنىڭ چىرايى تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىدىغان بولدى – دە . ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ئەمدى ئۇ رەسىمنى ھېچكىم ، ھەتتا ئۆزىمۇ كۆرمەيدۇ . روھىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ياۋۇزلىشىپ كېتىشىدىن ھەسرەت چېكىشىنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىدى . ياشلىقىنى ، مۇشۇ جەزبىدارلىقىنى ساقلاپ قالالىسىلا ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . ئۇنىڭ

ئۇستىگە دورىياننىڭ بۇرۇنقى ياخشى ھالىتىگە قايتماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ ئۇنىڭ كەلگۈسى ئەمدى مۇشۇنداق شەرمەندىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانغا ھېچكىمنىڭ ئاساسى يوق . بەلكىم مۇھەببەت ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىپ ، قەلبىنى پاكلار ، روھى ۋە ۋۇجۇدىدا بىخ ئۇرۇپ كۆكلەۋاتقان ، ئاسانلىقچە ھېس قىلغىلى بولمايدىغان ، تولىمۇ شېرىن ، ئاجايىپ سىرلىقلىقى بىلەن كىشىنى غايىبانە ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئىپلاس نىيەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلار . بەلكىم بىر كۈنلەردە ، رەسىمنىڭ چېھرىدىكى ياۋۇزلۇق ئاشۇ گىلاستەك قىپقىزىل ، يۇمران لەۋلەردىن تۈيۈقسىز غايىپ بولار ، ئەنە شۇ چاغدا ئۇ بازىل خالۋاردنىڭ كاتتا ئەسىرىنى دۇنيا ئەھلىگە يۈرەكلىك ھالدا جاكارلىيالايدۇ.

ياق ، بۇ مۇمكىن ئەمەس . رەسىمدىكى ئۇ سىيما مىنۇت – سېكونتلاپ قېرىيدۇ ، جەزبىدارلىقنى يوقىتىدۇ . بەلكى ئۇ ئاشۇ رەزىل ئىپلاسلىقلىرى ئاتا قىلىدىغان بەدبەشرىلىكتىن قۇتۇلماقچى بولار ، لېكىن بارا – بارا چوكىيىۋاتقان يېشى ئۇنىڭ چىرايىغا بەدبەشرىلىكنى سوۋغا قىلماي قالمايدۇ . ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق مەڭىزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، تېرىلىرى بوشىشىپ كېتىدۇ . يىرگىنچلىك قورۇقلار ئۇنىڭ خۇننى يوقاتقان كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا يامىشىپ ، چىرايىنى تېخىمۇ ياۋۇزلاشتۇرۇۋېتىدۇ . ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان چاچلىرى پاخپىيىدۇ ، چىرايلىق ئېغىزلىرى كالچىيىپ ، كالپۇكلىرى دوردىيىپ ، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ماك – ماك قېرىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ . ئۇنىڭ چىرايى بويۇن تېرىلىرى بوشىشىپ ساڭگىلىغان ، قوللىرى تارشىدەك قېتىپ تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەن ، مۈكچىيىپ ئارانلا قالغان بوۋىسىنىڭ سىياقىنى ئالىدۇ . بوۋىسىنىڭ رەھىمسىزلىكى ، شەپقەتسىزلىكلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ . شۇڭا رەسىمنى يوشۇرۇپ قويماي بولمايدۇ .

- رەسىمنى ئەكىرىڭلار خوببارد ئەپەندى ، – دېدى دورىيان كەينىگە بۇرۇلۇپ ھارغىن قىياپەتتە ، – ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن ساقلىتىپ قويغىنىمدىن خىجىلمەن ، بايا خىيالىم باشقا ئىشلارغا كېتىپ قاپتۇ .

- بىردەم ھاردۇق چىقىرىۋېلىشمۇ جانغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ گرېي ئەپەندىم ، رەسىمنى نەگە قويىمىز ، – دېدى خوببارد پۇشۇلدىغىنىچە .

- ھە ، نەگىلا قويساڭلار بولىۋېرىدۇ . تامغا يۆلەپ قويايلى بولمىسا ، ئۇنى تامغا ئاسقۇم يوق .

- رەسىمنى بىر كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ ئەپەندىم .

بۇ گەپتىن قاتتىق چۆچۈگەن دورىيان خوببادقا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى :

- بۇ رەسىمنىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق خوببارد ئەپەندىم ، – ئەگەر خوببارد ياپقۇچنى قايرىپ رەسىمنى كۆرمەكچى بولۇپلا قالسا ، دورىيان دەرھال ئىتتىلىپ بارغان پېتى يەرگە بېسىۋېلىشقا تەق بولۇپ تۇردى ، – سىزنى ئاۋارە قىلىۋەرگۈم يوق خوببارد ئەپەندى . ھېلىمۇ جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم ، كۆپ رەھمەت سىزگە .

- ياقەي ، تۇزۇت قىلماڭ ، سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ھەرقاچان تەييارمەن گرېي ئەپەندىم .

خوببارد ئىبغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە پەلەمپەيدىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى ، كەينىدىن چۈشىۋاتقان ياردەمچىسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دورىيانغا قارىدى ، قارىدىيۇ ، قوپال ، كۆرۈمسىز چىرايىغا شۈئان تارتىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن ھەيرانلىق ئالامىتى تېپىپ چىقتى . ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق قاملاشقان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى .

ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاستا – ئاستا يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، دورىيان ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ، ئاچقۇچىنى يانچۇقىغا مەھكەم سالدى . شۇندىلا كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى . چۈنكى ئەمدى ھېچكىم ئۇ قورقۇنچلۇق رەسىمنى كۆرەلمەيتتى ، بۇ شەرمەندىلىكلەرنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەي قالاتتى .

ئۇ كىتابخانىسىغا كىرگەندە سائەت بەشتىن ئاشقان ، چاي ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . چۆرىسىگە مەرۋايىت تۇتۇلۇپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن قارا چاي ئۈستىلىدە لورد ھېنرىدىن كەلگەن مەكتۇپ تۇراتتى . بۇ چاي ئۈستىلىنى ئۇنىڭ ھامىيسىنىڭ ئايالى رادلىي خانىم ھەدىيە قىلغان بولۇپ ، ھەدېسىلا كېسەلدىن ئۆرە بولالمايدىغان بۇ ئايال بۇلتۇر قىشتا قاھىرەگە كەتكەنىدى . چاي ئۈستىلىدىكى مەكتۇپنىڭ يېنىدا سېرىق تاشتا مۇقاۋىلانغان ، چۆرىلىرى قىرچىلىپ كىرلىشىپ كەتكەن بىر كىتاب ، يېنىدا بىر پارچە «سان جامېس كەچلىك گېزىتى» تۇراتتى . ئېنىقكى ، ۋىكتور قايتىپ كەلگەنىدى . شۈئان ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋىكتور بايىقى ئىككىيلەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ ، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سوراپ قالغانمىدۇ دېگەن گۇمان چۈشتى . ئۇ رەسىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قالىدۇ ، ياق بايا ئۈستەلگە چايلارنى تىزغاندىلا بىلىپ بولدى . پەردە جايىدا يوق ، تامدىكى رەسىم ئاسقان جايدا مانا مەن دەپلا ئىزى قالغان تۇرسا . كىم بىلىدۇ ، بىرەر كۈنى كېچىدە ئۇ ۋىكتورنىڭ پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسىگەن پېتى ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ رەسىم بار ئۆينىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالامدۇ تېخى . ئۆيدە ماراقچىدىن بىرى بولسا ، ھەجەپ قورقۇنچلۇق بولىدىكىنا . ئۇ بۇرۇن بەزى خىزمەتكارلارنىڭ خوجايىنىنىڭ بىرەر پارچە خېتىنى ، مەخپىي قىلىشقان گەپلىرىنى ، بىرەرسىنىڭ ئىسىم كارتۇچكىلىرىنى ياكى ياستۇق ئاستىدىكى سولىشىپ قالغان بىرەر تال

گــۈلنى بىلمۋېلــىپ ، خوجــايىنلىرنى قــاقتى – ســوقتى قىلغانلىقــدەك ئىشــلارنى كــۆپ ئاڭلىغانىدى .

ئــۇ كىتابخانىســىغا كىرگەنــدە ســائەت 5 تــىن ئاشــقان بولــۇپ ، چــاي ۋاقتــى بولــۇپ قالغانىدى .

ئۇ چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويۇپ ، ئــۆزىگە ئــازراق چــاي قۇيــدى – دە ، لــورد ھېنرىــدىن كەلگەن خەتنى ئــاچتى . لــورد ھېنــرى خەتــتە گېزىــت ۋە قىزىقــىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ بىر پــارچە كىتــاب ئەۋەتكەنلىكىنــى ، ئۆزىنــىڭ سائەت 8 دىــن 15 مىنــۇت ئۆتكەنــدە كۇلۇبقــا بارىــدىغانلىقىنى يازغانــىدى . ئــۇ گېزىتنــى ئېرىنچەكلىــك بىــلەن ۋاراقلاۋېتىــپ ، بەشــىنچى بەتنىــڭ ئۇستىدىكى قىزىــل قەلەم بىــلەن بەلــگە ئــۇرۇپ قويۇلغــان يەرگە كــۆزى چۈشتى ، بەلگە ئۇرۇلغان يەرنىڭ ئاستىدا تۆۋەندىكى خەۋەر تۇراتتى .

ئايال ئارتىستىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ئىسپاتى : بۈگۈن ئەتىگەن رايونلۇق جەسەت تەكشۈرۈش خادىمى دەنبىر ئەپەندى خۇركىستون يولىدىكى بېل مېھمانخانىسىغا بېرىپ ، خان جەمەتى خولبورن تىياترخانىسىغا يېڭىــدىن تەكلىــپ قىلىنغــان يــاش ئايــال ئــارتىس ســىبىل ۋېيىننىــڭ جەســتىنى تەكشــۈرۈپ ئىســپات ئالغانــدا ، ئارتىســتىنىڭ ئۆلــۈم ســەۋەبى پەرەز قىلىنغانــدىن باشــقىچە بولــدى . ئۆلگۈچىنىــڭ ئاپىســى گۇۋاھلىــق بەردى ، دوختۇر بىررېلىنىڭ جەسەت تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ، ئــاھۇ – پەرياد چەكتى . نەق مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى .

خەۋەرنى ئوقۇپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتــكەن دورىيــان گېزىتنــى يىرتــىپ – يىرتــىپ تاشلىۋەتتى . نېمە دېگەن يىرگىنچلىك خەۋەر بــۇ ! ۋەقە ئەيــنەن خەۋەر قىلىنغانــدى . ئــۇ لورد ھېنرىنىڭ گېزىتكە ئالاھىدە بەلگە قويــۇپ ئەۋەتــكەن ئەخمىقانە قىلمىشــىدىن ســەل ئاچچىقى كەلدى . ۋىكتور بۇنى ئالالىقاچان ئوقۇپ بولــدى ، ئــۇ ســولتەكنىڭ بــۇ ئىنگلىــزچە خەۋەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە چامىسى يېتىدۇ .

ۋىكتور ئــۇ خەۋەرنــى ئوقــۇپ قالغانىــدۇ دەپ ئەنسىــرەپ يۈرۈشــنىڭ نــېمە ھــاجىتى . سىبىل ۋېيىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن دورىيان گرېينىڭ نېمە مۇناسىۋىتى ؟ ئۇنى يا دورىيان گرېي ئۆلتۈرمىسە .

ئــۇ نەزىرىنــى لــورد ھېنــرى ئەۋەتــكەن كىتابقــا ئاغــدۇردى ، لــېكىن كىتابتــا نــېمە سىرلىقلىق بارلىقىنى بىلمەيتتــى . دورىيــان ســەككىز قىرلــىق چــاي ئۇستىلىنىڭ ئالــدىغا كېلىــپ يۈلەنچۈكلــۈك ئورۇنــدۇقتا ئولتــۇردى – دە ، كىتــابنى ۋاراقلاشــقا باشــلىدى . ئــۇ نەچــچە مىنۇت ئۆتە – ئۆتمەيلا كىتابقا مەپتۇن بولۇپلا كەتتى . بۇ ، ئۇ ئوقۇغان ئەڭ غەلىتە كىتــاب ئىدى . ئۇ دۇنيادىكى جىمى جىنايەتلەرنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ ، يېقىملىــق نەي كــۈيلىرىگە

جۆر بولۇپ ئورۇندالغان گاچا تىياتىرغا ئوخشاش ، كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئىلگىرى ئۇنىڭغا خىيالىي چۈشتەك تۇيۇلغان ئىشلار بىردىنلا راستقا ئايلانغاندەك ، چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەر كۆز ئالدىدا زاھىر بولغاندەك بىلىندى .

بۇ ۋەقەلىكى يوق ، پارىژلىق بىر يىگىتنىڭ پىسخىك روھىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن رومان ئىدى . 19 – ئەسىردە ياشاۋاتقان بۇيىگىت ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىن باشقا دەۋرلەردىكى ئارزۇ – ئىستەكلەر ۋە تەپەككۇر ئەندىزىلىرنى ئۆز تۇرمۇشىدا رېئاللىققا ئايلاندۇرماقچى ، ھەرخىل تۇيغۇلار ئارقىلىق ئۆتكەن دەۋرلەردىكى روھنى ئۆز ۋۇجۇدىدا نامايان قىلماقچى بولىدۇ . ئۇ ئاشۇ ساختا ، خاتا ھالدا ئىپسىل پەزىلەت دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئۆز – ئۆزىنى چۈشەپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ، دانىشمەنلەرنىڭ نەزەرىدە جىنايەت دەپ قارىلىۋاتقان تۇغما قارشىلىقنىمۇ ھوزۇر ئالىدۇ . رومانىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى غەلىتە ، ئەمما جانلىق بولۇپ ، پارىژلىق يىگىتنىڭ روھىي ھالىتى مۇجمەل سۆز – ئىبارىلەر بىلەن ناھايىتى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى . بۇ كىتابتىكى تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەرنى فرانسىيىنىڭ سىمۋولىزم ئۇسلۇبىدا ئىجادىيەت قىلىدىغان ئەڭ مەشھۇر پىركاملىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىلا ئۇچراتقىلى بولاتتى . ئۇنىڭدىكى تەمسىللەر ئاجايىپ ئۆزگىچە ۋە نەپىس ئىدى . ھېسسىي تۇرمۇشتىكى سىرلىق ئىشلار پەلسەپىۋى تىل بىلەن ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەنگەنىدى . كىتابنى ئوقۇغان كىشى ھەتتا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەلۇم بىر دانىشمەننىڭ روھىي خۇشاللىق قولىيازمىسى ياكى ھازىرقى دەۋردىكى بىر جىنايەتكارنىڭ كېسەللىك روھىي ھالىتىدىكى تۆۋەنامىسى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالالمايتى قالاتتى . كىشىنى زەھەرلەيدىغان بۇ كىتابنىڭ سارغۇچ بەتلىرىدىن كېلىۋاتقان قويۇق ئەتىر ھىدى ھەرقاچان كىشىنىڭ كاللىسىنى غىدىقلاپ بىئارام قىلاتتى . ئۇ بابمۇ باب ئوقۇپ كىتابقا كىرىشىپلا كەتتى . ئۇزۇندىن – ئۇزۇنغا يېزىلغان مۇرەككەپ جۈملىلەر ، چۈشەنمەك تەس بولغان غەلىتە ئىدىيىلەرنىڭ تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن قايتا – قايتا تەكرارلىنىشى ئۇنى تۇيدۇرماستىن خىيالىي تۇيغۇ ، خىيالپەرەسلىك قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىۋاتاتتى . ئۇ كىتابنى شۇ تەرىقىدە ئوقۇپ ئالىقاچان كېچە بولۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيۇمايلا قالدى .

بىر تاللا غېرىپ يۇلتۇز ئېسىلىپ تۇرغان كۆكۈچ ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى ، دەرىزىدىن ناھايىتى ئاجىز يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . غۇۋا يورۇقتا تولىمۇ تەستە ئوقۇۋاتقان دورىيان قارا خەتلەر قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندىلا ئاندىن ئوقۇۋېرىشكە ئامالسىز قالدى . دورىيان ۋىكتور قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى دەپ نەچچە

قېتىملاپ ئەسكەرتكەندىلا ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يانىدىكى ئۆيگە چىقتى ، قولىدىكى كىتابنى كارىۋات يېنىدىكى فلورىنسىيە ئۇسلۇبىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويۇپ ، كەچلىك زىياپەتكە بېرىش ئۈچۈن كىيىم ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇندى .

ئۇ كۇلۇبقا بارغاندا سائەت 9 بولاي دەپ قالغانىدى ، لورد ھېنرى دەم ئېلىش ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى ، ئوزايىدىن ناھايىتى تىت – تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

- كەچۈرۈڭ ھاررى ، – دېدى ئۇ ، – ھەممىسى سىزنىڭ كاساپىتىڭىز، سىز ئەۋەتكەن كىتابنىڭ مەستخۇشلۇقىدا ۋاقتىنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلماپتىمەن.

- كىتابنى ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم ، – لورد ھېنرى شۇنداق دېگەچ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى .

- ياقتۇرۇپ قالمىدىم ، مەپتۇن بوپ قالدىم ، ھاررى . بۇ ئىككى گەپنىڭ پەرقى چوڭ جۇمۇ .

- ھە ، راستىنلا شۇنداق پەرقنى بايقىدىڭىزمۇ ؟ – دېدى لورد ھېنرى . ئۇلار ماڭغان پېتى ئۇدۇل رېستورانغا كىرىپ كېتىشتى .

———————————————

## ئىزاھات :

①مونتاگن (1533 – 1592) – فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر نەسرچى .

② ۋىڭكىلمەن (1717 – 1768) – گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ ۋە سەنئەت تارىخچىسى .

③فرونسىل قورۇقى – ئىنگلاندىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى .

# ئون بىرىنچى باب

دورىيـان خېلـى يىللارغــچە بـۇ كىتابنىــڭ تەســرىدىن قۇتۇلالمــدى . تـوغرىراقى ، قۇتۇلۇشــنى خالىمــدى . ئـۇ ئۆزگىرىشـچان كەيپىيــاتى ۋە ھېلىــدىن ھېلىغـا ئۆزگىرىــپ تۇرىــدىغان تۇراقســىز خـۇي - مىجەزىـگە ماسلاشـتۇرۇش ئۈچـۈن پـارىژدىن بـۇ كىتابنىــڭ ئوخشىمىغان رەڭلەردە مۇقاۋىلانغان چوڭ فورماتلىق يېڭى نەشرىدىن 9 پـارچە سېتىۋالدى . كىتابتىكى باش پېرسوناژ ــ رومانتىكلىق بىلەن زېرەكلىكنى تولىمۇ غەلىتە بىر رەۋىشتە ئۆز ۋۇجۇدىـدا مۇجەسسەملىگەن پـارىژلىق يىگىـت گويـا ئۇنىـڭ ئۈچـۈنلا يارىتىلغـان بىـر تىـپ ئىــدىكى ، بـۇ كىتـاب ئۇنىڭغـا گويـا ئۆزىنىـڭ ھايـات كەچمىشـلىرى ۋە كەلگۈسـى ھايـات نىشانلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەندەكلا تۇيۇلاتتى .

بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى ، دورىيان كىتابتا تەسۋىرلەنگەن بـاش پېرسـوناژدىن ھەر ھالدا تەلەيلىك ئىدى . ئۇ كىتابتا تەسـۋىرلەنگەن پـارىژلىق يىگىتتەك ۋاقتىـدا ، ئەيـنەككە قاراشتىن ، ئۆز ئەكسىنىڭ شولىسـى چۈشـىدىغان مىتـاللاردىن ، سۈپسـۈزۈك تىنـىق سـۇدىن ئۈنچىـۋالا قورقمـايتتى . بۇنـداق تۇيغـۇلار ئۇنىڭـدا يـوق ئىـدى ھەم مەڭگـۈ بولمـايتتى . كىتابنىــڭ كېيىنكــى قىســملىرىدا ئـاپتور تراگېـدىيە ئۇسـلۇبىنى قوللانغـان بولـۇپ ، سـەل مۇبــالىغە قىلىــۋەتكەن بولســىمۇ ، لــېكىن بىــر ئادەمنىــڭ ھاياتىــدىكى ئەڭ قىممەتلىــك نەرسىسـىدىن ئايرىلىـپ قالغـان چېغىـدىكى چەكسىـز قـايغۇ - ئەلـمى ۋە ئۈمىدسـىزلىكنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بەرگەنىدى . دورىيان كىتابنىـڭ ئاشـۇ قىسـملىرىنى بىـر خىـل ھوزۇر ئىلىكىدە ئوقۇپ تۇگەتتى . ئەلۋەتتە ، ھەرقانداق ھوزۇر ۋە خۇشـاللىق ئـۆز نۆۋىتىـدە يەنە قايغۇ - ھەسرەت بىلەن قوشكېزەك ئىدى .

قارىغانــدا ، دورىياننىــڭ ۋۇجۇدىــدىكى بازىــل خــالىۋاردنى ۋە ئەتراپىــدىكى تــالاي كىشـلەرنى ئـۆز ئايىقىغا يىقتقـان تەڭداشسـىز گۈزەللىـك چېھرىـدىن ھـېچ يوقىدىغانـدەك قىلمايتتى . ھەتتا ئۇنىڭ ئـابروينى بىـر تـىين قىلىـدىغان پىتنـە - پاسـاتلارنى ئاڭلىغـان كىشىلەر (ئۇ توغرىسىدا لوندوندا خىلمۇ خىل ئەپقاچتى گەپلەر تارقىلىپ كەتكەن بولـۇپ ، كۇلۇبتىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان پاراڭ تېمىسىغا ئايلانغانىدى) ئـۇنى كـۆرگەن ھامان ئۇنىـڭ ئـابروينى تۆكىـدىغان ئۇنـداق پىتنـە - پاسـاتلارغا ھەرگىـز ئىشـەنمەيتتى . ھەدەپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشۋاتقان كىشلەرمۇ ئۇنىڭ تەڭداشسىز ھۆسـىن - جامـالى ،

نۇقسانسىز قەددى – قامىتىنى كۆرگەن ھامان چىپپىدە جىم بولۇشاتتى . ئۇنىڭ چېھرىدىن يامرىغان ئېيتقۇسىز دەرىجىدىكى ئاقكۆڭۈللۈك ، بىغۇبارلىقتىن ئەيمىنىشەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ۋۇجۇدىدىن ئاللىقاچان يوقالغان ئاقكۆڭۈللۈكنى ئەسكە ئېلىشاتتى . ئۇلار شۇ دەرىجىدە قاملاشقان ، جەلپكار كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ ئەيىش – ئىشرەت ئەۋج ئالغان مۇشۇنداق بىر پاسكىنا دەۋردە قانداق قىلىپ ئۆزىگە قىلچە نۇقسان يەتكۈزمىگىنىدىن ئەجەبلىنەتتى .

دورىيان تۇرۇپ – تۇرۇپلا ئىجتىمائىي ئالاقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، بىر مەزگىل ئۆيىگە بىكىنىۋالاتتى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دوستلىرى ھەرخىل قىياسلارنى قىلىشاتتى . ئۇ ئۆيىگە كەلگەن ھامان ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقاتتى ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان ھېلىقى ئاچقۇچ بىلەن قىرائەتخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرەتتى ، ئاندىن قولىغا ئەينەك ئېلىپ بازىل خالۋارد سىزىپ بەرگەن ھېلىقى پورتېرتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ، رەسىمدىكى يۈزلىرىگە يول – يول قورۇقلار چۈشكەن چىراي بىلەن ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى كۆلۈمسىرەپ تۇرغان سۈزۈك چىرايىنى سېلىشتۇرۇپ ، ئۆز چىرايىدىن قانائەت ھاسىل قىلاتتى . ئۇ بارغانسېرى چىرايىدىن بۆلەكچە ھوزۇر ئالىدىغان ، ئۆز روھىنىڭ گۇمران بولۇشىدىن خۇشاللىق تاپىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ پېشانىسىگە يول – يول قورۇق ئىز سالغان ، جاۋغىيى چۆرىسىدە جەلپكارانە سىزىقچىلار پەيدا بولغان رەسىمنى بىر خىل ئەندىشە ئارىلىشىپ كەتكەن خۇشاللىق ئىلكىدە ئىنچىكە كۆزىتەتتى ، كۆڭلىدە گۇناھ تۇيغۇسى بىلەن ياشلىق تۇيغۇسىنىڭ قايسىسىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى دەڭسەيتتى . شېشىدەك سۈزۈك ئاپئاق قوللىرىنى رەسىمنىڭ گۆشلۈك قوللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، چىرايىدا رازىمەنلىك كۈلكىسى پەيدا بولاتتى ، ھەتتا رەسىمنىڭ كالامپاي تۇرۇقىنى مەسخىرە قىلاتتى .

ئۇ مەيلى خۇشبۇي ھىدلار تاراپ تۇرغان ھوجرىسىدا ياتسۇن ياكى پىرىستانىنىڭ يېنىدىكى سېسىق نامى پۇر كەتكەن پاسكىنا دەڭلەردە تۈنىسۇن ، مۇشۇنداق ئۇيقۇسى قاچقان چاغلاردا ، سالاھىيىتىنى يالغان ئىسىم بىلەن نىقابلاشقا كۆنۈپ قالغانىدى . ئۇ ئۆز روھىنىڭ گۇمرانلىقىقا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش ئىلكىدە ئويلايتتى . بۇ خىل ئېچىنىش نوقۇللا شەخسىيەتچىلىكتىن بولۇۋاتقاچقا ، ئۇنىڭغا ئوبدانلا تەسىر قىلغانىدى . ئەمما بۇنداق چاغلار ئانچە كۆپ بولمايتتى . لورد ھېنرى بىلەن بازىلنىڭ ئۆيىدە تۇنجى كۆرۈشكەندىن باشلاپ ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئىستىكى پەيدا بولدى ، ھايات ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپەيگەنسېرى ، يەنىمۇ جىق نەرسىلەرنى بىلگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە بولغان چاڭقاقلىقىنى قانائەت

تاپقۇزۇشنى ئىستىگەنىبىرى ، بۇ چاڭقاقلىقنى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقاتتى .

ھالبۇكى ، ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقىدىن بىراقلا قول ئۈزۈپمۇ كەتمىدى . قىشتا ھەر ئايدا بىر – ئىككى قېتىم ، ئىجتىمائىي ئالاقە پەسلىنىڭ ھەر چارشەنبە كۈنى كەچتە گۈزەل قەسرىنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىپ ، ئەڭ مەشھۇر سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئېسىل مۇزىكىلىرىدىن مېھمانلارنى ھوزۇرلاندۇراتتى . ئۇ ھەر قېتىم زىياپەت بەرگەندە لورد ھېنرى يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ ، ئۇستەلنى ساھىبخانىنىڭ ئېسىلزادە سالاپىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ھازىرلايتتى . رەڭگارەڭ خۇشپۇراق گۈللەر ، نەپىس كەشتىلەنگەن داستىخان ، قەدىمىي ئۇستىكى كۈمۈشرەڭ تەخسىلەر ئۇستەلگە ئاجايىپ ماسلاشتۇرۇلۇپ تىزىلاتتى ، مېھمانغا كىم – كىملەرنى چاقىرىش ، قايسى ئورۇندا كىملەر ئولتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارمۇ ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى . شۇڭلاشقا ، ئۇ بەرگەن زىياپەت بەك ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ ، لېكىن ئاجايىپ داڭقى بار ئىدى . تالاي كىشىلەر ، بولۇپمۇ ياشلار دورىياننىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىلىم بىلەن ئېسىلزادىلىك ، ئابروي – مەرتىۋە ، ۋايىغا يەتكەن سالاپەت قاتارلىقلار ئۆزئارا مۇجەسسەم بولغان دۇنياۋى ئۈلگىنى كۆرۈپ ، ئىتون ياكى ئوكسفوردتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى ئارزۇ – ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى . ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دورىيان دانتىي تەسۋىرلىگەن «گۈزەللىككە چوقۇنۇش ئارقىلىق ئۆز – ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» نى ئىستەۋاتقان كىشى ئىدى ؛ گاۋتىيېرغا ئوخشاش «ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۇ ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ قارايتتى .

ئەلۋەتتە ، ھايات دورىيان ئۈچۈن ئەڭ موھىم ، ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەت ئىدى . شۇڭا ، باشقا سەنئەتلەر گويا ھايات ئۈچۈنلا ھازىرلانغاندەكلا ئىدى . ئۇ مودا قوغلىشاتتى ، سۆلەتۋازلىق قىلاتتى . مودا قوغلىشىش ئاجايىپ – غارايىپ نەرسىلەرنى بىر مەزگىل ئەۋجىگە چىقارغىنى بىلەن ، سۆلەتۋازلىق ئۆزىگە خاس ئۇسۇللار ئارقىلىق گۈزەللىكنىڭ مۇتلەق زامانىۋىلىقىنى نامايىش قىلاتتى . شۈبھىسىزكى ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دورىياننى جەلپ قىلىۋالاتتى . ئۇنىڭ كىيىنىشى ، يۈرۈش – تۇرۇشى پات – پات ئۆزگىرىپ تۇردىغان ، باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس سۆلىتى ماي فايىردىكى تانسا كېچىلىكلىرىدە ، پالمال كۇلۇبلىرىدىكى سۆلەتۋاز بايۋەتچىلەر ئارىسىدا ئۇبدانلا تەسىر قوزغايتتى . ئۇلار كىيىنىش ، يۈرۈش – تۇرۇش قاتارلىق ھەممە ئىشتا دورىياننى دورايتتى ، دورىياننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئېسىلزادىلەرچە سۈلكەت – سالاپەتنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلاتتى .

دورىيان قورامىغا يېتەر – يەتمەيلا بۇنچە مەرتىۋىگە ئېرىشىپ قالغىنىدىن مەمنۇن

بولاتتى ، ئۆزى ياشاۋاتقان لوندوننىڭ شۇ تاپتا گويا «ساترىكون» ① نىڭ ئاپتورى ياشىغان نېرونىيان ② ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى رىمغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئىچىدە خۇش بولاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئارزۇ – ئىستەكلىرى «مودا باشلامچىسى» بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى ، باشقىلارغا زىبۇ – زىننەتنى قانداق تاقاش ، گالستۇكنى قانداق چېگىش ، ھاسىنى قانداق تۇتۇش دېگەندەك ئىشلارنى ئۆگىتىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى . ئۇ ئۆزىگە خاس پەلسەپىسى ، پرىنسىپى بولغان ھاياتلىق دەستۇرىنى روياپقا چىقىرىش ھەققىدە باش قاتۇراتتى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، بۇ ھاياتلىق دەستۇرىدا ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى پەللىگە ئىنتىلىدىغان تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇشى ، مۇجەسسەم بولۇشى كېرەك ئىدى .

سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھوزۇرىنى قوغلىشىش ھەرقانداق چاغدا ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدۇ . كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىنمۇ كۈچلۈك ئارزۇ – ھەۋەسلەرنىڭ غىدىقلىشى ۋە ھوزۇرىدىن قورقىشى تۇغما بولىدۇ ھەم ئاشۇنداق غىدىقلىنىشى بىلەن ھوزۇرلىنىشىنىڭ ئىنسانلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھايۋانلاردىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . لېكىن ، دورىيان گرېينىڭ قارىشىچە ، ئىنسانلار سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلمىگەن . سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ياۋايى ھايۋانىي تەبىئەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى ، ئىنسانلار ئاچلىق ئارقىلىق بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىغان ياكى ئازاب – ئوقۇبەت ئارقىلىق ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىغان – يۇ ، ھەرگىزمۇ ئاشۇ سەزگۈ ئەزالىرىنى گۈزەللىككە ئىنتىلىشنى يېتەكچى قىلغان يېڭىچە بىر روھىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ باقمىغان . دورىيان ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى ھەر قېتىم كۆزەتكىنىدە ، ئىنسانلارنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان مەقسەتلىرى ئۈچۈن تالايلىغان نەرسىلەردىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن قاتتىق ئازابلىناتتى . ئىنسانلار ئۆزىدىكى تەلۋىلىكنى ، ئىختىيارلىقنى ئىزچىل چەكلەپ كەلدى ، ئۆز – ئۆزىنى رەھىمسىزلەرچە قىينىدى ۋە ئىنكار قىلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قورقۇنچاقلىقتىن كېلىپ چىقتى – يۇ ، ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى نادانلارچە قۇتۇلماقچى بولغان خىيالىي تۇيغۇسىدىكى گۇمرانلىقتىنمۇ ئۆتە گۇمرانلىققا دۇچار بولدى . قېنى ئويلاپ كۆرەيلى ، ياراتقۇچى تەركىدۇنياچىلارنى قاقاس داللاردىن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ جان بېقىشقا ئىرادەت قىلدى ، شۇنىڭغا يارىشا ياۋايى ھايۋانلارنىمۇ ئاشۇ تەركىدۇنياچىلارغا ھەمراھ قىلدى . بۇ نەقەدەر كۈچلۈك مەسخىرە – ھە !

لورد ھېنرىنىڭ پەرەز قىلغىنىدەكلا يېڭىچە ئىشرەتخورلۇق باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ يېڭىچە بىر خىل تۇرمۇش شەكلى يارىتاتتى ، ھاياتلىق ئالىمىزنى

پروتىستانتلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكىنىگە قارىماي كىشىلەر ئارىسىدا بازار تېپىشقا ئۈلگۈرگەن دوگما قېلىپلىرىدىن خالاس قىلالمىدى . دۇرۇس ، يېڭىچە ئىشرەتخورلۇق ئەقلىيلىكنى چەتكە قاقمايدۇ . ئەمما ئۇ لەززەتلىك ھېس – تۇيغۇلارنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تىكلەنگەن نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى رەت قىلىدۇ . ئىشرەتخورلۇق تۇيغۇنى ھېس قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ، ئەمما شېرىن ياكى ئازابلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر قانداق نەتىجىنى نەزەرگە ئالمايدۇ . ھەۋەسنى چەكلەش خاھىشى ئادەمنىڭ تۇيغۇلىرىنى باسسا ، چاكىنا شاللاقلىق كىشىنى ھېسسىياتسىز قىلىۋېتىدۇ . ھالبۇكى ، يېڭىچە ئىشرەتخورلۇق بولسا نەپسىنى چەكلەش يۈزلىنىشى بىلەن سىغىشالمايدۇ ، ئادەملەرگە ھاياتنىڭ ھەربىر ئۆتكۈنچى دەقىقىلىرىدىن قانداق ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىتىدۇ . نۇرغۇن ئادەم ئەتىگەنلىرى تاڭ يورۇماي تۇرۇپ ئويغانغان چاغدىكى تۇيغۇلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان . بەزىلەر ئويغىنىپ نېمە چۈش كۆرگىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ ، خامۇشلۇقتىن ، گاراڭلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ . يەنە بەزىلەر بولسا كېچىدە ھېلىدا قاباھەتلىك ، ھېلىدا شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ – يۇ ، ئويغانغىنىدا كاللىسىغا رېئاللىقتىكىدىنمۇ قاباھەتلىك سايىلەرنىڭ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . ئاشۇ ئاجايىپ – غارايىپ چۈشلەردە گويىچە سەنئەتكە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدىغان بىر خىل جۇشقۇنلۇق ئايان بولۇپ تۇرىدۇ . شۇنى تەخمىن قىلىش مۇمكىنكى ، بۇنداق چۈشلەردىكى خىيالىي كۆلەڭگىلەر بىر خىل سەنئەت ، خام خىيال كېيىنچە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ روھىيىتىگە چۈشىدىغان سەنئەت دېمەكتۇر . ئۇنىڭدا شۇنداق بىر نۇقتا ئەكس ئېتىدۇ : سۇبھى مەزگىلىدە ئاپئاق تىترەڭگۈ قوللار دېرىزە پەردىسىنى قايرىشى بىلەن ، بىر غەلىتە كۆلەڭگە ئۆيگە كىرىۋېلىپ بۇلۇڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ . ئۆينىڭ سىرتىدا دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشلار توختىماي چۇرۇقلاپ تۇرىدۇ ، خىزمەتلىرىگە ئالدىراپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلىنىدۇ . تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەيىن شامال كىشىنى ئۇخلىسۇن دەپ خىيالىنى ئۆتمۈشكە ئېلىپ كېتىدۇ . كېچە پەردىسى ئاستا – ئاستا سۈرۈلۈپ ، كۈللى شەيئى ئاستا – ئاستا ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ۋە رەڭگىگە كىرىدۇ . بىز تاڭ سەھەرنىڭ ئۆزگەرمەس ئۇسۇلدا دۇنيانى قايتىدىن ئاپىرىدە قىلىۋاتقانلىقىغا شاھىد بولىمىز . خىرە ئەينەك ئالدىدا ئادەم سايىسى پەيدا بولىدۇ ، ئۆچكەن شام ئاخشام بىز ئۇخلاشتىن بۇرۇن قويغان جايدا تۇرغان بولىدۇ ، ئۇنىڭ يېنىدا تۈنۈگۈن كېچە يېرىمى كۆيۈپ بولۇنغان كىتاب ياكى تانسا كېچىلىكىدە مەيدىگە قادالغان ، ئەمما ئالىبۇرۇن سولىشىشقا ئۈلگۈرگەن گۈل ياكى ئوقۇساق – ئوقۇساق قانمايدىغان بىر پارچە خەت تۇرغان بولىدۇ . ھەممە نەرسە شۇ پېتى . بىز چۈشىنىدىغان ھەقىقىي رېئاللىق چىن بولمىغان كېچە

قويىدىن قۇتۇلۇپ كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بىز ئاخشام نەدە بۇ رىئاللىقتىن ئايرىلغان بولساق ، يەنە شۇ يەردىن ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. داۋاملىق يۈزلەنمىسەك بولمايدىغان ، زېرىكىشلىك ، ئۆزگەرمەس تۇرمۇش غېمى خىيالىمىزنى بەنت قىلىدۇ ؛ روھىي بېسىم يەنە باش كۆتۈرىدۇ . شۇنچىلىك ناخۇشلۇق ئىلكىدە سەھەردە ئويغىنىپلا يېپيېڭى بىر دۇنيانىڭ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قېلىشىغا ئىنتىزار بولىمىز . بىز ئارزۇلاۋاتقان بۇ دۇنيا شۇنداقكى ، ئۇنىڭدا جىمى شەيئىنىڭ شەكلى ، رەڭگى ئۆزگەرگەن ؛ سىرلىق تۇيغۇ مۇجەسسەملەنگەن ، جىمى كونا نەرسىلەر سىقىپ چىقىرىلغان . بىز ئارزۇلاۋاتقان بۇ دۇنيادا ھېچقانداق مەجبۇرىيەتكە ۋە ئۆكۈنۈشلۈك تۇيغۇلارغا ئورۇن يوق .

دورىيان گرېيىنىڭ ئارزۇلايدىغىنى ياكى تۇرمۇش نىشانى دەل مۇشۇنداق دۇنيانى قايتىدىن يارىتىش ئىدى . ئۇ شېرىن ئەمما دەقىقە ئىچىدە غايىپ بولىدىغان ئاشۇ تۇيغۇلارنى ، رومانتىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆزگىچە ھېسسىياتنى قوغلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خاسلىقىغا قارشى يوسۇندا تەپەككۇر قىلاتتى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇۋېتەتتى . بۇنداق تەپەككۇر شەكلىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ يەتكەندە ، قىزىقىسىنىش تۇيغۇسى قانائەت تاپقىنىدا بولسا ، چۈشىنىكسىز بىر سوغۇق نەزەردە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەتتى . بۇنداق سوغۇقلۇق ھەقىقىي قىزغىنلىق بىلەن سىغىشالمىغۇدەك يەردە ئەمەس . ھەتتا بىرقىسىم ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇنداق سوغۇقلۇق بولمىسا ئوتتەك قىزغىنلىق بولمايتتى .

«دورىيان رىم پروتېستانلار دىنىي ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولىدىكەن ، رىم دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇراسىملىرى ئۇنى رام قىلىۋاپتۇ»دېگەندەك گەپلەر بار ئىدى . رىم دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ ئادەتتىكى مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمى باشقا ھەرقانداق ئۇيۇشمىنىڭكىدىن ھەيۋەت ئۆتكۈزىلەتتى . بۇ ھال دورىياننى قاتتىق جەلپ قىلاتتى . چۈنكى بۇنداق مۇراسىملاردا تۇيغۇغا ئورۇن يوق ئىدى . ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى بىر خىل سىداملىق ئەكس ئېتەتتى . ئۇ ئىنسانىيەت تراگېدىيىسىنىڭ سىمۋولى ئىدى . دورىيان مەرمەر تاش يېيىتىلغان مۇزدەك پىيادىلەر يولىدا ھاياجان ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۈرلۈك كىيىم كىيگەن پوپنىڭ تاتىراڭغۇ قوللىرى بىلەن مۇقەددەس يۈپۈقنى ئاچقىنىغا ، زۇمرەت يالىتىلغان مۇقەددەس قۇتىنى ئاچقىنىغا شاھىد بولاتتى . مۇقەددەس قۇتا ئىچىدىكى قاتلىما كىشىگە «پەرىشتىنىڭ بولكىسى» نى ئەسلىتەتتى . دورىيان پوپنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەيسا كىيگەن جەببىر — جونداق كىيىمدىن ئەيمىنەتتى ، تەڭرىدىن گۇناھىنى تىلەپ مەيدىسىگە مۇشتلايتتى . چۆرىسىگە گۈل تۇتۇلغان چىلان رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن

سۆرلۈك ئەرلەر ئىس چىقىپ تۇرغان ئىسرىقداننى هاۋاغا ئاتاتتى . بۇنداق چاغدا ئېيتقۇسىز بىر خىل سېھرىي كۈچ دورىيانىنى شەيدا قىلاتتى . چېركاۋدىن چىقىدىغان چاغدا دورىيان ئاجايىپ بىر قىزىقىش بىلەن چېركاۋدىكى رەتلىك تىزىلغان تۆۋەخانىلارغا قاراپ كېتەتتى ، ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇپ ئەر - ئايال مۇخلىسلار پىچىرلىشىپ ئېيتىشقاتقان هايات ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتى .

لېكىن ، دورىيان تۆۋە قىلغۇدەك خاتالىق سادىر قىلمىغانىدى . ئۇ ئەزەلدىن هېچقانداق مەسلەك ياكى ئېتىقادقا قول بەرمىگەنىدى هەم بۇنداق ئىزم - پىرىنسىپلارنىڭ ئۆز مەنىۋىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشىنى خالىمايتتى . دورىيان ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئۆۋسى بولغان ئۆيىنى بىرەر ئاخشام ياكى بىر نەچچە سائەت قونۇپ كېتىدىغان مېهمانخانىلارغا هەرگىز ئوخشاتمايتتى . گاهىدا سىرلىقلىق ۋە ئۇنىڭدىكى سېھرىي كۈچ ، ئۇنىڭغا سىرلىقلىق بېغىشلاپ تۇرغان ئەقىدە دورىياننىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتسە ، گاهىدا ئۇ تۇرۇپلا گېرمانىيىدە شەكىللەنگەن ماتېرىيالىزم تەلىماتىغا مايىل بولاتتى . روهىي هالەتنىڭ پۈتۈنلەي فىزىئولوگىيىلىك شارائىتقا باغلىق بولىدىغانلىقىنى (بۇ خىل باغلىنىش مەيلى نورمال بولسۇن ياكى بولمىسۇن) بىلگىنىدە ئالەمچە خۇشال بولاتتى . ۋەهالەنكى ، بايا دېيىلگەندەكلا دورىيانغا نىسبەتەن تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تۇرمۇش هەققىدىكى هەرقانداق نەزەرىيىدىن ئۈستۈن تۇراتتى . ئۇ هەرىكەت ۋە ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئايرىلغان هەرقانداق مەنىۋى پائالىيەتنىڭ ئەهمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى . ئۇنىڭ چۈشىنىشىچە بولغاندا ، تۇيغۇ روهقا ئوخشاشلا ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى سىرلارنى ئېچىشنى كۈتەتتى .

شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەتىر ۋە ئەتىر ياساشنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى يەنە تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى . ئۇ روهىي كەيپىياتنىڭ تۇيغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش كېرەكلىكىنى بايقىدى . ئەتىرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ نازۈك تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايدىغانلىقى ، ئادەمنىڭ رومانتىك ئەسلىمىسىنى قوزغايدىغان مودەنگۈلدە ، تەسەۋۋۇرنى تورمۇزلاپ قويىدىغان كۆركۈم گۈلدە نېمە سىر بارلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى . ئۇ هەمىشە دېگۈدەك ئەتىرنىڭ پىسخىكىلىق رولىنى تەسۋىرلەپ بېقىشقا ، ئاشۇ خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ سىرىنى ۋە ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چۈشىنىپ بېقىشقا تىرىشاتتى .

دورىياننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇزىكىغا كىرىشىپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى . تورۇسلىرى قىزغۇچ ، سېرىق رەڭلەردە سىرلانغان ، تاملىرىغا زەيتۇن رەڭلىك سىر بېرىلگەن زاللاردا ئۇ ئاجايىپ مۇزىكا كېچىلىكلىرىنى تەشكىللەيتتى . بۇنداق كېچىلىكلەردە مۇزىكا

ئەۋجىدە ئەس – ھۇشنى يوقاتقان سىگانلار ئەپچىل سازلىرى بىلەن ھەرخىل جۇشقۇن مۇزىكىلارنى ئورۇندايتتى . سېرىق يىپىنچا كىيگەن تۇنىسلىقلار سازلىرىنىڭ تارلىرىنى بىر خىل سۇر بىلەن تىرىڭشىتاتتى . كولۇشوپ ئاغزى يۇمۇلماي قالغان نىگىرلار ئىپادىسىز بىر خىل ھالەتتە داقا – دۇمباقلارنى چالاتتى . بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغان ئورۇق ھىندىلار قىزىل كىگىزدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە نەي چالاتتى . گاھىدا شوبېرتنىڭ ، چوپىننىڭ بېتخوۋېننىڭ مۇزىكىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايتتى . پەقەتلا جۇشقۇنلۇق بىلەن ئورۇندالغان مۇزىكىلار ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلارلا ئۇنى جەلپ قىلالايتتى . ئۇ يەنە تاپقىلى بولىدىغانلىكى ئاجايىپ – غارايىپ سازلارنى يىغدى . بۇ سازلارنىڭ ئىچىدە زاۋاللىقتا يۈز تۇتقان بىرەر دۆلەتنىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغانلىرىمۇ ، سانى ئاز قالغان ياۋايى قەبىلىلەردىن قالغانلىرىمۇ بار ئىدى . ئىشقىلىپ ، بۇ سازلار غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا ساقلىنىپ قالغانىدى . دورىيان بۇ سازلارنى چېلىشقا ئامراق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوۋېنكرو ئىندىئانلىرىنىڭ سىرلىق سازى «جۇرۇپارس» بار ئىدى . بۇنداق سازلارغا ئاياللار ۋە قامچا جازاسىغا ئۇچرىمىغان ئەرلەر قارىسا بولمايتتى . دورىيان يىغقان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە يەنە قۇشلارنىڭ ئاۋازىدەك ئۇن چىقىدىغان پېرو كوزىسى ، ئاۋانسا دېئوۋارى چىلىدا باشقىلارغا چالدۇرۇپ ئاڭلىغان ، ئادەم سۆڭىكىدىن ياسالغان نەي ، كورسىننىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تېپىلغان ، ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىدىغان قاشتېشى بار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، گوللۇك رەسىم سىزىلغان ، ئىچىگە شېغىل قاچىلانغان ، چايقىسا «شالدىر – شالدىر»ئاۋاز چىقىدىغان قاپاق ؛ مېكسىكىلىقلار «كرارىن» دەپ ئىسىم قويغان ، تېشىغا قاراپ پۈۋلەيدىغان سۇناي ، ئامازون دەرياسى بويىدا ياشىغۇچى قەبىلىلەر ئىشلەتكەن ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان «تېرۇي» بار ئىدى . ئەينى يىللاردا چوڭ دەرەخلەرگە چىقىۋېلىپ قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئەسكەرلەر مۇشۇ نەرسىنى چېلىپ ئوينىغانىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ناھايىتى يىراقلاردىن ئاڭلىغىلى بولارمىش . يەنە «تېپانىستېرى» ئاتلىق دۇمباقمۇ بولۇپ ، ئۇنى كىشىلەر سۈترەڭ ئۆسۈملۈك ياغىچىدا ياسالغان تاياقتا چالاتتى . دۇمباقتىكى ئىككى تال پۇرژۇننىڭ تىترىتىش رولى بار ئىدى . ئەنە شۇنداق ئاجايىپ سازلارغا ئەسرا بولغان دورىيان سەنئەتنى تەبىئەتكە ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ئۇ ئاۋازى قورقۇنچلۇق چىقىدىغان ، شەكلى سەت بۇ نەرسىلەردىن بىر خىل ھوزۇر ھېس قىلاتتى . ئەمما ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇ بۇ سازلاردىن بەزدى – دە ، بۇرۇنقى كۆنۈككەن ئادىتى بويىچە لورد ھېنىرى ئەپەندى بىلەن ئايرىمخانىسىدا ئولتۇرۇپ «تانغانسېر» درامىسىدىن ھوزۇرلاندى . دورىيان نۇرغۇن بۇيۇك ئەسەرلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئۆز روھىنىڭ تراگېدىيىسىنى كۆرگەندەك بولاتتى .

يەنە بىر چاغلار كېلىپ دورىيانىنىڭ قىزىقىشى ئۇنچە – مەرۋايىتقا يۆتكەلـدى . ئـۇ بىـر قېتىملىق تانسا كېچىلىكىدە فرانسـىيە دېڭىـز ئـارمىيە گېنرالـى ئاندروسـنى ئەسـلىتىپ 560 تـال مەرۋايىــت ئورنىتىلغــان كىيىمنــى كىيىــپ پەيــدا بولــدى . ئـۇ نۇرغـۇن يىللارغـىچە بـۇ ھەۋەسنى تاشلىمىدى . ئۇ مەرۋايىت يالىتىلغان قاپ ئىچىدىكى ھەرخىل قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى تىزىپ ئوينايتتى . بەزى كۈنلەردە شۇنىڭ بىلەن ئەمەك بولـۇپ پۈتـۈن كـۈننى ئۆتكۈزىۋېتەتتى . ئـۇ يىغقـان بۇيـۇملارنى سـاناپ تـۈگەتكىلى بولمـايتتى ، ئۇنـىڭ ئىچىـدە چىراغ يورۇقىدا قىزىل كۆرۈنىدىغان زەيتۇن رەڭگىدىكى زۇمرەت تاش ، ئىچىكە يول – يـول سـىزىقچىلار چۈشـۈرۈلگەن پـارقىراق ئـۈنچىلەر ، يېشـىل رەڭ ئارىلاشـقان سـارغۇچ زەيتـۇن تېشى ، ئەتىرگـۈل يـاكى قىزىـل ھـاراق رەڭگىـدىكى قاشتېشـى قاتـارلىقلار بـار ئـىدى . يەنە ئامستېردامدىن ئېلىـپ كەلـگەن ئـۈچ دانە يـالتىراق كەھرىـۋا ۋە گرانـت تاشـلار ئارىسـىدىن قېزىۋېلىنغان مارجانلارمۇ بولۇپ ، كۆرگەن كىشى ئاغزىنى چاكىلدىتىپ كېتەتتى .

دورىيــان ئــۈنچە – مەرۋايىــت توغرىســىدا ئاجايىــپ قىزىــق گەپلەرنــى ئاڭلىــدى . ئافانسونىڭ «پاستىرلار قىلىنامىسى» دا كـۆزى ھەققىـي قىزىـل ئـازورتتىن تـۈزۈلگەن بىـر زەھەرلىك يىلان تىلغا ئېلىنـاتتى . ئالېكسـاندىرنىڭ رومانتىـك تارىخىـدا يەنە ئىمانىسسـانى بويسـۇندۇرغان بـۇ ئىمپېراتۇرنـىڭ ئىئـوردان دەرياسـى ۋادىسـىدا مـۈرە تەرىپىـدىن كەھرىـۋا چەمبىرەك ئۆسۈپ چىققان بۇ يىلاننى قانداق بايقىغانلىقى ھېكايە قىلىنىـدۇ . فروسـتراتوس سۆزلىگەن ھېكايىلەردە ، يەنى مېڭىسىدە مەرۋايىت بار بىـر ئەجـدىھانىڭ «قىزىـل ھەرپنـى ۋە قىزىـل يەكتەكنــى كۆرسـىلا» سـېھىرلىنىپ ئۇيقۇغـا كېتىـدىغانلىقى ، شـۇ پۇرسـەتتىن پايــدىلىنىپ ئــۇنى ئۆلتــۈرگىلى بولىــدىغانلىقى ســۆزلىنىدۇ . ئــالتۇن قــازغۇچى پىئېــر دىبونخاســىنىڭ ئېيتىشــىچە ، ئالمــاس يۇتـۇۋالغــان ئادەمنىــڭ بەدىنــى باشــقىلارغا ئېنىــق كۆرۈنمەسمىش ؛ ھىندىستاننىڭ كەھرىۋاسنى يۇتۇۋالغان ئادەم سۆزمەن بولۇپ كېتەرمىش . پــارقىراق قاشتېشــى ئــاچچىقنى باســارمىش ، قىزىــل ئالمــاس ئۇيقــۇ كەلتــۈرەرمىش ، سۆسـۈنرەڭ كىرىسـتال ھـاراق پـۇرىقنى يوقىتـارمىش ، ئانـار تـاش جىـن – ئالۋاسـتىلارنى قاچۇرارمىش ، سۇ ئارىلاشقان ئاقسـىلتاش ئـاي نـۇرىنى قـايتۇرارمىش . ئىشـقىلىپ ، گەپلەر بەك جىق ، بەك جىق .

كېيىن دورىيـان كەشـتىگە ، گىلەمگە بەك قىزىقىـپ قالـدى . شـىمالىي ياۋروپـادىكى دۆلەتلەردە كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرنى ئۆيلىرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ساقلايدىغان تام رەسىملىرى ئورنىـدا ئىشـلىتەتتى . دورىيـان ئـۇ نەرسـىلەرنىڭ سـىرىنى بىلىشـكە باشـچىلاپ كىرىشـىپ كەتتـى . ئـۇ نەرســىلەرنىڭ يىللارنــىڭ بــوران – چاپقۇنلىرىــدا ئــۇپرىغىنىنى كۆرگىنىــدە ئازابلىنـاتتى . لـېكىن ، بـۇ ئـارقىلىق ھېچبولمىغانـدا يىللارنـىڭ جەبـرى – جاپالىرىـدىن

قۇتۇلالايتتى . يىللار بىر – بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى ، گۈللەر ئېچىلىپ يەنە توزىدى ، قاباھەتلىك كېچىلەردە داۋاملىشىدىغان تېتىقسىز ھېكايىلەر داۋام قىلىۋەردى . ئەمما ، دورىيان گرېيدە ئۆزگىرىش بولمىدى . ئۇنىڭ زىمىستان قىشلاردا قەددى ئېگىلمىدى ، چىرايى سولمىدى .

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى ، دورىيان ئەنگلىيىنى قەۋەتلا سېغىندى ، لورد ھېنرى بىلەن تىرۋۇلدا بىللە سېتىۋالغان داچىسىغىمۇ بارمىدى ؛ ئالجىرىيىدىكى قورو تېمى بىلەن سېلىنغان چىرايلىق ئۆيلىرىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى . ئۇ رەسىمدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايتتى . رەسىم ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولسىمۇ ، ئۆزى يوق چاغدا باشقىلارنىڭ كىرىپ رەسىملىرىنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈردى .

باشقىلارنىڭ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . گەرچە رەسىملىرىدە ناھايىتى بەدبەشرە بىر كىشىنىڭ پورتېرىتى سىزىلغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى . لېكىن ، ئۇلار ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە بايقىۋالالارمۇ ؟ ئۇ ئۆزىنى مازاق قىلماقچى بولغان كىشلەرگە پەقەت كۈلۈپلا قويىدۇ . بۇ رەسىمنى بەربىر ئۇ سىزمىغان . رەسىمدىكى چىرايلار ناھايىتى بەدبەشرە بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتقان تەقدىردىمۇ ئۇلار ئىشىنەمتى ؟

لېكىن ، دورىيان يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى . ناگان – ناگاندا نوتتىڭھامدىكى قورۇقىدا ئۆزىگە ئوخشاشلا ئېسىلزادە نەسەبلىك مودا ياشلارنى كۈتكەنلىرىدە ، پۈتۈن يېزىدىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئەيش – ئىشرەتلىك راھەت تۇرمۇشىغا مەستانە بولغان چاغلاردا ، ئۇ مېھمانلىرىنى تاشلاپ قويۇپ رەسىملىرىنىڭ جايىدا بار – يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىرايتتى . ئۇ رەسىملىرىنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى ۋە بۇنى ئويلىسىلا تېنى شۈركىنىپ كېتەتتى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، ئەگەر رەسىملىرى ئوغرىلىنىپ كېتىدىغانلا بولسا ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى باشقىلار بىلىپ قالاتتى . بەلكىم كىشىلەر ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان بولسا كېرەك .

ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەر قاتارىدا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى . ئۇ غەربىي رايوندىكى بىر كۇلۇبتىن قوغلاندى قىلىنغىلى تاس قالدى . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ كۇلۇبقا ئەزا بولۇشقا شەرتى تامامەن توشاتتى . بەزى مىش – مىش پاراڭلاردا ئۇنى بىر دوستى گېگىل كۇلۇبىنىڭ تاماكا چېكىش ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندە گراف بورك ئەپەندى ۋە يەنە بىر جاناپنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ . دورىيان توغرىسىدىكى مىش – مىش پاراڭ ئۇ 25 ياشقا كىرگەندىن كېيىن قەۋەتلا ئاۋۇپ كەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ

ۋاچېتپوردىكى بىر كوچا لۇكچەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسدا چەتئەللىك غەۋۋاسلار بىلەن قانداق سوقۇشقانلىقى ، ئوغرى – يانچۇقچى ، ساختا پۇل ياسىغۇچىلار بىلەن قانداق ئاپاق – چاپاق بولغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشەتتى . ئۇ سىرلىق ھالدا ئىز – تىزسىز غايىپ بولغاندا نامى قانداق تۆكۈلگەن بولسا ، كىشىلەر توپىدا قايتا پەيدا بولغاندىمۇ كۇس – كۇس پاراڭ يەنە ئاۋۇپ كەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن ئۆتەتتى ، خۇددى سىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك ، ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەرى بىلەن تىكىلەتتى .

دورىيان باشقىلارنىڭ سوغوق مۇئامىلىسىنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيتتى ، زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ سالاپەتلىك يۈرۈش – تۇرۇشى ، سېھىرلىك كۈلۈمسىرەشلىرىنىڭ ئۆزىلا غەيۋەتچىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب ئىدى . چۈنكى ، غەيۋەتچىلەرنىڭ مەقستى ئەنە شۇنداق كۇس – كۇس پاراڭلار بىلەن ئۇنى چۆكۈرۈش ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىش ئىدى . بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن كىشىلەرمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىن يىراقلىششقا باشلىغانىدى . ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلغان ئاياللار سەت بولارمۇ دېگەننى ئويلىشىپ ئولتۇرماي ، ئۇ توغرىلىق سۆز – چۆچەك چىققاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى . ئەمدىلىكتە دورىيان قېشىغا بېرىشىغىلا ئۇ ئاياللارنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى .

قىزىق يېرى ، سۆز – چۆچەك ئاۋۇغانسېرى كىشىلەر ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچى بارلىقىغا ئىشىنىپ قالغىلى تۇردى . ئۇنىڭ بايلىقى ۋە مال – مۈلكىمۇ ئۇنىڭ يېڭىلمەس ئورۇنغا چىقارغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى . ھەرقانداق ئىناق جەمئىيەتتە كىشىلەر يۈز – ئابرويلۇق كىشىلەرنى چۆكتۈرۈش مەقسىتىدە قىلىنغان سۆز – چۆچەكلەرگە ئىشىنىپ كەتمەيتتى . كىشىلەر ئىنسان تەبئىتى نۇقتىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يۈرۈش – تۇرۇشى جايىدا ئادەملەرنى ئەخلاقلىق ئادەملەردىن چوڭ بىلىدۇ ؛ خەقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەمدىن ياخشىراق بىر ئاشپەزنىڭ كۆنى ياخشى دەپ ئويلىشىدۇ . بىر ئادەم سىزنى غورىگۈل تاماق ، سۇپەتسىز ھاراق بىلەن كۈتسە ۋە مېھمان قىلغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق ھەدەپ پو ئاتسا ، ئەلۋەتتە كەيپىڭىز ئۇچىدۇ . لورد ھېنرى ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق گەپ بولغاندا ، «پەزىلەت دېگەن نېمە ؟ ئۇنى يا خامسەي ئورنىدا يېگىلى بولمىسا» دېگەنىدى . ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى باشقىلار يەنە بىر مۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىشىمۇ مۇمكىن . بىر يوقىرى تەبىقىلىق جەمئىيەتنىڭ دىنىي قائىدە – مىزانلىرى ھېچبولمىغاندا سەنئەت مىزانلىرى بىلەن بىردەكتۇر . شەكىل يوقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر . ھەيۋەتلىك

مۇراسىملاردا رېئاللىقتىن بايقىغان سەنئەت شەكىللىرى مۇجەسسەم بولسا ۋە ئۇنىڭغا گۆزەللىك ، ئەقىل – پاراسەت ۋە ئازراق ساختىلىق ئېلېمېنتلىرى قېتىلسا ، مۇراسىمغا قاتناشقۇچىلار باشقىچە خۇشال بولۇشى مۇمكىن . ساختىپەزلىك راستىنلا شۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ ؟ مەن ئۇنداق قارىمايمەن . ئۇ – پەقەتلا بىزنىڭ خاسلىقىمىزنى تاۋلاشتىكى بىر خىل ئۇسۇل .

قانداقلا بولسۇن ، دورىيان گرېي شۇنداق ئويلايدۇ . ئۇنى ئىلگىرى پسىخولوگىيە ھەققىدىكى چالا بىلىملەرنى بىلىۋالغان بىلىمدانلار گاڭگىراتقان . ئۇلار «ئۆزلۈك» نى ئاددىي ، مەڭگۈلۈك ، ئىشەنچلىك دەپ چۈشىنىدۇ ، بىرلا خىل ئامىلغا باغلاپ قويىدۇ . ۋەھالەنكى ، دورىيان ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئىنساندا سانسىز ھاياتلىق ھۆجەيرىسى ۋە سەزگۈ ، ھەرخىل شەكىلدىكى بىئولوگىيىلىك قۇرۇلما بولىدۇ . ئىنساندا تەپەككۇر قىلىش ، ھاياجانلىنىش ئىقتىدارى بولىدۇ . دورىيان يېزىدىكى داچىسىنىڭ سوغۇقلۇق ھۇۋۇلاپ تۇرغان رەسىمخانىسىدا ئۇيان – بۇيان مېڭىپ ، ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ رەسىملىرىدىن ھوزۇرلىنىشقا ھېرىسمەن ئىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ قېنىدا دەل ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قېنى ئېقىۋاتاتتى . رەسىملەرنىڭ قاتارىدا فىلىپ خېربېرتنىڭ رەسىمىمۇ بار ئىدى . فرانسىس ئەس ئۆزىنىڭ «ئايال پادىشاھ ئېلىزابىتنى ۋە پادىشاھ جامېسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلەش» دېگەن ئەسىرىدە فىلىپ خېربېرتنى «شۇنچىلىك كېلىشكەن ئادەم ئىدىكى ، ئوردىدا ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئەتىۋارلايتتى . ئەمما ، ئۇنىڭغا قاملاشقان چىرايى ئۇزۇن قالماي سولدى» دەپ سۈرەتلەيدۇ . دورىيان بەزىدە : «خېربېرتنىڭ ياش ۋاقتىنى دوراپ ياشاۋاتامدىم نېمە ؟» دەپ ئويلايمۇ قالاتتى . ئەجىبا ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى مەلۇم بىر خىل زەھەرلىك مىكرو ئورگانىزم يەنە بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتۈپ مەڭگۈلۈك ماكانىنى تاپامدىغاندۇ ؟ ئەجىبا ئۇ خېربېرتنىڭ سالاپىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆڭلىدە ھېس قىلغاندىن كېيىنلا بازىل خالۋاردنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيىدە ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان شۇ قېتىملىق تىلاۋەتكە تۈتۈنغان بولغىيمىدى ؟ ئەنە ، بىر چەتتە ئانتونى سېيدىرانىڭ رەسىمىمۇ تۇرىدۇ . ئۇ رەسىمدە ئىچكە چۈرىسىگە ئالتۇن زىغزىق تۇتۇلغان ئاسما ماياك ، تېشىغا چۈرىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تۈگمە تاقىغان چاپان كىيگەن ، قارامتۇل دۇبۇلغىسى پۇتىنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويۇلغان . ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلىرى نەدىكىنە ؟ ناپلېستىكى جىۋاننانىڭ ئاشنىسى پۇتكۇل گۇناھ ۋە نومۇسلۇق ئىشلارنى ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرۇپ كەتتىمىكىنا ؟ ئەجىبا ئۇنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرى جاھانسازلىقتىن بەزگەن كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا ئايلانمىغان چۈشلىرىمىدۇ ؟ رەڭگى ئۆڭگەن كىليونكىغا سىزىلغان رەسىمدە ئېلىزابىت دىۋرو خانىم ھالرەڭ يەڭلىك قىزىل

رۇباشكا كىيگەن ، ئوڭ قولىدا بىر تال گۈل تۇتقان ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ يېنىدىكى شىرەگە بىر تال ئالما ماندارىن ئىسكىرىپكىسى قويۇلغان . ئۇنىڭ ئۇچلۇق ، نەپىس ئايىقىغا زىننەت سۈپىتىدە يېشىل ئەترگۈل قويۇلغان . دورىيان ئۇ ئايالنىڭ قانداق ياشىغانلىقى ۋە كىملەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلارنى ياخشى بىلىدۇ . ئۇ ئايالدا بار خۇلق ئۇنىڭدا بارمۇ ؟ ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى دورىيانغا تىكىلگەندەك قىلىدۇ . جورج ۋىروبىنىڭ تەققى - تۇرۇقچۇ ؟ رەسىمدە ئۇ شۇنداق رەزىل ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ ، چىرايى ساڭگىلاپ كەتكەن ، گۆشلۈك لەۋلىرىدىن بىر خىل مەمەدانلىق چىقىپ تۇرىدۇ . ياش ۋاقتىدا لورد فېرارسىنىڭ دوستى بولغان بۇ كىشى 18 - ئەسىردىكى مودىنى ئومۇملاشتۇرغانىدى . ئىككىنچى ئەۋلاد قاتارىدا سانىلىدىغان لورد بېكخام قانداقراق كىشى بولغىيدى ؟ ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ تازا شەھۋەتپەرەس چاغلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ، پادىشاھنىڭ فېسجورت خانىم بىلەن مەخپىي توي قىلغان ئىشلىرىغا شاھىد بولغان . سارغۇچ بۆدرە چاچلىرى ، ھېچنېمىدىن يانمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان تۇرۇقى ئۇنى ھەم سالاپەتلىك ھەم ھاكاۋۇر كۆرسەتكەن . كېيىنكى ئەۋلاد كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداق ھېسسىياتنى ئۆرنەك ئالغان بولغىيدى ؟ ئۇنىڭ نامى ياخشى ئەمەس ، كارتون سارىيىدا شاللاقلىق دولقۇنىنى باشلاپ بەرگەن . ئۇنىڭ كۆكرىكىدە پارقىراق بىر ئوردېن تاقالغان . ئايالىنىڭ رەسمى ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىلغان . چىرايى تاتارغان ، لەۋلىرى نېپىز كەلگەن بۇ ئايال ئۇستىگە قارا رەڭلىك كىيىم كىيگەن . دورىياننىڭ تېنىدا ئۇنىڭمۇ قېنى ئاقىدۇ . قارىماققا نىمىدېگەن سىرلىق ئىشلار - ھە ؟ ئۇنىڭغا ئاپىسىدىن مىراس قالغىنى گۈزەللىككە بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە كېلىشكەن قامەت . ئايال كاھىنلارنىڭ كەڭ يەكتەكلىرىنى كىيىۋالغان ئاپىسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ بېشىغا ئۈزۈم يوپۇرمىقى ئېسىلغان ، قولىدىكى رومكىدىن سۈسۈن رەڭلىك ھاراق تېشىپ تۇرىدۇ . رەسىمدىكى 康乃馨 گۈلى قۇرۇپ كەتكەن . ئەمما ، ئۇ كۆزلەردىن يەنىلا قىزغىن بىر ھېسسىيات تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . ئۇ كۆزلەر ھېلىھەم جەلپكار ، سېھىرلىك . دورىيان نەگىلا بارسۇن ، بۇ كۆزلەر ھەمىشە ئۇنىڭغا ھەمراھ .

ئادەمدە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قېنى بولغىنىغا ئوخشاشلا ئۆزى ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭمۇ تەسىرى بولىدۇ . ھالبۇكى ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدىغىنى ئەدەبىيات پېشىۋالىرىدىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان خاسلىق ۋە تەبىئىيلىك بولسا كېرەك . گاھىدا دورىيان گىرىپىغا تارىخ ئۆز ھاياتىنىڭ تەسىرىدەك ، چىن تۇرمۇشنىڭ ئەمەس ، تەسەۋۋۇرىدا يارىتىلغان تۇرمۇشنىڭ خاتىرىسىدەك تۇيۇلىدۇ . بۇنداق تۇرمۇش ئۇنىڭ مېڭىسىدە ، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدا ھامان

ئـۆز تەسـىرىنى كۆرسـىتىپ تۇرىـدۇ . دورىيـان ئاشـۇ كىشـىلەرنى ، ئاشـۇ سـىيمالارنى تونۇيدىغانـدەكلا ھـېس قىلىـدۇ . ئۇنىـڭ نەزەرىـدە ئۇلارنىـڭ ھاياتى سـىرلىق بىـر خىـل ئۇسۇلدا ئۇنىڭكىگە تەسىر كۆرسەتكەن .

دورىيانىنىـڭ تـۇگىمەس خىيـالى بـۇ ئاجايىـپ ئەسـەردىكى ئۇنىـڭ ھاياتىغـا تەسـىر كۆرسەتكەن ئاشۇ باش پېرسوناژلاردىن مەنبەئە ئالغان . دورىيان ئۇ ئەسەردىن ئـاۋۋال بىـر بـاب ، ئانـدىن قىزىقسـىنىپ يەنە ئىككـى بـاب ئوقـۇدى . ئـۇ بـابلاردا تەلـۋە ، رەزىـل ئادەملەرنىڭ ئوبرازى سىزىلغان . ئۇنىڭدا كېنەز مىلان ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ، ناھـايىتى ئۇستىلىق بىلەن لەۋلىرىگە زەھەرلىك لەۋسۇرۇقنى سۈرۈپ قويىدۇ . ئايالىنىـڭ ئاشـىنىلىرى ئۇ لەۋلەرگە سۆيۈپ زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ . ئۇ بابلاردا يەنە پاپا پاۋل ئىككىسـىنىڭ (ئىسـمى پېـدىرو بـابى) شۆھرەتپەرەسـلىكىنىڭ دەيـدەيگە سىلىشـى بىـلەن يـۇقىرى ئۆرلەشـكە تىرىشـقانلىقى ، گۇنـاھ ئۆتكـۈزۈش بەدىلـگە 200 مـىڭ فلورىنسـىيە تىللاسـىغا يارايـدىغان پاپلىق ئورنىغا چىققانلىقى سۆزلىنىدۇ . يەنە مۇنداق مەزمۇنلار بـار . مـلان بېگـى گىريـان مارىيا ۋىسكانت ھايات كىشلەرنى ئاپشاركىغا تالىتىدۇ . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، جەسىتىنى ئۇنى چوڭقۇر سۆيگەن بىر پاھىشە قىزىلگۈلگە ئوراپ دەپنە قىلىدۇ . بورگىيا ئاپئـاق ئېتىنـى مىنىـپ ، ئىنىسـىنى ئۆلتـۈرگەن فراكرېـد بىـلەن سـەپەرگە چىقىـدۇ . ئۇنىـڭ يېپىنچىسـى پىروتېرنىـڭ قىزىـل قېنـى بىـلەن بويالغـان . پىئېـرو ، رىئـالىئو ، فلورىنسـىيىنىڭ يـاش ئېپىسكوپى ، خېكستوس تۆتىنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر – ۋۇزۇرالىرى شۇ سەپتە بار .

بۇ كىشلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل قاباھەتلىك كۈچ بار . كېچىدە دورىيان ئـۇلارنى چۈشەپ قالدى ، كۈندۈزى خىيالى ئۇلارنىـڭ كۆلەڭگىسـىدىن قۇتۇلالمـىدى . ئەدەبىيـات – سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى كىشلەر ئاجايىپ بىرخىـل زەھەرلەش ئۇسـۇلىدىن خەۋەردار ئىـدى . دورىيـان گىرىـپ بولسـا بىـر كىتـابتىن زەھەرلەنـدى . بەزىـدە ئـۇ ھەتتـا رەزىللىكنى ئۆزىنىڭ ئىستېتىك ئۆلچىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر خىل ئۇسۇل قىلىۋالغان.

## ئىزاھات :

① ئېيتىلىشىچە ، «ساتىرىكون» نـاملىق بـۇ كىتـابنى مـىلادى 1 – ئەسـىردە قەدىمكـى رىملىـق يـازغۇچى پېترووۋنـوس يازغـان . ئـاپتور ئىسـتېتىكىلىق تۇيغۇغـا بـاي بولغاچقـا ، كىشلەر تەرىپىدىن «مودىنىڭ ھۆكۈمرانى» دەپ ئاتالغان .

② نېرونىيـان (37 – 68) – قەدىمكـى رىمنىـڭ پادىشـاھى ، تارىختـا نـامى بـار زالىـم پادىشاھ .

# ئون ئىككىنچى باب

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ 9 – نويابىر كۈنى ، يەنى ئەتە 38 ياشقا كىرىدىغان كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى دائىم ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى .

ئۇ لورد ھېنرىنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يەپ ، سائەت 11 يېرىملار ئەتراپىدا پىيادە ئۆيىگە قايتتى . كېچىنىڭ ھاۋاسى ئۇبدانلا سوۋۇپ قالغان ، ئەتراپنى قويۇق تۇمان باسقان ئىدى ، ئۇ قېلىن خۇرۇم پەلتويىغا مەھكەم ئورىنىپ كېتىپ باراتتى .

گروسۋېنور مەيدانى بىلەن جەنۇبىي ئاۋدلېي كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ، كۆلرەڭ پەلتوينىڭ ياقىسىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ، قولىدا سومكا تۇتۇۋالغان بىر ئادەم قويۇق تۇمان ئارىسىدىن چىققىنىچە ، ئۇنىڭ يېنىدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى . دورىيان بىر قاراپلا ئۇنىڭ بازىل خالۋارد ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى . شۇئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل غەلىتە ۋەھىمە چۇلغىۋالدى . دورىيان بازىلنى تونۇمىغانغا سېلىپ ، قەدىمىنى تېزلەتتى – دە ، ئۆيى تامان تېز- تېز يۈرۈپ كەتتى.

لېكىن ، بازىل خالۋارد ئۇنى تونۇۋالغان ئىدى . دورىيان بازىلنىڭ قەدىمىنى شاپپىدە توختىتىپ ، كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى . ھايال ئۆتمەي ، بازىل ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتتى .

دورىيان ! ھەجەپ ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق – ھە ! سائەت 9 دىن بېرى سىزنى كىتابخانىڭىزدا ساقلاپ ئولتۇردۇم . يەنە ئولتۇرۇۋېرەي دېسەم ، بىچارە خىزمەتكارىڭىز بەك چارچاپ كېتىپتۇ، ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلماي دەپ ئاستا يېنىپ چىقتىم . كېچىلىك پويىزغا ئۇلگۈرۈپ پارىژغا بارمىسام بولمايتتى ، ماڭغۇچە سىز بىلەن بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى . بايا يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا ئۇچىڭىزدىكى خۇرۇم پەلتويىڭىزدىن سىزنى شۇمىكىن دېدىم ، لېكىن تازا جەزىم قىلالمىدىم . مېنى تونۇمىدىڭىزما ؟

قەدىرلىك بازىل ، قويۇق تۇماننىڭ دەستىدە گروسۋېنور مەيدانىنىمۇ ئىلغا قىلالمايۋاتسام ، سىزنى قانداق تونۇيالاي ؟ ئۆيۈم مۇشۇ ئەتراپتىلا بولمىسا ، لېكىن يولنى تازا پەرق قىلالمايۋاتىمەن . كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتىكەن ، كېتىدىغىنىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. پارىژدا ئۇزۇن تۇرمايدىغانسىز- ھە؟

- يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالىمەن . كاللامدا كاتتا ئەسەردىن بىرنى پۇشۇرۇپ قويغان

ئىدىم . پارىژغا بېرىپ رەسىم سىزىش ئۆيىدىن بىرەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ، ئاشۇ كاتتا ئەسەرنى پۈتتۈرمىگىچە سىرتقا چىقماسمەن دەپ ئويلاۋاتىمەن . لېكىن ، بۈگۈن سىزنى ئۆزۈم توغرىسىدا پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلمىدىم . ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىغىمۇ كېلىپ قاپتۇق ، ئىچىگە كىرىپ بىردەم مۇڭدىشايلى . سىزگە دەيدىغان جىق گېپىم بار .

- تازىمۇ ياخشى گەپ بولدى . مەن بىلەن پاراڭلىشىمەن دەپ پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالماڭ يەنە ، – دورىيان گېرىي ھارغىن قىياپەتتە شۇنداق دېگەچ ئىشىكنى ئاچتى .

ئۆيدىن چىققان چىراق نۇرى قويۇق تۇماننى غۇۋا يورۇتتى . بازىل خالۋارد سائىتىگە قاراپ قويۇپ دېدى :

- پويىز 12 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە قوزغىلىدۇ . ھازىر سائەت 11 بوپتۇ ، خېلى ۋاقتىم بار ئىكەن . بايا تېخى سىزنى ئىزدەپ كۇلۇبقا ماڭغانىدىم . مانا قاراڭ ، مۇشۇ سومكامدىن باشقا ئېغىر نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن ماڭدۇرىۋەتتىم ، يوك-تاقلىرىمۇ كۆپ ئەمەس ، ۋېكتورىيە ۋوگزالىغا 20 مىنۇتتىلا يېتىپ بارالايمەن .

دورىيان بازىلغا لاپپىدە قاراپ قويدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

- شۇنچە داڭلىق رەسسام تۇرۇپ يولغا چىققان تۇرۇقىڭىزغا قارىڭە . بىر سومكا ، بىر پەلتو بىلەن سەپەرگە چىققاننى كۆرمەپتىكەنمەن ! قېنى تېز كىرىڭ ، ئۆيگە تۇمان تونۇپ كەتمىسۇن يەنە . لېكىن ، ئالدىن دەۋالاي ، يېقىندىن بېرى سىزگە سۆزلەپ بەرگۈدەك تۈزۈك بىر ئىشمۇ يۈز بەرمىدى ھەم يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس .

بازىل خالۋارد بېشىنى چايقاپ قويۇپ ، دورىياننىڭ كەينىدىن سوكۇتتا كىتابخانىغا كىردى . يوغان تام ئوچاقتىكى ئوتۇنلار چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى ، چىراغ ئۆي ئىچىنى ئاپئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن ئىدى . سېپتا نەقىشلەنگەن كىچىك ئۈستەلگە گولاندىيەدە ياسالغان بىر كۈمۈش ئاپقۇر قويۇلغان بولۇپ ، ئىچىدە بىر نەچچە بوتۇلكا سودا سۈيى ۋە يوغان گۈللۈك رومكىلار تۇراتتى .

- قارىمامسىز دورىيان ، خىزمەتكارىڭىز مېنى قالتىس كۈتۈۋەتتى . نېمە دېسەم شۇنى تەق قىلىپ بەردى ، ھەتتا سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پاپىروسلىرىڭىزدىن تارتىپ ئەچىقىپ بەردى . ئۇ بەك مېھماندوستكەن ، ئىلگىرىكى ھېلىقى فىرانسىيىلىك خىزمەتكارىڭىز ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمىگۈدەك . ھە راست ، ئۇ خىزمەتكارىڭىز كېيىن قانداق بولۇپ كەتتى؟

دورىيان مۈرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ دېدى :

- ئۇ رادلىي خانىمنىڭ ئايال خىزمەتكارى بىلەن توي قىلىپ ، ئايالىغا پارىژدا ئەنگلىيىچە مودا كىيىملەر دۇكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئاڭلىسام ، پارىژدا ئەنگلىيىچە

كىيىملەر تـازا مـودا بولـۇۋېتىپتىمىش . نېمىشـقىكىن ؟ فىرانسـىيىلىكلەر ماڭـا بەك ئەخـمەق تۇيۇلـدۇ . ئـۇنى ئـۇنچە ئەسـكى دەپ كەتكىلىمـۇ بولمـايتتى . دېـگەن يېرىمـدىن چىقىـپ كەلگەن بولمىسا ، لېكىن ئانچە كۆڭلۈم چۈشمىدى . كىشـىلەر بەزى ئىشـلارنى بەك بىـمەنە ئويلىۋېتىدۇ . ئۇ ناھايىتى سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمنى قىلغان ئىدى ، كېتىـدىغان چېغىـدا كۆڭلى بەك يېرىم بوپ كەتتى . سودا سۈيى قوشۇلغان بىراندى ھارىقىـدىن يەنە بىـر رومكـا كەلتۈرەيمـۇ؟ مېنىـرال سـۇ قېتىلغـان ئـاق ئـۈزۈم ھارىقـدىن ئىچـىپ باقامسىـز – يە ؟ مەن ئادەتتە ئاق ئۈزۈم ھارىقىغا مىنىرال سۇ قوشۇپ ئىچىشكە ئامراق .

- رەھمەت ، ھېچنىمە ئىچكۈم يوق ، – بازىل شىلەپىسـى بىـلەن پەلتوينى سىـلىپ ، بايا سومكىسىنى قويغـان بۇلۇڭغـا تاشـلىدى ، – بولـدى ئۇكـام . سـىز بىـلەن كۆڭلۈمـدىكى گەپلەرنــى دېيىشىۋالمىســام بولمايــدۇ . قــاپىقىڭىزنى بۇنــداق تۈرۈۋالســىڭىز ، گېپىمنــى دېيەلمەيدىكەنمەن .

- زادى نېمە ئىشتى ئۇ؟- زەردە بىلەن ۋارقىرىدى دورىيان ۋە سافاغا زوپپىـدە ئـۆزىنى تاشـلىدى ، – مەن توغرىسـىدىكى ئىشـقۇ ئەمەسـتۇ؟ بۈگـۈن ئـۆزۈمگە ئۆچلۈكـۈم كېلىـپلا تۇرىدۇ. ئىلاھىم ، مەن توغرىلىق ئىش بولۇپ قالمىغىيدى .

- دەل سىز توغرۇلۇق ئىـش ، – دېـدى بازىـل كەسـكىنلىك بىـلەن ، – سـىزگە بۈگـۈن دەۋالمىسام زادى بولمايدۇ، پەقەت يېرىم سائەتلا ۋاقتىڭىزنى ئالىمەن .

دورىيان چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويۇپ ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى :

- يېرىم سائەت !

- سىزدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلمـايمەن دوريـان . سـىزنى ياخشـى بولسـۇن دەيـمەن . ئـويلا – ئـويلا ، سـىزگە دېمىسـەم بولمايـدىغانلىقىنى ھـېس قىلـدىم . ھـازىر لوندونـدا سـىز توغرىسىدا ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆز – چۆچەكلەر ئېقىپ يۈرىۋاتىدۇ .

- بۇ گەپلەرنـى ئـاڭلىغۇم يـوق . مەن ئـۆزۈم ھەققىـدىكى گەپ – سـۆزلەرگە ئەمەس ، باشقىلار ھەققىدىكى رەسۋا گەپلەرگە قىزىقىمەن .

- بۇنىڭغـا سـەل قارىمـاڭ دوريـان . ئېسـىلزادە كىشـىلەر ئابرويىغـا دىققەت قىلمىسـا بولمايـدۇ . باشـقىلارنىڭ سـىزنى پەسـكەش دېيىشـىنىغۇ خالىمايدىغانسىـز؟ سـىز ئـادەتتىكى ئادەم ئەمەس ، پۇلـدار ، ئـابرويلۇق ، مەرتىۋىلىـك ئـادەم . لـېكىن ، مەرتىـۋە بىـلەن بـايلىق ھەممىگە باراۋەر ئەمەس . مەنغۇ ئۇنداق پىتنە – پاساتلارغا زىنهـار ئىشـەنمەيمەن . سـىزنى كـۆرگەن ھامـان بۇنـداق گەپـلەرگە ئىشىنىشـنىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىـق ئىكەنلىكىنـى ھـېس قىلىمەن . ئىپلاس كىشـىلەر چىرايىـدىن مەلـۇم بولـىدۇ . ئۇنـداقلار ئىپلاسـلىقىنى يوشـۇراي دەپمـۇ يوشـۇرۇپ قالالمايـدۇ . بەزىـدە قىلغـان ئىپلاسـلىقلىرىنى ئىنىسـى – جىـن بىلمەيـدۇ

دېيىشىدۇ . لېكىن بۇ مۇمكىن ؟ بىر ئىپلاس كىشى شەرمەندە ئىشتىن بىرنى قىلغان ھامان ، شــەرمەندىلىكى ئىغىزىنــىڭ جاۋغايلىرىــدىكى ســىزىقچىلاردا ، ســاڭگىلاپ چۈشــكەن قاپاقلىرىدا ، ھەتتا قولىنىڭ شەكلىدە مانا مەن دەپ ئايان بولىدۇ . بىرەيلەن ( بولىدى ئۇنىڭ ئىسمىنى دېمەي ، ئۇنى سىزمۇ تونۇيسىز) بۇلتۇر مېنى رەسىمىمنى سىزىپ بەرسىڭىز دەپ ئىزدەپ كەپتۇ. مەن ئىلگىرى ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان ، ئۇ توغرىسىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدىم . ئۇ توغرىسىدىكى ئىشلارنى كېيىن ئاڭلىدىم . ئۇ ماڭا ناھايىتى كۆپ ھەق بېرىدىغان بولدى ، لېكىن سىزىپ بېرىشكە ئۇنىمىدىم . مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ شەكلىگە بەك ئۆچ بوپ قالغانىدىم . پەرىزىم ناھايىتى توغرا چىققانىكەن . كېيىن بىلسەم ، ئۇچىغا چىققان ئىپلاس ، شەرمەندە ئادەمكەن . لېكىن ، سىزنىڭ ئاشۇ مەسۇم چىرايىڭىزغا ، خۇشخۇيلۇق كەتمەيدىغان قاملاشقان رەڭگى- رويىڭىزغا قارىساملا ، كەينىڭىزدىن ئىقىپ يۈرگەن پىتنە – پاســاتلارغا زىنھــار ئىشــەنگۈم كەلمەيــدۇ . لــېكىن ، ھــازىر ســىز ماڭــا قــارىڭىزنى كۆرســەتمەيدىغان ، ئۆيــۈمگە كەلمەيــدىغان بولۇۋالــدىڭىز. باشــقىلارنىڭ ســىزنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسام ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالىمەن . ئىيتىڭە ، دورىيان ، گىراف بېرۋىك نېمە ئۈچۈن سىزنى كۆرۈپلا كۇلۇبتىن چىقىپ كېتىدۇ ؟ لوندوندا شۇنچە جىق مەرتىۋىلىك كىشىلەر بار تۇرۇپ ، نېمە ئۈچۈن ئۇيىڭىزگە مېھماندارچىلىققا كەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سىزنى مېھماندارچىلىققا چاقىرمايدۇ؟ ئالدىنقى ھەپتە بىر كەچلىك زىياپەتتە سىز بۇرۇن يېقىن ئۆتكەن دوستىڭىز لورد ستېيۋلى بىلەن بىللە بوپ قالدۇق . ئارىلىقتا سىزنىڭ بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى پورتىرىتلارنى ئارىيەت ئىلىپ ، دۇدلىي كۆرگەزمىسىگە ئاپارغانلىقىڭىز توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالدى . ستىيۋلى : « دورىياننىڭ سەنئەت تۇيغۇسى بەك كۈچلۈك . لېكىن ، پاك – ديانەتلىك قىزلار ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز تونۇشۇپ قالمىغاي ، ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالمىغاي » دېدى . ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ سىز بىلەن يېقىن دوستۇم ئىكەنلىكىنى ئىيتىپ ، نېمىشقا بۇنداق دەيدىغانلىقىنى سورىدىم . ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئالدىدىلا نېمىشقا ئۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئوچۇق – ئاشكارىلا دېدى . ئۇ گەپلەردىن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى . نېمە ئۈچۈن سىز بىلەن دوست بولغانلىكى يىگىتلەر ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ؟ خان جەمەتى قوغدىنىش ئارمىيىسىدىكى ھېلقى بىچارە بالىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى ، ئۇ بۇرۇن سىزنىڭ دىلكەش دوستىڭىز ئىدى ؛ ھېنرى ئەشتوننىڭ ئابرويى تۆكۈلۈپ ئەنگلىيىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى ، سىز ئۇنىڭ بىلەنمۇ جاندۇست ئاغىنىلەردىن ئىدىڭىز ؛ ئادرىيان سىڭگلتون نېمىشقا ئۇنداق ئاقىۋەتكە قالدۇ؟ لورد كېنتىسنىڭ يالغۇز ئوغلىنىڭ ئىگىلىكى نېمە ئۈچۈن ۋەيران بولىدۇ؟ تۆنۈگۈن سان جامىس كوچىسىدا ئۇنىڭ دادىسى

بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . قارىسام ، ئار-نومۇس ، دەرت – ھەسرەت دەستىدىن تولغىنىپلا كېتىپتۇ . ھېلىقى ياش گراف پېرىس ئەپەندىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۆزلىرىنى دېمەيسىز تېخى؟ مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ قايسى بىرى ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن باردى – كەلدى قىلىشار؟

- بولىدى قىلىڭ بازىل ؟ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تۇرۇپ قارىسىغىلا سۆزلەۋېرىدىكەنسىز ، – دېدى دورىيان چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن ، – بىرۈك ئەپەندى نىمشقا سىزنى كۆرۈپلا چىقىپ كېتىدۇ ، دېگەن گېپىڭىزگە چۈشەنچە بېرىپ قويا ي . ئۇ مېنى ئەمەس ، مەن ئۇنى بەش قولدەك چۈشىنىمەن . ئۇ تېگىدىن بۇزۇق بىر نېمە تۇرسا ، قانداقسىگە پاك – دىيانەتلىك ياشاش شەرپىگە ئېرىشەلىسۇن ؟ ھېنرى ئەشتون بىلەن ياش پېرتنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، ئەجەبا ئۇلارغا يامان ئىش قىلىشنى ، شاللاقلىقنى مەن ئۆگىتىپتىمەنمۇ؟ كېنتىسىنىڭ كالۋا ئوغلى بىر پاھىشىنى خوتۇنلۇققا ئالسا ، مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ئادرىيان سىڭگلتون ھېسابات تالونىغا دوستىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويسا ، ئۇنىڭغىمۇ مەن مەسئۇل بولۇشۇم كېرەكمىكەن؟ مەن ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھەق – ناھەقنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە قانچىلىك ئۇستىلىقىنى تازا ئوبدان بىلىمەن . ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمىدىكىلەر زىياپەت ئۈستىدە ھاراق ئىچىپ تازا قىزىشقاندا ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى بازارغا سېلىشىدۇ ، يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ھەققىدىكى ئاڭلىۋالغان ئۇششاق – چۈششەك كوچا پاراڭلىرى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭمۇ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكى ، ئاشۇ كىشىلەر بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىنى پەش قىلىشىدۇ . بۇ دۆلەتتە كىمكى سەللا نام – ئابرويى قازانسا ، زېرەك ، پەم – پاراسەتلىك بولسا ، شۇنىڭغا ھەرخىل بۆھتانلار چاپلىنىدۇ . ئەخلاق تونىغا ئورىنىۋالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى قانچىلىكتۇ؟ بۇرادەر ، شۇ تاپتا سىز بىزنىڭ ساختا ئېسىلزادىلىك ئەۋج ئالغان بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇۋاتىسىز.

- دورىيان ، – ۋارقىرىدى بازىل خالۋارد ، – مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس . ئەنگلىيە بەك بەتتەرلىشىپ كەتتى ، تىنىچ – ئەمىنلىكتىن ئەسەر قالمىدى . شۇڭا ، سىزنى بولسىمۇ پاك- دىيانەتلىك ياشىسا دەپ ئۈمىد قىلغانىدىم . لېكىن ، سىز بۇنى قىلالمىدىڭىز. بىر ئادەمنىڭ دوستىغا بولغان تەسىرىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ شۇ ئادەمنىڭ ياخشى – يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ . ئارىلىشۋاتقان دوستلىرىڭىزغۇ شەرمى – ھايا ، ئەخلاق – پەزىلەت ، پاك- دىيانەت دېگەنلەرنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ ، سىز بولسىڭىز ئۇلارنىڭ ئەيش – ئىشرەت ، راھەت – پاراغەت قوغلىشىشتىن ئىبارەت تېگى يوق ھاڭغا

تېخىمۇ پېتىشى ئۇچۇن ھەسسە قوشۇۋاتىسىز . ئۇلار شۇ تاپتا بۇ ھاڭغا بەكلا يېتىپ كەتتى ، ئۇلارنى شۇ ھاڭغا سىز باشلاپ قويدىڭىز ، ئۇلارنى شۇ ھاڭغا سىز ئىتتىردىڭىز . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئىچىنماقتا يوق ، ھەدەپ كۈلۈۋاتىسىز . تېخىمۇ يامان بولغىنى ، سىز ھاررى بىلەن يېقىن بولغاندىكىن ، ئۇنىڭ ئاچىسىنى كۈلكىگە قويماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى .

- گەپ- سۆزلىرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ بازىل ، سەل چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ !

- بۇگۇن دەۋالىمسام بولمايدۇ ، سىزمۇ قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ . گۋېندۇلېن خانىم سىز بىلەن تونۇشماستا ھېچكىم ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمايتتى . مانا ئەمدىلىكتە لوندوندا قايسىبىر دىيانەتلىك ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىر پەيتونغا چىقىپ باغچىغا بېرىشنى خالايدۇ ؟ ھەي ، ھەتتا ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئاپىسى بىلەن بىللە ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى . يەنە باشقا گەپلەرنىمۇ ئاڭلىدىم . بىرسى سىزنىڭ سۇبھى پەيتىدە لوندوندىكى سېسىق نامى پۇركەتكەن پاسكىنا جايلاردا تىمسىقلاپ يۈرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپتۇ . بۇ گەپلەر راستىما ؟ بۇ گەپلەرنى دەسلەپ ئاڭلىغىنىمدا ، كۈلۈپلا قويغانىدىم . لېكىن ، ئەمدىلىكتە پۈتۈن ئەزايىمنى سۇر بېسىپ كېتىۋاتىدۇ . ئېيتىڭە دورىيان ، سەھرادىكى ئۆيىڭىزدە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىۋاتىسىز؟ نېمە ئويۇنلارنى ئويناۋاتىسىز؟ بولسىغۇ سىزگە نەسىھەت قىلمىسام بولاتتى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، ھېنرى بىر قېتىم : « باستىر قىياپىتىگە كىرىۋالغانلار گېپىنى ھەمىشە ئاشۇنداق باشلايدۇ، لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەرگەن ۋەدىسىنى ئاستا- ئاستا ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى . سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسام بولمايدىغان يەرگە يەتتى . مەن سىزنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك پاك- دىيانەتلىك ياشىسا ، نام- ئابرويىنى بۇلغىۋالمىسا ، پەسكەش كىشىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىمىسا دېگەن ئۈمىدتىمەن . تولا بۇنداق مۇرىڭىزنى ئېتىپ ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالماڭ . سىزنىڭ تەسىرىڭىز بوش ئەمەس ، ئاشۇ تەسىرىڭىز ئارقىلىق باشقىلارنى پەسكەشلىككە ئەمەس ، توغرا يولغا يېتەكلەڭ ! كىشىلەر سىزنى ، كىمگە يېقىنلاشسا شۇ ئەسكىرىشىدۇ ؛ كىمنىڭ ئۆيىگە قەدەم باسسا ، سېسىق نامى ئۆزى بىلەن تەڭ ئەگىشىپلا بارىدۇ ، دېيىشىۋاتىدۇ . مەن بۇ گەپلەرنىڭ راست- يالغانلىقىنى بىلمەيمەن . لېكىن ، كىشىلەرنىڭ سىزنى شۇنداق دېگەنلىكى راست . قارىغاندا ، بەزىلەردىن ئاڭلىغان يەنە باشقا گەپلەرگە شۇبھىلىنىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك تۇرىدۇ . ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتىتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يېقىن ئۆتكەن دوستۇم لورد گىلوستېر ماڭا بىر پارچە خەتنى كۆرسەتتى . بۇ خەتنى ئۇنىڭغا ساناتورىيىدە يالغۇز تۇرىۋاتقان ئايالى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا يازغانىكەن . ئۇ ھاياتىمدا مەن ئوقۇغان ئەڭ قورقۇنچلۇق

تۆۋنامە ئىدى ، خەتتە سىز تىلغا ئېلىنغان ئىكەنسىز . مەن ئۇنىڭغا : « بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك . مەن دورىيانىنى بەش قولدەك چۈشىنىمەن . ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ» دېدىم . مەن زادى سىزنى چۈشىنەمدىم ؟ بۇ سوئالنى ئاۋۋال ئۆزۈمگە قويۇپ باقسام بولغۇدەك . بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ، روھىڭىزنى بىر كۆزىتىپ باقسام بولغۇدەك .

- روھىمنى كۆزىتىپ باقماقچىمۇ سىز ؟ ! – دېدى دورىيان زەئىپ ئاۋازدا ۋە سافادىن دېرىزىگە تۇرۇپ كەتتى ، قورقىنىدىن چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ ، ئىككى مەڭزىدە قان دىدارى قالمىدى .

- شۇنداق ، – دېدى بازىل كەسكىن ، ۋەزمىن ئاھاڭدا ، – روھىڭىزنى كۆزىتىش پەقەت تەڭرىنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ .

دورىيان ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىق كۈلۈپ قويدى .

- بۈگۈن روھىمنى ئۆزىڭىزلا بىر كۆزىتىپ باقامسىز ! – زەردە بىلەن ۋارقىرىدى دورىيان ۋە ئۈستەلدىكى جىنچىراغنى قولىغا ئالدى ، – قېنى جۈرۈڭ ، بۇنى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن سىزغان . نېمىشقا سىزگە كۆرسەتمىگۈدەكمەن ؟ خالىسىڭىز ، رەسىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، خەلقى – ئالەمگە يېيىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى . لېكىن ، گېپىڭىزگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ . ئەگەر كىمدەكىم ئىشىنىپلا قالىدىكەن ، نەپرەتلەنمەك تۇگۇل ، ماڭا تېخىمۇ ئامراق بوپ كېتىدۇ . سىز بۇ دەۋردىن قانچىلىك ئاغرىنسىڭىزمۇ، لېكىن بۇ دەۋرنى مەن سىزدىن بەكرەك چۈشىنىمەن . قېنى كىرىڭ ، سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي . گۇمرانلىق ، خاراپ بولۇش توغرىسىدا بەكلا ۋالاقلاپ كەتتىڭىز . قېنى ، گۇمرانلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن بىر كۆرۈپ بېقىڭ .

- دورىياننىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىدىن بىر خىل مەنمەنچىلىك ، كۆرەڭلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇ شۇ تاپتا بازىلنىڭ ئۆز مەخپىيىتىنى بىلمەكچى بولغىنىدىن ، ئاشۇ پورتېرىتنى سىزىپ بەرگەنلىكى سەۋەبلىك ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا ، دەرت – ھەسرەتكە قالىدىغانلىقىدىن ئالەمچە خۇش بوپ كېتىۋاتاتتى .

- شۇنداق ، – دورىيان شۇنداق دېگەچ بازىلغا يېقىن كېلىپ ، ئۇنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدى ، – مەن سىزگە روھىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي . بۈگۈن سىز ، پەقەت تەڭرىلا كۆرەلەيدۇ ، دەپ قارايدىغان نەرسىنى كۆرىۋالىدىغان بولىدىڭىز .

بازىل چۆچۈپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى .

- بۇ تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق ، دورىيان ! – ۋارقىرىدى بازىل ، – نېمانداق

قورقۇنچلۇق ، بىمەنە گەپلەرنى قىلىسىز؟ بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ .

- سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟ – دورىيان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدىم . بايىقى گەپلەرنى سىزگە ياخشى بولسۇن ئۈچۈنلا دېدىم . ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، مەن ئەزەلدىن سىزنىڭ ئەڭ سادىق دوستىڭىز .

- ماڭا تەگمەڭ ، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ .

بازىلنىڭ چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى ، خېلىغىچە جىمىدە تۇرۇپ كەتتى ، قەلبىدە چەكسىز ئېچىنىش تۇيغۇسى دولقۇنلىدى . ئۇنىڭ دورىياننىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىدىغانغا نېمە ھەققى ؟ ئۇ ھەققەتەن ئاشۇنداق پەسكەش ئىشلارنى قىلغان بولسا ، ھامىنى بىر كۈنى جاجىسىنى تارتىدىغۇ ؟ ئۇ شۇلارنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى ، قەددىنى رۇسلاپ تام ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى ، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتۇنلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى .

- قېنى دېمەمسىز بازىل ، – دېدى دورىيان قوپال ئاۋازدا .

- بازىل كەينىگە ئۆرۈلۈپ ۋارقىرىدى :

- قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ . كىشىلەرنىڭ ئارقىڭىزدىن نېمىشقا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرەي . ئەگەر ئاشۇ ئەيىبلەشلەرنى ھېچقانداق ئاساسى يوق ، پۈتۈنلەي يالغان دېسىڭىز ، مەن ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئىشىنىمەن . ئېيتىڭە دورىيان ، ئاشۇ گەپلەر يالغان ، شۇنداقمۇ ؟ ئەجەبا ، سىز مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئاھ تەڭرىم ! سىزنىڭ پەسكەشلىكلىرىڭىزنى ، ئەخلاقسىزلىقلىرىڭىزنى ، نومۇسسىزلىقلىرىڭىزنى بىلمەيلا قالسامچۇ كاشكى .

دورىيان مەنستىمەسلىك نەزىرىدە كۈلۈپ قويدى .

- ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقايلى بازىل ،- دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ، – مەن ھەركۈنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ، ئاشۇ ئۆيگە قويۇپ قويىمەن . مەن بىلەن بىللە چىقىپ ، خاتىرەمنى كۆرۈپ بېقىڭ .

- سىز خالىسىڭىز ، كۆرۈپ باقاي ، دورىيان . پويىزدىنمۇ قېپقالدىم . بوپتۇ ، ھېچقەسى يوق ، ئەتە ماڭساممۇ بولىدۇ . بۇ كەچتە ماڭا بىر نەرسە ئوقۇتمەن دېمەڭ . ئاغزىڭىزدىن ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشسەملا بۇلىدۇ .

- ئۈستىگە چىقسىڭىزلا ، ھەممە جاۋابقا ئېرىشىسىز. سىزگە بۇ يەردە جاۋاب بەرگۈم يوق ، بىر دەمدىلا ئوقۇپ بولىسىز .

# ئون ئۈچىنچى باب

دورىيان ئۆيدىن چىقىپ ، قەدىمىي ئۇستىلىنى قەۋەتكە قاراپ يۆتكىدى ، بازىل خالۋارد كەينىدىن سوغدىشىپلا ماڭدى . ئۇلار خۇددى بىرسىنى ئويغىتىپ كەتمىسۇن دېگەندەك ، قەدەملىرىنى تولىمۇ ئاستا ئېلىشاتتى . چىراغ يورۇقى تام ۋە پەلەمپەيدە غەلىتە شولىلارنى ھاسىل قىلدى . شامالنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىدىن دەرىزىلەر توختىماستىن غىچىرلىشاتتى .

ئۇلار ئۇستىلىنى قەۋەتكە چىقتى ، دورىيان قولىدىكى چىراغنى يەرگە قويدى — دە ، قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى .

- بەكلا بىلگۈڭىز بارمۇ بازىل ؟- سورىدى دورىيان بوش ئاۋازدا .

- شۇنداق .

- بولىدۇ ، — دورىيان كۈلۈپ قويدى، — بۇ دۇنيادا مېنى سىزلا چۈشىنىسىز. بىلەمسىز ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ يېقىن ، — دورىيان يەردىكى چىراغنى قولىغا ئالدى — دە ، ئىشىكنى ئېچىپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى . شۇئان سوغۇق شامال گۈپپىدە ئۇرۇلدى ، چىراغدىن تارقاۋاتقان توق سېرىق رەڭلىك نۇرنىڭ يورۇقىدا ئۆي ئىچى غۇۋا يورۇدى . دورىياننىڭ پۈتۈن ئەزايىنى سۈر باستى .

- ئىشىكنى ياپقاچ كىرىڭ ، — دېدى دورىيان چىراغنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ بوش ئاۋازدا . چىرايىغا گاڭگىراش ئالامەتلىرى تېپىپ چىققان بازىل ئۆي ئىچىگە ئەلەڭلەپ قارىدى . بۇ ئۆي قارىماققا ئۇزۇن يىل ئادەم ئولتۇرمىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پارچە گىلەم ، يۇزىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان بىر پارچە رەسىم ، ئىتالىيە پاسونىدىكى كونىراپ كەتكەن بىر ئىشكاپ ، ئىچىدە تۈزۈككىنە كىتابمۇ بولمىغان بىر كىتاب جاھازىسى ، بىر ئورۇندۇق ، بىر ئۈستەل ، ئۆيدىكى سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئىدى . دورىيان تام ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى يېرىمى كۆيۈپ تۈگىگەن شامنى ياندۇردى . بازىل ئۆي ئىچىگە سەپ سالدى ، ئۆي ئىچىنى بىر ئىلىك تويپا- چاڭ باسقان ، يەردىكى گىلەمنىڭ تېشىلىپ ساق يېرى قالمىغان ئىدى . ئۆي ئىچىدىن بىر خىل زەي پۇرىقى كېلەتتى.

- بازىل ، سىز ئادەمنىڭ روھىنى پەقەت تەڭرىلا كۆرەلەيدۇ دەپ قارايسىز ، شۇنداقمۇ؟ ئاۋۇ پەردىنى قايرىۋەتسىڭىز ، مېنىڭ روھىمنى كۆرەلەيسىز ، — دېدى دورىيان

تونۇلۇق بىلەن .

- ساراڭ بولدىڭىزمۇ دورىيان ؟ – دېدى بازىل ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ .

- كۆرگۈڭىز يوقما ؟ ئەمسە ئۆزۈم كۆرسىتىپ قوياي ! – دورىيان رەسىمنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى قايرىپ ئېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتى .

بازىل ئەنسىزلىك ئىلكىدە ۋارقىرىۋەتتى . رەسىم ئاجىز چىراغ يورۇقىدا ، ياۋۇزلارچە ھىجىيىپ تۇراتتى ، رەسىمگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ ئۆچلۈكى قوزغالدى . ئاھ تەڭرىم ! ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى راستىنلا دورىيان گېرىينىڭ چىرايىمۇ ؟ ھالبۇكى ، رەسىمنىڭ ياۋۇزلارچە كۈلكىسى رەسىمنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى . رەسىمنىڭ شالاڭلاشقا باشلىغان تال- تال چاچلىرى ھېلىمۇ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى ، رەزىللىك تۈكۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرىدىن ئاۋۋالقىدەكلا بىر خىل قىپقىزىل نۇر چاقنايتتى ؛ كىشى كۆڭلىنى ئەسىر قىلىدىغان زۇمرەتتەك كۆزلىرى سەل خۇنۈكلەشكەن ئىدى ؛ ئىلىپتەك كەلگەن چىرايلىق بۇرۇنى بىلەن شېشىدەك سۈزۈك بوينىدىن ھېلىمۇ ئاجايىپ بىر خىل لاتاپەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . شۇنداق ، ئۇنىڭ دورىياننىڭ پورتېرىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق . ئەمما ئۇنى كىم مۇشۇنداق سىزىپ قويىدى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى تونۇغاندەك بولدى ، رەسىمنىڭ جاھازىسىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن لاھىيىلىگەن ئىدى . ئۇ شۇئان بىمەنە ئويلىرىدىن قورقۇپ كەتتى ۋە شامنى قولىغا ئېلىپ رەسىمنىڭ ئالدىغا يېقىن كەلدى . رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئاستىنقى بۇرجىكىدە ئۇنىڭ قىزىل رەڭدە ئىنچىكە قىلىپ يازغان ئىمزاسى تۇراتتى . بۇ ئۆتۈپ كەتكەن رەزىللىك ، شەرمەندىلەرچە مەسخىرە ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق رەسىم سىزىپ باقمىغان ئىدى . لېكىن ، بۇ رەسىمنى ئۇنىڭ سىزغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى . ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى ، ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەۋاتقان قىزىق قانلىرى دەقىقە ئىچىدە مۇزلىغاندەك بولدى . بۇنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن سىزغان ئىدىغۇ ! بۇ زادى نېمە ئىش؟ رەسىم قانداقلارچە بۇنداق ئۆزگىرىپ قالدى؟ ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، دورىيانغا بىچارىلەرچە قارىدى . لەۋلىرى توختىماي لىپىلداپ ، قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى . ئۇ پىشانىسىنى تۈتۈپ بېقىپ ، چىپ- چىپ سوغۇق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى . تام ئوچاقنىڭ جاھازىسىغا يۆلىنىپ تۇرغان دورىيان پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بىر سەنئەتكارنىڭ ئورۇنلىشىدىكى درامىنى كۆرۈۋاتقاندەك ، بازىلغا غەلىتە بىر خىل نەزەردە تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن نە ئازاپلانغانى ، نە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . كۆزلىرىدىن ئەتراپتا تۇرۇپ تاماشا كۆرگۈچىلەردىلا بولىدىغان بىر خىل قىزىقىش ۋە

كۆرەڭلىك ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى . ئۇ چاپىنىنىڭ پەتلىسىگە قىستۇرۇۋالغان گۈلنى ئېلىپ پۇراشقا باشلىدى ، قارىماققا ئۇ قەستەن گۈلنى پۇرىغان قىياپەتكە كىرىۋالغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى .

- بۇ نېمە ئىش؟ – بازىل چىراقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ تاشلىدى – يۇ ، ئاۋازىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى .

خېلى يىللار بۇرۇن ، يەنى ئۆسمۈر ۋاقتىمدا ، – دورىيان قولىدىكى گۈلنى ئالقىنىدا ئېزىشكە باشلىدى ، – ئىككىمىز يېڭى تونۇشقاندا ، سىز مېنى ماختاپ ئۇچۇردىڭىز ، قاملاشقان چىرايىمدىن پەخىرلىنىش كېرەكلىكىمنى ئۆگەتتىڭىز . بىر كۈنى ، مېنى بىر دوستىڭىزغا تونۇشتۇرۇپ قويدىڭىز . ئۇ دوستىڭىز ماڭا ياشلىق باھارىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئەزۋەيلەپ چۈشەندۈردى . ئويلىمىغاندا ، سىز پورترېتىمنى سىزىپ ، ماڭا گۈزەللىكىنىڭ نەقەدەر سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدىڭىز . ئاشۇ رەسىم مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى ، ماڭا گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇتتى .

- ھە ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ! ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ ! ياق ، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! بۇ ئۆي بەك نەمكەن . كۆكەرتكۈچى باكتېرىيەلەر رەسىمنىڭ رەختىنى چىرىتىۋەتكەن گەپ . مەن ئىشلەتكەن بوياقتا سۇپېتى ناچار زەھەرلىك مىنېرال ماددىلار بار ئىدى . رەسىم دەل شۇ سەۋەبتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن .

- مۇمكىن ئەمەس دەمسىز؟- چوڭقۇر ئويغا چۆككەن دورىيان دەرىزە ئالدىغا كېلىپ ، پىشانىسىنى ھوردىشىپ كەتكەن مۇزدەك ئەينەككە ياقتى .

- سىز ماڭا رەسىمنى بۇزىۋەتتىم دېمەكچىمۇ؟

- مەن خاتالاشماپتىمەن ، ئەسلىدە مەن رەسىمنى ئەمەس ، رەسىم مېنى گۇمران قىلىپتىكەن .

- بۇ رەسىمنى ئۆزۈمنىڭ سىزغانلىقىمغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ .

- ئەجەبا رەسىمدىن ئۆز غايىڭىزنى كۆرگەندەك بولمىدىڭىزما ؟ – دېدى دورىيان بازىلنى قەستەن ئېرىكتۈرمەكچى بولغاندەك .

- غايىڭىز دېدىڭىزما؟

- شۇنداق ، ئىلگىرى سىز شۇنداق دېگەن ئىدىڭىز .

- ئۇچاغدا رەسىمنىڭ چىرايىدا ياۋۇزلۇق ، شەرمەندىلىك يوق ئىدى . شۇ چاغدىكى سىز مەن ئۇچۇن ئىككىنچىلەپ ئۇچرىتالمايدىغان بىر غايە ئىدىڭىز . لېكىن ، ھازىر بۇ رەسىمنىڭ چىرايىدىن بىر خىل شەھۋەتپەرەسلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بوپ قاپتۇ .

- ئۇ دېگەن مېنىڭ روھىمنىڭ چىرايى .

- ۋاي تەڭرىم ! مەن مۇشۇنداق نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ يۈرگەندىمەنمۇ ! ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالۋاستىنىڭ كۆزلىرى بىلەن نىمە پەرقى !

- بازىل ، جەننەت بىلەن دوزاخ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، - ۋارقىرىدى دورىيان ئىلاجسىز قالغاندەك بىر خىل قىياپەتتە .

بازىل يەنە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، رەسىمگە سىنچىلاپ قارىدى .

- ئاھ تەڭرىم ! ئەگەر ئۇ راستىلا بوپ قالسا ، - ئەنسىز ۋارقىرىدى بازىل ، - ئەگەر سىز راستىنلا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولسىڭىز ، ئۇنداقتا سىز يامان گېپىڭىزنى قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئەسكىكەنسىز ! - ئۇ يەنە شامنى قولىغا ئېلىپ رەسىمنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلىدى . رەسىم قارىماققا يېڭى پۈتكەن ۋاقىتتىكىدەك بىر ئۇبدان تۇراتتى . رەسىمنىڭ چېھرىدىكى ياۋۇزلۇق بىلەن ۋەھىمە ئېنىقكى ئۇنىڭ ئىچىدە چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى .بوياقنىڭ تەركىۋىدىكى چىرىتكۈچ ماددا مەلۇم بىر خىل ئۆزگىرىشىنىڭ تۈرتكىسىدە رەسىمنى ئاستا- ئاستا چىرىتىۋەتكەندەك ئىدى ، بۇ زەيلىشىپ كەتكەن مۇدھىش قەبرىنىڭ ئىچىدىكى چىرىپ كۆرگۈسىز بوپ كەتكەن جەسەتتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى .

- ئۇنىڭ قوللىرى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى ، قولىدىكى شام پالاققىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ شامنى دەسسەپ ئۆچۈرىۋېتىپ ، دەلدۈشلىگەن پېتى بىرىپ ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى لىڭشىپ ئارانلا قالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى - دە ، قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى چاڭگاللىدى .

- ئاھ تەڭرىم ! دورىيان ، نەقەدەر قورقۇنچلۇق جازا ھە - بۇ !

دورىيان ئۈنچىقمىدى . بازىل دورىياننىڭ دەرىزە يېنىدا مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى .

- تۆۋە قىلىڭ دورىيان ، تۆۋە قىلىڭ ! - پىچىرلىدى بازىل ، - كىچىككىنىزدە چوڭلارنىڭ قانداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكى ئېسىڭىزدە باردۇ ؟ «شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئازدۇرمىغىن ، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ ئۆگەتكەن بولغىيتتى؟ قېنى ، ئىككىمىز بىللە دۇئا قىلايلى . سىزنىڭ ئىلگىرى ساختا شۆھرەت تاماسىدا قىلغان دۇئالىرىڭىز ئىجابەت بولغانىدى . ئەمدى قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭىزگە تۆۋە قىلىپ دۇئا قىلسىڭىز ، ئۇمۇ ئىجابەت بولۇپ قالار . بۇرۇن مەن سىزگە زىيادە چوقۇنۇپتىكەنمەن ، مانا ئەمدى شۇنىڭ جاجىسىنى تارتىۋاتىمەن . سىز ئۆزىڭىزگىمۇ شۇنداق زىيادە چوقۇنۇپ كەتكەن ئىدىڭىز ، مانا ئەمدى ھەممىمىز ئوخشاش جاجىمىزنى يېدۇق .

ياشتىن كۆز ئالدى غۇۋالاشقان دورىيان كەينىگە ئاستا ئۆرۈلۈپ بازىلغا قارىدى .

كىچىكتىم ، بەكلا كىچىكتىم بازىل ، – دېدى دورىيان تىترەڭگۈ ئاۋازدا .

- ھەرگىز كېچىكمىدىڭىز دورىيان . قېنى تىزلىنايلى ، ئاۋۋال تۆۋە قىلىپ باقمامدۇق؟ «گۇناھلىرىڭ تاغدەك دۆۋلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ كېچىمەن» دەيدىغان بىر دۇئا بولىدىغان ، شۇنى دۇئانى ئوقۇيلى .

- ئۇنداق گەپلەرنىڭ مەن ئۈچۈن ھازىر ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى .

- ئۇنداق دېمەڭ ، ھېلىمۇ نۇرغۇن پەسكەشلىكلەرنى قىلدىڭىز . ئاھ تەڭرىم ! ئاۋۇ لەنىتى رەسىمنىڭ بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن ؟

دورىيان گىرىي رەسىمگە يالىتتىدە قاراپ قويدى ، شۇئان قەلبىدە بازىلغا نىسبەتەن چەكسىز ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى ، رەسىمنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكە يامراۋاتقان لەۋلىرى گويا ئۇنىڭ قۇلىقىغا نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ، ئاستىرىتىن كۆرسەتمە بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئىچ – ئىچىدىن ياۋايىلارچە بىر خىل نەپرەت مەۋج ئۇرماقتا ئىدى . ئۇ بازىلغا شۇنچىلىك ئۆچ بولغان ئىدىكى ، ھاياتىدا ھېچنەرسىگە بۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ باقمىغاندى . ئەسەبىيلەشكەن دورىيان ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى ، ئۇدۇلدىكى رەڭلىك ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە بىر نەرسە ۋال- ۋۇل پارقىراپ تۇراتتى . ئۇ بۇ نەرسىنىڭ پىچاق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . بۇ پىچاقنى ئۇ ئالدىنقى كۈنى بىر نەرسە كەسكىلى ئەكىرىپ ، ئەچىقىپ كېتىشنى ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى . ئۇ ئىشكاپ تەرەپكە ئاستا – ئاستا سىلجىپ ، بازىلنىڭ يېنىدىن ئۆتتى . بازىلنىڭ كەينىدە تۇرۇپ پىچاقنى قولىغا ئالدى – دە ، كەينىگە شاققىدە ئۆرۈلدى . بازىل ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ قىمىرلاپ قويدى . دورىيان ئېتىلىپ كەلگەن پېتى پىچاقنى بازىلنىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىگىلا تىقتى ، ئاندىن بېشىنى ئۈستەلگە نىقتاپ تۇرۇپ ، كەينى – كەينىدىن نەچچە پىچاق تىقىۋەتتى . بازىل ئاچچىق ئىڭرىۋەتتى ، بوغۇزىغا قان كەپلىشىپ خارقىراپ قالدى ، يۇقىرىغا سوزغان قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى . دورىيان پىچاقنى كەينى – كەينىدىن يەنە ئىككى قېتىم تىقتى، بازىل ئەمدى بىراقلا جىمىدى . نىمىدۇر بىر نەرسە پولغا تېمىشقا باشلىدى . دورىيان بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ، بازىلنىڭ بېشىنى چىڭڭىدە بېسىپ تۇردى ، ئاندىن قولىدىكى پىچاقنى ئۈستەلگە تاراققىدە تاشلىۋېتىپ ، بازىلنى ئۆلدىمۇ- ئۆلمىدىمۇ دېگەندەك ، جىممىدە قۇلاق سالدى .

قاننىڭ گىلەمگە چېپىلداپ تامچىلىغان ئاۋازىدىن ئۆزگە ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى . ئۇ ئىشكنى ئېچىپ ، پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلدى . پۈتكۈل بىنا گويا يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىقتا چۆمگەن ئىدى . ئۇ پەلەمپەينىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ گۆردەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان پەستىكى قەۋەتلەرگە نەچچە سىكۇنت قاراپ تۇرى ،

ئانـدىن ئىشـكتىن ئـاچقۇچنى چىقىرىۋىلىـپ ئىشـكنى ئىچـدىن قۇلۇپلىۋالـدى . بازىلىنـىڭ جەستى ئورۇندۇقتا بېشىنى كەينىـدىكى ئۇستەلگە تاشـلاپ هـاۋا تاپـان بولـۇپ ياتـاتتى ، ئـۆزۈن سـوزۇلغان بىلەكلىـرى توختىمـاي تارتىشـاتتى . بوينىـدىكى يـارا ئىنغىـزى بىلـەن ئۈستەلدىكى ئويۇشقا باشلىغان قىپقىزىل قانلار بولمىغىنىـدا ئىـدى ، ئـۇنى كـۆرگەن كىشـى ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپ قالاتتى . ئىشلار شۇنچىلىك تېزلىك ئىچىدە يۈز بەردى . دورىيان ئـۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك هېس قىلدى . ئۇ دەرىزىنى ئىچىـپ ، بالكونغا ئـاتلاپ چىقتـى . شامال قويـۇق تۇمـانلارنى قاياققىـدۇر ئۇچـۇرۇپ كەتـكەن ، ئاسـماندىكى چـاراقلاپ تۇرغـان يۇلتۇزلار گويا غايەت زور توزنىڭ قۇيرۇقىدىكى چىرايلىق توچكىلارغا ئوخشايتتى ، قارىغـان كىشـىگە ساناقسـىز نۇرلـۇق كـۆزلەر تىكىلىـپ تۇرغانـدەك تۇيـۇلاتتى . ئـۇ پەسـكە نەزىرىنـى ئاغدۇردى ، چىراغ كۆتۈرۈۋالغان بىر سـاقچى ئەتراپنـى چـارلاپ يـۈرەتتى ، چىراغنىـڭ تـال – تال نۇرلىرى سۇكۇتكە چۆمگەن قاتار- قاتار ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىنى يورۇتـۇپ تـۇراتتى . يىـراقتىن ئىككـى چـاقلىق بىـر پەيتـون چىراغلىرىنـى يـورۇتقىنىچە يېتىـپ كەلـدى ۋە بىـر دوقمۇشــقا كەلگەنــدە قايرىلىــپ كــۆزدىن غايىــپ بولــدى . بىــر ئايــال يــول بويىــدىكى رىشاتكىلارنى بويلاپ دەلدۈگۈنۈپ ئاستا كېتىۋاتـاتتى ، يىپىنچاقلىۋالغـان پىلاشـى شـامالدا هەدەپ يەلپـۈنەتتى ، تـۇرۇپ- تـۇرۇپ قەدىمىنـى توختىتىـپ ئەتراپقا ئەلـڭـلەپ قـارايتتى . ئايال تۇرۇپلا ئاۋازلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ، چىراقىراق ئاۋازدا ناخشا توۋلاشقا باشـلىدى . هېلىقى ساقچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ كىلىپ ، ئايالغا بىر نېمىلەرنى دېدى . ئايـال قاقـاهلاپ كـۈلگىنىچە دەلدۈسـلىگەن پېتـى كېتىـپ قالـدى . مەيدانـدا بىـردىنلا شـىددەتلىك قۇيـۇن كۆتۈرۈلـۈپ ، گـازۋاي لامپىـدىن كۆپكـۈك ئۇچقـۇنلار چاچرىـدى ، يوپۇرمـاقلىرى تۆكۈلـۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئۇياق – بۇياققا ئىرغـاڭلاپ كەتتـى . پۈتـۈن ئەزايىغـا تىتـرەك ئولاشـقان دورىيـان دەرهـال ئـۆيگە كىرىۋالـدى ۋە دەرىزىنـى گۈمىـدە يېپىۋەتتى .

ئۇ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشكنى ئـاچتى ، بازىلىنـىڭ جەسـىتىگە قـاراپمۇ قويمىدى . يۈز بەرگەن ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئەڭ ئاقىلانىلىـك ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئازاپلارنىڭ مەنبەسى ئاشۇ جان ئالغۇر رەسـىم ئىـدى . مانـا ئەمـدى ئـۇنى سـىزىپ بەرگەن دوسـتى ئۇنىـڭ تۇرمـۇش ئالىمىـدىن بىـراقلا يـۈتتى ، شۇندىلا ئۇ ئارام تاپقاندەك بولدى .

شـۇ ئەسـنادا بايـا ئالغـاچ چىققـان چىـراغ ئۇنىـڭ ئېسـىگە كەلـدى ، ئـۇ شـىمالىي ئافرىقىدىكى مۇرىشلار ياسىغان ناهايىتى ئاز ئۇچرايـدىغان كۈمـۈش چىـراغ بولـۇپ ، ئەرەب ئۇسـلۇبىدا ناهـايىتى نەپىـس گـۈل ئويۇلغـان ئىـدى . خىزمەتكـار بـۇ چىراغنىـڭ يوقلـۇقىنى

بىلىپ قالسا ، سوراپ قىلىشتىن يانمايتتى . ئۇ خېلىغىچە دېلغۇل بولۇپ تۇرۇپ كېتىپ ، كەينىگە ئۆرۈلدى – دە ، چىراغنى ئالغىلى ئۆيگە كىردى . ئۇ ئىختىيارسىز جەسەتكە لاپپىدە بىرنى قاراپ قويدى ، جەسەت مىدىر- سىدىر قىلماستىن جىممىدە ياتاتتى . قان دىدارى قالمىغان تاتىراڭغۇ بىلەكلىرى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر تەرزدە كۆزگە تاشلىناتتى ، قارىغان كىشىنىڭ تەنلىرى جۇغغىدە قىلاتتى .

ئۇ ئىشىكنى تاقىدى – دە ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشتى . ياغاچ پەلەمپەي گويا ئازاب ئىلكىدە ئىڭراۋاتقاندەك غىچىرلايتتى . ئۇ نەچچە رەت قەدىمىنى توختىتىپ ، ئەتراپتىكى تىۋىشقا قۇلاق سالدى . ئۆي ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن ، ئۆزىنىڭ قەدەم تىۋىشىدىن باشقا شەپە ئاڭلانمايتتى .

كىتابخانىسىغا يېنىپ كىرگەن دورىياننىڭ كۆزى بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان سومكا بىلەن پەلتوغا چۈشتى . بۇ نەرسىلەرنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىش كېرەك ئىدى . ئۇ مۇراسىم كىيىملىرىنى ساقلايدىغان مەخپىي تام ئىشكاپىنى ئېچىپ ، سومكا بىلەن پەلتونى ئىچىگە تىقىۋەتتى . بۇ نەرسىلەرنى ئۇ كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ ئالدىرىماي كۆيدۈرۈۋەتسىلا بولاتتى . ئۇ قويۇن سائىتىگە قارىدى ، سائەت 11 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەنىدى .

ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى . ئەنگلىيىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىش قىلىپ ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغانلار ھەريىلى ، ھەتتا ھەر ئايدا چىقىپ تۇراتتى ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەھشىي قاتىللىق قىلمىشلىرى خېلىلا ئەدەپ قالغانىدى . قىزىل يۇلتۇزدىن بىرەرسى يەرشارىغا يېقىنلاپ قالدىمۇ نېمە ..... ئۇنىڭغا پايدىسىز بىرەر دەلىل – ئىسپات قېپقالدىمۇ – يوق ؟ بازىل خالۋارد سائەت 11 دە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى ، ھېچكىم ئۇنىڭ يەنە قايتىپ كەلگىنىنى كۆرمىدى . خىزمەتكارلارنىڭ كۆپىنچىسى سېلبىي قەسرىدە . ئۇنىڭ ئەك يېقىن ئەر خىزمەتكارلىرىمۇ ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن . پارىژ ! توغرا ، بازىل پىلانى بويىچە كېچىلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ پارىژغا كەتتى . ئۇ لوندوندا تىكەندەك يالغۇز ، نەچچە ئاي يوقاپ كەتسىمۇ ھېچكىمنىڭ گۇمانىنى قوزغىمايدۇ . نەچچە ئاي ! شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىمۇ يېپ ئۇچىنى پاكپاكىز يوقىتىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيمۇ ئىشمۇ؟

توساتتىن ، ئۇنىڭ كاللىسىدىن يالتتىدە بىر خىيال كەچتى . شۇئان خۇرۇم پەلتويى بىلەن شلەپىسىنى كىيىپ ، مېھمانخانىغا كىردى . مېھمانخانىغا كىرىشىگە ، سىرتتىن ساقچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا يول چىرىغىنىڭ يورۇقى چۈشكەن دەرىزىلەرنىڭ ئالدىدا چارلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى . ئۇ تىنىق چىقارماستىن ساقچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى .

ھايال ئۆتمەي ، ئۇ ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئېلىۋېتىپ ئۆزىنى غىپپىدە تالاغا ئاتتى ،

ئاندىن ئىشكنى ئاستاغىنە يېپىپ قويۇپ ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى . ئالاھەزەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ، خىزمەتكار كىيىمىنىمۇ كىيىشكە ئۈلگۈرمەي ، ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە چىقىپ كەلدى .

- ئۇيقۇڭنى بۇزۇۋەتكىنىمدىن خىجىلمەن فرانسىس ، – ئۇ شۇنداق دېگەچ بوسۇغىدىن ئاتلىدى ، – ئالدى ئىشكىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن . ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

- 2 دىن 10 مىنۇت ئۆتتى ئەپەندىم ، – خىزمەتكار ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ سائەتكە قاراپ قويدى .

- 2 دىن 10 مىنۇت ئۆتتى؟ ھەجەپ كەچ بوپ كېتىپتۇيا ! مېنى ئەتە سائەت 9 دا ئويغىتىپ قويغىن ، قىلىدىغان ئىشىم بار .

- بولىدۇ ئەپەندىم .

- بۈگۈن بىرەرسى مېنى ئىزدەپ كەلدىمۇ؟

- بازىل خالۋارد ئەپەندىم كەپتىكەن . سىزنى سائەت 11 گىچە ساقلاپ ، پويىزغا ئۈلگۈرمىسەم بولمايدۇ دەپ كېتىپ قالدى .

- ۋاي ئېست ! كۆرۈشەلمەي قاپتىمەن – دە ! ئۇ ماڭا بىرەر نەرسە دېدىمۇ؟

- ياق ئەپەندىم . ئۇ : « دورىياننى كۇلۇپتىنمۇ تاپالمسام ، پارىژغا بارغاندىن كېيىن خەت يازىمەن» دېگەن گەپنىلا قىلدى .

- ئەمىسە بوپتۇ فرانسىس . مېنى ئەتە سائەت 9 دا ئويغىتىپ قويۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالمىغىن .

- ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالمايمەن ئەپەندىم .

خىزمەتكار كەشنى سۆرىگىنىچە كارىدورنى بويلاپ پالاقلاپ كىرىپ كەتتى .

دورىيان گېرىبي شلەپىسى بىلەن پەلتويىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ، كىتابخانىسىغا كىردى . لەۋلىرىنى چىڭقىدە چىشلىگىنىچە ، كىتابخانىدا خېلىغىچە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈردى . ئاندىن كىتاب جاھازىسىدىن بىر كۆك تاشلىق كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى . «ئالان كامپېل، ماي فايىر رايونى ھېرتفورد كوچىسى 152 – نومۇر >> تۇغرا ، بازىل ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم دەل مۇشۇ شۇ .

# ئون تۆتىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 9 دا ، خىزمەتكار پەتنۇستا بىر ئىستاكان شاكىلاتلىق ئىچىملىك كۆتۈرگىنىچە كىرىپ دەرىزىنى ئاچتى. دورىيان ئۇيقۇدا ئىدى ، ئۇ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ شۇ تۇرۇقى بەئەينى تولا ئويناپ ھالىدىن كەتكەن ياكى تولا ئۆگىنىپ چارچاپ كەتكەن بالىنى ئەسلىتەتتى .

خىزمەتكار دورىياننىڭ جەينىكىنى ئاستا تۈرتۈپ ئويغاتتى . ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ، گويا شېرىن چۈشىدىن ھېلىلا ئويغانغاندەك ، چېھرىدە سۇسقىنا بىر كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلدى . لېكىن ، ئۇ كېچىچە ھېچقانداق چۈش كۆرمىدى ، ئۇنىڭدا نە خوشاللىق ، نە ئازاب تۇيغۇسى يوق ئىدى . ياشلىقتا كۈلۈپ قويۇپلا كۆپايلىنىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى ، ياشلىقنىڭ سېھرىي كۈچى ئەنە شۇ ئىدى .

ئۇ جەينىكى بىلەن تىرەپ ئۆرە بولۇپ ، ئىچىملىكنى غۇرتىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى . نويابىر قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ تۇراتتى . ئاسمان شۇ قەدەر ئوچۇق ئىدىكى ، ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى . ماي ئېيىنىڭ سەھەرىنى ئەسلىتىدىغان نەمخۇش ھاۋا ئادەمگە بۆلەكچە ھوزۇر بېغىشلايتتى.

تۆنۈگۈن كېچە يۈز بەرگەن قاباھەتلىك ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاستا – ئاستا زاھىر بولۇپ ، كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر- بىرلەپ ئۆتتى . شۇئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېيتقۇسىز بىر خىل قورقۇنچ چىرمىۋالدى . شۇ ئەسنادا ، بازىلنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تۈرتكە بولغان ھېلىقى غەلىتە ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ جىسمىدا يەنە زاھىر بولۇپ ، ۋۇجۇدىنى دەھشەتكە سالدى ، پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى . بازىلنىڭ جەسىتى ھېلىھەم ئاشۇ ئۆيدىكى ئورۇندۇقتا قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ ياتاتتى . نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق – ھە ! بۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىشنى پەقەت قاراڭغۇلۇقلا يوشۇرۇپ قالالايتتى ، قۇياش نۇرى كۆرسە ھەرگىز بولمايتتى .

ئۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاۋېرىدىغان بولسا ، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالىدىغاندەكلا تۇيغۇدا بولدى ، بەزى ۋەھشىيلىكلەرنى شۇ ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئەسلىسە ، شۇ ۋەھشىيلىكنى قىلغۇاتقان چاغدىكىدىنمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ . بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىنىڭ قىزغىن ئارزۇ – ئىستەكلىرىگە ئەمەس ، بەلكى تەلۋە ھېسسىياتلىرىغا مەلھەم

بۇلىدۇ ، ئۇنىڭ كىشىگە ئاتا قىلىدىغان شادلىقى سەزگۈ ئەزالارنىڭ ھوزۇرىنى بېسىپ چۈشىدۇ . لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئوخشمايتتى ، ئۇنى چوقۇم كاللىدىن چىقىرىپ تاشلاش ، ئەپيۇن بىلەن مەست قىلىپ تۈنجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى . ئۇنداق بولمىغاندا ، ئۇنىڭ يەنە باشقا جانغا زامىن بۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى .

سائەت 9:30 غا داڭ ئۇردى . دورىيان قولىياغلىقى بىلەن پىشانىسىنى سۈرتۈۋېتىپ ، ئالدىراپقىنا ئورنىدىن تۇردى ، ئەدەتتىكىدىنمۇ تۈجۈپلەپ كىيىندى ، قايسى گالىستۇكۇمنى تاقىسام بولار دەپ ، ھېلى ئۇ گالىستۇكنى ، ھېلى بۇ گالىستۇكنى قولىغا ئالدى ، ئۈزۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولىغا بىر قېتىمدىن سېلىپ چىقتى . ناشتىلىقنىمۇ ئالدىرىماستىن تولىمۇ ھوزۇر بىلەن يېدى ، ھەرخىل تاتلىق تۈرۈملاردىن بىر - بىرلەپ تېتىدى ، خىزمەتكارى بىلەن سېلبىي قەسىرىدىكى چاكارلارغا يېڭى كىيىم ئالماشتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلدى ، ئاندىن كەلگەن خەت - چەكلەرگە بىر- بىرلەپ كۆز يۈگۈرتتى . بەزى خەتلەرنى ئوقۇپ چېھرىدە كۈلكە جىلۋە قىلدى . ئارىسىدىكى ئۈچ پارچە خەت ئۇنى سەل بىئارام قىلىپ قويدى . يەنە بىر پارچە خەتنى يېنىش - يېنىشلاپ ئوقۇپ ، سەل بىزارلىقى تۇتتى - دە ، ئاچچىقىدا يىرتىپ تاشلىدى . لورد ھېنرى :« ئاياللارنىڭ خاتىرىسى ئاجايىپ ياخشى بۇلىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن !

ئۇ ساپ قەھۋەدىن بىر ئىستاكان ئىچىۋېتىپ ، قەغەز بىلەن ئاغزىنى ئالدىرىماي سۈرتتى ، ئاندىن خىزمەتكارىغا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشنى ئىشارەت قىلدى . ئۇ كىتابخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى - دە ، ئىككى پارچە خەت يازدى ، بىرسىنى كونۋېرتقا سېلىپ ، يەنە بىرىنى خىزمەتكارىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

- فىرانسىس ، مۇنۇ خەتنى ھېربېرت كوچىسىدىكى 152 - نومۇرلۇق قوروغا يەتكۈزۈپ بەرگىن . ئەگەر ئالان كامپېل ئەپەندى ئۆيدە بولمىسا ، ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى سۈرۈشتۈرۈپ باققىن .

- خىزمەتكار چىقىپ كىتىشى بىلەن تەڭ ، دورىيان تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، بىر ۋاراق قەغەزگە قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى سىزىشقا باشلىدى . دەسلەپتە گۈل ، بىنا دېگەندەك نەرسىلەرنى سىزدى ، ئاندىن ئادەمنىڭ بېشىنى سىزدى . تۇرۇپلا سىزغان ئادەمنىڭ چىرايىنىڭ بازىل خالۋاردنىڭ چىرايىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، قۇشۇمىلىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ كەتتى ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، كىتاب جاھازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە ، بىر كىتابنى سۇغۇرۇپ ئالدى . يۈز بەرگەن ئىشلارنى قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك قارارىغا كەلدى .

ئۇ سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ ، كىتابنىڭ تىتۇلىنى ئاچتى . بۇ گاۋتىيېرنىڭ «سىر ۋە

قاشتېشى ئويمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بولۇپ ، فرانسىيىلىك نەشرىيات سودىگىرى تەرپىدىن ياپون قەغىزىدە نەشىر قىلىنغان ، جاكومارتىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى بېرىلگەن نۇسخىسى ئىدى . كىتابنىڭ سېرىق خورومدا قاپلانغان مۇقاۋىسىغا ئالتۇن ھەل بىلەن ئۇششاق كاتەكچىلەر چىقىرىلىپ ، ئانارگۈلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىدى . بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا ئادرىيان سىڭگىلتون ھەدىيە قىلغان ئىدى . ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ ، لاسېنېرنىڭ① قولى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە شېئىرغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . شېئىردا «قويۇق يۇڭ بېسىپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ قورقۇنچلۇق قول نۇرغۇن پەسكەشلىكلەرنى ، يۇيۇپمۇ ئىزىنى يوقاتقىلى بولمايدىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغاندى » دېگەن مىسرالار يېزىلغان ئىدى . ئۇ شۇئان شېشىدەك ئاپئاق بارماقلىرىغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ ، ئىختىيارسىز پۈتۈن ئەزالىرىغا تىترەك ئولاشتى . كىتابنى توختىماي ۋاراقلاۋاتقان دورىياننىڭ كۆزلىرى ۋېنىتسىيە تەسۋىرلەنگەن گۈزەل مىسرالارغا كەلگەندە توختاپ قالدى.

ئادرىياتىك دېڭىزدا ۋىناس ،
تۇرار سۈزۈك تېنى سۇ ئۈزرە .
جۆر بولىدۇ يېنىك مۇزىكا،
بەدىنىنى سۆيگەندە قەترە.

لەڭ ئۇرىدۇ سۈزۈك دولقۇنلار،
چەمبەرسىمان ھەيۋەت كۆۋەجەپ.
بىر ھەسرەتلىك سۆيگۈ مۇڭىنى،
شۇ ئېسىل كۆي تۇرماقتا سۆزلەپ.

ئەپچىلگىنە تاشلىدى لەڭگەر،
پاراخوت كېلىپ قىرغاق يېنىدا.
دەسسىگىنىم مەر مەر پەلەمپەي،
يوغان ، قىزىل ئىشىك ئالدىدا.

نىمە دېگەن ئېسىل مىسرالار ھە – بۇ ! شېئىرنى ئوقۇغان كىشى ئۆزىنى گويا پەردە تارتىپ قويۇلغان كۆمۈشرەڭ قولۋاقتا ئولتۇرۇپ ، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ بىلەن قاپلانغان بۇ گۈزەل شەھەرنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى .

دورىيان شېئىرنى ئوقۇپ ، گويا لـدو ②غا ئۇچقانـدەك كېتىۋاتقـان قولۋاقنـىڭ كەينـدىن هاسىل بولغـان زۇمـرەتتەك بۇژغـۇنلارنى كۆرگەنـدەك بولـدى . كىشـى قەلبىنـى هاياجانغا سـالىدىغان بـۇ مىسـرالار ئۇنىڭغـا بوينىغـا رەڭلىـك لېنـتىلار چىگىـپ قويۇلغـان چىرايلىـق قۇشلارنى ئەسلەتتى ، بۇ قۇشلار گاھ ھەرە كۆنىكى شەكىلدىكى سائەت ئورنىتىلغان ئېگىز-ئېگىز بىنالارنى چۆرىدەپ پەرۋاز قىلىشسا ، گاھ قاراڭغۇلۇق قاپلىغـان دەھلىـزلەردە تولىمۇ ئۇماق بىر رەۋىشتە دىكىلـداپ مېڭىـپ يۈرۈشـەتتى . ئـۇ كـۆزلىرىنى بوشـقىنا يۇمـۇپ ئـۆزىنى كەينىگە تاشلىدى – دە ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى بوش ئاۋازدا تەكرارلىدى :

دەسگىنىم مەر مەر پەلەمپەي،
يوغان قىزىل ئىشىك ئالدىدا.

بۇ ئىككى مىسرا شېئىردا ۋېنتىسيىنىڭ جىمى مەنزىرىسى تامام ئەكس ئەتكەن ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قايسىبىر يىلى كـۈزدە ئاشـۇ يەردە ئۆتكـۈزگەن ئۇنتۇلغۇسـىز چـاغلىرىنى ، بىـر مەھەللىك ئوتلۇق سۆيگۈ – مۇھەببەتنىـڭ دەسـتىدە قىلىـپ تاشـلىغان ئەخمىقـانە ، ئەممـا كۆلكىلىك ئىشـلىرىنى ئېسـىگە ئالـدى . رومـانتىكلىق ھەرقانـداق جايـدا تېپىلاتتـى . ئەممـا ۋېنتسـيە ئوكسـفوردقا ئوخشاشـلا ئۆزىنىـڭ رومانتىـك ئەسـلىملەرگە بـاي مەنزىرىسـىنى ساقلاپ قالغانىدى ؛ ھەقىقىي رومانتىك كىشلەر ئۈچۈن مەنزىرە جىمـى نەرسـىدىن دېـرەك بېرەتتى . بازىل خالۋارد ۋېنتسيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىـل بىللـە تـۇردى . شـۇ چاغـدا بازىل تىنتورىتتىنىڭ ③ ئەسەرلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى . بىچارە بازىل ! ھەجەپ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى – ھە ! دورىيان ئۇھسىنىپ قويدى ، ئازابلىق خىياللاردىن نېرى بولۇش ئۈچۈن كىتابنى يەنە قولىغا ئالـدى . ئـۇ قارلىغاچنىـڭ سىمىرنادىكى ئەپچىلگىنـە كەلگەن قەھۋەخانىغا ئۇچۇپ كىرىپ – چىقىۋاتقانلىقى ، مەككە مەدىنىگە تاۋاپ قىلغىلـى بارغـان مۇسـۇلمانلارنىڭ تەسـۋىلىرىنى سـىرىپ مۇناجـات ئوقـۇپ ئولتۇرغـانلىقى ، بېشـىغا يـاغلىق يۆگـىۋالغـان سـودىگەرلەرنىڭ پۆپۈكلـۈك ئـۇزۇن غاڭزىسـىدا پۇرقىرىتىـپ تاماكـا چېكىشكەچ كەڭ – كۇشادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن مىسرالارنى چەكسىز ھوزۇر ئىلىكىدە ئوقۇدى . گاۋتىيېر بۇ شېئىرلارنى سۆيگۈ ئىزى قالغان مەرمەر تاشلاردىن ئىلھام ئېلىپ يازغانىدى . توساتتىن ئۇنىڭ قولىدىكى كىتاب سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىـر ۋەھىـمە چىرمىۋالـدى . ئەگەر ئـالان كامپبـل ئەنگلىيىـدە بولمـاي قالسـا قانـداق قىلغۇلـۇق؟ چەتـئەلگە چىقىـپ كەتـكەن بولسـا قـانچە كۈنـدە قايتىـپ كـېلەر؟ قايتىـپ

كەلمىسىچۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى . بەش يىل مۇقەددەم ، ئۇلار بىر – بىرىدىن ئايرىلمايدىغان يېقىن دوستلاردىن ئىدى . ئەمما بۇنداق قويۇق مۇناسىۋەت ئۇزۇنغا بارمىدى . ھازىر ئۇلار ئامىمۇى سورۇنلاردا دوقۇرۇشۇپ قالسا ، دورىيان گېرىي كۆلۈمسىرەپ قويىاتتى ، ئالان كامپبېل بولسا قاپىقىنىمۇ ئاچمايتتى . كامپبېل تولىمۇ زېرەك يىگىت ئىدى . سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھوزۇر ئالالمىغىنى بىلەن ، شېئىردىن زوق ئېلىشنى دورىياندىن ئۆگەنگەن ئىدى . ئۇ ئىلىم – پەن تەتقىقاتىغا بولەكچە قىزىقاتتى . ئوكسفوردتا ئوقۇۋاتقان چاغدا ، كۆپ ۋاقتىنى تەجرىبىخانىدا ئۆتكۈزدى ، بىرىنچى يىللىقتىكى تەبىئىي پەن شەرەپ ئۇنۋانى ئىمتىھانىدا نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولدى . ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى خىمىيە تەتقىقاتىدا ئىدى . ئۆز ئالدىغا تەجرىبىخانىسى بولغاچقا ، كۈنبويى تەجرىبىخانىسىدىن چىقمايتتى . بۇنىڭدىن ئاپىسىنىڭ ئىچى پۇشاتتى ، ئاپىسى ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى ، دورا تەڭشەشتىن باشقىنى ئۇقمايدىغان خىمىيە ئالىمى بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى دەپ قارايتتى . كامپبېل يەنە تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى . ئىسكرىپكا بىلەن پىئانىنو چالىدىغان بولسا ، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنى خېلى بىر يەرلەردە قويىاتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنى دەسلەپتە دورىيان بىلەن ئۇچراشتۇرغىنى دەل ئاشۇ مۇزىكا ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، دورىيان خالىغان چاغدا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىنى بىمالال نامايىش قىلالايتتى ، ئەمما سېھرىي كۈچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆزى ھېس قىلىپ يېتەلمەيتتى . ئۇلار رۇبىنستېيىن④ بېركشىپىر خانىمنىڭ ئۆيىدە مۇزىكا چالغان ئاخشىمى تونۇشقان ئىدى . كېيىن ئۇلار تىياتىرخانىغا ۋە ئېسىل مۇزىكىلار ئورۇندىلىدىغان سورۇنلارغا دائىم بىللە بارىدىغان بولدى . ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق يېقىن مۇناسىۋىتى بىر يېرىم يىل داۋاملاشتى . ئۇلار ئالاقە قىلىۋاتقان چاغلاردا كامپبېل سېلبىي خان جەمەتى قورۇقىدا ياكى گروسۋىنا مەيدانىدا بولاتتى . كامپبېل ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ، دورىيان گېرىي ھاياتنىڭ جىمى گۈزەللىكلىرى ۋە جەلپكارلىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئادەم ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . كىشىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇچراشقاندا ئانچە پاراڭلاشمايدىغان بوپ قالغانلىقىغا ، زىياپەتتە دورىيان گېرىي بولۇپلا قالسا ، كامپبېلنىڭ بالدۇرلا كېتىپ قالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشتى . تۇيۇقسىز كامپبېلنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ ، تۇرۇپ-تۇرۇپ غەمكىنلىشىپ قالىدىغان بوپ قالدى . قولىقىغا مۇزىكا خۇشياقمايدىغان ، ئۆزىمۇ مۇزىكا بىلەن ھەپىلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى . بىرەرى مۇزىكا چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلسا ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ، مۇزىكا چېلىشنى

مەشىق قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ رەت قىلىدىغان بولدى . ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى . ئۇ بىئولوگىيىگە بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى ، تېخى ئۇنىڭ ئىسمى ئاجايىپ – غارايىپ تەجرىبىلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەر ئېلان قىلىنىدىغان بىر ژورنالدا پات- پات كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى .

دورىيان دەل مۇشۇ ئادەمنى ساقلاۋاتاتتى . ئۇ تۇرۇپ – تۇرۇپ سائەتكە قاراپ قوياتتى ، ۋاقىت مىنۇت – سىكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇ بارغانسېرى تىت – تىت بولۇپ ، جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى . ئاخىرى بولماي ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى – دە ، قەپەزگە قامىلىپ چىقالمايۋاتقان ئۇماق جانىۋاردەك ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . ئۇ قەدىمىنى چوڭ- چوڭ ئالاتتى ، قوللىرى مۇزدەك تەرلەپ كەتكەنىدى .

ئادەم ساقلاش كىشىنى ئەڭ تىت – تىت قىلىدىغان ئىش ئىدى . ئۇنىڭغا ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك ، ئۆزىنى گويا قۇترىغان تەلۋە شامال تەرىپىدىن قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغان قىيانىڭ لىۋىگە بىرىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . دورىيان شۇ تاپتا ئۇنى ساقلاشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى . پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشقان دورىيان گويا كۆز ئالمىسىنى ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغاندەك ، كاللىسىدا غەليان ئۇرۇپ ئارام بەرمەيۋاتقان خىيالىي تۇيغۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولغاندەك ، مۇزدەك سوغۇق تەرلەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن قاپىقىنى چىڭقىدە بېسىۋالدى . لېكىن بۇنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىدى . مېڭىنىڭمۇ ئوزۇقلۇق ئالىدىغان مەنبەسى ئايرىم ئىدى ، تەسەۋۋۇر ۋەھىمە تەسىرىدە غەلىتىلا بولۇپ قالاتتى ، گويا جىنى بار نەرسىلەرگە ئوخشاش ئازاب ئىلكىدە تولغىناتتى ، بەدبەشىرە قونچاقلارغا ئوخشاش سەھنىلەردە قالايمىقان سەكرىشەتتى ، يۈزىگە نىقاپلارنى تارتىۋېلىپ ئاغزىلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ سەت ھىجىيىشاتتى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ۋاقىت توختاپ قالغاندەك تۇيۇلدى . شۇنداق ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىدى ، كىشى قەلبىنى دەھشەتكە سالىدىغان ھەررەڭ – سەررەڭ خىياللار يۈپۈرۈلۈپ كەلگەن پېتى شەپقەتسىز رېئاللىقنى گۆرىدىن سۆرەپ چىقىپ ، ئۇنىڭغا كۆز- كۆز قىلماقتا ئىدى . ئۇ قورقۇنچلۇق كەلگۈسىگە تىكىلگىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ ، خىزمەتكار كىرىپ كەلدى . دورىيان بېشىنى بۇراپ ، خىزمەتكارغا ھاڭۋېقىپ قارىدى .

- كامپبېل ئەپەندى كەلدى ، ئەپەندىم ، – دېدى خىزمەتكار .

ئۇ قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ چوڭقۇر بىرنى ئۇھ تارتىپ قويدى ، چىرايىغىمۇ خېلىلا قان يۈگۈرۈپ قالدى .

- ئـۇنى دەرھـال باشـلاپ كـىرگىن فىرانسـس ،- ئۇنـىڭ كۆڭلـىدىكى ئەندىشىسـى تۆگـگەن ، تەمكىن ھالىتىگە قايتقاندى .

خىزمەتكار تازىم قىلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى . ھايـال ئـۆتمەي ، ئـالان كامپبېـل كىرىـپ كەلدى .

ئۇنىڭ چىرايى كەسكىن تـۇس ئالغـان ، قونـدۇزدەك قاپقـارا چـاچلىرى بىـلەن قويـۇق قاشلىرى ئۇنى تاتىراڭغۇ كۆرسىتىپ تۇراتتى .

- ياخشى تۇردىڭىزمۇ ئالان ! ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ ئەتكىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت .

- گېرىي ، ئەسلى بوسۇغىڭىزدىن ئىككىنچىلەپ ئاتلىماسمەن دىگەن ئىدىم . لـېكىن ، خېتىڭىزدە ، ھايات – ماماتقا مۇناسىۋەتلىك موھىم ئىش بار دەپتىكەنسىز ، شۇڭا كەلـدىم ، – دېدى كامپبېـل ۋەزمىـن قىيـاپەتتە . ئۇنـىڭ ئۆتكـۈر كـۆزلىرى دورىيانغا تىكىلـدى ، گويـا دورىياننـىڭ كۆرۈنـۈش ئۈچـۈن سـوزغان قـوللىرىنى كۆرمىگەنـدەك ، قـولىنى روسـىيە خۇرۇمىدىن تىكىلگەن پەلتويىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپمۇ قويمىدى .

- شۇنداق ئالان ، بۇ ھايات – ماماتقا تاقىلىدىغان ، بىرلا ئادەم بىلەن تۆگـمەيـدىغان مۇھىم ئىش ئىدى . قېنى ئولتۇرۇڭ .

كامپبېل ئۈستەلنىڭ يېنىـدىكى ئورۇنـدۇقتا ئولتـۇردى ، دورىيـانمۇ ئۇنـىڭ ئۇدۇلـىدىن ئورۇن ئالدى . ئىككەيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى . دورىياننـىڭ كۆزلىرىـدىن ئاجايىـپ بىـر خـىل بىچارىلـىك چىقىـپ تـۇراتتى ، ئـۇ قىلمـاقچى بولغـان ئىشـنىڭ ئۈچـىغا چىققـان پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى .

دورىيان جىددىيلەشكىنىدىن بىر ھازا جىمـمىدە تـۇرۇپ كەتتـى ، ئانـدىن ئالـدىغىراق سۆرۈلۈپ ، ئۆزىنىڭ دىگەن ھەربىر ئىبغىز گېپىنىڭ كامپبېلنـىڭ چىرايـىدا قانـداق ئـۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغاچ ناھايىتى ئەزمىلىك بىلەن سۆزلىدى :

- ئالان ، بـۇ ئۆيىنـىڭ ئەڭ ئۈسـتۈنكى قەۋىتىـدە قۇلۇپلاقلىـق بىـر ئـۆي بـار . مەنـدىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ . ھازىر ئـۇ ئۆيـدە ئـۆلگىنىگە 10 سـائەت بولغـان بىـر جەسـەت ياتىدۇ . گېپىمنى جىم ئولتـۇرۇپ ئـاڭلاڭ ، ماڭـا ئۇنـداق نەزەردە قارىمـاڭ . ئـۇ ئـادەم زادى كىم ، نېمە سەۋەپتىن قانـداق ئۆلـدى ؟ بۇنـىڭ ھېچقايىسىسـى سـىز بىـلەن مۇناسىۋەتسـىز . سىزنىڭ قىلىدىغىنىڭىز پەقەت .......

- بولدى سۆزلىمەڭ گېرىي ، گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق . دىگەنلىرىڭىز راستمۇ يـاكى يالغانمۇ ، مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ، سـىزنىڭ ئىشـىڭىزغا ئارىلاشقۇممۇ يـوق . ئـاۋۇ قورقۇنچلۇق مەخپىيەتلىكلىرىڭىزنى ئاستا يىغىشتۇرۇۋېلىڭ . مەن ھـازىر بۇنـداق ئىشـلارغا قىزىقمايمەن .

- چوقۇم قىزىقىپ قالىسىز ئالان . ئالدىڭىزدا ھەقىقەتەن خىجىلمەن . لېكىن ، باشقا ئامالىم يوق . مېنى سىزلا قۇتقۇزۇپ قالالايسىز . بۇ ئىشتا ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدۇ . سىز پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىسىز ، خىمىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئوبدان چۈشىنىسىز ، تەجرىبىڭىزمۇ كۆپ قاتناشقان . سىز ماڭا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيدىكى ھېلىقى جەسەتنى ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي پاكپاكىز كۆيدۈرۈپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ . ئۇنىڭ بۇ ئۆيۈمگە كەلگىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى . ھازىر ھەممىلا ئادەم ئۇنى پارىژغا كەتكەن دەپ بىلىدۇ . بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ . كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغاندا ، بۇ يەردىن ھېچقانداق ئىزنى تاپالمايدۇ . ئالان ، سىز ماڭا ئۇنىڭ جەسىتىنى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق جىمى نەرسىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ .

- سىز ساراڭ بوپسىز، دورىيان !

- ۋاھ ! كامپېل مېنى قاچانمۇ دورىيان دەپ چاقىرىدىغان بولار دەپ كۈتۈپ كىلىۋاتاتتىم !

- سىز راستىنلا ساراڭ بوپسىز. سىز نېمىگە ئاساسەن مېنى بۇنداق پەسكەش ئىشقا ياردەم قىلىدۇ دەپ قالدىڭىز؟ بۇ ئىشىڭىزغا مەن ھەرگىز قول تىقمايمەن . خىيالىڭىزدا مېنى ، كامپېل مەن ئۈچۈن ئابرويى تۆكۈلۈشتىنمۇ باش تارتمايدۇ ، دەپ قالدىڭىزما ؟ سىزنىڭ نېمە ئىپلاسلىقلارنى قىلىدىغىنىڭىز بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم ؟

- ئالان ، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى .

- ئەمىسە ، ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا كىم مەجبۇر قىلدى ؟ پەرىزىمچە سىزغۇ دەيمەن .

- ساڭا ياردەم قىلغۇم يوق دېمەكچىمۇ سىز؟

- ئەلۋەتتە شۇنداق ، مەن بۇ ئىشقا ھەرگىز قول تىقمايمەن . خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە بولامسىز – بولمامسىز، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قىلچە كارىم يوق . بۇ ئۆزىڭىزنىڭ شورى . شۇنچە جىق ئادەم تۇرسا ئىزدىمەي ، مۇشۇنداق پەسكەش ئىشقا مېنى قول تىقتۇرماقچى بولىۋاتامسىز؟ مەن تېخى سىزنى كىشىنىڭ مىجەز – خۇلقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ دەپ قاپتىمەن . قارىغاندا ، ھېلىقى لورد ھېنرى دېگەن دوستىڭىز سىزگە پىسخولوگىيىدىنلا ساۋات بېرىپ قالماي ، باشقا ئىشلارنىمۇ ئوبدان ئۆگەتكەندەك قىلىدۇ . مەيلى نېمىلا دېمەڭ ، سىزگە ياردەم قىلالمايمەن . مېنى ئىزدەپ خاتالىشىپسىز ، بېرىپ ئاشۇ دوستلىرىڭىزنى ئىزدەڭ .

- ئالان راستىنى دېسەم ، ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم . ئۇنىڭ ماڭا قانچىلىك ئەلەم

قىلغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز . مەيلى مەن ياخشى ياكى يامان بولاي ، ھازىرقى مېنى يارىتىپ ، بۇرۇنقى ئۆزۈمنى گۇمران قىلىشتا ، ئۇنىڭ رولى ھېنرىنىڭكىدىن چوڭ بولدى . ئۇ بەلكىم بۇنى كۈتمىگەن بولغىيتتى ، لېكىن ھامىنى شۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغىنى ئېنىق ئىدى .

- ئۇنى سىز ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىزما دوريان ؟ ۋاي خۇدايىم ! ئەمدى سىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىزما ! مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن ، سىزنى چېقىپمۇ يۈرمەيمەن . لېكىن ، ھامىنى قانۇن تورىغا چۈشمەي قالمايسىز . كىشىلەر كىچىككىنە ئەخمىقانە ئىشى ئۈچۈنلا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . سىزگە يەنە دەپ قوياي ، بۇ ئىشقا مەن قەتئىي ئارىلاشمايمەن .

- ئارىلاشمىسىڭىز بولمايدۇ . توختاڭ ، توختاڭ ، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاڭ ئالان . ماڭا پەقەت بىر ئىلمىي تەجرىبە ئىشلەپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ . سىز دېگەن دوختۇرخانا ، جەسەت ساقلاش ئورۇنلىرىدا ئۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى جىق كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن ئادەم . ناۋادا سىز شۇ تاپتا كىشىنىڭ قۇسقۇسى كېلىدىغان بىر ئاناتومىيە ئۆيىدە ياكى سېسىق پۇراق قاپلىغان تەجرىبىخانىدا بولۇپ ، تەجرىبە ئۈستىلىدە ياتقان جەسەتنى كۆرگەن بولسىڭىز ، ئۇنى قالتىس تەجرىبە بۇيۇمى دەپ قارايدىغىنىڭىز ئېنىق ئىدى . چۈنكى سىز ئۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك ، ئۆزىڭىزنى خاتا ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىمايسىز . ئەكسىچە ، «ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىۋاتىمەن ، دۇنيانىڭ بىلىم خەزىنىسىنى بېيىتىۋاتىمەن ياكى ئۆزۈم قىزىقىدىغان ئىش ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتىمەن» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن . مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق . پەقەت ئۆزىڭىز دائىم قىلىدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىشىپ بېرىڭ دېمەكچى . ئەلۋەتتە ، بىر جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىش سىز قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن ئىشتەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس . ئېسىڭىزدە بولسۇن ، جەسەتنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز . جەسەت بايقىلىپلا قالسا ، مەنمۇ تەڭ تۇتۇلىمەن . ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز ، جەسەت چوقۇم ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ .

- سىزگە نەچچە رەت دېدىم ، مەن بۇ ئىش بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز . سىزگە ياردەم قىلالمايمەن .

- ئالان ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ . بايا سىز كەلمەستە ، تاس قالدىم ، قورقىنىمدىن ئايلىنىپ قالغىلى . قورقۇنچنىڭ تەمىنى سىزمۇ بىر كۈنلەردە تېتىپ قالارسىز . بولدى ، باشقا ئىشقا دىققىتىمىزنى چاچمايلى . سىز بۇ ئىشقا ئىلمىي نۇقتىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلسىڭىزلا بولىدۇ . سىز بۇرۇن تەجرىبە قىلغان جەسەتلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيلا تەجرىبە قىلىۋەرگەن ، شۇڭا ھازىرمۇ سورىماڭ .

ھېلىمۇ سىزگە جىق نەرسىلەرنى دەۋەتتىم . ئۆتۈنۈپ قالاي ، بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ ، مۇشۇ ئىشىمغا بىر ياردەم قىلىڭ ئالان .

- تولا بۇرۇنقى چاغلارنى پەش قىلماڭ دوريان ، ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتكەن .

- كەلمەسكە كەتكەن نەرسىلەرنى بەزىدە قايتۇرۇپ كەلگىلىمۇ بولىدۇ . ئەنە ، ئۈستۈڭكى قەۋەتتىكى ئادەم ئۆلگەن بولسىمۇ ، لېكىن جەستى شۇ پېتى تۇرۇۋېتىپتۇ . ئالان ، ھەي ئالان ! سىز ياردەم قىلمىسىڭىز تۈگەشكىنىم شۇ ! بىلەمسىز ، ئۇلار مېنى قىلغانلىرىم ئۈچۈن دارغا ئاسىدۇ .

- دېسىڭىزمۇ پايدىسى يوق ، مەن بۇ ئىشقا قەتئىي ئارىلاشمايمەن . مېنى مۇشۇنداق ئىش ئۈچۈن ياردەم قىل دېگەندىكىن ، سىز ھەقىقەتەن ئېلىشىپ قاپسىز .

- ياردەم قىلمامسىز ؟

- شۇنداق .

- ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئۇنداق قىلماڭ ئالان .

- ئۆتۈنگىنىڭىزنىڭمۇ پايدىسى يوق .

دوريانىنىڭ كۆزلىرى تولىمۇ بىچارە تۈس ئالدى ، قولىغا بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ بىر نېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى . ئاندىن يېنىشلاپ ئىككى رەت ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن ، خەتنى تۈجۈپىلەپ قاتلاپ ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويدى ، ئاندىن ئالدىراپقىنا ئورنىدىن تۇرۇپ ، دەرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالدى .

دوريانغا قاراپ ھەيران قالغان ئالان كامپېل خەتنى ئىتتىك ئاچتى . خەتنى ئوقۇۋېتىپ ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە ئورۇندۇققا لاسسىدە يۆلىنىپ قالدى . تۇيۇقسىز كۆڭلى ئېلىشىپ ، يۈرىكى گويا كۆكرەك قەپىزىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى .

- جەسەت بايقىلىپ قالسىلا تۈگەشكىنىم شۇ . ئەگەر ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز ، ئۇ چەزمەن ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ .

ئارىنى خېلىغىچە ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى ، دوريان ئۆرۈلۈپ كامپېلنىڭ كەينىگە ئۆتتى – دە ، قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئالدى .

- سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ ئالان ، – پىچىرلىدى دوريان ، – لېكىن مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۆزىڭىز مەجبۇر قىلدىڭىز . بىر پارچە خەت يېزىپ تەييار قىلىپ قويدۇم ، ئەنە ئادرېسىمۇ يېزىقلىق تۇرۇپتۇ . ياردەم قىلمايدىغان بولسىڭىز ، خەتنى پوچتىدىن سېلىۋېتىمەن . ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىزغۇ دەيمەن . ماڭا چوقۇم ياردەم قىلىسىز ، ئەمدى رەت قىلىدىغانغا

ھېچقانداق ئامالىڭىز قالمىدى . ئەسلى بۇنداق قىلماي دېگەنىدىم ، لېكىن مېنى ئۆزىڭىز مەجبۇرلاپ قويدىڭىز . ماڭا ھېچكىم بۇنداق مۇئامىلە قىلىپ باقمىغان . بايىدىن بېرى شۇنچە چىدىدىم . ئەمدى شەرت قويۇش نۆۋىتى ماڭا كەلدى .

كامپېل يۈزلىرىنى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى .

- شۇنداق ئالان ، شەرت قۇيۇش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلدى . «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەن گەپ بار . بۇنى دېمىسەممۇ ، ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز . بولدى ، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمەڭ . بۇ ئىشنى شۇنداق بېجىرمىسەك بولمايدۇ . يۈرەكلىكرەك بولۇڭچۇ !

-كامپېل چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويدى ، تىترىكى ھېچ بېسىلىدىغاندەك قىلمايتتى . كامپېل دورىياننىڭ گۈندىدەك ئېغىر قوللىرىنى بېسىمدا مۈكچىيىپلا قالدى.

- تېز بۇلۇڭ ئالان ، دەرھال بىر قارارغا كېلىڭ .

- بۇنداق ئىشنى قىلسام بولمايدۇ ، – دېدى كامپېل . بۇ گەپلەر دورىياننىڭ قۇلىقىغا ھېچ كىرىدىغاندەك قىلمايتتى .

- قىلمىسىڭىز بولمايدۇ . سىزگە ئەمدى باشقا تالالاش يولى قالمىدى . تولا ۋاقتىمنى ئالماڭ .

كامپېل خېلىغىچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى :

- جەسەت بار ئۆيدە ئوچاق بارمۇ؟

- بار، تاش پاختىلىق گاز ئوچاق بار .

- مەن تەجرىبىخانامغا بېرىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىلەي .

- ياق ئالان ، ئۆيدىن چىقسىڭىز بولمايدۇ . كېرەكلىك نەرسىلەرنى قەغەزگە يېزىڭ ، خىزمەتكارىم پەيتون بىلەن بېرىپ ئەكەلسۇن .

كامپېل قەغەزگە نەچچە قۇر خەت يازدى ، ئاندىن كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە ياردەمچىسىنىڭ ئىسمىنى يازدى . دورىيان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ، ئەستايىدىل ئوقۇدى . خىزمەتكارنى چاقىرىپ قەغەزنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ، دەرھال بېرىپ نەرسىلەرنى ئەكىلىشنى تاپىلىدى .

خىزمەتكار ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى . كامپېل جىددىيلىششكە باشلىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تام ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى . گويا بەزگەك كېسىلى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك توختىماي جالاقلاپ تىترەيتتى . ئالاھەزەل 20 مىنۇتقا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى ، ئىككەيلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى . بىر تال چىۋىن ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن –

بۇياققا غۇۋۇلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى ، سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى كىشىگە توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان بولقىنىڭ ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى .

سائەت بىرگە داڭ ئۇردى . كامپىل كەينىگە ئۆرۈلۈپ دورىيان گرېيغا قاراپ قويدى ، دورىياننىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى . دورىياننىڭ ئازابلىق تۇس ئالغان ، ئەمما كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان تۇرۇۋقىغا قاراپ كامپىلنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى .

- بەك نۇمۇسسىز ئادەمكەنسىز . شەرمەندىلىكتە ئۇچىغا چىقىپسىز ، - دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن .

- بولدى سۆزلىمەڭ ئالان . سىز مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز،- دېدى دورىيان .

- جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز دەۋاتامسىز؟ توۋا خۇدايىم ! سىزدە جان نېمە ئىش قىلسۇن ؟ سىز چۈشكۈنلىشىپ ، جىنايەت ئۆتكۈزدىڭىز . بۇ ئىشنى مەن سىزنىڭ زورىڭىز بىلەنلا قىلىۋاتىمەن ، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ جېنىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قىلمىدىم .

- ھەي ئالان ، - ئۇھسىنىپ قويدى دورىيان ، - مەن سىزدىن باشقا نەرسە كۈتمەيمەن ، پەقەت ماڭا مەن سىزگە ئىچ ئاغرىتقاننىڭ مىڭدىن بىر پىرسەنتچىلىك ئىچ ئاغرىتىپ قويسىڭىزلا ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ، - ئۇ شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۆرۈلدى - دە ، دەرىزە يېنىغا بېرىپ تۇرۇۋالدى . كامپىل ئۈندىمىدى .

ئالاھەزەل ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ، ئىشىك چېكىلىپ ، خىزمەتكار فرانسىس خىمىيىۋى بۇيۇملار قاچىلانغان بىر ياغاچ ساندۇق ، يوغان بىر يوگەم پولات سىم ۋە شەكلى تولىمۇ غەلىتە كەلگەن بىر قىسقۇچنى كۆتەرگىنىچە كىرىپ كەلدى .

- نەرسىلەرنى مۇشۇ يەرگە قويىمەنمۇ ئەپەندىم ؟- سورىدى ئۇ كامپىلدىن .

- شۇنداق ، - دېدى دورىيان ، - فرانسىس ، يەنە بىر ئىش بار ئىدى ، بېجىرىپ كەلسەڭ بوپتىكەن . رىچموندتىكى سېلبىي قورۇقىغا كەترەن گۈلى ئاپىرىپ بېرىدىغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

- ھاردىن، ئەپەندىم.

- توغرا ، ھاردىن . سەن دەرھال رىچموندقا بېرىپ ھاردىننىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىن . كەترەن گۈلى ئەكىلىپ بەرسۇن ، مەن ئىلگىرى زاكاس قىلغاندىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئەكەلسۇن ، ئاق كەترەن گۈلى ئىمكانبار ئارىلىشىپ قالمىسۇن . بۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى ، فرانسىس . رىچموند ناھايىتى چىرايلىق جاي . ئۇنداق بولمىغان بولسا ، سېنى بۇنچە ئۇزاق يولغا ئەۋەتمىگەن بولاتتىم .

- ئاۋارە بولىدىغان ئىش يوق ئەپەندىم . قاچانغىچە قايتىپ كەلسەم بولىدۇ ؟

دورىيان كامپىلغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ، پەرۋاسىز قىياپەتتە سورىدى:

- تەجرىبىڭىز قانچىلىك ۋاقىتتا تۈگەيدۇ ئاالان ؟ – ئۆيدە خىزمەتكار بولغاچقىمىكىن ئەيتاۋۇر ، ئۇ خېلىلا يۇرەكلىك بولۇپ قالغانىدى .

كامپىل قوشۇمىلىرىنى تۇرۇپ ، لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ دېدى :

- تەخمىنەن بەش سائەتلەردە تۈگەپ قالار .

- خېلى ۋاقىت بار ئىكەن ، سائەت 7:30 لاردا قايتىپ كەلسەڭ بولار ، فىرانسىس . بولمىسا شۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئەتە كەلسەڭمۇ بولىدۇ. لېكىن ، كىيىملىرىمنى تەييارلاپ قويۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالما . كەچتە ئىشلىرىڭنى قىلىۋال . كەچلىك تاماقنى سىرتتا يەيمەن ، سەن بولمىساڭمۇ بولىدۇ .

- رەھمەت سىزگە ئەپەندىم ، – خىزمەتكار شۇنداق دېگەچ ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى .

- ئاالان ، ئەمدى بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ . ھەجەپ ئېغىر ساندۇقكىنا – بۇ! بۇنى مەن ئەپچىقاي ، سىز باشقا نەرسىلەرنى كۆتۈرۈڭ ،- دېدى دورىيان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا . كامپىل بۇنىڭدىن دورىياننىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىر خىل تۇيغۇدا بولدى . ئۇلار تەڭلا ئۆيدىن چىقىشتى .

ئۇلار ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىققاندا ، دورىيان ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى ، ئاچتىيۇ جايىدا جىممىدە تۇرۇپ قالدى ، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى . ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا دېدى :

- مەن كىرمەي تۇرايمىكىن ئاالان .

- ئىختىيارىڭىز ، كىرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، – دېدى كامپىل توڭلۇق بىلەن .

دورىيان ئىشىكنى قىيا ئاچتى ، ئۆيدىكى رەسىم ئۇنىڭغا گويا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . رەسىمنىڭ يۈزىگە تارتىپ قويۇلغان پەردە يەردە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە رەسىمگە پەردە تارتىپ قويۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ دەرھال ئىچىگە كىرەي دېدىيۇ ، لېكىن پۈتۈن ئەزايىنى سوۇر بېسىپ كەينىگە ياندى .

رەسىمنىڭ بىر قولىدا چىپكىم – چىپكىم قان ئىزلىرى تۇراتتى . رەسىمنىڭ يۈزىگە قان چېچىراپ كەتكەندەك قىلاتتى . شۇ تاپتا رەسىم ئۇنىڭغا بازىلىنىڭ ئاۋۇ ئىچىنىشلىق جەسىتىدىنمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلىۋاتاتتى .

ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، ئىشىكنى يوغان ئاچتى ، جەسەتكە قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن بېشىنى يانغا بۇرىغىنىچە ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋالدى . ئاندىن ، ئېڭىشىپ سۆسۈن رەڭدىكى پەردىنى ئېلىپ ، رەسىمنىڭ يۈزىگە يېپىۋەتتى .

ئۇ جايدا مىدىر- سىدىر قىلماي خېلىغىچە تۇردى ، كەينىگە قاراشقا ھېچ جۈرئىتى يوق ئىدى . ئۇنىڭغىچە كامپىل كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆيگە توشۇپ ئەكىردى . دورىيان ئالان بىلەن بازىل خالۋاردنى تونۇشۇمدىغاندۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى . ئەگەر كامپىل بازىل بىلەن تونۇش بولۇپ قالسا ، قانداق بولار؟

- ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ ! – دېدى كامپىل تەئەددى بىلەن .

- دورىيان كەينىگە ئۆرۈلۈپ تېزلىكتە چىقىپ كەتتى . چىقىپ كېتىۋېتىپ كامپىلنىڭ بازىلنىڭ قانسىراپ خۇننى يوقاتقان جەسەتتىكە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ، ئىشىكنىڭ ئىچىدىن قۇلۇپلانغانلىقىنى ئاڭلىدى .

كامپىل ئىشنى تۈگەتكەندە سائەت 7 دىن ئاشقان ئىدى . ئۇنىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى سالماق كۆرۈنەتتى .

- ئىش تۈگىدى ، – دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ، – مەن كەتتىم دورىيان . ئىككىمىز ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشمەيلى .

- ئالان ، سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز . بۇ شاپائىتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ، – دېدى دورىيان .

كامپىل چىقىپ كېتىشىگە ، دورىيان ئۈستىدىكى ئۆيگە چىقتى . ئۆي ئىچىنى ئازوت كىسلاتاسىنىڭ ھېدى بىر ئالغانىدى . بازىلنىڭ جەسىتى ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى .

## ئىزاھات :

① لاسنېر (1800 – 1836 ) – فرانسىيىلىك قاتىل ، 1836 – يىلى دارغا ئېسىلغان.

② لىدو – ۋېنتسىيىنىڭ يېنىدىكى ئارال ، مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى ۋە دېڭىز مۇنچىسى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر .

③ تىنتورېت – ۋېنتسىيىلىك مەشھۇر رەسسام .

④رۇبىنستېيىن (1830 – 1899) – گېرمانىيىلىك كومپوزىتور ۋە پىئانىنو چالغۇچى.

# ئون بەشىنچى باب

شۇ كۈنى ئاخشىمى ، سائەت 8:30 بولغان چاغ ، ئالپتە كىيىنگەن دورىيان گرېي مۇلازىملارنىڭ ھۆرمەت تەكەللۇپى ئاستىدا ناربوروۋ خانىمنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ، چېكە تومۇرلىرى توختىماي لىپىلدايتتى . لېكىن ، ئىگىسىپ ساھىپخان ناربوروۋ خانىمنىڭ قولىغا سۆيگەن چاغدا ، ئۆزىنىڭ سالاپەتلىك تۇرۇقىنى قىلچە بۇزمىدى . بەلكىم كىشىلەر رول ئېلىشقا مەجبۇر بولغاندا ، ئۆزىنى ئەركىن ، بىمالال كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغاندۇ . دورىياننىڭ ئاشۇ سالاپەتلىك تۇرۇقىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ تېخى بايىلا ئېچىنىشلىق دېلودىن بىرنى سادىر قىلغىنىغا ئىشەنمەيتتى (ئۇنىڭ قەبىھلىكى دەۋرىمىزدىكى باشقا ھەر قانداق ئېچىنىشلىق دېلونىڭ قەبىھلىكىدىن قېلىشمايتتى) . ئۇنىڭ ئاشۇ قاشتېشىدەك سۇزۇك قوللىرى بىلەن قانلىق پىچاقنى تۇتقانلىقىغا ، يىقىملىق كۈلكە كەتمەيدىغان ئاشۇ چىرايلىق ئاغزى بىلەن تەڭرى ۋە ئىلاھنى قارغىغانلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى . ھەتتا ئۆزىنى قانداقلارچە بۇنچە تەمكىن تۇتالىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى . ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ماسلىششچان خاراكتېرىدىن بۆلەكچە خۇش بولۇپ قالدى .

بۇ كىچىك تېپتىكى زىياپەت ناربوروۋ خانىم تەرىپىدىن ئالدىراپ – تېنەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى . ئۇ ناھايىتى زېرەك ئايال بولۇپ ، ئەنگلىيىنىڭ شۆھرەتلىك بىر باش ئەلچىسىنىڭ رەپىقىسى ئىدى . ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ناربوروۋ خانىم ئۆز قولى بىلەن لايىھىلىگەن مەرمەر تاشتىن ياسالغان قەبرىگە دەپنە قىلدى ، قىزىنى يېشى چوڭراق بىر پۇلدار كىشىگە ياتلىق قىلدى . ھازىر ئۇ كۈنلىرىنى فرانسىيىنىڭ رومانلىرىنى ئوقۇش ، فرانسىيە تائاملىرىنى ئېتىش ۋە ئۆزى ئوبدان چۈشىنىدىغان فرانسىيە روھىغا مەلەك بولۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى .

ناربوروۋ خانىم دورىيانغا بەك ئامراق ئىدى ، ئۇنىڭغا ھەدېسىلا : «ئېسىت ، نېمىشقا سىز بىلەن ياشراق ۋاقتلىرىمدا تونۇشمىغان بولغىيتتىم . بولمىغان بولسا ، ئېنىقلا سىزنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغان بولاتتىم» دەپ قوياتتى . ئۇ دورىيانغا يەنە نەچچە قېتىم : «ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا ، سىز ئۈچۈن شىلەپەمنى تۆگمەنگە تاشلىۋەتكەن بولاتتىم . ① ھېلىمۇ شۈكرى ، ئۇ چاغدا سىزدەك بىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى

خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن . ئۇ چاغدا شىلەپىلىرىمىز بەك سەت ئىدى ، تولگەمنىلەرمۇ پـۇل تېپـىش بىـلەن ئالـدىراش بولغاچقـا ، بىرەرسـى بىـلەن ئىشـقۋازلىق قىلىشـىپمۇ باقماپتىكەنمەن . بۇنىڭ ھەممىسىگە ئېرىم ناربورروف ئەيىبلىك . ئـويلاپ بېقىڭە ، كۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۇڭلاپ بىرەر نەرسىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بىر كىشى بىلەن بىللە ياشاش نەقەدەر مەنىسىز – ھە !» دېگەنىدى .

ناربورروف خانىم زىياپەتكە تولىمۇ تۇترۇقسىز كىشىلەرنى چاقىرغانىدى . ئـۇ كـونىراپ جـۇلقى چىقىـپ كەتـكەن يەلپۈگـۈچى بىـلەن يۈزىنىـڭ يېرىمىنـى توسـۇۋېلىپ ، يـاتلىق قىلىۋەتكەن قىزىنىڭ تۆيىۇقسىز قايتىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، بـۇ ئـاز كەلگەندەك ، ئېرىنىمۇ باشلاپ كەلگەنلىكى ، شۇ سەۋەبتىن زىياپەتنىـڭ مۇشـۇنداق بولـۇپ قالغـانلىقىنى دوربيانغا ئەزۋەيلـەپ چۈشـەندۈردى . « قەدىـرلىكىم ، قىـزىم بەك كۆيۈمسـىز چىقىپ قالدى» دېدى ئۇ ئاستاغىنە : «ئەلۋەتتە مەنمۇ ھەر يىلى يازدا ھامبۇرگدىن قايتىـپ كەلگەنـدە ئۇلارنىڭكىـدە بىـر مەھەل تـۇرىمەن . ئـادەم بـۇ ياشـقا كەپ قالغانـدا ، سـاپ ھاۋادىن نەپەسلەنگۈسى كېلىدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن بارسـام ، ئۇلارنىـڭ تۇرمۇشـى رەڭدارلىشىپ قالامدىكىن دەپ ئويلايدىكەنمەن . سىـز ئۇلارنىـڭ قانـداق ياشـايدىغانلىقىنى بىلمەيسـىز . ئۇلارنىـڭ تۇرمۇشـىنى ھەقىقـىي سـەھرا تۇرمۇشـى دېيسـەك بولىـدۇ . ئـۇلار قىلىدىغان ئىشلىرى كـۆپ بولغاچقـا ، ئورنىـدىن سـەھەر تۇرۇشـىدۇ . ئويلايـدىغانلىرى ئـاز بولغاچقا ، بالدۇرلا ئۇيقۇغا چۈشىدۇ . ئېلىزابېت دەۋرىدىن تارتىپ ، ئـۇلار تۇرغـان جـايلاردا ھېچقانداق سەتچىلىك يۈز بېرىپ باقمىدى . ئادەتتە ئۇلار كەچلىـك تـامىقنى يەپ بولـۇپلا ئۇخلايدۇ . ئاۋۇ ئىككىسى بىـلەن بىـر يەردە ئولتۇرمـاڭ . يېنىمـدا ئولتۇرسـىڭىز ، كـۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ» دېدى .

دوريـان نـاربورروف خـانىمنى پەس ئـاۋازدا بىـردەم ماختـاپ – ئۇچۇرغانـدىن كېـيىن ، ئەتراپىغا سەپسېلىشقا باشلىدى . زىياپەتكە ھەقىقەتەن تۇترۇقسىز كىشىلەر يىغىلغانىـدى . ئىككىيلەننى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىـدى ؛ ئېرنىسـت ھـارودىن لونـدون كۇلۇبىـدا تولا كۆزگە چېلىقىدىغان ، كىشىنى يا خۇش قىلىشنى ، يا خاپا قىلىشنى بىلمەيدىغان كالتە پەم ئادەم ئىدى ؛ ئالا – بۇلىماچ ياسىنىۋالغان ، ئىلمەك بۇرۇن ئاۋۇ ئايـال راكسـتون خـانىم بولۇپ ، بۇ يىل 47 ياشقا كىرگەن ئىدى . ھەدېسلا ئابرۇيىنى تۆكۈۋېلىشقا ئـارانلا تـۇراتتى ، تەققى – تۇرۇقى ناھايىتى كۆرۈمسىز بولغاچقا ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىشقۋازلىق قىلىشقىنىغا ئىشەنمەيتتى ، بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنەتتى ؛ قوڭۇر چـاچلىق ئـاۋۇ ئايـال ئېـرلىن خانىم بولۇپ ، ئۆزىنى كۆز – كۆز قىلىشقا ئامراق ئىـدى . گەپ قىلغانـدا تاۋۇشـلارنى ئېنىـق تەلەپپۇز قىلالماي ، كىشىنىڭ كۈلكىسـىنى قوزغـايتتى ؛ ئەلـىس چاپمـان خـانىم سـاھىبخان

ناربورووف خانىمنىڭ قىزى بولۇپ ، كىيىنىشنى ئۇقمايدىغان كالامپايراق چوكان ئىدى ، تىپىك ئەنگلىيىچە چىرايىنى بىر كۆرگەن كىشى ئىككىنچى قېتىم ئېسىگە ئالالمايتتى ؛ يەنە بىرى ئەلس خانىمنىڭ يولدىشى ئىدى ، ئىككى مەڭزى قاچانلا قارىسا توغاچتەك قىزىرىپلا تۇرىدىغان ، بومبا ساقاللىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بۇ كىشى ئۆزى بىلەن ئوخشاش قاتلامدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ، خۇشال - خۇرام ياشاشنى مەنىۋى نامراتلىقنىڭ دورىسى دەپ قارايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى .

دورىيان بۇ يەرگە كەلگىنىدىن ناھايىتى پۇشايمان قىلدى . شۇ ئەسنادا ، ناربورووف خانىم تام ئوچاق جاھازىسىنىڭ ئۈستىدىكى سۆسۈن يۇپۇق يېپىپ قويۇلغان ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يوغان سائەتكە قاراپ قويۇپ : «ھېنرى ۋاتتوننىڭ نېمە قىلغىنى - بۇ ! شۇنچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ تېخىچە كەلمەيۋاتقىنىنى قاراڭ ! ئەتىگەن ئاتايىن ئادەم ئەۋەتسەم ، ناربورۇۋ خانىمنى ئۈمىدسىز قويمايمەن ، زىياپەتكە چوقۇم بارىمەن دەپ ۋەدە بېرىپتىكەن» دەپ ۋارقىرىدى . دورىيان لورد ھېنرىنىڭ كىلىدىغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خېلى جايىغا چۈشتى . ئىشىك ئېچىلىپ ، لورد ھېنرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازدا كېچىكىپ قالغىنى ئۈچۈن يالغاندىن ئەپۇ سورىغىنى ئاڭلاندى .

زىياپەتتە دورىياننىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى ، تەخسە - تەخسە ئېسىل قورۇملار چوكا تەگمەيلا يىغىشتۇرۇۋېتىلىپ ، ئورنىغا يېڭى قورۇملار پەيدا بولاتتى . دورىياننىڭ ھېچنېمە يىمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ناربورۇۋ خانىم ئاغرىنىپ : « بۇ قىلغىنىڭىز قاملاشمىدى ، بۇ قورۇملارنى بىچارە ئادولق ئەپەندىم ئاتايىن سىز ئۈچۈن تەييارلىغان ئىدى» دەيتتى . دورىياننىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان لورد ھېنرىمۇ ئۇنىڭغا پات - پات قاراپ قوياتتى ، ئۇنىڭ گەپ قىلماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىدىن ئىچى پۇشۇۋاتاتتى . مۇلازىم ئۇنىڭ رومكىسىغا پات - پاتلا شامپان لىقلاپ قوياتتى . ئۇ خۇددى ھاراق خۇمارى تۇتقان كىشىدەك ، رومكىنى بىر كۆتۈرۈپلا قۇرۇۋداپ قوياتتى .

- دورىيان ، - ئىچى پۇشۇپ تاقىتى توشقان لورد ھېنرى ياۋا قۇشنىڭ گۆشىدىن بىر پارچە ئۈزاتقاچ سورىدى ، - سىزگە زادى بوگۈن نېمە بولدى؟ بەك سۇلغۇن كۆرۈنىسىزغۇ؟

- بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان گەپ ، - دېدى ناربورۇۋ خانىم ،- ئۇ مېنى كۈندەشلىكى تۇتىدۇ دەپ گەپلىرىنى دىمەيدۇ . توغرا ، شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا ، مېنىڭ ئەلۋەتتە كۈندەشلىكىم تۇتىدۇ .

- قەدىرلىك ناربورۇۋ خانىم ، - دېدى دورىيان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ، - فېررول خانىم كەتكەندىن بېرى ، بىر ھەپتە بولدى ، ھېچكىمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم .

- سىلەر ئەرلەر نىمشقا ئاشۇنداق ئاياللارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانسىلەر؟- دېدى

ناربوروف خانىم ھەيرانلىق ئىلكىدە ، – ھېچ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ .

- چۈنكى ئۇ سىزنىڭ كىچىك چاغلىرىڭىزدىكى ئىشلىرىڭىزنى ھېلىھەم ئۇنتۇپ كەتكىنى يوق ، ناربوروۋ خانىم ، – دېدى لورد ھېنرى ، – ئۇ بولمىغان بولسا ، سىزنىڭ قىسقا يوپكا ھەققىدىكى ئىشىڭىزنى قانداق بىلەتتۇق؟

- مېنىڭ قىسقا يوپكا كىيگەنلىكىم ئۇنىڭ ھەرگىز ئېسىدە يوق لورد ھېنرى . لېكىن ، ئۇنىڭ 30 يىل بۇرۇنقى ۋېنادىكى ۋاقتى ھازىرقىدەك ئېسىمدە . شۇ چاغدا ئۇمۇ مەيدىسى دۈمبىسى ئوچۇق كىيىملەرنى تازا كىيەتتى .

- ئۇ ھازىرمۇ شۇنداق كىيىملەرنى كىيىدۇ ، – دېدى لورد ھېنرى ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن بىر تال زەيتوننى ئېلىپ ، – ئۇ چىرايلىق مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىۋالسا ، بەئەينى فرانسىيىنىڭ ئېسىل مۇقاۋىلانغان پاخ – پاخ رومانلىرىغىلا ئوخشاپ قالىدۇ . ئۇ كىشىنىڭ ئەقلىي يەتمىگۈدەك دەرىجىدە گۈزەل ئايال . ئۇ يەنە ئائىلىسىگە قالتىس كۆيۈنىدۇ . ئۈچىنچى ئېرىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلدى بولغاي ، دەردۇ – ھەسرەت دەستىدىن چاچلىرى تامام سارغىيىپ كەتتى .

- نېمانداق گەپلەرنى قىلىسىز ھاررى؟- ۋارقىرىدى دورىيان .

- گەپلىرىڭىز نېمانداق قىززىق ، – ناربوروۋ خانىم كۈلۈپ تاشلىدى ، – ئۈچىنچى ئېرى دېدىڭىزما؟ لورد ھېنرى ، سىز فېررولنى ئۇنىڭ تۆتىنچى ئېرى دېمەكچىما ؟

- ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز ناربوروۋ خانىم !

- دېگەنلىرىڭىزنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيمەن .

- ئىشەنمىسىڭىز ، گىرېي ئەپەندىمدىن سوراپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئۇ فېررول خانىمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى .

- راست شۇنداقما گىرېي ئەپەندىم؟

- ئۇ ماڭىمۇ شۇنداق دېگەن ناربوروۋ خانىم ، – جاۋاب بەردى دورىيان ، – مەن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن : « سىزمۇ مارگارىت دې ناۋاررىدەك ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلىرىڭىزنىڭ يۈرىكىنى خۇشپۇراق نەرسىلەر بىلەن چىرىمەيدىغان قىلىپ بىلىكىڭىزگە ئېسىۋالغانمىدىڭىز؟» دەپ سورىسام ، ئۇ « ياق» دېدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ يۈرىكى يوق ئىكەن ئىدۇق .

- ئۇ تۆت قېتىم ئەرگە تەگكەنما ! بەك ھېسسىياتچان ئايال ئىكەن ئەمسە .

- مەن ئۇنىڭغا:« سىز ھېسسىيات ئىشىدا بەك دادىل ئىكەنسىز دېگەن ئىدىم» – دېدى دورىيان .

- ھەي ! ئۇ ھەممە ئىشتا ئاشۇنداق دادىل ، قەدىرلىكىم . ھە راست ، فېررولنىڭ

چىراي شەكلى قانداق ئىدى؟ مەن ئۇنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن .
- سەتەڭ ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ چىرايى جىنايەتچىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ، – دېدى لورد ھېنرى ئۆزۈم ھارىقىدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ قويۇپ .
ناربوروۇف خانىم يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنى نۇقۇپ قويۇپ دېدى :
-لورد ھېنرى ، ئەمدى بىلدىم ، خەقنىڭ سىزنى بەك قىلىقسىز دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن .
- كىم شۇنداق دەيدۇ؟ – سورىدى لورد ھېنرى قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ ، – كەلگۈسىدە دۇنياغا كىلىدىغان كىشلەر شۇنداق دېگەندۇ ھەقاچان ؟ ھازىرقى كىشىلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىۋاتىمەن . ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ .
- مەن تونۇيدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، – دېدى ناربوروۇف خانىم بېشىنى چايقاپ قويۇپ .
لورد ھېنرىنىڭ چىرايى خېلىغىچە تۇرۇلۇپ كەتتى .
- ھەجەپ ئۆچ بولدۇم ، – دېدى ئۇ ، – ھازىر كىشىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىدىغانلار ئەدەپ كەتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست گەپلەر .
- ئۇنىڭ مىجەزى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئوخشايدۇ ! – دېدى دورىيان ئالدىغىراق سورۇلۇپ .
- مېنىڭچە ، ئاشۇنداقراق بولغىنى ياخشى ، – ناربوروۇف خانىم كۈلۈپ قويدى ، – ئەگەر فېررول خانىمغا راستىنلا ئاشۇنداق چوقۇنىدىغان بولساڭلار، مەنمۇ قايتا توي قىلىپ ئېقىمغا يېتىشىۋالسام بولغۇدەك .
- سىز ئەمدى توي قىلىسىڭىز بولمايدۇ ناربوروف خانىم ، – گەپنى بۆلدى لورد ھېنرى ، – سىز بۇرۇن تازا بەختىڭىزنى تاپقان ئىدىڭىز . ئالدىنقى ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئاياللارلا قايتا توي قىلىدۇ . ئەرلەر بولسا ئالدىنقى ئايالىنى زىيادە ياخشى كۆرگەچكىلا قايتا توي قىلىدۇ . ئاياللارنىڭ قايتا توي قىلىشى دەل ئۇلارنىڭ تەلىيى كەلگىنى . ئەرلەرنىڭ توي قىلىشى بولسا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغىنى .
- ئېرىم ناربوروۇف ئۇنچە مۇكەممەل ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى ، – ددېدى ناربوروۇف خانىم .
- بەك مۇكەممەل بۇلۇپ كەتكەن بولسا ، سىز ئۇنى ھەرگىز ياخشى كۆرمىگەن بولاتتىڭىز ، قەدىرلىك خانىم ، – دېدى لورد ھېنرى ناربوروۇف خانىمنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ ، – ئاياللار بىز ئەرلەرنى كەمچىلىكى بولغاچقىلا ياخشى كۆرىدۇ . ئەگەر كەمچىلىكلىرىمىز ھەددىدىن زىيادە كۆپ بۇلۇپ كەتسە ، ئۇلار ھەرقانداق ئىشىمىزنى

كەچۈرىۋېتىدۇ . ناربوروۋ خانىم ، مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى زىياپەتكە چاقىرماي قالماسسىز – هە ! لېكىن ، بۇ دېگەن پاكىت .

- دېگەنلىرىڭىز توغرا لورد هېنرى . بىز ئاياللار سىلەرنىڭ كەمچىلىكىڭلارنى ياخشى كۆرمىگەن بولساق ، قايسى هالغا چۈشۈپ قالار بولغىيتتۇقلار – هە! ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ، هېچقايسىڭلار خوتۇن ئالالماي جاهاندىن بويتاق ئۆتۈپ كېتەتتىڭلار . لېكىن ، سىلەردە خوتۇن ئالساڭلارمۇ هېچقانچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ . هازىر تويى قىلىپ بولغانلىكى ئەرلەرنىڭ هەممىسى بويتاقلارغا، تېخى تويى قىلمىغان بويتاقلار تويى قىلىپ بولغان ئەرلەرگە ئوخشاپ قالدى .

- ئەسىر قىيامىتى دېگەن ئەنە شۇ ، – غۇدۇڭشىپ قويدى لورد هېنرى .

- ياق ، قىيامەت قايىم دېسىڭىز توغرا بولىدۇ – ، دېدى ناربوروۋ خانىم .

- قىيامەت قايىم بولۇپ قالسىچۇ كاشكى ، – دورىيان ئۇهسىنىپ قويدى ، – هاياتنىڭ هېچقانداق مەززىسى قالمىغىلى تۇردى .

- قەدىرلىكىم ، – دېدى ناربوروۋ خانىم قولىغا پەلەي كىيگەچ ، – هاياتنىڭ مەززىسى قالمىدى دېگەندەك گەپلەرنى ئاز قىلىڭ . هايات چارچىتىپ قويغان كىشلەرنىڭ ئاغزىدىنلا مۇشۇنداق گەپ چىقىدۇ . لورد هېنرىنى بەك قىلىقسىزمۇ دېدۇق ، بەزىدە مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ قالسامچۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن . لېكىن ، سىز تېگىڭىزدىن ئاقكۆڭۈل ، چىرايىڭىزغا قارىسىلا ئاقكۆڭۈللىكىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ . مەن سىزگە چوقۇم ياخشى خوتۇندىن بىرنى تېپىپ بېرىمەن . لورد هېنرى ، ئېيتىڭە ، گېرىي ئەپەندىنىڭ تويى قىلىدىغان ۋاقتى كەلدى شۇنداقمۇ؟

- مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېزچىل شۇنداق دەپ كېلىۋاتىمەن ناربوروف خانىم ، – جاۋاب بەردى لورد هېنرى بېشىنى ئېگىپ هۆرمەت بىلەن .

- توغرا ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان قىزدىن بىرنى تېپىپ بەرمىسەك بولمايدۇ . بۈگۈن ئاخشام دېبرېت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى يىلنامىسى» نى تەپسىلىي كۆرۈپ ، دورىيانغا ماس كېلىدىغان قىزلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىمسام.

- ئۇلارنىڭ يېشىنىمۇ قوشۇپ قويامسىز يا ناربوروف خانىم ، – سورىدى دورىيان .

- ئەلۋەتتە قوشۇپ قويىمەن ، ئازراقلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزسەملا بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ . مەن نىكاهىڭلارنىڭ «سەهەر گېزىتى» دە دېيىلگەندەك ، ئىسمى – جىسمىغا لايىق بولۇشىنى ، بەختلىك بىر جۈپلەردىن بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

- بەختلىك نىكاه دەپ كەتكىنىڭىزنى كۆرمەمدىغان ، هەممىسى جۆيلۈشتىن باشقا

نەرسە ئەمەس ! – ۋارقىرىدى لورد ھېنرى .

- نېمانداق قاملاشمىغان ئادەمسىز ! – ناربورووف خانىم ئورۇندۇقنى كەينىگە سۈرۈپ ، راكستون خانىمغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ، – لورد ھېنرى ، نەچچە كۈندىن كېيىن ، سىزنى يەنە زىياپەتكە چاقىرىمەن . سىزنىڭ قۇۋۋەت دورىلىرىڭىز ئاندىرېۇ ئەپەندى يېزىپ بەرگەن رېتسېپتىن خېلىلا كۈچلۈككەن . ئېيتىڭا ، كىملەر بىلەن مىجەزىڭىز كېلىشىدۇ ؟ بۇداقى زىياپەتنى تازا بىر قىزىتىۋېتەي .

- مەن ئىستىقباللىق ئەرلەرگە ، ئۆتمۈشى بار ئاياللارغا ئامراق ، – جاۋاب بەردى لورد ھېنرى ، – بۇداقى زىياپەتكە ئاياللارنىلا چاقىرمايدىغانسىز – ھە ؟

- شۇنداق بولۇپ قالارمىكىن ، – ناربورووف خانىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ ئورنىدىن تۇردى ، – بەك سەت بولدى قەدىرلىك راكستون خانىم . تاماكا چېكىۋاتقىنىڭىزنى كۆرمەپتىمەن .

- ھېچقىسى يوق ، ناربورووف خانىم . مەن تاماكىنى زىيادە كۆپ چېكىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن سەل كونترول قىلسام بولغۇدەك .

- ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ راكستون خانىم ، – دېدى لورد ھېنرى ، – تاماكىنى بىراقلا كونترول قىلىش زىيانلىق . تاماكىنى ئاز چېكىشنى ئادەتتىكى بىر ۋاقىلىق تاماققا ، زىيادە كۆپ چېكىشنى مول زىياپەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ .

راكستون خانىم لورد ھېنرىغا قىزىقىش ئىلكىدە لاپپىدە قاراپ قويدى .

- بۇ نەزەرىيىڭىزگە قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن لورد ھېنرى ، بىرەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيۈمگە كېلىپ ، بۇ ھەقتە كۆپرەك سۆزلەپ بېرىڭ ، – ئۇ بوش ئاۋازدا شۇنداق دېگەچ سىرتقا چىقىش ئۈچۈن تەمشەلدى .

- بولدى ، بولدى ، بۇ سىلەرنىڭ سىياسىي توغرىسىدا ، سەتچىلىكلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىدىغان يېرىڭلار ئەمەس ، – ۋارقىرىدى ناربورووف خانىم ، – يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار ، ئۈستۈنكى قەۋەتتە دېيىشىپ قالىمىز جۇمۇ .

ئەر مېھمانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . چاپمان ئەپەندى تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . دورىيان گرېيمۇ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ، لورد ھېنرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . چاپمان ئەپەندى تۆۋەن پالاتانىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ھەدەپ قايناشقا ، سىياسىي رەقىبلىرىنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى . تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈلكە سادالىرى ئارىسىدا ئەنگلىيىلىكلەرگە ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدىغان «قۇرۇق نەزەرىيىچى» دېگەن گەپلەر پات - پات ئاڭلىنىپ قالاتتى .

لورد ھېنرى ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈپ قويدى ۋە دورىيانغا بۇرۇلۇپ سورىدى :

- خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ ، قەدىرلىك دوستۇم ؟ بايىنىڭ ياقى بەك سولغۇن ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز .

- مەن ناھايىتى ياخشى ھاررى . باشقا ئىش يوق ، سەل ھېرىپ قاپتىمەن شۇ .

- تۈنۈگۈن ئاخشام بەك جەلپكار بوپ كېتىپتىكەنسىز . ھېلىقى لاتاپەتلىك گراف خانىم سىزگە بەكلا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ماڭا سىزنىڭ سېلبىي قورۇقچىزغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .

- ماڭا 20 – چېسلا كېلىشكە ۋەدە قىلغان .

- مونمونتمۇ كېلەمدۇ ؟

- كېلىدۇ ھاررى .

- مەن گراف خانىم ئىككىسىگە بەك ئۆچ . گراف خانىم بەك ئەقىللىق ، لېكىن ئايال كىشىگە نىسبەتەن بەك ئەقىللىق بولۇپ كېتىش تازا ياراشمايدۇ . ئۇنىڭدا تىل بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل نازاكەت كەمچىل . ئالتۇن ھەيكەل لايدىن ياسالغان پۇتى بولغاچقىلا قەدىرلىكتۇر . ئۇنىڭ پۇتى بەك چىرايلىق ، لېكىن لايدىن ياسالمىغان . ئاق چاقچۇق پۇت جىنىدا ئوتتا تاۋلانغان تۇرسا . ئوتتا تاۋلانغان نەرسە ئاسان چېقىلمايدۇ ، ئەكسىچە تېخىمۇ چىڭ بولىدۇ . ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار بەك جىق .

- ئۇنىڭ توي قىلغىنىغا قانچىلىك بولدى ؟ – سورىدى دورىيان .

- ئۇنىڭ دېيىشىچە ، بەك ئۇزۇن بوپتىمىش . ئاقسۆڭەكلەر تىزىملىكىدىن قارىغاندا ، 10 يىللار بولغاندۇ . لېكىن ، مونمونت بىلەن 10 يىل بىللە تۇرۇش بىر ئۆمۈر بىللە تۇرغانغا باراۋەر ، بۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. زىياپەتكە يەنە كىملەر كېلىدۇ ؟

- ۋىلوبى ئەر – ئايال ، لورد داگبى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ، ناربوروف خانىم ، جېفرىي كلاۋستون قاتارلىقلار كېلىدۇ . يەنە لورد گروتىريياننىمۇ چاقىرىپ قويدۇم .

- مەن ئۇنىڭغا بەك ئامراق ، – دېدى لورد ھېنرى ، – جىق ئادەملەر ئۇنى ياقتۇرمايدىكەن ، لېكىن ئۇ كىشىلەر ياقتۇرمىغۇدەك ئادەم ئەمەس . بەزىدە بەك ياسانچۇقلۇق قىلىپ كېتىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىلىمى مول . بۇ تەرىپى ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى يېپىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، زامانغا ئاسانلا ماسلىشالايدۇ .

- كېلىش – كەلمەسلىكىنى بىلمەيمەن ، ھاررى . بەلكىم دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ مونتىكارلوغا كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن .

- ھەي ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ قىزىقكەن . ئۇنى ئامال قىلىپ كەلتۈرەيلى . ھە راست دورىيان ، تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت 11 بولماستىلا تىكىۋەتتىڭىز . بىزنىڭ ئۆيدىن

چىقىپ بىرەر يەرگە باردىڭىزمۇ ياكى ئۆدۈل ئۆيگە كەتتىڭىزمۇ ؟
دورىيان ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى ۋە شۇئان قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كەتتى .
- ياق ھاررى ، دېدى دورىيان ، - ئۆيگە سائەت ئۇچكە ئاز قالغاندا باردىم .
- كۇلۇبقا بارغان ئوخشىمامسىز ؟
- شۇنداق ، - لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ جاۋاب بەردى دورىيان ، - ياق ، ئۇ يەرگە بارماپتىمەن راست . ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كوچا ئايلىنىپتىمەن . نېمىلەرنى قىلغانلىقىم ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ ... سىز بىر ئىشلارنى كوچىلاپ سوراشقا بەك ئامراق - ھە ھاررى ! ھەدېسىلا خەقنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى بىلگۈڭىز كېلىدىكەن . مەن بولسام قىلغان ئىشلىرىمنى ئۇنتۇلۇپ كەتسەملا دەيمەن . قارىغاندا ، ئۆيگە زادى سائەت قانچىدە بارغانلىقىمنى بەك بىلگۈڭىز بار ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، دەپ بېرەي . تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت 2:30 دا ئۆيگە كىردىم . دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەنمەن ، ئامالسىز خىزمەتكارىمنى چاقىرىپ ئىشىكنى ئاچقۇزدۇم . يەنە ئىشەنمىسىڭىز ، بېرىپ خىزمەتكار-ىمدىن سورىسىڭىز بولىدۇ .
لورد ھېنرى مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى .
- مۇنداقلا سوراپ قويدۇم ئىنىم ! ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى مېھمانخانىغا چىقايلىچۇ . بولدى ، ھاراق ئىچمەيمەن چاپمان ئەپەندىم ، رەھمەت سىزگە . سىزگە نېمە بولدى دورىيان ؟ باشقىچىلا تۇرىسىز . ئېيتىڭە ، زادى نېمە ئىش بولدى ؟
- كارىڭىز بولمىسۇن ھاررى . كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەس . سىز بىلەن ئەتە ياكى ئۆگۈن كۆرۈشكىلى بارىمەن . ناربوروو خانىمغا مەن ئۈچۈن ھۆزرخاھلىق ئېيتىپ قويسىڭىز . بولدى ، ئۇستىگىمۇ چىقماي ، دەرھال ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ .
- ئەمىسە بوپتۇ دورىيان . ئەتە چۈشتىن كېيىن چاي ۋاقتىدا كۆرۈشەيلى . گراف خانىممۇ كەلمەكچى .
- ئىمكانىبار بارىمەن ھاررى ، - دورىيان شۇنداق دەپلا ئۆيدىن چىقتى - دە ، بىر پەيتۇننى كىرا قىلىپ ئۆيى تامان يۈرۈپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە ، ئەندىشە تۇمانلىرى چىرمىۋالغانىدى . لورد ھېنرىنىڭ بايىقى سۇئاللىرىدىن ئۇ دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى . دەلىل - ئىسپاتلارنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىش كېرەك . ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ، ئىختىيارسىز پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى . بازىلنىڭ پەلتۇيى بىلەن سومكىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ يىرگىنىچلىك تۇيۇلاتتى .
ئۇ بۇ نەرسىلەرنى دەرھال بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى . كىتابخانىغا چىقىدىغان ئىشكنى قۇلۇپلىۋەتكەندىن كېيىن ، بازىل خالۋاردىنىڭ پەلتۇيى

بىلەن سومكىسىنى تىقىپ قويغان مەخپىي ئىشكاپنى ئاچتى . ئوچاقتا ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى ، ئۇ ئوچاققا يەنە بىر مۇنچە ئوتۇن سالدى . پەلتۇ بىلەن سومكا كۆيگەندە چىققان پۇراق دىماغنى ئېچىشتۇراتتى . ئۇ ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ بولدى . ئۇنىڭ تۇرۇپلا بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلىشتى ، شۇ ھامان مىس ئىسرىقدانغا ئالجىرىيىنىڭ خۇشپۇراق ماتېرىياللىرىنى سېلىپ ئوت ياقتى ، ئۆتكۈر پۇراقلىق سىركە بىلەن ئىككى قولى ۋە پېشانىسىنى پاكىز سۈرتتى .

ئۇنى تۇرۇپلا قورقۇنچ چىرمىۋالدى . كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، جىددىيلەشكىنىدىن ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلەپ تۇرىۋالدى . ئىككى دەرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىل چىشى بىلەن سېلىپستىن كۆز قويۇلۇپ قارا ئەبنۇس ياغىچىدىن ياسالغان يوغان ئىشكاپ قويۇلغان ئىدى . ئىشكاپقا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان دورىيان ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى ، گويا ئۆزىدىكى قورقۇنچ ئاشۇ ئىشكاپتىن كېلىۋاتقاندەك ، ئىشكاپتا قانداقتۇر ئۇ ھەم ئارزۇلايدىغان ، ھەم ئۆچ كۆرىدىغان بىر نەرسە باردەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى . نەپسى تېزلىشىپ ، ئۇچىغا چىققان بىر خىل ئەسەبىي ئىستەك ئۇنى كونترول قىلىۋالدى . ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى – يۇ ، يەنە تاشلىۋەتتى . ئۇنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى مەڭزىگە تېگەيلا دەپ قالغانىدى . ئۇ تېخىچە ھېلىقى ئىشكاپتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى . بايىدىن بېرى سافادا سوزۇلۇپ ياتقان دورىيان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، ئىشكاپنىڭ ئىشكىنى ئاچتى ، ئاندىن بىر تال پۇرژۇنلۇق تۇتقۇچنى بېسىۋېدى ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى بىر تارتما ئۆزلۈكىدىن ئاستا ئېچىلدى . ئۇ دەرھال قولىنى تارتمىغا تىقىۋېدى ، قولىغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى . ئۇ چۆرىسىگە دولقۇنسىمان ئىز چىقىرىلىپ تولىمۇ نەپىس ياسالغان ، قاپقارا رەڭدە سىرلىنىپ ئۇششاق پۆپۈكچىلەر ئېسىلغان جۇڭگوچە كىچىك ساندۇق ئىدى . ساندۇقچىنى ئېچىۋېدى ، ئىچىدىن بىر توڭگىلەك مەلھەمسىمان نەرسە ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان بىر پارچە موم چىقتى ، بۇ نەرسىلەرنىڭ غەيرىي پۇرىقىدىن بۇ يەرگە قويۇپ قۇيۇلغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

ئۇ بىر ھازا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ، چىرايىدا غەلىتە بىر خىل كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغانىدى . ئۆي چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ لاغىلداپ تىترىشى ھېچ بېسىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ قەددىنى رۇسلاپ سائەتكە قارىدى ، سائەت 11 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەنىدى . ئۇ ھېلىقى كىچىك ساندۇقنى جايىغا قويۇپ قۇيۇپ ، ئىشكاپنىڭ ئىشكىنى ياپتى – دە ، ھوجرا ئۆيىگە كىردى .

قەدىمىي سائەت 12 گە داڭ ئۇردى . دورىيان ئادەتتىكىچە كىيىنىپ ، بوينىغا

شارپىسىنى ئورىدى – دە ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە ئىشىكتىن چىقتى . ئۇ بونىد كوچىسىدا كېتىپ بارغان ئېسىل ئات قوشۇلغان بىر پەيتۇننى توستى – دە ، پەيتۇنكەشكە بارىدىغان يېرىنى بوغۇق ئاۋازدا ئېيتتى .

- بەك يىراقكەن ! – دەپ غۇدۇراپ قويدى پەيتۇنكەش بېشىنى چايقاپ .

- ماۋۇ تىللانى ئېلىڭ ، – دېدى دورىيان ، – ئەگەر تېزراق ئاپىرىپ قويسىڭىز ، يەنە بىر پوند قوشۇپ بېرىمەن .

- بولىدۇ ئەپەندىم ، – دېدى پەيتۇنكەش ، – بىر سائەتتىلا دېگەن يېرىڭىزگە يەتكۈزىمەن

پەيتۇنكەش كىرا ھەققىنى ئېلىپلا پەيتۇننى تايمىس دەرياسى تەرەپكە بۇرىدى – دە ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى .

## ئىزاھات :

① فرانسىيە ماقال – تەمسىلى ، ھېچنېمىگە قارىماي شاللاقلىق قىلىدىغان ، باشقىلارنىڭ سۆز – چۆچەك قىلىشىدىن قورقمايدىغان ئايال دېگەن مەنىدە .

# ئون ئالتىنچى باپ

يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. غۇۋا يېنىپ تۇرغان كوچا چىراقلىرى يامغۇر تۇمانلىرىدا قاپقاراڭغۇ ۋە ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى . مەيخانىلار تاقىلايلا دەپ قالغان ، ئىشىك ئالدىدا ئىككى- ئۈچتىن توپلىشىۋالغان ئەر- ئاياللارنىڭ كۆلەڭگىسى يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بەزى مەيخانىلاردىن تۇرۇپ – تۇرۇپ ئەسەبىيلەرچە كۈلكە ئاۋازلىرى ، بەزى مەيخانىلاردىن مەستلەرنىڭ ئۇرۇشۇپ تىللىشىشلىرى ، قىيا – چىيالىرى دەممۇ دەم ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

پەيتۇننىڭ كەينى ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان دورىيان گرېي شلەپىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈپ كىيىۋېلىپ ، شەھەردىكى بۇ شەرمەندىلىكلەرگە نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن نەزەر سېلىۋاتاتتى ، تۇرۇپ – تۇرۇپ لورد ھېنرىنىڭ تۇنجى كۆرۈشكەندە ئېيتقان :«روھنىكى جاراھەتلەرنى سەزگۈ ئەزالار بىلەن ، سەزگۈ ئەزالاردىكى جاراھەتلەرنى روھ بىلەن ساقايتقىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى تەكرارلايتتى. توغرا، ئۇ بۇ مەخپىي رېتسېپنى تالاي قېتىم سىناپ كۆرگەن ، ئەمدىلىكتە يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرسە نېمە بوپتۇ . ئەپيۇنخانىنىڭ ئىچى سودا بىلەن ئالدىراش ئىدى . جىمى ئىپلاسلىقلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان بۇ جايدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇچىغا چىققان رەزىللىكلەر بۇرۇنقى جىنايەتلىك ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇپ باراتتى .

كېچە ئاسمىنىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئاي بەجايىكى بىر قورقۇنچلۇق ئىسكىلىتنىڭ كاللىسىغىلا ئوخشايتتىكى ، ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن يوغان بىر پارچە بۇلۇت پات-پات ئاينىڭ يۈزىنى توسىۋالاتتى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى گازۋاي لامپا بارا – بارا غۇۋالىشىپ ، كوچا تېخىمۇ تار ۋە قاراڭغۇ تۈس ئالدى . پەيتۇنكەش يولدىن ئېزىپ قېلىپ ، يېرىم ئىنگلىز چاقىرىم يولدىن كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولدى . يولغا يامغۇر سۇلىرى كۆللەپ قالغان ، دۈمبىسىدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئات كۆللەپ قالغان ئاشۇ يامغۇر سۇلىرىنى كېچىپ ئۆتكەندە ، تۇيۇقسىز ئاستىدىن توختىماي بۇژغۇن چاچرايتتى ، قۇيۇق تۇمان دەستىدە مەيننىڭ ئىككى ياندىكى دەرىزىسىدىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى .

لورد ھېنرىنىڭ « روھنىكى جاراھەتلەرنى سەزگۈ ئەزالار بىلەن ، سەزگۈ ئەزالاردىكى

جاراھەتلەرنى روھ بىلەن ساقايتقىلى بولىدۇ » دېگەن سۆزلىرى ھەدەپ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى . ئۇنىڭ ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان روھىنى سەزگۈ ئەزالىرى راستىنلا ساقايتالارمۇ؟ بىگۇناھ قانلار تۆكۈلدى ، ئۇنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇش كېرەك ؟ ھەي ! بۇنىڭ ئورنىنى ھەرگىز تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئەپۇ قىلىشقا مۇمكىن بولمىغنى بىلەن ، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە تامامەن بولىدۇغۇ . نىھايەت ، ئۇ يۈز بەرگەن بۇ قانلىق ئىشلارنى تامام ئۇنتۇلۇپ كېتىش قارارىغا كەلدى . شۇنداقتىمۇ ، بازىلىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغانغا نېمە ھەققى ؟ يا ئۇ باشقىلارغا ئۇنى – بۇنى دەيدىغانغا سوتچى بولمىسا ! ئۇنىڭ قىلغان ئاشۇ گەپلىرى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ، چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ .

ئات پۇشقۇرغىنىچە ئېغىر قەدەملىرى بىلەن پەيتۇننى سۆرەپ ماڭماقتا ئىدى ، پەيتۇننىڭ سۇرتى دورىيانغا ماڭغانسېرى ئاستىلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ پەيتۇنكەشنى تېزراق مېڭىشقا ئالدىراتتى . شۇ تاپتا ئۇنى كۈچلۈك ئەپيۇن خۇمارى قىينىماقتا ئىدى . ئۇ چىرايلىق قوللىرى بىلەن ئەپيۇن خۇمارى دەستىدىن قىچىشىپ ئارام بەرمەيۋاتقان گاللىرىنى پات – پات سىقىپ قويىاتتى . ئۇ ھاسسىي بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا كۈچەپ بىرنى سالدى . پەيتۇنكەش ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە تېزرەك مېڭىش ئۈچۈن قامچىسىنى ئوينىتىپ ئېتىنى دىۋىتتى . دورىيانمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى . پەيتۇنكەشمۇ قايتا بىرنەرسە دېمىدى .

يول گويا ئۇچى يوقتەكلا كۆرۈنەتتى ، گىرەلىشىپ كەتكەن كوچىلار كىشىگە ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئەسلىتەتتى . بىرخىلدىلا داۋام قىلىۋاتقان يول تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلاتتى . تۇمان بارا – بارا قويۇقلىشىپ ، دورىئاننى بارغانسېرى قورقۇنچ باستى .

شۇ ئارىدا ئۇلار تىمتاسلىقتا چۆمگەن بىر خىش زاۋۇتىدىن ئۆتتى . بۇ يەردە تۇمان سەل شالاڭراق بولغاچقا ، ئۇ بوتولكا شەكلىدىكى غەلىتە كەلگەن خىش خۇمدانلىرىدىن لاۋۇلداپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرىنى كۆردى . بىر ئىت ئۇلارغا قاراپ ھەدەپ قاۋايتتى ، نەلەردىندۇر بىر يەردىن يولدىن ئېزىپ قالغان دېڭىز چايكىلىرىنىڭ چاڭىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئات بىر نەرسىگە مۈدۈرۈپ كەتتىمۇ قانداق ، پەيتۇن تۇيۇقسىزلا بىر ياققا قىڭغىيىپ قالدى ۋە ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى .

بىر ھازادىن كېيىن ، ئۇلار توپىلىق يولدىن چىقىپ ، ئادەمنى ماڭدامىدا بىر تاسقايدىغان شېغىللىق كاتاڭ يولغا چۈشتى . ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى ، ناگان – ناگاندا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرىزىلەردىن غەلىتە كۆلەڭگىلەر غىل – پال كۆرۈنۈپ قالاتتى . دورىيان قىزىقسىنىپ

سىنچىلاپ قارىدى ، توختىماي مىدىرلاۋاتقان كۆلەڭگىلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى . تۇرۇپلا ئۇنىڭ بىزارلىقى تۇتتۇپ ، ئەرۋاھى ئۇچتى . ئۇلار بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتتۆشىگە ، بىر ئايال ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋىلىپ ئۇلارغا نىمىدۇر بىر نەرسىلەرنى ۋارقىرىدى ، ئىككى ئەر كىشى مەيىنىڭ ئارقىسىدىن بىرەر يۈز ياردقىچە قوغلاپ كەلدى ، پەيتۇنكەش ئۇلارنى قامچا بىلەن راسا ساۋىغاندىلا ئاندىن ئۇلار توختاپ قېلىشتى .

ئىپتىلىشىچە ، ئوتلۇق ھېسسىيات كىشىنىڭ پىكىر - خىياللىرىنى توختىماستىن ئۆرغۇتۇپ تۇرىدىكەن . ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى . دورىيان لەۋلىرىنى چىڭگىدە چىشلىگىنىچە روھ بىلەن سەزگۈ ئەزالار توغرىسىدىكى ھېلىقى سىرلىق تۇس ئالغان گەپلەرنى تاكى « بۇ گەپلەر ۋۇجۇدۇمدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان ھېس - تۇيغۇلىرىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىكەن ۋە ئەقلىي يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدىكەن » دەپ قارىغۇچە يىنىش - يىنىشلاپ تەكرارلىدى . ئاشۇ ئوتلۇق ئارزۇ - ئىستەكلەر ھېچ سەۋەبسىزلا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئاقىلانىلىك ئىدى . بۇ خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىگىچە يوشۇرۇن يىلتىز تارتماقتا ، كۈچلۈك ياشاش ئىستىكى ( ئارزۇ - ئىستەكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇقى ) ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەر بىر تال نېرىپ ، ھەربىر تال تالالارنى غىدىقلاپ لەرزىگە سالماقتا ئىدى . ئۇ بىر مەزگىل كۆرۈمسىزلىككە ، بەدبەشىرىلىككە ئۆچ بولغان ئىدى . چۈنكى ئاشۇ بەدبەشىرىلىكلەر شەيئىلەرنى تولىمۇ چىن قىلىپ كۆرسىتەلەيتتى ، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ دەل ئەكسىچە بەدبەشىرىلىكنىڭ ئاشۇ خىسلىتىگە ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدبەشىرىلىكلا بىردىنبىر ھەقىقەت ئىدى . ئەپسانە گەپلەر بىلەن كارنىيى يىرتىلغۇچە تىللىشىش ، كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى ، شاللاقلىق ، زوراۋانلىق ، ئوغرى - يانچۇقچى ، كەلگۈندى - سايىاقلارنىڭ رەزىللىكلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك ھەقىقەتتەك سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى ، جىمى گۈزەللىكلەردىن ، ئىپقىملىق كۈي ئىچىدىكى ساماۋى چۈشلەردىن ھالقىپ چۈشەتتى . مانا بۇلار ئۇنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ئىدى ، شۇندىلا ئۇ ئۈچ كۈنگە قالمايلا جىمى ۋەھىمىلەردىن بىر يولىلا خالاس بولاتتى .

پەيتۇن قاپقارانغۇ بىر تار كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ، پەيتۇنكەش ئۇشتۇمتۇت ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرنى كۈچەپ تارتتى . قاتار كەتكەن بىر كورپۇس زومچەك - زومچەك ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنىدىن قاپقارا تۈرۈم - تۈرۈم ئىسلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . كوچىنى قاپلىغان ئاپئاق قويۇق تۇمانلار كىشىگە بەئەينى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ يەلكەنلىك كېمىسىنى ئەسلىتەتتى .

- سىز بارماقچى بولغان جاي مۇشۇ شۇمۇ ئەپەندىم ؟ – سورىدى پەيتۇنكەش خىرقىراپ .

ھالق-تالق قالغان دورىيان ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى .

- مۇشۇ يەر شۇ ، – ئۇ ئالدىراپقىنا پەيتۇندىن چۈشتى ، ۋەدىسى بويىچە پەيتۇنكەشكە كىرا ھەققىنى جىقراق بېرىپ پىرىستانغا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى . بىر چوڭ سودا پاراخوتىنىڭ قۇيرۇقىدىكى چىراغلار يېنىپ تۇراتتى ، چىراغ نۇرىنىڭ سۇ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن شولىسى جىم تۇرماي ھەدەپ تەۋرىنەتتى . كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر دەستە نۇر بىر پاراخوتنىڭ ئۈستىدىن يورۇتۇپ ئۆتتى . لىققىدە كۆمۈر قاچىلانغان بۇ پاراخوت چەتئەلگە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى . تولا پېتىقلىنىپ پاتقاق بولۇپ كەتكەن پىيادىلەر يولى گويا سۇدىن بايىلا سۇزۇۋېلىنغان يامغۇرلۇق چاپاننى ئەسلىتەتتى .

دورىيان سولغا بۇرۇلۇپ قەدىمىنى تېز – تېز ئالدى ، بىرەرسى كەينىمگە چۈشتىمىكىن دېگەندەك ، پات – پات كەينىگە قاراپ قويياتتى . ئالاھەزەل يەتتە- سەككىز مىنۇتلاردىن كېيىن ، ئۇ تولىمۇ سۆرۈن ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىدىغان ئىككى زاۋۇتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر ۋەيرانە ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . ئىككى زاۋۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى دېرىزىگە بىر پانۇس ئېسقلىق تۇراتتى . ئۇ قەدىمىنى توختۇتۇپ ئىشىكنى چېكىپ بەلگە بەردى .

ھايال ئۆتمەي ، كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ، ئارقىدىنلا زەنجىر شاراقشىپ ئاستاغىنە ئىشىك ئېچىلدى . ئىشىك ئاۋازسىز ھالدا ئېچىلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ، ئىشىكنى ئاچقان سېمىز ، دوغىلاققىنە كەلگەن ئادەمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ، ھېلىقى ئادەم ئېرغاڭلىغىنىچە كىرىپ كەتتى . زالنىڭ ئۇ بېشىغا يىرتىلىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن بىر يېشىل پەردە تارتىپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا شامالدا لەپپەڭشىپ كەتتى . ئۇ پەردىنى قايرىۋېتىپ ، ئۇچەيدەك ئۇزۇن بىر ئۆيگە كىردى . بۇ ئۆي قارىماققا دەرىجىسى تۆۋەن تانسىخانىغىلا ئوخشايتتى . كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گاز لامپىلار تام بويلىتىپ قاتىرىسىغا تىزىۋېتىلگەن ئىدى ، گاز لامپىدىن تارقىلىۋاتقان ئاجىز نۇر قارشى تەرەپتىكى چىۋىن پوقى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئەينەكنى خىرە يورۇتۇپ ، غەلىتە كۆلەڭگىلەرنى ھاسىل قىلىپ تۇراتتى . يەرگە يېيىتىلغان ياغاچ كېپەكى دەسسىلىۋېرىپ مىچ – مىچ لاي بولۇپ كەتكەنىدى . بىر قانچە مالاي ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خوشۇق ئويناۋاتاتتى ، پاراڭ ئارىلىقىدا ئۆلارنىڭ ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى . بىر بۇلۇڭدا بىر ماتروس ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قۇچاقلىغىنىچە شىرە ئۈستىدىلا ياتاتتى ، تولىمۇ قوپال سىرلانغان باتەي تامنىڭ بىر تەرىپىنى پۈتۈن ئىگىلىگەن ئىدى ، يېنىدا تاياقتەك

ئـورۇق ئىككـى ئايـال بىـر بـوۋاينى تىرىكتـۇرۇپ ئويناۋاتـاتتى ، بىزارلىقى چىرايىغا تېپـىپ چىققان بۇ بوۋاي ھەدەپ پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى قىقىۋاتاتتى . دورىيـان ئۇلارنـىڭ يېنىـدىن ئۆتۈۋىشىگە ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرئايال كۈلۈمسىرىگىنىچە : « شـۇ تاپتا ئـۇ بەدىنىـدە قىزىـل چۈمـۈلە ئـۆملەپ ماڭغانـدەك تۇيغـۇدا بولۇۋاتىـدۇ » دېـدى . بـوۋاي ھولۇقـۇش ئىلىكىدە ئايالغا لاپپىدە قاراپ قويدى – دە ، ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى .

ئۆيىنىڭ ئۇ بېشىدا قاراڭغۇ ئـۆيگە تۇتىشىـدىغان بىـر كىچىـك پەلەمپەي بـار ئىـدى . دورىيان ئالدىراپقىنا پەلەمپەيگە پۇتىنى ئېلىشى بىلەن تەڭ ، ئەپيۇنىنىڭ كۈچلۈك ھىـدى دىمىقىغا گۇپپىـدە ئۇرۇلـدى . ئـۇ چوڭقـۇر بىـر نەپەس ئېلىۋېـدى ، ئەپيۇنىنىڭ پۇرىقىـدىن تەنلىـرى يـايراپ كەتتـى . ئـۇ ھېلىقـى قاپقـاراڭغۇ ئـۆيگە كىرگەنـدە ، بىـر يىگىـت تامـام سـارغىيىپ كەتـكەن چـاچلىرىنى تارىغـاچ چىراغنىـڭ يورۇقىـدا ئېگىشىـكىنىچە ئەپيۇنىنىڭ چىلىمىغا ئوت يېقىۋاتاتتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دورىئانغا نەزىرىنى ئاغدۇردى – دە ، بىـراز ئارىسالدى بولغان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

- سەنمۇ مۇشۇ يەردىمىدىڭ ئادرىيان؟ – غۇدۇڭشىپ قويدى دورىيان .

- مەن يەنە نەگىمۇ باراتتىم؟ – جاۋاب بەردى يىگىـت تولىمـۇ روھسىـز قىيـاپەتتە ، – ھازىر دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مەندىن بەزدى .

- مەن تېخى سېنى دەپ ئەنگلىيىدىن كەتتىمكىن دەپ قاپتىمەن .

- دارلىڭتـون بەك ئـادەمگەرچىلىكى يـوق نـېمىكەن ، ئـاخىرى بولمـاي ، قەرزىمنـى قېرىنداشـلىرىم تۆلـۋەتتى . جورجمـۇ ماڭـا گەپ قىلمـاي تەتـۈر قـاراپ يۈرۈيـدۇ ..... مېنـى ئارىغا ئالمىسا مەيلـى ، پەرۋايىـم پەلەك ، – ئـۇ چوڭقـۇر ئۇھسـىنىپ قويـۇپ گېپىنـى داۋام قىلدى ، – مۇشۇ ئوقەتلا بولىدىكەن ، ماڭا ئاغىنىنىڭ لازىمـى يـوق . ھېلىمـۇ ئـاغىنىلىرىم پىيازنىڭ پوستىدەك تولا مېنىڭ .

دورىيان ئىختىيارسىز كەينىگە بىر قەدەم داجىپ ، يىرتىلىپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن پـالازدا ئۇڭـدا – دۈمـدە بولـۇپ يېتىشـقان ھەررەڭ – سـەررەڭ بەڭگىـلەرگە نەزىرىنـى ئاغدۇردى . ئـۇلار يىلانـدەك تولغـۇلـۇپ ، ئېغىزلىرىنـى كامـاردەك يوغـان ئېچىشـىپ ، ئەلەس كۆزلىرىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىپ داردىيىپ يېتىشاتتى . ئـۇ كـۆز ئالدىـدىكى بـۇ مەنزىرىدىن تۈرۈلۈپلا قالدى ، بـۇ كىشـىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىـڭ غـايىۋى جەننەتلىرىـدە ئازابىنـىڭ تەمىنى تېتىۋاتقانلىقىنى ، مـۇدھىش تـۈرمىنى ئەسلىتىدىغان بـۇ ئۆيىنـىڭ ئۇلارغا يېڭـى بىـر كەيپىنىڭ ھـوزۇرىنى سۈرۈشـنىڭ سىرىنى ئۆگىتىۋاتقـانلىقىنى چۈشـىنىپ يەتتـى . ئۇلارنىـڭ ئەھۋالى ھەرھالدا دورىياننىڭكىدىن ياخشى ئىدى ، ئـۇ شـۇلارنى ئويلىغانسېرى خىيـاللىرى گادىرماچلىشـىپ كەتتـى . ئەسـلىمىلىرى گويـا سـاقايماس مەرەز كېسـەلدەك ، روھىنـى

تىنىمسىز غاجىلاپ ئارام بەرمەيتتى . ئۇنىڭغا بازىل خالۋاردىنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە مىقتەك تىكىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ ، بۇ نەس باسقۇر جايدا تۇرۇۋەرگۈسى كەلمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئادرىيان سىڭگلتوننىڭ بۇ يەردە بولۇشىدىن كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر يەرگە بېرىشنى ، ئۆزلۈكىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بوشۇنۇپ چىقىشنى ئىستەپ قالدى .

- باشقا يەرگە باراي ، - دېدى ئۇ بىر ھازا دېلغۇل بولۇپ كېتىپ .

- پىرىستانغا بارامسىز؟

- ھەئە .

- ھېلىقى غالجىر مۈشۈك چوقۇم ئاشۇ يەردە . ئۇلار ئۇنى بۇ يەرگە كەلگىلى قويمايدۇ.

- مەن ھازىر مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللاردىن جاق تويدۇم . ئەكسىچە مەندىن بىزار ئاياللارغا قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ يەرنىڭ ماللىرى بۇ يەرنىڭكىدىن ياخشىراق ، - دېدى دورىيان مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ .

- بۇ يەرنىڭمۇ قېلىشمايدىغۇ !

- ماڭا شۇ يەرنىڭ بەكرەك تېتىيدۇ . ئازراق ئىچىشمەيلىمۇ ، مېنىڭ سەل ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ .

- مېنىڭ ھېچنېمە ئىچكۈم يوق ، - دېدى يىگىت تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا .

- ئازراق ئىچىپ قويامسەن .

ئادرىيان سىڭگلتون ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، دورىئاننىڭ كەينىدىن باتەينىڭ ئالدىغا كەلدى . بېشىغا يىرتىلىپ ئارانلا قالغان ئەرەبچە ياغلىق چىگىپ ، ئۇچىسىغا تىتىلىپ مازلىرى چىقىپ كەتكەن پەلتو كىيىۋالغان بىر كۆرۈمسىز ئارغۇن كىشى سەت ھىجايغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىر قۇتا براندى بىلەن ئىككى دانە رومكىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى . ھېلىقى ئىككى ئايال ناز - كەرەشمە قىلغىنىچە يېنىچە سۈرۈلۈپ كەلگەن پېتى گەپ باشلىدى . دورىيان شۇئان ئۇلارغا دۈمبىسىنى قىلىپ ، ئادرىيان سىڭگلتونغا پەس ئاۋازدا بىر نىمىلەرنى دېدى .

ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايال چىراينى پۈرۈشتۈرگىنىچە غەلىتە ھىجىيىپ خۇلىق چىقىرىشقا باشلىدى .

- پاھ ، بۇگۈن ئاخشام تازا بەختىمىز چىقىپتۇ - دە ، - دېدى ئايال سوغۇق كۈلۈپ .

- خىلىڭىزنى تېپىپ گەپ قىلىڭ ، تولا ئادەمگە چاپلىشىۋالماڭ ، - ۋارقىرىدى دورىيان جىلى بولۇپ ، - سىزگە نېمە كېرەك ؟ پۇلما ؟ مانا ئېلىڭ . ئەمدى كۆزۈمگە

كىرىۋالماق .

ئايالنىڭ خۇمار كۆزلىرىدىن شۇئان قىپقىزىل نۇر چاقناپ كەتتىيۇ ، بۇ نۇر شۇئان نەلەرگىدۇ غايىپ بولۇپ ، ئەسلىدىكى گۆنسىز ھالىتىگە قايىتتى . ئۇ بېشىنى ئېتىپ قويۇپ ، شىرە ئۈستىدىكى تەڭگىلەرنى ئاچكۆزلەرچە ھاپىلا - شاپىلا قولىغا ئالدى . يەنە بىر ئايال كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق بىلەن قاراپلا قالدى .

- ئۇ يەرگە بارغاننىڭ پايدىسى يوق ، - دېدى ئادىريان سىڭگىلتون ئۇھسىنغان ھالدا ، - مېنىڭ كەتكۈم يوق . كەتسەممۇ نىمە ئىش قىلىمەن ؟ ماڭا بۇ يەر بەك ھوزۇرلۇق بىلىنىدۇ .

- بىرەر نەرسىگە ھاجىتىڭ چۈشسە ماڭا خەت ياز . بولامدۇ؟ - دېدى دورىيان بىردەم تۇرۇپ كېتىپ .

- ماقۇل .

- ئەمسە كەچلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن .

- كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، - يىگىت شۇنداق دېگەچ پەلەمپەيگە پۇتىنى ئالدى ۋە قول ياغلىقى بىلەن قۇرۇپ كەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى ئېرتىپ قويىدى .

چىرايى ئازابلىق تۇس ئالغان دورىيان ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئەمدىلا ئىشىكنىڭ پەردىسىنى قايرىشىغا ، ئۇ بايا پۇل بەرگەن ، كالپۇكىنى قان ئىچكەندەك قىپقىزىل بويىۋالغان ھىلىقى ئايال سەت ئاۋازدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- ھەي ئىست ، ئىبلىس مالدىن بىرسى قولدىن كەتتى - دە ، - دېدى ئايال قۇلاققا مۈشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان كاركىراق ئاۋازى بىلەن گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ .

- ھۇ پاسكىنا قانجۇق ، - ئۇ ئاغزىنى بۇزدى دورىيان ، - سىپسىق ئاغزىڭنى يۇم !

ئايال بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى :

- سىز باشقىلارنىڭ سىزنى جەلپكار شاھزادە دەپ چاقىرىشىغا ئامراق ئەمەسمىدىڭىز؟

مۈگۈدەپ ئولتۇرغان ھىلىقى ماتروس بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دىرىڭگىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەسەبىيلەشكىنىچە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى ، زال ئىشىكىنىڭ گۈمىدە يېپىلغىنىنى ئاڭلاپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە ، قوغلىغاندەك چىقىپ كەتتى.

دورىيان توختىماي يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇردا دەريانى بويلاپ ئىتتىك كېتىۋاتاتتى ، ئادىريان سىڭگىلتون بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ئۇنى ئاجايىپ بىرخىل تۇيغۇ ئىچىگە ئەسىر قىلغان ئىدى . ئۇ توختىماي ئۆز - ئۆزىگە : «ئاشۇ يىگىتتەك گۇمرانلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالدىغىنى ئەسلىدە مەن بولۇشۇم كېرەكمىدى - قانداق ؟

بازىل خالۋارد ئەنە شۇنداق دېگەن ئەمەسمىدى ؟ » دەپ سوئال قويىاتتى . ئۇ لېۋىنى چىڭگىدە چىشلىدى ، شۇئان كۆزلىرى تولىمۇ ئازابلىق تۈس ئالدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ كىشىلىك ھايات تولىمۇ قىسقا ھەم ئازابلىق بولىدۇ ، ھېچكىممۇ باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە مەسئۇل بولالمايدۇ . ھەممە كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇشى بار ، ھەم شۇ تۇرمۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك بەدەل تۆلەيدۇ . ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى ، كىشىلەرنىڭ ناگان – ناگاندا ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن تەكرار بەدەل تۆلەشتۇر . شۇنداق ، كىشىلەر ئاشۇ بىر قېتىملىق سەۋەنلىكى ئۈچۈن قايتا-قايتا بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ . تەقدىر ئىلاھى ۋاقتى كەلگەندە ئادەمگە يۈز – خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ .

پىسخولوگلار شۇنداق دەيدۇكى ، جىنايەت سادىر قىلىش ئىستىكى (كىشىلەر تەرىپىدىن ئىپلاسلىق دەپ قارىلىدىغان ئىستەك) كىشى ۋۇجۇدىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغان چاغدا ، شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر تال تومۇر ، مېڭىسىدىكى ھەربىر تال ھۈجەيرە گويا بىر قورقۇنچلۇق ھاياجان ئىچىدە قالىدۇ . بۇ چاغدا ، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ، ھۆرلۈك ئىرادىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ . ئۇلار گويا ئاپتوماتىك ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش، مېڭىۋاتقان ئاشۇ يولىنىڭ نەگە بېرىپ نەدە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ . ئۇلار تاللاش ھوقۇقىنى تامام يوقاتقان بولۇپ ، ۋۇجۇدىدا غۇرۇر – ۋىجدان دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ ، ھەم شۇنداق تۇرۇقلۇق ، يەنە ئاۋۋالقىدەك ياشاۋېرىدۇ ، ئاسىيلىقلىرىغا سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ . ئىلاھشۇناسلارنىڭ زېرىكمەي – تېرىكمەي بىزنى ئاگاھلاندۇرغىنىدەك ، جىمى رەزىللىكنى ئاشۇ ئاسىيلىقنىڭ مەنبەسى قىلىدۇ . جىمى رەزىللىكنىڭ ئەڭ يۇكسەك پىرى بولمىش يىرگىنچلىك سەھەر يۇلتۇزى دەل ئاشۇنداق ئاسىيلىق سەۋەبلىك جەننەت قەسرىدىن غۇلاپ چۈشىدۇ.

دورىياننىڭ خىياللىرى چىگىچلىشىپ ، چىركىن ئىدىيىلەر دەستىدە بۇلغىنىپ ئەسلىنى تامام ئۇنتۇغان كاللىسىدا رەزىل نىيەتلەر غەليان كۆتەردى ، قەلبى ئاسىيلىقنى ئىستىدى . ئالدىغا قاراپ تېز – تېز كېتىۋاتقان دورىيان قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى ، بۇرۇلۇپ يولنىڭ بويىدىكى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرنى ئەسلىتىدىغان ، سېسىق نامى پۇر كەتكەن ھېلىقى جايغا تېزرەك بارغىلى بولىدىغان يولغا تۇتىشىدىغان دەھلىزگە كىردى . شۇ ئەسنادا ئۇ بىرىنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى . ئۇ كىشى ئۇنىڭغا ئۆزىنى قوغداش پۇرسىتى بەرمەيلا ، كەلگەن پېتى ئۇنى تامغا نىقتاپ ، ئامبۇردەك كۈچلۈك قوللىرى بىلەن كېكىرتىكىدىنلا ئالدى .

ئۇ تىن ئالالماي تېپىرلاپلا قالدى ، ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ كۈچلۈك

قوللارنىڭ چاڭگىلىدىن ئۈزنى بوشىتماقچى بولدى . شۇ ئەسنادا ، ئالتە ئاتار تاپانچا شاراق – شۇرۇق بەتلىنىپ ، تاپانچىنىڭ ستىۋولى كاللىسىغا تىرەلدى . دىقماق ، تەمبەل كەلگەن بىر قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ ئالدىدا تىككىدە تۇراتتى .

– نېمە قىلماقچىسەن ؟ – سورىدى تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايۋاتقان دورىيان .

- قىمىرلىما ، – ۋارقىرىدى ھېلىقى ئادەم قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ، – قىمىرلايدىغانلا بولساڭ ئېتىپ تاشلايمەن .

- ساراڭمۇسەن ؟ مەن ساڭا نېمە قىلدىم ؟

– سەن سىبىل ۋېيىننىڭ بېشىغا چىقتىڭ ، – دېدى ھېلىقى ئادەم ، – سىبىل ۋېيىن مېنىڭ ئاچام بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىنى بىلىمەن. لېكىن ، ئۇ سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئۆلدى . مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ ئاچامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا قەسەم قىلغان . سېنى ئىزدەۋاتقىنىمغا نەچچە يىل بولدى . لېكىن ، سېنى ھېچيەردىن تاپالمىدىم . رەڭگى – رويىڭنى سۆرەتلەپ بەرگەن ھېلىقى ئىككى ئادەم ئۆلۈپ كەتتى . ئاچامنىڭ سېنى «جەلپكار شاھزادە» دەپ ئاتىغىنىدىن باشقا ، سەن توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيتتىم . بۈگۈن مەن بىرسىنىڭ سېنى شۇنداق دەپ چاقىرغىنىنى تاسادىپى ئاڭلاپ قالدىم . سېسىق قېنىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ، دەرھال قىلمىشلىرىڭغا تۆۋە قىلغۇال .

دورىيان قورقىنىدىن روھى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى .

– مەن ئۇنى تونۇمايمەن ، – دېدى دورىئان كېكەچلەپ ، – مەن ئەزەلدىن بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ باقمىغان . سەن ساراڭ بوپسەن .

– گۇناھىڭنى بويىنۇڭغا ئالغىنىڭ ياخشىمىكىن . بۈگۈن مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمسام ، جامۇس ۋېين دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن .

قورقىنىدىن پۇت – قولىدا جان قالمىغان دورىيان نېمە دېيىشىنى ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيلا قالدى .

- تىزلان ! – ھۆركىرىدى ھېلىقى ئادەم ، – بوپتۇ ، بىر مىنۇت ۋاقىت بېرەي ، تۇۋا قىلىۋالغىن . بۈگۈن كەچ پاراخوت بىلەن ھىندىستانغا كېتىمەن . مېڭىشتىن ئىلگىرى سەن پەسەندىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەم بولمايدۇ . تېز بول .

دورىياننىڭ ئىككى بىلىكى ساڭگىلاپلا قالدى . قورقىنىدىن ئەس – ھوشىنى يوقاتقان دورىيان نېمە قىلارنى بىلەلمەيلا قالغان ئىدى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر خىيال چاقماق چاققاندەك لاپپىدە پەيدا بولدى .

- توختا ! – دېدى دورىيان ، – دېگىنە ، ئاچاڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكىلى قانچىلىك بولدى؟

- 18 يىل بولدى ، – جاۋاب بەردى ھىلىقى ئادەم ، – بۇنى سوراپ نىمە قىلىسەن؟ ئۆلگىلى قانچە يىل بولۇشى بىلەن نىمە كارىڭ ؟

- 18 يىل ؟ – دېدى دورىيان گرېي كۆرەڭلىگىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ، – 18 يىل بولدى – دە ! ئاۋۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا چىرايىمنى ئوبدان قاراپ باق .

جامۇس ۋېيىن ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ، دېلغۇل بولۇپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى ۋە دورىياننى سۆرىگەن پېتى دەھلىزدىن ئېلىپ چىقتى .

غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى شامالدا ھەدەپ ئېرغاڭلايتتى . جامۇس ۋېيىن جىنىنى ئالماقچى بولغان بۇ ئادەمنىڭ قاشتېشىدەك سۇزۈك چىرايى ، قاملاشقان بوي – بەستىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ زور خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئالدىدىكى بۇ ئادەم قارىماققا يىگىرمە ياشتىن ئەمدىلا ئاشقاندەك ، ئاچىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇنقى ۋاقتىدىن ئانچە چوڭ ئەمەستەك كۆرۈنەتتى . ئېنىقكى ، ئاچىسىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان ئادەم بۇ ئەمەس ئىدى .

ئۇ قولىنى بوشىتىپ ، كەينىگە بىر نەچچە قەدەم داجىدى .

- تەڭرىم ، ئاھ تەڭرىم! – توۋلىدى ئۇ ، – سىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قاپتىمەن ئەمەسمۇ !

دورىيان گرېي چوڭقۇر نەپەس ئالدى .

- بۇرادەر ، چوڭ خاتالىقتىن بىرنى ئۆتكۈزۈپ قويغىلى تاس قالدىڭ ! – دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن جامۇس ۋېيىنغا تىكىلىپ تۇرۇپ ، – بۇ ساڭا بىر ساۋاق بوپ قالسۇن . ئىنتىقام ئېلىشتا ھەرگىز ئۆزۈڭ قول سالما .

- مىنى كەچۈرۈڭ ئەپەندىم ، – كەچۈرۈم سورىدى جامۇس ۋېيىن، – مەن خاتالىشىپتىمەن . ئەشۇ جىن تەككۈر يەردە ئاڭلىغان بىر ئېغىز گەپتىن كاللام چۆرگىلەپ قاپتۇ .

- تاپانچاڭنى ئاستا يىغىشتۇرۇپ ، ئۆيۈڭگە كەتكىن . بولمىسا ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىسەن ، – دورىيان شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۆرۈلدى – دە ، كوچىنى بويلاپ ئاستاغىنە يۈرۈپ كەتتى .

-قورقىنىدىن خۇدىنى يوقاتقان جامۇس ۋېيىن غال – غال تىترىگىنىچە جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى . ھايال ئۆتمەي ، بايىدىن بېرى تام ياقىلاپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر قارا كۆلەڭگە بىر بىسىپ ، ئىككى بىسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ بىر قولىنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىكىدىن تۇتقانلىقىنى سېزىپ ، چۆچۈپ كەينىگە ئۆرۈلدى. بايا باتەينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھاراق ئىچكەن ھىلىقى ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى .

- ئـۇنى نىمشـقا ئۆلتۈرمەيسـز ، – دېـدى ئايـال جۆدەڭگـۈ يـۈزىنى ئۇنىڭغـا يـېقىن ئەكېلىـپ ، – دالـىي تىياترخانىسـىدىن ئېتىلـپ چىققـان ۋاقتىڭـزدىلا ئۇنـىڭ ئىزىغـا چۈشكەنلىكىڭىزنى بىلگەن ئىدىم . بەك ئەخمەقكەنسىز ! ئۇ خـۇمپەرنى جايلىۋېتىشىڭىز كېرەك ئىدى ! ئۇنىڭدا جىق پۇل بار ئىكەنتۇق .

- ئۇ مەن ئىزلىگەن ئادەم ئەمەس ئىكەن ، – جاۋاب بەردى جامۇس ۋېيىن ، – ماڭا پۇل ئەمەس ، بىر ئادەمنىڭ جېنى كېرەك . مەن ئۆلتۈرمەكچى بوپ يۈرگەن ئۇ ئادەم قىرىق ياشلار چامىسىدا . لېكىن ئۇ تېخى بىر كىچىك بالا ئىكەن. خۇداغا شۈكرى ! تاس قـاپتىمەن ، قولۇمنى بىگۇناھ بىر ئادەمنىڭ قېنى بىلەن بوياپ يۈرگىلى .

-ئايال ئاچچىق كۈلۈپ قويدى .

– ئۇنى تېخى كىچىك بالىكەن دەۋاتامسىز ! – دىمىقىنى قىرىپ قويدى ئايال ، – ھەي بۇرادەر ، جەلىپكار شاھزادىنىڭ مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىغىمۇ 18 يىل بولاي دەپ قالغان تۇرسا .

– يالغان سۆزلىمەڭ ، – جامۇس ۋېيىن ئەنسىزلىك ئىلكىدە ۋارقىرىۋەتتى .

ئايال بارمىقى بىلەن ئاسماننى چىنەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

- تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن ، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست .

- تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن دەۋاتامسىز ؟

- دېگەنلىـرىم يالغـان بولسـا ، تىلـىم تۇتۇلـۇپلا قالسـۇن ئىلاھـىم . ئـۇ بـۇ يەرگە كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەسكىسـى . كىشـلەرنىڭ دېيىشـىچە ، ئـۇ ئاشۇ قامەتلىك چىرايىغا ئىشىنىپ ، ئـۆزىنى ئالۋاسـتىلارنىڭ قوينىغـا ئاتقـانمىش . ئۇنـىڭ بىـلەن تونۇشـقىنىمغا 18 يىـل بـولاي دەپ قالـدى . ئـۇ قىلچىمۇ ئۆزگەرمـىدى ، لـېكىن مەن جىـق ئۆزگىرىپ كەتتىم .

شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان بىر ئۇچقۇن چاچرىدى .

- سىز ارسلا قەسەم قىلالامسىز ؟

- قەسـەم قىلالايـمەن. لـېكىن، بـۇ گەپلەرنـى مېنـىڭ دېگەنلىكىمنـى ئۇنىڭغـا ھەرگـز ئاشكارىلاپ قويماڭ ، – دېدى ئايال يىلىنىپ تـۇرۇپ ، – مەن ئۇنىڭـدىن قـورقىمەن . ماڭـا ياتاق ئاچقۇدەك ئازراق پۇل بېرىڭ .

جامۇس ۋېيىن ئاغزىنى بۇزغىنىچە ئايالنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ ، ئـۇدۇل كوچىنىـڭ دوقمۇشـىغا قـاراپ قۇيۇنـدەك يۈگـۈردى . لـېكىن ، دورىيانىنـىڭ سايىسـى ھېچـنەدە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى ، ئەمدى ھېلىقى ئايالمۇ ئاقتىمۇ يـوق ، كۆكتىمـۇ يـوق

تۇراتتى .

# ئون يەتتىنچى باپ

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، دورىيان گرېي سېلبىي قورۇقىدىكى گۈللۈك شىپاڭدا تولىمۇ لاتاپەتلىك مونمونت كېنەز خانىم بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . كېنەز خانىم 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ئېرى بىلەن بىللە دورىياننىڭ ئۆيىگە مېھمانلاپ كەلگەن ئىدى . بۇ دەل چۈشتىن كېيىنكى چاي ۋاقتى ئىدى ، شىرە ئۈستىدىكى نەقىشلىك چىراقنىڭ يېقىملىق نۇرلىرى ساپال قاچا – قۇچىلارنى ۋە كۈمۈش چىنە – چەينەكلەرنى يورۇتۇپ جۇلالاندۇرۇپ تۇراتتى . چايغا كېنەز خانىم رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ شىشىدەك سۈزۈك ئاپپاق قوللىرى قاچا – قۇچىلار ئارىسىدا ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەتلىنەتتى ، دورىيان يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىۋىدى ، ئۇنىڭ قىزىرىپ پىشقان جىنەستىنى ئەسلىتىدىغان گۆشلۈك لەۋلىرىدە تاتلىققىنا بىر كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلدى . يىپەك تەختىراۋانلىق چۈشۈق ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقان لورد ھېنرى ئۇ ئىككىيلەنگە قاراپ تۇراتتى . ئاچ قىزىل رەڭلىك ئۈزۈن كىرىسلودا ئولتۇرغان نارىبوروف خانىم كېنەزنىڭ يېقىندا برازىلىيە قوڭغۇزىنى كۆپەيتكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى خوشياقماسلىق نەزەرىدە ئاڭلاپ ئولتۇراتتى . ئۈچىسىغا ناھايىتى سىپتا تىكىلگەن مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان ئۈچ يىگىت خانىملارغا ھەدەپ چاي ، پىچىنە – پىرەنىكلەرنى سۇنۇۋاتاتتى . بۇگۈنكى زىياپەتكە جەمئىي 12 ئادەم كەلگەن ئىدى ، ئەتە كېلىدىغان مېھمانلار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىدى .

– ئىككىڭلار نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ – سورىدى لورد ھېنرى ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىستاكاننى قويغاچ ، – گلادىس ، دورىيان سىزگە ھەممە نەرسىگە يېڭىباشتىن ئىسىم قويۇپ چىقماقچى بولۇۋاتقىنىمنى دېدىمۇ؟ بۇ پىلانىم قالتىس جۇمۇ .

- ئىسمىمنى ئۆزگەرتكۈم يوق ھاررى ، – دېدى كېنەز خانىم بىر جۈپ شەھلا كۆزلىرى بىلەن ھېنرىغا تىكىلىپ ، – مەن ئىسمىمدىن بەك رازى . ئېنىقكى ، گرېي ئەپەندىممۇ ئىسمىدىن بەك رازىغۇ دەيمەن .

– سۆيۈملۈك گلادىس ، مەن سىلەرگە يېڭى ئىسىم قويۇپ بېرەي دېمىدىم . ئىسمىڭلارنىڭ ياخشىلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن . ئاساسلىقى گۈللەرگە يېڭىدىن ئىسىم قويۇپ

باقـايمكىن دەيــمەن . تۆنۈگــۈن بىــر تــال كەتــرەن گــۈلنى ئۈزۈۋېلــپ ، چاپىنىمنىــڭ پەتلىسىگە قىستۇرۇۋالدىم . بۇ گۈل شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى ، يەتتە چوڭ گۇناھقا ① ئوخشـاش مېنـى مەپتـۇن قىلىۋېلىۋالـدى . شـۇنىڭ بىـلەن ، گۈلچىـدىن گۈلنىـڭ ئىسـمىنى سـورىدىم . ئـۇ ماڭـا بـۇ گۈلنىـڭ سـورتىنىڭ بەك ئېسـىل ئىكەنلىكىنـى ، گۈلنىـڭ ئىسـمىنى روبىنسونىيانا دەمدۇ ئىشقىلىپ ، قۇلاققا ناھايىتى سەت ئاڭلىنىدىغان بىر ئىسمىنى دېـدى . بىـز ھـازىر شـۇنچىلىك ئېچىنىشـلىق ھالغـا چۈشـۈپ قـاپتىمىزكى ، ئـوڭلاپ نەرسـىلەرگىمۇ چىرايلىق ئات قويالمايدىغان بولۇپ قاپتىمىز . ئىسىم دېگەن ھەممە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ . مېنىڭ ئەزەلدىن كىم نـېمە ئـىش قىلـدى ، دېگەنـلەر بىـلەن كـارىم يـوق ، لـېكىن گەپ – سۆزگە بەكلا دىققەت قىلىـمەن . مانـا بـۇ دەل مېنىـڭ ئەدەبىيـاتتىكى ئاممىبـاب رېئالىزمغـا چىش – تىرنىقىمغىچە ئـۆچ بولۇشـۇمنىڭ سـەۋەبى . گـۈرجەكنى گـۈرجەك دەپ ئاتايـدىغان كىشـىلەرنى گـۈرجەك ئىشلىتىشـكە زورلاش كېـرەك . ئۇلارغـا مۇشـۇنداق ئىشـلارلا مـاس كېلىدۇ.

– ئەمىسە سىزنى نېمە دەپ چاقىرىمىز ھاررى ، – سورىدى كېنەز خانىم .

– گەپدان شاھزادە دەپ چاقىرايلى ، – دېدى دورىئان .

– بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا تازا ماس كېلىدىكەن ، – دېدى كېنەز خانىم .

– نىمانداق قاملاشـمىغان ئىسـىم بـۇ ، – لـورد ھېنـرى قاقـاھلاپ كـۈلگىنىچە بېرىـپ ئورۇنـدۇقتا ئولتـۇردى ، – ئۇنـداق دېمەڭـلار ، بـۇ ئىسـىم ماڭـا لەقەم بولـۇپ سىڭىشـىپ قالمىسۇن يەنە .

– شاھزادىلىك ئورنىنى تارتقۇزۇپ قويىسىگىز بولماس ، – دېدى گراف خانىم چىرايلىق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ .

– گېپىڭىزچە ، بۇ شاھلىق ئورنىدا مەھكەم ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن – دە؟

- شۇنداق .

- قاراپ تۇرۇڭلار ، دېگەنلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئەتىلا ئايان بولىدۇ .

- لېكىن مەن بۆگۈنكى سەپسەتىلەرگە بەكرەك ئامراق ، – دېدى گراف خانىم .

- مېنى قورالسىزلاندۇرۇپلا قويىدىكىزغۇ گىلادىس ، – دېدى لـورد ھېنـرى گـراف خـانىم بىلەن گەپتە تەڭلىشىپ بولالماي .

- نەيزىڭىزنى ئەمەس ، قالقىنىڭىزنى ئولجا ئېلىۋالدىم خاررى .

- ئەزەلـدىن گـۈزەللەرگە ھۇجـۇم قىلغـان ئەمەسـمەن ، – لـورد ھېنـرى قـولىنى پۇلاڭشىتىپ قويدى .

- خاتالاشتىڭىز ھاررى ، گۈزەللىكنىڭ قىممىتىنى بەكلا يۇقۇرى مۆلچەرلىۋەتتىڭىز .

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ مېنىڭچە ، تاشقى گۈزەللىك ھامان قەلب گۈزەللىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ . گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك ، ئاقكۆڭۈللۈكنىڭ كۆرۈمسىزلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى مەن ھەممىدىن بەك ئېتىراپ قىلىمەن .
- بۇ گېپىڭىزچە ، كۆرۈمسىزلىك يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىكەندە ؟
– سوئال قويدى كېنەز خانىم ، – ئەمىسە ، بايا كەترەن گۈلنى يەتتە چوڭ گۇناھقا ئوخشاتقىنىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرىسىز ؟
- كۆرۈمسىزلىك يەتتە چوڭ گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىرى ، گراندىس . سىز ئۆچىغا چىققان بىر مۆتەئەسسىپ تۇرۇپ گۈزەل ئەخلاقنىڭ قىممىتىنى بۇنداق تۆۋەن مۆلچەرلىسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ پىۋا ، «ئىنجىل» ۋە يەتتە چوڭ گۈزەل ئەخلاق دېگەنلەر ئەنگلىيىنى بۈگۈنكى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن .
- ئۇنداقتا ، سىز ۋەتىنىڭىزنى سۆيمەيدىكەنسىز- دە ؟ – سورىدى ئۇ ياندۇرۇپ .
- ياخشى كۆرگەچكە مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقاندىمەن .
- بۇ يەردە ۋەتىنىمنى ئوبدانراق سۆكەي دەپ ياشاۋاتقانسىز تايىنلىق .
- سىز ماڭا ياۋروپالىقلارنىڭ ئەنگلىيىگە بولغان باھاسىنى قوبۇل قىل دېمەكچىمۇ ؟
– سورىدى لورد ھېنرى .
- ياۋروپالىقلار ئەنگلىيىگە نېمە دەپ باھا بېرىپتۇ ؟
- ئۇلار : «تارتۇفى ② ئەنگلىيىگە كۆچۈپ بېرىپ دۇكان ئېچىۋاپتۇ» دېيىشىۋاتىدۇ .
- ئۇ سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدۇ ، ھاررى ؟
- ئۇ دۇكاننى سىزگە بېرىۋېتەي .
- تازا قىزىق گەپ بولدى – دە . دۇكىنىڭىزنى مەن نېمە قىلاي .
- قورقماڭ ، ئەنگلىيىلىكلەر ئەزەلدىن تەسۋىرىي نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ .
- ئەنگلىيىلىكلەر بەكلا ئەمەلىيەتچان كېلىدۇ .
- ئۇلار ئەمەلىيەتچان ئەمەس ، ئەكسىچە ئىنتايىن قۇۋ ، ھىيلىگەر . ئۇلار ھېساب – كىتاب قىلغاندا ، ھاماقەتلىكىنىڭ ئورنىنى مال – دۇنياسى بىلەن تولدۇرىدۇ ، رەزىللىكىنى ساختىپەزلىك بىلەن ئۆلچەيدۇ .
- نېمىلا بولمىسۇن ، بىزنىڭ قوشقان تۆھپىمىزمۇ ئاز ئەمەس .
- ئاشۇ تۆھپىلەر بىزنىڭ زېمىنىمىزگە يۈكلەنگەن ، گلادىس .
- ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى بىز زېمىنىمىزگە ئالدۇق .
- ئاكسىيە بىرژىسىنىلا زېمىنىمىزگە ئالدۇققۇ شۇ .
كېنەز خانىم بېشىنى چايقاپ قويۇپ ۋارقىرىدى :

- مەن مىللىتىمىزنىڭ قۇدرىتىگە تولۇق ئىشىنىمەن .
- مىللەت جاسارەت بىلەن ياشىغۇچىلارغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ .
- بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز .
- مەن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان نەرسىلەرگە تېخىمۇ ئامراق .
- ئەمىسە سەنئەتكىچۇ؟ – سورىدى گراف خانىم .
- سەنئەت – ساقايمايدىغان بىر مەرەز كېسەل .
- مۇھەببەتچۇ؟
- ئۇ بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ .
- ئەمىسە دىنچۇ ؟
- ئۇ ئېتىقادنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بىر مودا .
- سىز ئۇچىغا چىققان گۇمانىزىمچىكەنسىز .
- ئۇنداق ئەمەس ، ئېتىقاد ئەنە شۇ گۇماندىن باشلىنىدۇ .
- ئەمىسە ئۆزىڭىزچۇ ؟
- بىر نەرسىگە تەبىر بېرىش چەكلىمىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس .
- ماڭا ئازراق يىپ ئۇچى بېرىڭچۇ .
- يىپ ئۇچى ھامان ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ، سىزمۇ سىرلىق ئورىدىدا نىشانىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز .
- سىز مېنى ئىلەشتۈرۈپلىۋەتتىڭىزغۇ . بولدىلا ، باشقا تېمىدا پاراڭلىشايلىچۇ .
- بىزنىڭ ماۋۇ ساھىبخانىمىز ئەڭ ياخشى پاراڭ تېمىسى . بۇرۇن ئۇنىڭ جەلپكار شاھزادە دەيدىغان بىر لەقىمى بولىدىغان .
- ھەي ! بولدى ، ئۇ گەپنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ ، – دېدى دورىيان گرېي .
- ساھىبخانىمىزغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ ، ھەجەپ ئىچىنى پۇشۇردىغۇ ئادەمنىڭ ، – دېدى كېنەز خانىم يۈزلىرىنى بەقەمدەك قىزارتىپ ، – بىلسەم – بىلمىسەم ، ئۇ شۇ تاپتا « مونمونت ئىلمىي ئويلىنىش ئارقىلىق گلادىي خانىمنى ئەمرىگە ئالغان » دەپ ئويلاۋاتىدىغۇ دەيمەن . چۈنكى ، ئۇ بۇ جاھاندىن مەندىنمۇ ياخشى كېپىنەك ئەۋرىشكىسىنى تاپالمايدۇ ئەمەسمۇ .
- ۋاي – ۋۇي ، ئۇ ھېلىمۇ يىگىننى بېشىڭىزغا سانچىۋەتمەپتۇ ، كېنەز خانىم ، – دورىيان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .
- دېدىكىم ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەندە نەچچە قېتىم شۇنداق قىلغانمەن ، گرېي ئەپەندىم .

- ئۇ سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى قانداق كەلتۈرگەن ، كېنەز خانىم ؟
- يەنىلا شۇ تۇتامغا چىقمايدىغان ئۇششاق ئىشلار بولمامدۇ گرېي ئەپەندىم .
- ئەمىسە ئۇ بەك بىغەرەزكەن ! ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويسىڭىز بولغۇدەك .
- ئۇنداق قىلالمايمەن گرېي ئەپەندىم . ھەي ، ئۇ ماڭا شىلەپە لايھىلەپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ . مەن خىلستون خانىمنىڭ باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە كىيىپ بارغان ھېلىقى شىلەپە ئېسىڭىزدىمۇ ؟ ھەقاچان ئۇنتۇلۇپ قالدىڭىز، مەن سىزنىڭ مۇشۇ يېرىڭىزنى ياقتۇرىمەن . بىرەر ئىشنى ئۇنتۇلۇپ قالغان بولسىڭىزمۇ ، ئېسىڭىزدە باردەك تۇرۇۋالىسىز . ھەي ، ئاشۇ شىلەپەمنى ئۇ ئەڭ ئەرزان رەختتىن تىكىپ بەرگەن . ئەمەلىيەتتە ، ئېسىل شىلەپىنىڭ رەختى ناھايىتى ئەرزان بولىدۇ .
- ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ، گلادىس ، – لورد ھېنرى كېنەز خانىمنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ، – كىمىكى سەللا باش كۆتۈرسە ، شۇنىڭغا لايىق دۈشمەنلىرىمۇ تەييار تۇرىدۇ . شۇڭا سەل ئاددىي – ساددىراق ياشىغان ياخشى .
- ئاياللار ئۇنداق ئەمەس ، - دېدى كېنەز خانىم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ، – دۇنيادا ئالقىنىدا چۆرگىلىتىۋاتقانلار ئاياللاردۇر . سىزگە دېسەم ، بىز ئاياللار ئاددىي – ساددا ياشاشقا تاقەت قىلالمايمىز . كىمدۇر بىرسى دېگەندەك ، سىلەر ئەرلەر مۇھەببەتنى كۆزۈڭلار ئارقىلىق ئىزھار قىلساڭلار ، بىز ئاياللار قۇلىقىمىز بىلەن ئىزھار قىلىمىز .
- ماڭا گاھىدا دۇنيادا ئىشقى – مۇھەببەتتىن باشقا ئىش يوقتەكلا بىلىنىدۇ ، – دېدى دورىئان تولىمۇ لەرزان ئاۋازدا .
- پاھ ! ئۇنداقتا سىز ھەقىقىي مۇھەببەتلىشىپ باقماپسىز ، گرېي ئەپەندىم ، – دېدى كېنەز خانىم چىرايىغا غەمكىن تۈس بېرىپ .
- سۆيۈملۈك گلادىس ! – ۋارقىرىدى لورد ھېنرى ، – بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ رومانتىكلىق قايتا – قايتا تەكرارلىنىش ئارقىلىقلا ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدۇ ، شەھۋانىي ئىستەكمۇ قايتا – قايتا تەكرارلىنىش ئارقىلىقلا ئاندىن سەنئەتكە ئايلىنالايدۇ . ھەر قېتىم مۇھەببەتلەشكىنىڭىزدە ، ئۇ سىزگە تولىمۇ يېڭى تۇيۇلىدۇ . مەشۇقىڭىزنىڭ ئالمىشىشى سۆيگۈنىڭ يېڭىچە تۇيغۇلارنى ئاتا قىلالماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئەكسىچە ، ھېسسىيات تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ . ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ . لېكىن ، ھاياتنىڭ مەخپىيىتى – ئىمكانىيەت ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم ئېرىشىشتە ئىپادىلىنىدۇ .
- ئۇنداقتا ، بۇرۇنقى ئاشۇ قەلب يارىلىرىمۇ تەكرارلىنىشى كېرەكمۇ ، ھاررى ؟ – سورىدى كېنەز خانىم بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ .
- شۇنداق ، قەلب يارىلىرى تېخىمۇ تەكرارلىنىشى كېرەك ، – جاۋاپ بەردى لورد

ھېنرى .

كېنەز خانىم بېشىنى بۇراپ ، قىزنىڭ نەزىرىدە دورىيان گرېيغا تىكىلىپ سورىدى :

– گرېي ئەپەندىم ، بۇ ئىشقا سىز قانداق قارايسىز ؟

دورىيان گرېي بىر ھازا دېلغۇل بولۇپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئاسمانغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى :

- مەن مەڭگۈ ھاررى تەرەپدارى ، كېنەز خانىم .

- ئۇنىڭ خاتا بولسىمۇ قوللامسىز ؟

- ھاررى ئالدىراپ خاتالاشمايدۇ ، كېنەز خانىم .

- ئۇنداقتا ئۇنىڭ پەلسەپىسى سىزگە بەخت ئاتا قىلالامدىكەن؟

- مەن ئەزەلدىن بەختنى قوغلاشمايمەن ، بەختنى قوغلىشىدىغانلارمۇ بارمىكەن ؟ مېنى ھوزۇر – ھالاۋەت ، كەيپ – ساپادىن باشقىسى قىزىقتۇرالمايدۇ .

- ئاشۇ ھوزۇر – ھالاۋەتلەرگە ئېرىشەلىدىڭىزمۇ ، گرېي ئەپەندىم ؟

- ھوزۇر – ھالاۋەت دېگەن ماڭا ھەر ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرىدۇ ، مەنمۇ كۆنۈپ كەتتىم .

كېنەز خانىم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدى :

- ماڭا خاتىرجەملىك بولسىلا بولدى . ئەگەر ھازىرنىڭ ئۆزىدە بېرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرمىسام ، بۈگۈن كەچتە ماڭا ئاراملىق يوق .

- مەن سىزگە كەترەن گۈلىدىن بىر قانچە تال ئۈزۈپ بېرەي كېنەز خانىم ، – دورىيان شۇنداق دەپ تۇۋلىدى – دە ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇق ئۆسكەن گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىردى .

- سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئوچۇق – ئاشكارا ئىشقىۋازلىق قىلىشىڭىز پەقەتلا قاملاشمىدى ، – دېدى لورد ھېنرى بارون نەۋرە سىڭلىسىغا ، – سەللا ئېھتىيات قىلمىسىڭىز ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالىسىز .

- ئۇ ئاشۇنداق جەلىپكار بولمىسا ، رىقابەت بولمايدۇ .

- گىپىڭىزچە ، بىر – بىرىڭلاردىن قېلىشمايدىكەنسىلەر – دە .

- مەن تروياندىلار تەرەپتە تۇرىمەن . ئۇلار بىر ئايالنى دەپ ئۇرۇش قىلىدۇ ئەمەسمۇ .

- ئۇلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ .

- ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ يامان ئىش بارمۇ؟ – دېدى ئۇ جاۋابەن .

- سىز تېزگىننى قويۇۋېتىپ ئاتنىڭ چاپتۇرغاندەكلا ئىش قىلىۋاتىسىز .

- سۈرئەت قانچە تېز بولسا شۇنچە تېتىكلىشىدىغان گەپ ، – دېدى ئۇمۇ بوش

كەلمەي .

- كەچتە مەن بۇنى كۆندىلىك خاتىرەمگە يېزىپ قويىمەن .

- نىمە دەپ يازىسىز ؟

- «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دەپ يازىمەن .

- مەن چېلىششتا يىقىلىپ باقمىدىم ، قاناتلىرىمنى ساپساق تۇرمامدۇ مانا .

- ئاشۇ قانىتىڭىزنى ھەممە ئىشقا ئىشلىتىدىكەنسىز– يۇ، ئۇچۇشقا ئىشلەتمەيدىكەنسىز .

- شىرمەتلىك ئەرلەردىن بىز ئاياللارغا كۆچتى . بۇ بىز ئۇچۇن بىر يېڭى سىناق .

- سۆيگۈ رەقىبىڭىز چىقىپ قالسىچۇ ؟

- كىمنى دەيسىز ؟

لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ دېدى :

- ناربوروف خانىم بولمامدۇ ، ئۇ ھازىر دورىيانىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈپ قالدى .

- سىز مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدىڭىز . بىزدەك رومانتىك ئاياللار چۈشكۈن كىشلەرنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالساق تولگەشكىنىمىز شۇ .

- رومانتىك ئاياللار ؟ سىلەر جىمى ئىلمىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپمۇ يەنە رومانتىكلىقتىن قۇتۇلالمىدىڭلارمۇ ؟

- بىزنى ئەرلەر ئاشۇنداق رومانتىك قىلىۋەتكەن .

- مىڭ قىلغىنىڭلار بىلەنمۇ ئۇلار كېيىپ بىر نەرسە دېمەيدۇ .

-ئەمىسە بىز ئاياللار سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا نېمىگە ھېساب ؟ – دېدى ئۇ چېقىشىپ.

- ھېچقانداق مەخپىيىتى قالمىغان سفىنىكسقا ئوخشايسىلەر .

- گرىپى ئەپەندىم ھەجەپ ئۇزۇن يوقاپ كەتتىيا ! بولمىسا ، بىز چىقىپ ئۇنىڭغا گۈلنى تاللىشىپ بېرەيلى . مەن تېخى ئۇنىڭدىن قايسى رەڭدىكى چاپىنىمنى كىيىشى كېرەكلىكىنى سورىمىدىم ، – دېدى گلادىس كۈلۈمسىرىگىنىچە لورد ھېنرىغا قاراپ .

- ھەي ! ئۇنىڭ بەرگەن گۈلگە ماسلاشتۇرۇپ كىيىنىڭ ، گلادىس.

- ئۇنداق قىلسام ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغىنىمنى ئاشكارىلاپ قويغان بولمامدىم.

- رومانتىكلىق دېگەن ئەنە شۇنداق يوقىرى پەللىدىن باشلىنىدۇ .

- ئەڭ ياخشىسى ، ئۆزۈمگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ قويسام بولغۇدەك .

- پارتىيانلارغا ③ ئوخشاش دەمسىز ؟

- پارتىيانلار قۇملۇققا قېچىپ كىرىۋېلىپ ئامان قالغان ، ئۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ .

- ئاياللارغا ھەمىشە چېكىنىش يولى چىقىۋەرمەيدۇ ، – لورد ھېنرى شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ، گۈللۈكتىن بىرسىنىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭرىغىنىچە گۈپپىلا قىلىپ يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . مېھمانلار چۆچۈشكىنىدىن ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە تۇرۇپ كېتىشتى ، قورقۇپ كەتكەن كىنەز خانىم قېقىپ قويغان قوزۇقتەك جايىدا تۇرۇپلا قالدى . چىرايى ۋەھىمىلىك تۇس ئالغان لورد ھېنرى شۇئان پۇلاڭلاپ جىم تۇرمايۋاتقان پالما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، دورىيان گرېينىڭ گۈللۈكتە بىھوش ھالەتتە دۈم ياتقانلىقىنى كۆردى .

لورد ھېنرى ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى ئەكىلىپ ، مېھمانخانىدىكى كۆك سافاغا ياتقۇزدى . دورىيان ھايال ئۆتمەي ھوشىغا كەلدى ۋە تۆت ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى .

- نېمە ئىش بولدى ؟ – سورىدى دورىيان ، – ھە ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى . بۇ يەر بىخەتەرمۇ خاررى؟

ئۇ تىترەشكە باشلىدى .

- قەدىرلىك دورىيان ، – دېدى لورد ھېنرى ، – ھوشىڭىزدىن كېتىپسىز ، ئەنسىرىگۈدەك باشقا چوڭ ئىش يوق . بەكلا چارچاپ كەتكەن ئوخشايسىز . بولدى ، پەسكە چۈشۈپ مېھمانلارنى كۈتمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ . ئورنىڭىزدا مېھمانلارنى مەن كۈتەي .

- ياق ، م چۈشمىسەم بولمايدۇ ، – ئۇ تەستە ئۆرە بولدى ، – ئەڭ ياخشىسى چۈشەي ، يالغۇز قالسام بولمايدۇ .

ئۇ ھوجرىسىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى . تاماق ئۈستىلىدە ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ ، ئىچىلىپ – يېيىلىپ پاراڭ سالدى . لېكىن تۇرۇپ – تۇرۇپ ، بايا گۈل قويۇقلۇق ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قەغەزدەك تاتىراڭغۇ چىراي ئېسىگە كېلىشى ھامان پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە چۇلغىۋالاتتى . بايا ئۇ جامۇس ۋېيىننىڭ ئۆزىگە ئوغرىلىقچە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ئىدى .

## ئىزاھات :

① كاتولىك دىنىدا چەكلەنگەن تەكەببۇرلۇق ، نەپسانىيەتچىلىك ، شەھۋەتپەرەسلىك ، غەزەبلىنىش ، ئاچكۆزلۈك ، ھەسەتخورلۇق ۋە ھورۇنلۇقنى كۆرسىتىدۇ .

② تارتۇفى – فرانسىيە دراماتورگى مورىئايىنىڭ دراممىسىدىكى بىر ئىككى

يۈزلىنىدىغان ئادەم .

③ پارتىيانلار – قەدىمكى غەربىي ئاسىيالىق كىشىلەر ، ئۇرۇش قىلغاندا چېكىنىپ تۇرۇپ دۈشمەننى گوللاپ يوشۇرۇن ئوق ئېتىشقا ماھىر .

# ئون سەككىزىنچى باب

ئۇ ئەتىسى ئۆيىدىن تالاغا چىقمىدى . ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغانىدى . لېكىن ، ئۇ جان قايغۇسىغا ئانچە پەرۋامۇ قىلىپ كەتمىدى . قاچان كەينىمگە بىرسى چۈشۈۋالاركىن ، قاچان تۇتۇلۇپ قالارمەنكىن ، قىلتاققا چۈشۈپ قالارمەنكىن دېگەندەك ۋەھىمىلىك خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان ئىدى . تامغا ئېسىلغان گىلەمنىڭ شامالدا سەلگىنە تەۋرىنىشى بىلەن تەڭ ، ئۇنىڭ تېنى جىغغىدە قىلىپ قالدى . قۇرۇپ كەتكەن غازاڭلارنىڭ شامالدا ئۇچۇپ قوغۇشۇن كېشەكلىك دېرىزە ئەينىكىگە دەممۇدەم ئۇرۇلۇشىدىن ئۇ خىياللىرى پۈتۈنلەي بەربات بولغاندەك ، چەكسىز ئۈمىدسىزلىك قاينىمىغا پاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . كۆزلىرىنى يۇمۇۋېدى ، گويا ھېلىقى سۆرۈن تەلەت ماتروس قويۇق تۇمان باسقان دەرىزىدىن ئۆزىگە ياۋۇزلارچە قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قايتىدىن ۋەھىمە چۇلغىۋالدى .

بەلكىم ئۇنىڭ بۇ خىيالي تۇيغۇلىرى ئىنتىقام ئىلاھىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چاقىرىپ چىقىپ ، چىرايى ۋەھىمىلىك تۈس ئالغان ياۋۇز ماتروسنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىدا زاھىر قىلغاندۇ . رېئال تۇرمۇش قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان بولسىمۇ ، لېكىن تەسەۋۋۇر شۇنچىلىك تەرتىپلىك بولاتتى . دەل ئاشۇ تەسەۋۋۇر بولغاچقىلا ، ئۆچمەنلىك جىنايەتنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپلا يۈرەتتى . بۇ دۇنيادا ئەسكىلەر تېگىشلىك جازاسىنى تارتمايتتى ، ياخشىلارمۇ قىلغان ئەجرىگە لايىق جاۋابقا ئېرىشەلمەيتتى . مۇۋەپپەقىيەت كۈچلۈكلەرگە ، مەغلۇبىيەت ئاجىزلارغا مەنسۇپ بولاتتى ، بۇ ئۇدۇم ئەزەلدىن شۇنداق ئىدى . ئېنىقكى ، بۇ ئۇنىڭ خىيالي تۇيغۇسى ئىدى . سىبىل ۋېيىننىڭ ئىنىسىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەن دەپ كەينىگە چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ ئاللىقاچان يىراق دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ كەتتى ، بۇ چاغقا دېڭىزغا غەرق بولدىمۇ تېخى . مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇ ئەمدى دورىيانغا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ دورىياننىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ ھەم بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . دورىياننىڭ نەۋقىران يىگىتلەرگە خاس ئاشۇ چىرايى ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى .

ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ سۆرۈن كۆلەڭگۈسى پىنھان بۇلۇڭلاردىن ئۇنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ماراپ تۇرسا ، مەسخىرە قىلسا ، زىياپەتتە ئولتۇرغاندا

قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىسا ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مۇزدەك قوللىرى بىلەن ئويغاتسا ، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق – ھە ! ئاشۇنداقلا بولىدىغان بولسا ، ئۇ ئەمدى قانداق ياشايدۇ ؟ ئۇنىڭ كاللىسىنى ۋەھىمىلىك خىياللار چىرمىۋالدى ، قورقىنىدىن چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ ، ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . ھەي ! ئۇ بازىلنى ھەجەپ ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۈۋەتتى – ھە ! ئۇنىڭغا شۇ ئەندىشىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ ! جىمى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر – بىرلەپ زاھىر بولدى . قورقۇنچلۇق ئىشلار ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىپ باراتتى . سائەت ئالتە بولغان چاغ ، لورد ھېنرى كېلىپ دورىياننىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى .

دورىيان ئۈچ كۈن ئۆتكەندىلا ئاندىن ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ سىرتقا چىقتى . قىش كۈنلىرىنىڭ سەھەر ۋاقتىدىكى كۈچلۈك قارىغاي ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەن ساپ ھاۋاسى دىمىقىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن ، ئۇ خېلى تېتىكلىشىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇھىت بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆڭلىنى مالىمان قىلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئازاب ئېڭى بىلەن تەبىئىتى كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى . پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەرلا ئازاب – ئوقۇبەت ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ . قايغۇ – ھەسرەت بىلەن سۆيگۈ – مۇھەببەت قانچىكى تېز بولسا ، شۇنچە ئۇزاق داۋاملىشىدۇ . قانچىكى كۈچلۈك بولسا ، ئۆز ئىچىدىن گۇمران بولىدۇ . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەھىمىلىك خىياللىرىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىغا تولۇق ئىشەندى ، ئۆز – ئۆزىگە ئېچىندى ، ئۆزىنى ناھايىتى پەس كۆردى .

ناشتىدىن كېيىن ، ئۇ كېنەز خانىم بىلەن گۈللۈكتە بىر سائەت ئايلاندى ، ئاندىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ، قورۇقتا ئوۋ ئوۋلاۋاتقان بىر توپ ئوۋچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى . شەبنەم تامچىلىرى ئوت – چۆپلەرنىڭ يۈزىدە خۇددى مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى ، ئاسمان گويا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان كۆك رەڭلىك مېتال ئىستاكانغا ئوخشاپ قالغان ، بولۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق كۆل يۈزىنى نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتقان ئىدى .

قارىغايزارلىقنىڭ چېتىگە بارغاندا ، ئۇ كېنەز خانىمنىڭ ئىنىسى سېر جېفرىي كلاۋستوننىڭ ئوۋ مىلتىقىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ ، پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشتى – دە ، ئاتباقارغا ئاتنى ئۆيگە ئەكېتىشنى تاپىلىدى ، ئاندىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ياۋروپا سارچىسى ۋە بولۇق ئۆسكەن چاتقاللىقلاردىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى .

- قانداقراق ، جېفرىي؟ – سورىدى دورىيان .

- تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ، دورىيان . قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى كەڭرى داللارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ . چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ، باشقا جايغا بېرىپ باقساق

بولىدىغاندەك قىلىدۇ .

دورىيان ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان مېڭىپ بىردەم ئايلاندى . ھاۋادىن جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان بىر خىل خۇش پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى ، سەھەر قوياشىنىڭ كۆچلۈك نۇرى دەرەخلەر ئارىسىدا نازغىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى ، كىشىلەر بىرەر ئوۋ نىشانىنى بايقىغان ھامان ئەسەبىيلەرچە قىقاس - سۈرەن سالاتتى ، ئارقىدىن مىلتىقنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك پاڭىلداپ ئېتىلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . بۇ جۇشقۇن كۆرۈنۈشلەر ئۇنى ئوبدانلا جەلپ قىلىۋالدى ، كۆڭلىمۇ خېلى ئېچىلىپ قالدى ، بايىقى غەم - ئەندىشىلەر ئۇنتۇلۇپ ، چەكسىز بىر خۇشاللىق قوينىغا چۆمدى .

شۇ ئەسنادا ، ئۇنىڭ ئالدىدىن - يىگىرمە نەچچە يارد يىراقلىقتىكى دولقۇنلىنىپ تۇرغان بولۇق ئوتلاق ئارىسىدىن بىر ياۋا توشقان سەكرەپ چىقتى . ياۋا توشقان قاپقارا تۈكلۈك ئۇزۇن قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ ، سەكرەپ - تاقلىغىنىچە ئالىنۇس دەرىخىنىڭ كامېرغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى . جېفرىي شۇئان مىلتىقنى كۆكرىكىگە تىرەپ توشقاننى قارىغا ئالدى . توشقاننىڭ چىرايلىق ھەرىكەتلىرى دورىئان گرېينى جەلپ قىلىۋالغان ئىدى . ئۇ شۇ ھامان «ئوق چىقارماڭ جېفرىي ، ئۇنى ئاتماڭ » دەپ توۋلىدى .

- نىمىدەپ دەپ جۆيلۈۋاتىسىز دورىيان ! - جېفرىي كۈلۈپ كەتتى . ياۋا توشقان ئالىنۇس دەرىخىنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنى ئېتىشىغا ، جېفرىيمۇ تەك ئوق ئۈزدى . شۇئان ، ئىككى يەردىن ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . بىرى ، ئوق تەگكەن ياۋا توشقاننىڭ ئاۋازى بولۇپ ، نالىسىگە چىدىغىلى بولمايتتى . يەنە بىر يەردە بىر ئادەم ئېچىنىشلىق داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە نالە قىلىۋاتاتتى .

- ئاھ تەڭرىم ! بىر ئادەمنى ئېتىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ ! - جېفرىي ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى ، - نېماندا كالۋا نېمە ئۇ . مىلتىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگىنى نىمىسى ! ئاتماڭلار ! - ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ توۋلىدى ، - بىر ئادەم يارىلاندى .

ئوۋ مەيدانىنىڭ كۈزەتچىسى كالتەكنى كۆتۈرگىنىچە يۈگرەپ كەلدى .

- ئوق تەگكەن ئادەم قېنى ئەپەندىم ؟ - ۋارقىرىدى كۈزەتچى . شۇھامان مىلتىق ئاۋازلىرىمۇ چىپپىدە توختىدى .

- ئەنە ئاۋۇ يەردە، - چاتقاللىققا ئالدىراش كىرىپ كېتىۋاتقان جېفرىي زەردە بىلەن جاۋاپ بەردى، - خىزمەتكارلىرىڭىزغا نېرىراق تۇرۇڭلار دەپ قويىسىڭىز بولمامدۇ ؟ مانا بۈگۈنكى ئوۋ ئوۋلاش كەيپىممۇ بىراقلا يوققا چىقتى .

دورىئان ئۇلارنىڭ لەپەڭشىپ جىم تۇرمايۋاتقان يۇمران شاخ - شۇمبىلارنى قايرىپ ئالىنۇس دەرەخلىكىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى . ھايال

ئـۆتمەي ، ئـۇلار بىـر جەسـەتنى ئوچۇقچىلىققا سـۆرەپ چىقتـى . دورىيـان قورقىنـىـدىن كەينىگە ئۆرۈلۈۋالدى ، گويا نەگـىلا بارسـۇن ، بـالا – قـازا ئـۆزىگە ئەگـشىپ يۈرگەنـدەكلا ھىس قىلدى . ئۇ جېفرىينىڭ ھىلىقى ئادەمنىڭ ئۆلگەن – ئۆلمىگەنلىكىنى سورىغانلىقىنى ، ئۇۋ مەيدانى كۈزەتكۈچىسىنىڭ «ئۆلۈپتۇ» دېـگەن جـاۋابىنىمۇ ئاڭلىـدى . كـۆزنى يۇمـۇپ – ئـاچقۇچە ، بىـر تـوپ ئـادەم يىغىلىـپ غولغـۇلا قىلىشـقا باشـلىدى ، ئەتـراپ بىردەمـدىلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كۆكرىكى سۆسۈن كەلگەن يوغان بىر ياۋا توخۇ دەرەخ ئۈستىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى .

ئاردىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى . بـۇ بىـر نەچـچە مىنـۇت ۋاقىـت دەككە – دۈككە ئىچىدە ئاران تۇرغـان ، پۈتـۈن ۋۇجـۇدىنى ئېيتقۇسـىز ئـازاب چىرمىۋالغـان دورىيـان ئۈچۈن نەچچە سائەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى . بىر قول مۈرىسـىگە قويۇلۇشـى بىـلەن تەڭ ، ئـۇ ھودۇققىنىچە شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلدى .

- دورىيان ، – دېدى لورد ھېنرى ، – كەيپىمىزنىڭمۇ پەكارى ئۇچتى ، بۈگـۈنكى ئـوۋ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇنمىكىن .

- بولدى ، ئوۋ ئوۋلاش دېگەننى ئىككىـنچىلەپ كـۆزۈم كۆرمىسـۇن ھـاررى ، – دېـدى دورىيان ئازابلانغان ھالدا ، – ھەجەپ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى – ھە ! كىم بولغىيتتى ئـۇ ...

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى .

- شـۇنداق ، بەك ئېچىنىشـلىق ئىـش بولـدى ، – دېـدى لـورد ھېنـرى ، – ئوقنىـڭ ھەممىسى كۆكرىكىگىلا تېگىپتۇ ، ئـۇ چوقـۇم نەق مەيدانـدىلا جـان بەرگەن گەپ . يـۈرۈڭ ، ئەمدى قايتىپ كېتەيلى .

ئىككىيلەن بىر ئېغىزمـۇ گەپ قىلىشـماي ئەللـىك يـاردقىچە يانمۇيـان مېڭىشـتى . شـۇ ئەسنادا ، دورىيان لورد ھېنرىغا يالتتىدە بىرنى قاراپ قويۇپ ھەسرەت ئىلىكىدە دېدى :

- بۇ يامانلىقنىڭ بىشارىتى ، ھاررى . بىر شۇملۇق بۇرنۇمغا پۇراۋاتىدۇ .

- نـېمە دېـدىڭىز؟ – سـورىدى لـورد ھېنـرى ، – سـىز مۇشـۇ تاسـادىپى ۋەقەنـى دەۋاتسـىزغۇ دەيـمەن . بـۇرادەر ، بۇنـداق ئىشـلاردىن سـاقلانغىلى بولمايـدۇ . گۇناھنىـڭ ھەممىسى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە . كىم ئۇنى مىلتىقنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلسۇن دەپتۇ ؟ جېفرىيمـۇ بـۇ ئىشـتا كـۆپ تەڭقىسـلىقتا قالـدى . ئەممـا ، بۇنىـڭ بىـز بىـلەن ھېچقانـداق ئالاقىسى يوق ، ئۆلگۈچىدىمۇ گۇنـاھ يـوق . باشـقىلار جېفرىينـى قالايمىقـان ئـوق چىقـاردى دەپ قالغاندەك تۇرىدۇ . ئەملىيەتتە ، ئۇنداق ئەمەس . لـېكىن ، ئۇنىـڭ ئاتقـان ئـوقى دەل تېگىدىكەن ئەمەسمۇ . ئەمدى بۇ ئىشنى تەگەۋەرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق .

دورىيان بېشىنى چايقاپ قويدى .

- ياق ھاررى ، بۇ بىر پېشكەلچىلىكنىڭ بىشارىتى . كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئىككىمىزنىڭ بىرىگە بىرەر بالا – قازا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ . بۇ بالا – قازا بەلكىم مېنىڭ بېشىمغا كېلەر ، – ئۇ شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ، قولى بىلەن قاپىقىنى بېسىپ قويدى .

لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .

- دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ بىرسى – كۆڭۈلسىزلىك ، دورىيان . شۇنداقلا بۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر گۇناھ . لېكىن ، مېھمانلار تاماق ئۈستىدە بۇ ئىشنى تەگەپ تۇرۇۋالمىسىلا ، بۇنداق گۇناھقا دۇچار بولمايمىز . مەن ئۇلارغا بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىق توغرىسىدا گەپ قىلىپ قويسام بولغۇدەك . بالا – قازانىڭ بىشارىتى دەپ نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز . تەقدىر ئىلاھى بىزگە ئەزەلدىن بىرەر بىشارەت بېرىپ باققان ئەمەس . ئۇ شۇنچىلىك دانا ھەم شەپقەتسىز تۇرۇپ ، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ . نېمە ئىش قىلغىنىڭىزغا بېشىڭىزغا بالا – قازا كەلگۇدەك ، دورىيان؟ مانا ھەممە نېمىڭىز تەل ، سىزگە ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىشىدۇ ، بىزمۇ ئۇنىڭدەك بولۇپ قالغان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىشىدۇ .

- مەن شۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسامچۇ كاشكى . تولا كۈلۈۋەرمەڭ ھاررى ، راست دەۋاتىمەن . بايا ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە دېھقان جېنىدا مەندىن كۆپ بەختلىك . مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن ، ئەزرائىلدىن قورقىمەن . ئەزرائىل گويا يوغان قانىتىنى كېرىپ ئەتراپىمدا چۆرگىلەۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ . ئاھ تەڭرىم ! قاراڭ ، ئەنە ئاۋۇ ئورمانلىقتا بىرسىنىڭ مېنى پايلاپ يۈرگىنىنى كۆردىڭىزمۇ ؟

لورد ھېنرى ئۇنىڭ پەلەي كىيىۋالغان ، توختىماي تىترەۋاتقان قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇردى .

- شۇنداق ، – دېدى لورد ھېنرى كۈلۈمسىرىگىنىچە ، – باغۋەن سىزنى ساقلاۋاتقاندەك قىلىدۇ . پەرىزىمچە ، ئۇ سىزدىن كەچتە تاماق شىرەسىگە قانداق گۈللەرنى تىزىشنى سورىماقچىدەك قىلىدۇ . نېمانداق جىددىيلىشىپ كېتىسىز بۇرادەر ! شەھەرگە كىرگەندە دوختۇرۇم سىزنى بىر كۆرۈپ باقسا بولغۇدەك .

باغۋەننىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، دورىياننىڭ كۆڭلى خېلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى . باغۋەن شلەپىسىنى سەلگىنە قىمىرلىتىپ قويۇپ ، ئارىسالدى بولغان قىياپەتتە لورد ھېنرىغا قارىدى ، ئاندىن قويىنىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ دورىيانغا تەڭلىدى :

- كېنەز خانىم جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ قالدى ئەپەندىم .

دورىيان خەتنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ :

- كېـنەز خانىمغـا دەپ قـوي ، مەن ھـازىرلا بـارىمەن ، - دېـدى سـوغوقلا . بـاغۋەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆي تەرەپكە قاراپ تېز- تېز كېتىپ قالدى .

- ئايـاللار خەتەرلـىك ئىشـقا تەۋەككـۈل قىلىشـقا نىمانـداق ئـامراقتۇ - ھە ! - لـورد ھېنـرى كۈلـۈپ قويـدى ، - مەن ئۇلارنـىڭ مۇشـۇ ئىشـىغىلا قايىـل . بىـرى سـەللا دىققەت قىلـدىمۇ بولـدى ، شـۇھامان ئايرىـپ ئولتۇرمـاي ھەر قانـداق ئـادەمگە نـاز - كەرەشـمە قىلىۋېرىدۇ .

- تەۋەككۈلچىلىك ھەققىدە گەپ قىلىشقا بەك ئامراقكەنسىز ، ھاررى ! بۇ ئىشتا سىز زور خاتالاشتىڭىز . مەن كېنەز خانىمغا ئامراق ، لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن .

- كېنەز خانىم سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ، لېكىن سىزگە ئـانچە ئـامراق ئەمەس . شۇڭا ئىككىڭلار قوشماق مېغىزدەك تازا ماس كېلىسىلەر .

- تولا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمىگە ھاررى . ئۇنداق ئەيىقاچتى گەيلەرگە ئىشەنمەك .

- گەپمـۇ بىكارغـا چىقمايـدۇ ، شـۇڭا ئەپقـاچتى گەپـلەرگە ئىشەنمەسـلىكنىڭ ئـۆزى ئەخلاقسىزلىق ، - دېدى لورد ھېنرى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ .

- ئاشـــۇ «ھېكمەتلـــىك» گەپلىرىڭىزنـــى قىلـــىش ئۈچـــۈن ھېچكىمنـــى بـــوش قويمايدىكەنسىز ، ھاررى .

- كىشىلەر مېنساغا ئۆزى خالاپ بېرىشىدۇ ، - دېدى لورد ھېنرى جاۋابەن .

- بىرەرسىنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ باقسام بولاتتى ، - دورىياننىڭ ئـاۋازى ئـازابلىق تـوۋس ئالـدى ، - مەنـدە ھېسسـىيات دېگەنـدىن ئەسـەر قالمـدى ، ئـارزۇ - ئىستەكلىرىممۇ تەلتۆكۈس يوققا چىقتى . ئۆزۈمنىـڭ ھـالى بىلەنـلا قالـدىم ، ئـادىمىيلىكىم ئۆزۈمگە يۈك بولدى . شـۇ تاپتـا يىـراق - يىراقلارغـا كەتكـۈم ، ھەممـە نەرسـىنى ئۇنتۇلـۇپ كەتكـۈم بـار . بـۇ يەرگە كېلىـپ بەك دۆتلـۈك قىپـتىمەن . خارۋېيغـا تېلېگرامما يـوللاپ ، ساياھەت كېمىسى تەييارلاپ قـوي ، دېسـەم بولـدىغان ئوخشـايدۇ.كېـمىگە چىقىپلىۋالسـام خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم .

- قايسى خەتەرنى دەۋاتىسىز دورىيان ؟ سىزگە بىـرەر ئىـش بولمىغانـدۇ ؟ نىـمە ئىـش بولسا ئۇدۇل دەۋېرىڭ ، سىزدىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن .

- سىزگە دېسـەم بولمايـدۇ ، ھـاررى ، - ئۇنىـڭ چىرايـى غەمكىـن تـوۋس ئالـدى ، - ئېھتىمال ، بۇلارنىـڭ ھەممىسـى مەنـدىكى خىيـالىي تۇيغـۇ بولۇشـى مـۇمكىن . بـۇ ۋەقەدىـن كۆڭلۈم تولىمۇ پاراكەندە بولدى . مۇشۇنداق بالا - قـازا بېشىـمغا كېلىـپ قالامـدىكىن دەپ قورقۇپ كېتىۋاتىمەن .

- نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز دورىيان ؟

- جۆيلۈش بولۇپ قالسىغۇ تازا ياخشى بولاتتى . لېكىن ، ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللار خىيالىمغا كىرىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ . ئۇھوي ! كېنەز خانىم كەپتىغۇ . ئۇچىڭىزغا كىيىۋالغان ئىپسل مۇراسىم كىيىمىڭىز بىلەن گېرىتسىيىنىڭ ئايال ئوۋ ئىلاھىغا ئوخشاپ قالغىنىڭىزنى كۆرمەمدىغان . قارىڭە ، مانا بىز قايتىپ كەلدۇق كېنەز خانىم .

- بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىم گرېي ئەپەندىم ، - دېدى كېنەز خانىم ، - بىچارە جېفرىينىڭ روھى چۈشۈپ سالپىيىپلا قاپتۇ . سىزمۇ ئۇنىڭغا توشقاننى ئاتماسلىقنى ئەسكەرتىپتىكەنسىز بولمىسا . تازىمۇ غەلىتە ئىش بوپتىغۇ بۇ !

- شۇنداق ، ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش بولدى . نېمىشقىمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئەشۇ گەپنى قىلغاندىمەن . قارىغاندا ، شۇ چاغدا قېنىم قىزىپ كەتكەن ئوخشايدۇ . ھېلىقى جانۋارمۇ بەك ئۇماق ئىكەن ئىدۇق . ئەپسۇس ، ئۇلار سىزگە بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنى دەپ ساپتۇ ئەمەسمۇ .

- ھەقىقەتەن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىش بولدى ، - گەپ ئارىلىدى لورد ھېنرى، - قىلچىلىك پىسخولوگىيىلىك تەتقىقات قىممىتى يوقتە بۇ ئىشنىڭ . ئەگەر جېفرىي بۇ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا ئىدى ، ئەنە شۇ چاغدىلا ئاندىن بۇ ئىشنىڭ تازا ئەھمىيىتى بولغان بولاتتى ! شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇ قاتىل بىلەن تازا تونۇشقۇم كېلىۋاتىدۇ.

- بەك قورقۇنچلۇق ئادەمكەنسىز ھاررى ! - دېدى كېنەز خانىم ، - شۇنداقمۇ ، گرېي ئەپەندى ؟ ھاررى ، ھاررى ، گرېي ئەپەندىم بولالماي قېلىۋاتىدۇ ، ھۇشىدىن كېتەي دەپ قالدى .

دورىيان تولىمۇ تەسلىكتە قەددىنى رۇسلاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

- ھېچ ئىش يوق كېنەز خانىم ، - پىچىرلىدى دورىيان ، - كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەس . ئەتىگەن بەك ئۇزۇن مېڭىۋەتكەن بولسام كېرەك . بايا ھاررى نېمە دېدى ؟ چوقۇمكى ناھايىتى رەزىل گەپلەرنى قىلدىغۇ دەيمەن ؟ ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ماڭا باشقا كۈنى ئېيتىپ بېرەرسىز . كەچۈرۈڭ ، بىردەم يېتىۋالمىسام بولمىدى . ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم .

ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ ، گۈللۈك شىپاڭدىن بالكونغا تۇتىشىدىغان ھېلىقى پەلەمپەيگە كېلىپ قالغان ئىدى . دورىيان ئەينەك ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتىشىگە ، لورد ھېنرى شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلدى - دە ، ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرى بىلەن كېنەز خانىمغا تىكىلىپ سورىدى ، - سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزما ؟

كېنەز خانىم دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي ، ھاڭۋاققىنىچە چىرايلىق مەنزىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ قالدى .

- ئۆزۈمىزۇ ئۇقمايمەن ، – دېدى ئۇ ئاخىرى .

لورد ھېنرى بېشىنى چايقاپ قويدى .

- ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولۇپ كەتسە ، جانغا زامىن بولىدۇ . بىر نەرسىگە بولغان تونۇش قانچىكى غۇۋا ، قانچىكى مەۋھۇم بولسا ، شۇ نەرسە كىشىگە شۇنچە ئۇز بىلىنىدۇ .

- ئۇنداق غۇۋا بولۇپ كەتسە ، ئاسانلا يولدىن ئادىشىپ قالىدىغان گەپ .

- ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسىنىڭ مەنزىلى بىر يەردە ئاخىرلىشىدۇ ، سۆيۈملۈك گلادىس .

- نەدە ئاخىرلىشىدۇ؟

- خىيالىي تۇيغۇ بەربات بولغان يەردە .

-مېنىڭ ھاياتىم دەل ئاشۇ خىيالىي تۇيغۇ بەربات بولغان يەردە باشلىنىدۇ ، – كېنەز خانىم يېنىككىنە ئۇھسىنىپ قويدى .

- سىز خىيالىي تۇيغۇنى ھېس قىلىپ بولغۇچە ، ئۇ خان تاجى بولۇپ بېشىڭىزغا كىيىلىپ بولىدۇ .

- مەن بۆلجۈرگەن يوپۇرمىقى شەكىلىدىكى تاجىسمان بېزەكلەردىن ① بەك بىزار .

- شۇندىقىنى كىيىسىڭىز سىزگە بەك يارىشىدۇ .

- ئۇنداقلىرى ئامىۋى سورۇنلارغىلا ماس كېلىدۇ .

- بىر كۈنلەردە شۇنىڭ ئارمىنىنىمۇ يەپ قالىسىز ، – دېدى لورد ھېنرى .

- گۈلنىڭ بىر تال بەرگىسىنىمۇ يوقىتىپ قويماسمىنا .

– ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ، ئېرىڭىز مونمونتىنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن جۇمۇ .

- قېرىپ قالغان ئادەمنىڭ قۇلىقى قانچىلىك بولماقچىدى .

- ئۇ سىزنى قەتئىي كۈنلىمەمدا ؟

- مەنمۇ شۇنى دەيمەن . گاھىدا ، ئۇمۇ باشقا ئاياللارنىڭ ئەرلىرىدەك مېنى كۈلەپ قويسا بولمامدىغاندۇ دەپ كېتىمەن .

لورد ھېنرى گويا بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ، تۆت ئەتراپىغا قارىدى .

-نىمە ئىزلەۋاتىسىز ؟ – سورىدى كېنەز خانىم .

-خەنجىرىڭىزنىڭ قالقىنىنى ② ئىزدەۋاتىمەن ، – جاۋاب بەردى لورد ھېنرى ، – سىز ئۇنى تاشلىۋەتتىڭىز .

كېنەز خانىم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى :

- مەن تېخى نىقابىمنىمۇ ئېلىۋەتمىگەن تۇرسام .

- نىقاب تاقىۋالسىڭىز ، كۆزلىرىڭىز ئادەمنى بۆلەكچە جەلپ قىلىدىكەن ، – دېدى

لورد ھىنرى .

كېنەز خانىم يەنە كۈلۈپ كەتتى ، كۈلگەندە ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى كىشىگە گويا قىپقىزىل ئالمىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقنى ئەسلىتەتتى .

دورىيان گرېي ئۇستىئونكى قەۋەتتىكى ھوجرىسىدىكى كىرىسلودا سوزۇلۇپ ياتاتتى ، ۋۇجۇدى قورقۇنچتىن شامال سوققان ياپراقتەك غال - غال تىترەيتتى . ھايات كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا بىر قورقۇنچلۇق يۈككە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ يەلكىسىنى قاتتىق باساتتى . بايا ئوق يەپ ئۆلگەن ھېلىقى بىچارە كىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى گويا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ لورد ھىنرىنىڭ بايا چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان گەپلىرىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى .

سائەت بەش بولغاندا ، دورىيان گرېي ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ خىزمەتكارنى چاقىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى تەقلەپ قويۇشنى ، كېچىلەپ شەھەرگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ، سائەت سەككىز يېرىمدا پەيتونىنى دەرۋازا ئالدىغا توختىتىپ تەق قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى .

شۇ تاپتا ئۇنىڭ سېلبي قورۇقىدا بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى ، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە بىرەر پېشكەلچىلىككە يولۇقىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى . بۇ يەردە ئەزرائىل ئوچۇق - ئاشكارا مېڭىپ يۈرمەكتە ، ئورمانلىقتىكى چاتقاللىقلار ئارىسىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىدى .

ئارقىدىن ، ئۇ لورد ھىنرىغا بىر پارچە خەت يېزىپ ، خېتىدە ئۆزىنىڭ شەھەرگە قايتىپ ئۇنىڭ دوختۇرىنى ئىزلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆزىگە ۋاكالىتەن مېھمانلارنى كۈتۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى . ئۇ خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سالاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئىشىك چېكىلىپ خىزمەتكار كىرىپ كەلدى ۋە ئوۋ مەيدانى كۈزەتچىسىنىڭ كۆرۈشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى - دە ، بىردەم ئارىسالدى بولۇپ كېتىپ : «ئۇنى باشلاپ كىر» دېدى .

كۈزەتچى ئىشىكتىن كىرىشىگە ، دورىيان تارتمىدىن پۇل چېكى دەپتىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يايدى .

- مېنىڭچە سەن بۈگۈن ئەتىگەن يۈز بەرگەن ھېلىقى ئىش ئۈچۈن كەلدىڭغۇ دەيمەن تورنتون؟ - سورىدى ئۇ قولىغا قەلەمنى ئېلىپ .

- شۇنداق ، ئەپەندىم ، - جاۋاب بەردى كۈزەتچى .

- ئۇ بىچارە تويى قىلغانمۇ ؟ ئۆيىدە ئۇنىڭ بېقىشىغا قاراشلىق بىرەرى بارمۇ ؟ - سورىدى دورىيان بىزارلىق بىلەن ، - ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن

ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن . سەن زۆرۈر دەپ قارىساڭلا ، ئۇلارنىڭ دىگىنىنى بىرىمەن .

- بىز ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدۇق ئەپەندىم . شۇڭا مەن ئۆزۈمنى چاغلىمايلا ئالدىڭىزغا سۈرۈشتۈرگىلى كېلىۋېدىم .

- كىملىكىنى بىلەلمىدۇق؟ – سورىدى دورىيان روھسىز قىياپەتتە ، – بۇ نىمە دىگىنىڭ ؟ ئۇ سىنىڭ قول ئاستىڭدىكى ئادەم ئەمەسما ؟

- ئەمەس ئەپەندىم . ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن . تۇرۇقىدىن ماتروستەك قىلىدۇ ئەپەندىم .

دورىيان گىرىپىنىڭ قولىدىكى قەلەم تۇيۇقسىز سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ، گويا يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى .

- ماتروس ؟ – توۋلىدى دورىيان ، – سەن ئۇنى ماتروسكەن دىدىڭما ؟

- شۇنداق ئەپەندىم . قارىماققا ماتروسقا بەكلا ئوخشايدىكەن ، ئىككى بىلىكىگە ئالا قويماي گۈل چېكىۋالغان بىر نىمىكەن .

- ئۇنىڭ يېنىدىن بىرەر نەرسە چىقتىمۇ ؟ – دورىيان ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ ، كۆزەتچىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى ، – ئۇنىڭ يېنىدىن سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ بېرەلىگۈدەك بىرەر نەرسە چىقتىمۇ ؟

- ئازراق پۇل بىلەن يەنە بىر دانە ئالتە ئاتار تاپانچىسى بار ئىكەن . سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ بېرەلىگۈدەك ھېچنەرسە چىقمىدى . ئۇنىڭ تومپايلىقىغا قاراپ ، بىز ئۇنى ماتروسمىكىن دەپ پەرەز قىلدۇق .

دورىيان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ، كاللىسىدا كۈچلۈك بىر ئۈمىد يۇلتۇزى يالىتتىدە قىلىپ چاقنىغاندەك بولدى .

- جەسەت قەيەردە ؟ – سورىدى ئۇ ئالدىراپقىنا ، – تېز بول ! مېنى باشلاپ بار ، ئۇنى كۆرۈپ باقاي .

- دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئاتخانىدا ئەپەندىم . باشقىلار نەس باسىدۇ دەپ جەسەتنى ئۆيگە ئەكىرىشكە ئۇنىمىدى .

- ئاتخانىدا ! سەن دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ مېنى ساقلاپ تۇر . پەيتۇنكەش ئاتتىن بىرنى يېتىلەپ كەلسۇن ، ياق ، بولدى . بولمىسا ئاتخانىغا ئۆزۈم بارسام تېزرەك بولغۇدەك.

ھايال ئۆتمەي ، دورىيان گىرېي ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرغىنىچە ئۇزۇن كەتكەن خىيابان يولىدا پەيدا بولدى . يول بويىدىكى دەرەخلەر گويا ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇرغان جىن – ئالۋاستىلەردەك ئۇنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتەتتى . ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات بىر ئاق تۈۋرۈكنىڭ يېنىدىن جىددىي ئايلىنىشىغا ، دورىيان ئاتتىن ھاۋا تاپان بولۇپ

يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى ، دورىيان ئاچچىقىدا قامچا بىلەن ئاتنىڭ بويىنىغا بىرنى سالدى . تۇيۇقسىز تەگكەن قامچىدىن چۆچۈگەن ئات يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتا ئوخشاش ، قاراڭغۇدا تۇياقلىرى ئاستىدىن شېغىللارنى چاچرىتىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى .

دورىيان دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاخىرى يېتىپ كەلدى ، ئىككى ئادەم ھويلىدا لاغايلاپ مېڭىپ يۈرەتتى . ئۇ ئاتتىن لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ ، چولۇۋۇرنى ئۇنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىگە تاشلاپ بەردى . ئۇ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئېغىلدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ ، جەسەتنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى ۋە ئىككى تاقلاپلا ئېغىلنىڭ ئالدىغا كەلدى — دە ، قولىنى ئىشىكنىڭ تاقىقىغا ئالدى .

دورىيان بىردىنلا تۇرغان جايىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇرۇپلا قالدى ، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپلا كەتسە ، پۈتكۈل تۇرمۇشى ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئېغىلغا كىردى .

ئېغىلنىڭ بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان بىر دۆۋە تاغارنىڭ ئۈستىدە ئۇچىسىغا قوپال تىكىلگەن كۆينەك بىلەن كۆك ئىشتان كىيگەن ، يۈزىگە قاسماقلىقىدىن كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن قولياغلىق يېپىپ قويۇلغان بىر ئادەمنىڭ جەسىتى ياتاتتى . يېنىدىكى بوتولكىغا سانجىپ قويۇلغان بىر تال شام پىلىلداپ كۆيۈۋاتاتتى .

دورىيان گرېيىنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى ، جەسەتنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي ، چاكارلارنى چاقىردى .

- ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەت ، ئۇنى كۆرۈپ باقاي ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ، ئىشىكنىڭ تۇۋرۈكىگە چىڭگىدە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى .

چاكار جەسەتنىڭ يۈزىدىكى قولياغلىقنى ئېلىۋەتتى . ئۇ ئىككى چامداپلا ئالدىغا ئۆتتى — دە ، خۇشاللىق ئىلكىدە ۋارقىرىۋەتتى . دەرەخلىكتە ئوق تېگىپ ئۆلگەن بۇ ئادەم دەل جامۇس ۋېيىن ئىدى .

ئۇ جەسەتكە قارىغىنىچە جايىدا خېلىغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇ ئۆيگە كېتىۋېتىپ ، خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىدىن خوشلۇقىدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى .

## ئىزاھات :

①كېنەزلەرنىڭ تاجىسىغا تاقايدىغان بېزەك .

② قىلچۇۋازلىق قىلغاندا كىيىدىغان نىقاب ۋە شەمشەرنىڭ دەستىسىنىڭ يېنىدىكى يۇمۇلاق قالقان قوغدىنىشتا ناھايىتى ئەسقاتىدۇ .

# ئون توققۇزىنچى باب

- ماڭا يېڭىدىن ئادەم بولۇشىڭىزنى جاكارلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ – لورد ھېنرى شۇنداق دېگەچ ، شىشىدەك ئاپپاق بارماقلىرىنى لىققىدە گۇلاپ سۈيى توشقۇزۇلغان قىزىل رەڭلىك مىس قاچىغا تىقتى ، – مانا شۇ تاپتىمۇ بىر ئوبدان تۇرماسىز . مۇشۇ ھالىتىڭىزنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەڭ .

دورىيان گرېي بېشىنى چايقاپ قويدى .

- ياق ھاررى ، ھاياتىمدا قىلغان يامان ئىشلىرىم بەك تولا ، ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن . تۈنۈگۈندىن باشلاپ ياخشى ئىش قىلىشنى باشلىدىم .

- تۈنۈگۈن نەدە بولدىڭىز ؟

- يېزىدا ، ھاررى . بىر دەڭدە ئۆزۈم يالغۇز ئۇخلىدىم .

- بۇرادەر ، – دېدى لورد ھېنرى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ، – يېزىدا ئادەمنىڭ ئەسكىسى يوق ، ئازدۇرۇشمۇ يوق . ئۇلار دەل شۇ ۋەجىدىن زامانىنىڭ كەينىدە قالغان . مەدەنىيلىشىش دېگەن ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس . مەدەنىيلىشىشكە پەقەت ئىككى خىل يول بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ . بىرى ، ياخشى تەربىيەئېلىش ، يەنە بىرى ، چۈشكۈنلىشىش . سەھرالىقلارنىڭ بۇلار بىلەن كارى يوق . شۇڭا ئۇلىگىرى باسماي بىر ئىزىدا توختاپ قالغان.

- تەربىيلىنىش بىلەن چۈشكۈنلىشىش ، – تەكرارلىدى دورىيان ، – بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ بېشىمدىن ئاز – تولا ئۆتكەن . بۇ ئىككىسىنىڭ بىر – بىرى بىلەن توقۇنۇشماي بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ . شۇڭا مەندە يېڭىباشتىن ئادەم بولۇشتەك يېڭى بىر غايە پەيدا بولدى ھاررى . ئويلاپ باقسام ، مەن جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەن .

- نېمە ياخشى ئىش قىلغىنىڭىزنى تېخى دېمىدىڭىز ، قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭىز بىر قېتىم بىلەنلا توختاپ قالمىغاندۇ ؟ – لورد ھېنرى شۇنداق دەپ سورىغاچ ، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن بىر دۆۋە بۆلجۈرگەننى تەخسىگە سالدى – دە ، قۇلۇلە قېپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قوشۇق بىلەن ئۇستىگە شېكەر سەپتى .

- سىزگە دېمەي كىمگە دەيمەن ، ھاررى . بۇ كۆرگەنلا ئادەمگە دەپ يۈرىدىغان ئىش ئەمەس . بىر قىزچاقنىڭ جېنىنى ئالماي ئامان قويدۇم . بۇ گېپىم سەل

كۆپتۈرۈۋۋېتىلگەنـدەك بىلىنىـدۇ . لـېكىن ، مەقسـىدىمنى تـوغرا چۈشـىنىڭ . ئـۇ بەك چىرايلىق ، سىبىل ۋېيىنغا قۇيۇپ قويغانـدەكلا ئوخشـايدۇ . قارىغانـدا ، دەسـلەپتە ئۇنـىڭ دەل ئاشۇ يېرى مېنى جەلـپ قىلىۋالغـان ئـىكەن . سـىبىل ۋېـين يـادىڭىزدا بـاردۇ ؟ ئـۇزۇن بولۇپ كەتـكەن ئـىشلارغۇ ئـۇ ! هـم ، هەيـدى ئەلـۋەتتە ئـىككىمىـزدەك يـوقىرى تەبىقـدىن ئەمەس ، ئـۇ بىـر سـەھرا قـىزى . لـېكىن ، مەن ئـۇنى چىـن دىلىمـدىن ياخشـى كـۆرىمەن . هەممە ياق گۈزەل تۇسكە كىرگەن مۇشـۇ مـاي ئېيـىدا ئۇنـىڭ بىـلەن كۆرۈشـكىلى هەپتـىدە نەچچە قېتىم باردىم . ئىككىمىز تۇنۇگۇن بىر كىچىك باغچىدا كۆرۈشتۇق ، رەڭگـارەڭ ئالما چېچەكلىـرى هېلىـدىن – هېلىغا ئۇنـىڭ چاچلىرىغـا ئېسـىلاتتى ، ئـۇ توختىمـاي ۋىلىقلاپ كۈلەتتى . ئەسلى بۈگۈن تاڭ سەھەردە يىراق – يىراقلارغا قېچىـپ كەتمەكچى بولۇشقان . لېكىن ، تۇرۇپلا ئۇنىڭ تۇنجى رەت ئۇچراشقان چاغدىكى سەبىيلىكىنى ، زىبالىقىنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدىم .

- پەرىزىمچە ، بۇ ئېڭىچە تۇيغۇ سىزگە زور خوشاللىق ئاتا قىلدىغۇ دەيمەن ، دورىيان ، – لـورد هېنـرى ئۇنـىڭ گېپىنـى بۆلـدى ، – بـۇ سـەھرا ناخشىسـىنى سـىلەر ئۇچـۇن مەن ئېيتىپ تۇگىتىشكە رازىـمەن . سـىز ئۇنىڭغـا خەيرىخـاھلىق قىلـىڭ . سـەممىيىتىڭىز بـىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى زېـدە قىپسـىز . مانـا بـۇ سـىزنىڭ ئۆتمۈشـىڭىزگە تـوۋا قىلـىپ ، يېڭـىۋاشـتىن ئادەم بولۇشىڭىزنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قاپتۇ .

- هـاررى ، بەك رەزىـل ئادەمكەنسـىز ! تـولا ئۇنـداق ئـادەم قورقىتـىدىغان گەپلەرنـى قىلماڭ . هەيدىنىڭ قەلبى زېدىلەنگىنى يوق . ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغىنى راسـت . لېكىن ، ئـۇ ئـار – نومۇسـقا قـالغۇدەك هـېچـئىش بولمـىدى . ئـۇ پېردىتاغا ① ئوخشـاش ، ياللۇز بىلەن تىرناقگۈل قاپلىغان گۈللۈكتە ياشاۋەرسە بولۇۋېرىدۇ .

- شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان هېلىقى فلورىزېـل ② ئۇچـۇن ھەسـرەتلىك يـاش تۆككەن ئوخشىمامدۇ ، – لورد هېنرى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئـۆزىنى تاشـلاپ كۈلـۈپ كەتتى ، – سۆيۈملۈك دورىيان ، بەزى يەرلىرىڭىز كىچىك باللىغىلا ئوخشايدۇ سىزنىڭ .

سىز ئـۇ قىزنـى مەرتىۋىسـى ئـۆزى بـىلەن تەڭـراق كىلىـدىغان بىرىنـى ياخشـى كـۆرۈپ قالىدۇ دەپ قالدىڭىزما ؟ پەرىزىمچە ، ئـۇ كېـيىن بىـرەر تومپـاي پەيتۇنكەشـكە يـاكى كـالۋا تېرىقچىغا ياتلىق بولمىسا مانا مەن . هەي ، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ . ئەمدى ئېنىقلا ئېرىنـى كەمسـىتىدۇ ، شـۇ ۋەجىـدىن دەرت – ئەلەمـگە قالـىدۇ . ئەخـلاق نۇقتىسـىدىن قارىغانـدا ، سـىزنىڭ تـۇرۇپلا ئـۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشـىڭىز ماختاشـقا ئەرزىمەيـدۇ . ئۇنـىڭ ئۈسـتىگە ، هەيـدىنىڭ ئوپېلىيـادەك يۇلتـۇزلار چـاراقلاپ تۇرغـان كـۆك قەرىـدە پەرۋاز قىلمىغىنىنى ، نىلۇفەر گۈلى قاپلىغان تۇگمەن كۆيلىسىدا بېلىقتەك ئۈزمىگىنىنى سىز نەدىـن

بىلىسىز ؟

- بۇ گەپلىرىڭىزدىن خويمۇ بىزار بولدۇم ھاررى ! سىز ھەممىنى مەسخىرە قىلىدىكەنسىز ، ئۆز خىيالىڭىزغا تايىنىپلا ئىچىنىشلىق تراگېدىيىلەرنى توقۇپ چىقىرىدىكەنسىز . شۇ تاپتا ، سىزگە شۇ گەپلەرنى قىلغىنىمدىن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن . گەپلىرىڭىزگە ئەمدى ئىككىنچىلەپ پىسەنت قىلمايمەن . قىلىۋاتقانلىرىمنىڭ خاتا ئەمەسلىكى ئۆزۈمگە ئايان . بىچارە ھەيدى ! بۈگۈن ئەتىگەن ئاتقا مىنىپ ھېلىقى دېھقانچىلىق فېرمىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ھوپپىدە ئىچىلغان يەسمەن گۈلىنى ئەسلىتىدىغان ئاپئاق يۈزلىرىنى دېرىزىگە چاپلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . بولدى ، بۇ ئىشنى ئەمدى تىلغا ئىلىشمايلى ، سىزمۇ مېنىڭ شۇنچە يىلدىن بېرى قىلغان تۇنجى قېتىملىق ياخشى ئىشىمنى ئىنكار قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالماڭ . بۈرۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مۇشۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق يۇيىمەن ، ياخشى ئادەم بولۇپ ، بۈرۈنقى ھالىتىمگە قايتىمەن . ئۆزىڭىز توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەرمەمسىز؟ كۇلۇبقا بارمىغىنىمغا نەچچە كۈن بولدى . ئېيتىڭە ، شەھەردە قانداق يېڭى خەۋەرلەر بار ؟

- كىشىلەر بىچارە بازىلنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا غولغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ .

- مەن تېخى ئۇلارنى بۇ ئىش توغرىسىدا تولا غولغۇلا قىلىشىپ زېرىكتىمىكىن دەپتىمەن ، – دورىيان ئىستاكانىغا ئازراق ئۈزۈم ھارىقى قۇيغاچ قاشلىرىنى ئېتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

- ۋاي ئوبدان ئۇكام ، بۇ ئىش توغرىسىدا غولغۇلا بولۇۋاتقىنىغا تېخى ئەمدى ئالتە ھەپتە بولدى ، ئەنگلىيىلىكلەر بىرەر پاراڭ تېمىسىنى تېپىۋالدىمۇ بولدى ، ئۈچ ئايغىچە باشقا ئىش توغرىسىدا پاراڭلاشمايدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ يېقىندا ناھايىتى ئامىتى كەلدى . مېنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىم ، ئالان كامپبېلنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېلوسى ئۇلار ئۈچۈن تازا ياخشى پاراڭ تېمىسى بولۇپ تۇرۇۋېدى ، مانا ئەمدىلىكتە رەسسام بازىلمۇ سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتتى . لوندون ساقچىلىرى، تۇققۇزىنچى نويابىر كۈنى ئۇچىسىغا كۇل رەڭ پەلتو كىيىپ كېچىلىك پويىز بىلەن پارىژغا كەتكەن ھېلىقى ئەر دەل بىچارە بازىل شۇ، قارىماقتا . فرانسىيە ساقچىلىرى بازىلنىڭ پارىژغا كەلمىگەنلىكىنى جاكارلىدى . كىم بىلىدۇ ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بىرسى چىقىپ ئۇنى سان فرانسىسكودا كۆردۈم دەمدۇ تېخى . قىزىق ئىش ، كىم يوقاپ كەتسە ، ئۇنى بىرسى سان فرانسىسكودا كۆرگەن بوپ چىقىدىكەن . قارىغاندا ، ئۇ بەك جەلپكار شەھەر ئوخشايدۇ .

- سىزنىڭچە ، بازىلغا بىرەر ئىش بولغان ئوخشامدۇ ؟ – دورىيان قولىدىكى براندى ھارىقى قۇيۇلغان ئىستاكاننى كۆن نۇرىغا تۇتۇپ سىنچىلاپ قاراپ قويدى ۋە ئۆزىنىڭ لورد

ھېنرى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ھېچئىش بولمىغاندەك كەڭ – كۇشادە پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدىن ھەيران قالدى .

- بۇ ھەقتە مەن ھېچنېمە ئويلىمىدىم . ئەگەر بازىل قەستەن يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا ، بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق . ئەگەر ئۇ ئۆلگەن بولسا ، ئەسلەپ يۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن . ئەڭ قورقىدىغىنىم ئۆلۈم ، ئۆلۈمدىن بەك بىزارمەن .

- نېمىشقا ؟ – سورىدى دورىيان پەرۋاسىز قىياپەتتە .

- چۈنكى، – لورد ھېنرى شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەچ ، ئەپچىلگىنە كەلگەن ئاچچىقسۇ قۇتىسىنى بۇرۇنىغا يېقىن ئەكېلىپ پۇراپ قويدى ، – 19 – ئەسىردە كىشىلەر ئۆلۈم ۋە چاكىنىلىقنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى . كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىگە كىرىپ ئازراقتىن قەھۋە ئىچىشەيلى ، دورىيان . ماڭا چوپىننىڭ مۇزىكىسىنى چېلىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ ، ئايالىم بىلەن قېچىپ كەتكەن ھېلىقى خومپەر چوپىننىڭ مۇزىكىسىغا بەك ئۇستا ئىدى . بىچارە ۋىكتورىيە ! مەن ئۇنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتىم ئەمەسمۇ . ئۇ يوق ، ئۆيدىن بوران ئۇچۇپلا تۇرىدۇ . نىكاھلىق تۇرمۇش دېگەن بولمايدىغان نەرسىكەن ، بىرلا كۆنۈپ قالسىڭىز ، تاساددىپىي شۇ نىكاھ گۇمران بولۇپ قالسا ، قىيالمايلا قالىدىكەنسىز . يامان ئادەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن ئادەمنىڭ ، بۇ يامان ئادەتلەر قان – قېنىمىزغا ، مىجەز – خۇلقىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بولىدىكەن .

دورىيان ئۈندىمىدى ، ئورنىدىن تۇرغان پېتى ئۇدۇل ياندىكى ئۆيگە كىردى – دە ، پىئانىنونىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، بارماقلىرىنى پىيانىنونىڭ چىرايلىق تىللىرى ئۇستىدە ئوينىتىشقا باشلىدى . قەھۋە كىرىشى بىلەن پىيانىنو چېلىشتىن چېپپىدە توختاپ ، لورد ھېنرىغا بۇرۇلۇپ سورىدى :

– ھاررى ، سىز بازىل قەستكە ئۇچرىغانمىدۇ دەپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

لورد ھېنرى ئەسنەپ تۇرۇپ دېدى :

– بازىل بەك چىقىشقاق ئادەم . قاچانلا قارىسا يۈلغا يارىمايدىغان ئەرزان سائەت تاقىۋالىدىغان ئۇنداق ئادەمنى كىممۇ قەستلەر؟ ئۇ تېخى دۈشمەنلىك بولغۇدەك ھالەتكە يەتمىدى . ئەلۋەتتە ئۇنىڭ رەسىم سىزىش جەھەتتىكى تالانتى بەك ئۇستىلىن . ۋېلاسكۇزغا ③ ئوخشاش رەسىم سىزىشقا ماھىر ئاشۇنداق كىشىلەرمۇ تۇترۇقسىز بولىدىكەن دېسە . بازىل ئەنە شۇنداق تۇتۇرۇقسىز ئادەم . ئۇ مېنى پەقەت بىر قېتىملا قىزىقتۇرغان . ئۇ كۆپ يىللار ئىلگىرىكى بىر ئىش ئىدى . شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ سىزگە ناھايىتى چوقۇنىدىغانلىقىنى ، سىزنى ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ باش تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى .

– مەن بۇرۇن بازىلغا بەك ئامراق ئىدىم ، – دېدى دورىيان ئاۋازىغا ئازابلىق تۈس بېرىپ ، – ئەجىبا ھېچكىم ئۇنى قەستكە ئۇچرىمىدى دېمىدىما؟

– بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە ، شۇنداق دېيىلدى . مېنىڭچە ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . پارىژدىكى ئەسكىلىكتە نامى پۇر كەتكەن جايلار بەك كۆپ . لېكىن ، بازىل ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ، ئۇنداق يەرلەرگە ھەرگىز بارمايدۇ . ئۇنىڭدا ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئىستىكى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان . مانا بۇ ئۇنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى .

– ھاررى ، ئەگەر مەن سىزگە بازىلنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم دېسەم ، سىز نېمە دەيسىز؟

– دورىيان قىزىقىش نەزىرىدە لورد ھېنرىغا تىكىلدى .

– بۇرادەر، ئۇنداق قىلىش سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە زادىلا ماس كەلمەيدۇ . چاكىنىلىقنىڭ ھەممىسى جىنايەت بولغاندەك ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشمۇ چاكىنىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . دورىيان ، سىز ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك چاكىنىلىقنى ھەرگىز قىلمايسىز . بۇ گەپلىرىم غورۇرىڭىزغا تەگكەن بولسا ، مېنى كەچۈرۈڭ . لېكىن مەن ھەقىقەتەن شۇنداق دەپ قارايمەن . جىنايەت ئۆتكۈزۈش تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگىلا ماس كېلىدۇ . لېكىن ، ئۇلارنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيمەن . مېنىڭ نەزىرىمدە ، سەنئەت بىزدىن ئۈستۈن تۇرغاندەك ، جىنايەتمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . لېكىن ، ئۇ سەزگۈ ئەزالارنى غىدىقلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

– سەزگۈ ئەزالارنى غىدىقلاش دېدىڭىزما ؟ بۇ گېپىڭىزچە ، بىر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى يەنە ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن – دە ؟ ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ ھاررى .

– بىر ئىشنى قىلغۇەرسە ، شۇ ئىشقا قىزىقىپ قالىدىغان گەپ ، – لورد ھېنرى كۈلۈمسىرەپ قويدى ، – مانا بۇ ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم سىرلارنىڭ بىرى . لېكىن ، مېنىڭ نەزىرىمدە ئادەم ئۆلتۈرۈش يەنىلا توغرا ئەمەس . ھاراق ئىچىپ كاللىدىن كەتكەندە بەس – مۇنازىرە قىلىشقان ئىشلارنى سادىر قىلىشقا بولمايدۇ . بولدى ، بىچارە بازىل توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئەمدى تىلغا ئېلىشمايلى . بولسىغۇ ئۇنىڭ سىز دېگەندەك رومانتىك ئاقىۋەتكە قالغانلىقىغا ئىشەنسەم بولاتتى ، لېكىن ئۇنداق قىلالمايمەن . ھۆددە قىلالايمەنكى ، ئۇ چوقۇم ئاپتوبۇستىن سېنا دەرياسىغا چۈشۈپ كەتتى ، بېلەت سانتقۇچىمۇ بۇ سەتچىلىكنى ئاشكارىلىمىدى . توغرا، مېنىڭچە ئۇ دەل ئاشۇنداقراق بىر ئىشقا يولۇقتى . شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇزۇن لۆجىلەر بېشىغا يۆگىشىۋالغان ھالەتتە چوڭقۇر دەريادا لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى ، لىققىدە يۈك بېسىلغان كېمىلەرنىڭ ئۇنىڭ يېنىدىلا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن . بىلەمسىزكىن ، ئۇ ئەمدى ھېچقانچە ئېسىل ئەسەر ئىجاد قىلالمايدۇ . مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ رەسىم سىزىش سەۋىيىسى

بۇرۇنقىدىن جىق تۆۋەنلەپ كەتتى .

دورىيان ئۇھسىنىپ قويدى . لورد ھېنرى بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئۆينىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا باردى – دە ، ياۋا شاتۇتنىڭ بېشىنى سىيلاشقا باشلىدى . گەۋدىسى قوڭۇر ، تاجىسى بىلەن قۇيرۇقى ھالرەڭ كەلگەن بۇ جانۋار بىر تال بامبۇكقا قونۇۋېلىپ جىمىمىدە تۇراتتى . لورد ھېنرى ئۇزۇن بارمىقى بىلەن نوقۇپ قويۇۋېدى ، شاتۇتى كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىڭقىدە يۇمغىنىچە بامبۇكنى قاماللاپ ئالدى – كەينىگە پىرقىراشقا باشلىدى.

- شۇنداق، – لورد ھېنرى كەينىگە بۇرۇلۇپ ، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئالغاچ گېپىنى داۋام قىلدى ، – ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى بۇرۇنقىغا يەتمەيدۇ . ماڭا ئۇنىڭ رەسىملىرىدە نېمىدۇر بىر نەرسە كەمدەكلا تۇيۇلىدۇ . ئاراڭلاردىكى دوستلۇق سۇسلاشقاندىن تارتىپلا ، ئۇنىڭدا ئىستېدات قالمىغان . ئىككىڭلار نېمە بولۇپ يىراقلىشىپ كەتتىڭلار؟ مېنىڭچە ، ئۇ سىزنى بىزار قىلىپ قويىدىغۇ دەيمەن . ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا ، ئۇ سىزنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ . كىشىنى بىزار قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مىجەزى شۇنداق بولىدۇ . ھە راست ، سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي ، ئۇ سىزغان ھېلىقى پورترېت كېيىن قانداق بولۇپ كەتتى ؟ ئويلاپ باقسام ، ئۇ رەسىمنى پۈتكەن چاغدا بىر كۆرگەنچە ئىككىنچىلەپ كۆرۈپ باقماپتىمەن . توغرا ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىز ماڭا رەسىملەرنى سېلبىيغا ئەۋەتىۋەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتقاندىڭىز . مېنىڭچە ، رەسىملەر بىر بولسا باشقا يەرگە كېتىپ قالدى ، بىر بولسا ئوغرىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى . سىز ئۇنى ئىزدەپ باقمىدىڭىزما ؟ ھەي ئېسىت ! ھەجەپ ئېسىل ئەسەر ئىدى – دە ئۇ . ئېسىمدە قېلىشىچە ، شۇ چاغدا ئۇنى سېتىۋېلىشنىمۇ ئويلاشقان ئىدىمغۇ دەيمەن . ئۇ – بازىلنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسىرى ئىدى . ئېسىت ، نېمىشقىمۇ شۇ ۋاقىتتىلا سېتىۋالمىغان بولغىيتتىم . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئىجادىيەتتە كۆپ چېكىنىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ ئەنگلىيە سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ نام ئېلىشقا تامامەن مۇناسىپ . رەسىم ئىزدەش ئېلانى چىقىرىپ باققان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى .

- ئېسىمگە كەلمەيتۇ ، – جاۋاب بەردى دورىيان ، – رەسىمنى ئىزدەپ باقتىمغۇ دەيمەن . لېكىن ، ئۇ رەسىم ماڭا زادىلا ياقمىغان ئىدى . ئۇنىڭغا مودېل بولۇپ بەرگىنىمگە بەكلا پۇشايمان قىلىمەن ، شۇ ئىشنى ئويلىساملا بىزارلىقىم تۇتىدۇ . ھەجەپ ئۇنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭىزغۇ ؟ رەسىمنى ئەسكە ئالساملا ، قايسىدۇر بىر درامىمىدىكى («ھامېلېت» دېگەن درامىمىغۇ دەيمەن) مۇنۇ مىسرالار يادىمغا كېلىدۇ :

دەرت – ھەسرەت لەۋ ئۈردى يۈرەك قېتىدا ،
كۆرۈندى يۈزەكى ، يوقتۇر چىن قەلب . ④
لورد ھېنرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- كىشى تۇرمۇشقا سەنئەتكە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مېڭىسى دەل ئۇنىڭ يۈرىكىدۇر ، – ئۇ شۇنداق دېگەچ بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى .
دورىيان گرېي بېشىنى چايقاپ قويۇپ ، پىئانىنونى مۇڭلۇق كۈيىدىن بىر نەچچىگە چېلىۋەتتى .
- دەرت – ھەسرەت لەۋ ئۈردى يۈرەك قېتىدا ، – تەكرارلىدى دورىيان ، – كۆرۈندى يۈزەكى ، يوقتۇر چىن قەلب .
يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغان لورد ھېنرى دورىيانغا نەزەرىنى ئاغدۇردى :
- توغرا دورىيان ، – ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، – «كىشى دۇنيا ماڭا تەئەللۇق بولدى دېگىنى بىلەن ، روھىدىن مەھرۇم قالىدۇ . بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى ؟» دەيدىغان بىر مىسرا بولىدىغان ، توغرا دېيەلىدىمۇ يوق ، ئۆزۈممۇ ئۇقمىدىم .
شۇنداق يېقىملىق چېلىنىۋاتقان مۇزىكا بىردىنلا قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان سەت بىر ئاۋازغا ئالماشتى ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن دورىيان لورد ھېنرىغا تىكىلىپ قارىدى :
- بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ھاررى ؟
- بۇرادەر ، – لورد ھېنرى ئەجەبلەنگىنىچە قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويۇپ دېدى ، – سىزدىن بىرەر جاۋابقا ئېرىشەلەرمەنمىكىن دەپ سوراپ قاپتىمەن ، ھەرگىز باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ . ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى ھەيدى باغچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم ، مەرمەر تاشتا ياسالغان ئەگمە ئىشىكنىڭ يېنىدا كىيىملىرى جۇل – جۇل بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم . ئۇلار كوچىمۇكوچا يۈرۈپ دىن تارقىتىدىغان بىر باستېرنىڭ ۋەز – نەسىھىتىنى ئاڭلاۋاتقان ئىكەن . مەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، ھېلىقى باستېر ئەتراپىدىكىلەرگە مۇشۇ گەپنى ئەزۋەيلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم . بۇ كۆرۈنۈش ماڭا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلدى . بۇنداق غەلىتە مەنزىرىلەر لوندون كوچىلىرىدا كۆزگە خېلى كۆپ چېلىقىدۇ . ئويلاپ بېقىڭە ، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقان ئاشۇنداق بىر كۈندە ، ئۇچىسىغا يامغۇرلۇق چاپان كىيىپ ، يىرتىلىپ جۇلقى چىكەتكەن چېدىرنىڭ ئاستىدا جوپپا – جوپپاڭ يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن كۈنلۈكلىرىنى تۇتۇپ دۈگدەرىشىپ تۇرغان

كېسەل چىراي خىرىستىئان مۇرتىنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇنداق قالتىس گەپلەر چىقار دەپ كىم ئويلىغان دەيسىز . ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلىمۇ قالتىسكەن ، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىكەن . شۇ چاغدا مەن ئۇ دىندارغا : «سەنئەتتە روھ بولىدۇ ، لېكىن ئىنساندا بولمايدۇ» دېمەكچى بولدۇم – يۇ ، سۆزۈمنى چۈشەنمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، دېيىشتىن يالتىيىپ قالدىم .

- بۇنداق دېمەڭ ھاررى . روھ – ئۇ بىر قورقۇنچلۇق رېئاللىق . ئۇنى سېتىۋالغىلىمۇ ، سېتىۋەتكىلىمۇ بولىدۇ ، گېزى كەلسە ، ئالماشتۇرغىلىمۇ بولىدۇ . ھەتتا ئۇنى چىرىتكىلىمۇ ، بۇيۇكلەشتۈرگىلىمۇ بولىدۇ . ھەممىمىزدە روھ بار ، بۇنىسى ماڭا ئايان .

- سىز ئاشۇ گەپكە شەكسىز ئىشىنەمسىز دورىيان؟

- شەكسىز ئىشىنىمەن .

- ئۇنداقتا ، ئۇ سىزدىكى بىر خىل خاتا تۇيغۇ ئىكەن . بىز شەكسىز ئىشەنگەن نەرسىلەردە ھەرگىز چىنلىق بولمايدۇ . مانا بۇ دەل ئېتىقادنىڭ كاساپىتى ، مۇھەببەتنىڭ تەربىيىسى . نېمانداق جىددىي قىياپەتكە كىرىۋالىسىز؟ بۇنداق ئەستايىدىل بولۇۋالماڭ . ئىككىمىزنىڭ خۇراپىيلىق بىلەن نېمە ئالاقىمىز ؟ بىز روھقا چوقۇنۇشتىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن . ماڭا مۇزىكا چېلىپ چېلىپ بېرىڭ ، ئەڭ ياخشىسى كېچە مۇزىكىسى بولسۇن . ئاندىن مۇزىكىڭىزنى چالغاچ ، ياشلىقىڭىزنى قانداق ساقلاپ قالغانلىقىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ . مېنىڭچە ، سىزدە چوقۇم بىر مەخپىيەتلىك بار . مەن بەك كەتسە سىزدىن ئون ياشلا چوڭ . لېكىن ، يۈزۈمنى تۈگەل قورۇق بېسىپ ، رەڭگى – روييۇم زەپىرانىدەك سارغايدى ، چىرايىمنىڭ خۇنى قاچتى . لېكىن ، سىز چىرايىڭىزدىن كەتمەي شۇ پېتى تۇرۇۋاتىسىز دورىيان . بۈگۈن ئاخشام ئىلگىرىكىدىنمۇ جەلپكار بوپ كېتىپسىز ، شۇ تاپتا ماڭا ئىككىمىز تۇنجى كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈننى ئەسلىتىپ قويىدىكىز . شۇ چاغدا سىز تولىمۇ تەنتەك ، نومۇسچان ئىدىڭىز ، كۆزۈمگە باشقىچىلا كۆرۈنەتتىڭىز . ئەلۋەتتە ، كېيىن سىزمۇ ئۆزگەردىڭىز ، لېكىن ، ئاشۇ جەلپكار ، قاملاشقان چىرايىڭىزدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى . ئاشۇ مەخپىيەتلىكلىرىڭىزنى ماڭىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ . ياش ۋاقتىمغا قايتقىلى بولىدىغانلا ئىش بولسا ، ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەن . ياشلىقنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە باسالمايدۇ . «ياشلىق – نادانلىق» دېيىشنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ . ھازىر مەن ئۆزۈمدىن كىچىكلەرنىڭلا پىكرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايمەن . ئۇلار گويا مەندىن ئېشىپ كەتكەندەك ، ھايات ئۇلارغا ئەڭ يېڭى سىرلىرىنى نامايەن قىلىپ بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ . ياشانغانلار بىلەن ئەزەلدىن چىقىشالمايمەن . بۇ مېنىڭ پرىنسىپىم . مۇبادا سىز ئۇلاردىن ، تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشقا قانداق قارايسىز ، دەپ سورىسىڭىز ، ئۇلار سىزگە 1820 – يىللىرى مودا بولغان كۆز قاراشلارنى تەنتەنىلىك جاكارلايدۇ . لېكىن ، ئۇ چاغدا

كىشلەر ئېغىزىدا پۈتلىرىغا گۆجەي يۆگەپ يۈرەتتى ، بىلىدىغان نەرسىسىنىڭ تايىنى يوق ئىدى ، كۆرگەنلا نەرسىگە ئىشىنەتتى ! بۇ مۇزىكا بەك يېقىملىقكەن . بىلمىدىم ، چوپىن بۇ مۇزىكىسىنى ئەتراپىنى كۆپكۆك دېڭىز ئوراپ تۇرغان ماجوركا ئارىلىدىكى داچىسىدا ئىشلىگەن بولغىيمىدى ؟ بۇ ناخشا ئاجايىپ رومانتىك ئىكەن . مىڭ شۈكرى ، تەقلىدچىلىكتىن خالىي سەنئىتىمىز ھېلىمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ . توختىماي چېلىۋېرىڭ ، بۈگۈن مېنىڭ بەك مۇزىكا ئاڭلىغۇم بار . شۇ تاپتا مەن سىزنى گويا ياش ئاپوللو ، ئۆزۈمنى مارسىياستەك ⑤ ھېس قىلىپ قالدىم . دورىيان ، مېنىڭمۇ سىز بىلمەيدىغان ئۆزۈمگە تۇشلۇق قايغۇ – ھەسرەتلىرىم بار . قېرىغان چېغىڭىزدىكى ئازابلىرىڭىز قېرىپ قالغىنىڭىز ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى باشقىلارنىڭ سىزدىن ياش بولغانلىقىدا . گاھى چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ سەممىيلىكىدىن ھەيرانمۇ قالىمەن . ھەي دورىيان ، سىز نېمە دېگەن بەختلىك – ھە !

- بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتىم ھاررى .

- ياق ، سىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . مەن سىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزغا بەكلا قىزىقىمەن . ئۆزۈمنى چەكلەپ تۇرىمەن دەپ ، كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىزنىڭ رەڭدارلىقىنى بۇزۇپ قويماڭ . شۇ تاپتا سىزنى جىمى مۇكەممەللىكنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ ، ئاشۇ مۇكەممەللىكىڭىزنى ساقلاڭ . بېشىڭىزنى چايقىماڭ دورىيان ، مەن دېمىسەممۇ ، ھەممە جەھەتتە مۇكەممەل ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز . ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ . ھايات كىشىنىڭ ئىرادىسى ياكى ئارزۇسىغا باقمايدۇ ، بەلكى نېرۋا تالالىرى ۋە ئاستا – ئاستا يېتىلىشكە باشلىغان نېرۋا ھۈجەيرىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ، ئىدىيە دەل شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بولىدۇ ، ئارزۇ – ئىستەكلەر ، ئوتلۇق ھېسسىياتلارمۇ ئەنە شۇ يەردە بىخلىنىدۇ . سىز ئېھتىمال ئۆزىڭىزنى بىخەتەر ، كۈچلۈك دەپ خام خىيال قىلىدىغانسىز . لېكىن ، ھوجرىڭىزدىن ياكى سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تاسادىپىي ھېس قىلغان تۇيغۇلىرىڭىز ، سىز بۇرۇن ئامراق بولۇپ قالغان ، شېرىن ئەسلىملەرنى ئېسىڭىزگە سالغان خۇشبۇي ئەتىر ھىدلىرى ، ئاللىبۇرۇن ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ، ئەمما تاسادىپىي كۆزىڭىز چۈشۈپ قالغان مەلۇم بىر شېئىرنىڭ بىرەر مىسرالىرى ، سىز چالماس بولۇپ كەتكەن بىرەر مۇزىكىنىڭ بىرەر ئاھاڭلىرى تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . شائىر بورانىن مۇشۇنداق مىسرالارنى قەيەردە پۈتكەن بولسا ، بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزمۇ شۇلارنى شۇئان تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ . گاھىدا ئاق سىرېنگۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى دىماقلىرىمغا ئۇرۇلغان ھامان ،ھاياتىمدىكى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايدىغان شېرىن ئايلارنى يېڭىباشتىن بىر قېتىم ئەسلەپ چىقىمەن . سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بوپ قالسامچۇ دورىيان . جىمى كىشى ئىككىمىزگە لەنەت ئوقۇغىنى بىلەن

، يەنىلا سىزگە چوقۇنىدۇ . ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولغان ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ . سىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلماس بىر مەبۇد . لېكىن ، ئۇلار بۇنى بايقىغان ھامان ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ باسىدۇ . سىزنىڭ ئۆمرىڭىزدە ئەستە قالغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ باقمىغىنىڭىز مېنى چەكسىز مەمنۇن قىلىدۇ . ھايات – سىز ياراتقان بىر سەنئەت . سىز ئۆزىڭىزنى مۆڭلۈق كۆيلەرنىڭ ئارىسىغا قېتىۋەتكەن ، ھەربىر كۈنىڭىز گويىاكى 14 مىسرالىق بىر ئېسىل شېئىر .

پېئانىنو ئالدىدا ئولتۇرغان دورىيان ئورنىدىن تۇرۇپ ، مۇزدەك قوللىرى بىلەن ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى تاراپ قويدى .

- توغرا دېدىڭىز ، ھايات ھەقىقەتەن گۈزەل ، – دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا ، – لېكىن ، تۇرمۇشۇمنى بىر خىلدىلا داۋام قىلغۇم يوق ھاررى . بولدى ، ئۇنداق تاتلىق گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ . سىز مېنى تولۇق چۈشەنمەيسىز . ئەگەر تولۇق چۈشەنگەن بولسىڭىز ، يېنىمدا بىر مىنۇتمۇ تۇرماي بەدەر قاچقان بولاتتىڭىز . نېمىگە كۈلىسىز ؟ قويۇڭ ئۇنداق كۈلكىلىرىڭىزنى .

- مۇزىكىنى چالماي توختىۋالدىڭىزغۇ دورىيان ؟ كېچە كۆيلىرىدىن يەنە بىرەر پەدە چېلىپ بېرىڭچۇ . كېچە ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئاۋۇ تولۇنئاينى كۆردىڭىزمۇ ؟ شۇ تاپتا ئۇ سىزنىڭ مۆڭلۈق كۆيلىرىڭىز ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق ئىزدىمەكچى بولۇۋاتىدۇ . ئەگەر مۇزىكىڭىزنى چالسىڭىزلا ، ئۇ شۇ ھامان زېمىنغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ . ئەجىبا ئاشۇ ئاينىمۇ تەڭقىسلىقتا قويماقچىمۇسىز ؟ بولمىسا كۈلۈپبقا بارايلى . قارىغە ، بۈگۈن كىشىگە تولىمۇ ھوزۇر بېغىشلايدىغان بىر كېچە بوپتۇ ، شۇڭا بۇ كېچىنى راسا بىر خۇشاللىق بىلەن ئۆزىتىپ قويايلى . شۇ تاپتا ، ۋايىت كۈلۈپبىدا بورنماسىنىڭ چوڭ ئوغلى – لورد پۇل دېگەن يىگىت سىز بىلەن تونۇشىمەن دەپ تاقىتى – تاق بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ سىزنىڭ گالستۇك چېگىش ئۇسۇلىڭىزغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ ، مەندىن ئۆزىنى سىز بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى . ئۇ بەك يېقىملىق يىگىت ، ھەر كۆرسەم ئۇنى سىزگىلا ئوخشىتىمەن .

- بولسىغۇ شۇنداق قىلسام تازا ياخشى بولاتتى ، – دورىياننىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى يالتىندە چاقنىدى ، – بۈگۈن سەل چارچاپ قاپتىمەن ھاررى ، كۈلۈپبقا بارغۇم يوق . سائەتمۇ 11 بوپ قاپتۇ ، بالدۇرراق قايتىپ ئارام ئالايمىكىن .

- يەنە بىردەم ئولتۇرسىڭىزچۇ دورىيان ! بۈگۈن مۇزىكىنى بەك قالتىس چېلىۋەتتىڭىز . بارماقلىرىڭىزنى پېئانىنو تىللىرى ئۈستىدە ئەپچىللىك بىلەن ئوينىتىشلىرىڭىز مېنى ئالەمچە خۇشاللىق قوينىغا غەرق قىلدى .

- ھەممىسى مېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشنى نىيەت قىلغىنىمدىن بولدى ھەقاچان ، –

دورىيان كۈلۈمسىرەپ قويدى ، – مەندە ھازىر ئاستا – ئاستا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ .

- مېنىڭ نەزىرىمدە سىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان مۇشۇ پېتى تۇرىسىز دورىيان ، – دېدى لورد ھېنرى ، – سىز مېنىڭ قىيامەتلىك بۇرادىرىم .

- لېكىن ، سىز مېنى بىر كىتاب بىلەن زەھەرلىدىڭىز . بۇ ئىشتا سىزنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن . ھاررى ، سىز ماڭا ، ئۇ كىتابنى ئەمدى ھېچكىمگە بىرىپ تۇرمايمەن ، دەپ ۋەدە بېرىڭ . ئۇ ئادەمنى زەھەرلەيدىغان كىتابكەن .

- ۋاي ئۇكام ، ئەمدى ماڭا ئەخلاق توغرىسىدا دەرس ئۆتۈشكە باشلىدىڭىزغۇ . بۇ تۇرۇقىڭىزدا كونىلىقنى تىرىلدۈرگۈچى دىندارلاردەك ، ھەدېسىلا ئۇچرىغانلا كىشىگە «مەندىن ئىبرەت ئېلىڭلار» دەپ ۋەز – نەسىھەت قىلىشتىن يانمايدىغاندەك تۇرىسىز . سىز بەك يېقىشلىق دورىيان ، ئۇنداق قىلىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ . قولىڭىزدىن كەلدى دېگەندىمۇ ، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق . بىز ئىككىمىز ھازىر قانداق بولساق ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدىغانلار ، بىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيمىز . كىتابتىن زەھەرلىنىدىم دېگىنىڭىز ئەقىلگە سىغمايدىغانلا بىر ئىش . سەنئەت ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ، ئۇ ئوتلۇق ئارزۇ – ئىستەكلەرنى بوغۇپ تاشلىسا تاشلايدۇكى ، ھەرگىزمۇ مېۋە بەرمەيدۇ . بەزى كىتابلار كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخسىپ كەتكەن نۇمۇسسىزلىقلىرىنى ، شەرمەندىلىكلىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئېچىپ تاشلىغاچقا ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق كىتابلار ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان كىتابتۇر . بولدىلا ، ئەدەبىيات توغرىسىدا پاراڭلاشمايلى . ئەتە كېلىڭ ، سائەت 11 لەردە ئات مىنىپ باغچىلارنى بىللە سەيلە قىلايلى ، ئاندىن بۇراڭكسام خانىمنىڭكىدە چۈشلۈك تاماق يەيمىز . ئۇ بەك جەلپكار ئايال . ئۇ گىلەم سېتىۋالماقچىكەن ، سىزدىن شۇ ھەقتە تەلىم ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن ، شۇڭا چوقۇم كەلمىسىڭىز بولمايدۇ . يا بولمىسا چۈشلۈك تاماقنى كېنەز خانىمنىڭكىدە يېسەك قانداق ؟ ئۇ سىزنى ھەجەپ قارسىنى كۆرسەتمەيدىغان بوپ قالدى دەۋاتىدۇ . بىلسەم – بىلمىسەم ، ئۇنىڭدىن تازا بىزار بولدىڭىزغۇ دەيمەن ؟ دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ۋات – ۋاتلىقىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ . ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق ، ئەتە سائەت 11 دە مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى .

- چوقۇم كېلىشىم كېرەكما ھاررى؟

- ئەلۋەتتە ، ھازىر ھېتتى باغچىسىنىڭ تازا چىرايلىق ۋاقتى . ئويلاپ باقسام ، سىز بىلەن تونۇشقان ئاشۇ يىلدىن بېرى بۇنداق چىرايلىق سىرىنگۈلنى كۆرۈپ باقماپتىمەن .

- بولدۇ . ئەمىسە ئەتە سائەت 11 دە مۇشۇ يەرگە كېلەي ، خەيرلىك كەچ ھاررى ، – دېدى دورىيان .

ئـۇ ئىشــىك ئالــدىغا كەلگەنــدە، كۆڭلــدە دىيەلمەيۋاتقــان بىــرەر گېپــى بــاردەك ، ئارىسالدى بولۇپ بىر پەس تـۇرۇپ كەتتى . ئانـدىن چوڭقـۇر ئـۇھ تارتـىپ قويـۇپ چىقىـپ كەتتى .

## ئىزاھات :

① پېردىتا – شېكسپىرنىڭ «قىشتىكى ھېكايە» ناملىق درامىسىدىكى پېرسوناژ .
② فلورىزېل – شېكسپىرنىڭ «قىشتىكى ھېكايە» نـاملىق درامىســىدىكى پېرسـوناژ ، پېردىتانىڭ ئاشىنىسى .
③ ۋېلاسكۇز – ئىسپانىيىلىك مەشھۇر رەسسام .
④ «ھاملېت» تۆتىنچى پەردە ، يەتتىنچى كۆرۈنۈش .
⑤ مارسىياس – يۇنـان ئەپسـانىلىرىدىكى تەبىـئەت ئىلاھـى ، ئافىنـا ياسـىغان نەيـدە ئاپوللو بىلەن نەي چېلىشتا بەسلىشىپ ئاپوللوغا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ .

# يىگىرمىنچى باپ

ئۇ كىشىگە تولىمۇ ھوزۇر بېغىشلايدىغان بىر كېچە ئىدى . كەچ بولۇشىغا قارىماي ، ھاۋا ئوبدانلا ئىسسىق بولغاچقا ، دورىيان پەلتوسىنى سېلىپ بىلىكىگە ئارتىۋالدى ، شارپىسىنىمۇ ئورىمىدى . ئۇ تاماكا چەككەچ ، بىر بېسىپ – ئىككى بېسىپ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا ، ئۇچىسىغا كېچىلىك مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان ئىككى يىگىت ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بىر – بىرىگە : «دورىيان گرېي دېگەن ئاشۇ شۇ» دەپ كۇسۇرلاشقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى . ئۇ شۇئان بۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۇسۇرلىشىشلىرىدىن ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى . لېكىن ، ھازىر ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا ئۇنىڭ بىزارلىقى قوزغىلاتتى . ئۇ يېقىندىن بېرى ھېلىقى كىچىك كەنتكە پات – پات بارىدىغان بولىۋالدى . بىر ياخشى يېرى ، ئۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى . ئۇ مۇھەببەت تورىغا ئىلىندۇرغان ھېلىقى قىزچاققا پات- پات : «مەن بەك نامرات» دەپ قويۇاتتى ، قىزمۇ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە چىنپۇتۇپ قالغانىدى . بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتىشۋېدى ، قىزچاق ئۇنى راسا مازاق قىلدى ، ئۇنىڭغا ئەسكى ئىش قىلىدىغانلار تولىمۇ رەزگى ، بەد – بەشىرە كېلىدۇ دېدى . قىزچاقنىڭ تۇمۇچۇقنىڭ سايرىشىنى ئەسلىتىدىغان يېقىملىق كۈلكىسى جاننى ئالاتتى . ئۇچىسىدىكى پاختا كىيىمى ، بېشىدىكى شلەپىسى بىلەن بۆلەكچە چىرايلىق كۆرۈنەتتى . ئۇ شۇنچىلىك سەبىي ، شۇنچىلىك بىغۇبار ئىدىكى ، ئۇنىڭدىكى ئاشۇ خىسلەتلەر دورىياننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاللىقاچان يوقالغان ئىدى .

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە ، خىزمەتكارى ئۇنى ئۇخلىماي ساقلاپ تۇرغانىدى . ئۇ خىزمەتكارىنى كىرگۈزۋېتىپ ، ئۆزىنى كىتابخانىسىدىكى سافاغا تاشلىدى – دە ، لورد ھېنرىنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىنى بىرمۇ – بىر ئەسلەپ چىقتى .

ئادەمنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى راستمىدۇ ؟ ئۇ بۇرۇنقى پەرىشتىدەك بىغۇبار ، ئاقكۆڭۈل چاغلىرىنى ، لورد ھېنرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان گۈلدەك ياشلىقىنى ئارمان قىلاتتى . ئۆزىنىڭ تولىمۇ چىرىپ كەتكەنلىكىنى ، ۋۇجۇدىنىڭ ئىپلاس خىياللارغا يەم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، كاللىسىنى ۋەھىمە چۇلغىۋالغانلىقىنى ، ئۆزگىلەرگە قانچە

يامان تەسىر بېرەلىسە ، كۆڭلى شۇنچە ئارام تاپىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلەتتى . ئۇنىڭغا يەنە شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىكى كىشى مەيلى قانچىلىك دىيانەتلىك ، قانچىلىك پەزىلەتلىك بولۇپ كەتسۇن ، ئابرويى تۆكۈلۈپ شەرمەندە بولاتتى . ئەجىبا ، مۇشۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولماسمۇ ؟ ئەجىبا ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئۈمىد قالمىغانمىدۇ ؟

ھەي ! ئۇ دەسلەپتە ساختا شان – شۆھرەت ، چىركىن ھەۋەسلەرگە بىر مەھەل قۇل بولۇپ ، تەكرىدىن ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاملاشقان تەققى – تۇرۇقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشىنى ، جىمى قېرىلىقنى ، پېشكەلچىلىكنى بولسا ئۆزىنىڭ رەسىمىگە يۈكلەپ قويۇشنى تىلەپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ ! ئۇنىڭدىكى جىمى گۇمرانلىق ئەنە شۇنىڭدىن كەپتۇ . ئەسلى ئۇ قىلغان ھەر بىر ئىپلاسلىقلىرى ، گۇناھلىرى ئۇچچۇن ۋاقتى – ۋاقتىدا بۇرنىغا يېگەن ، جاجىسىنى تارتقان بولسا ، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالماس ئىدى . پەقەت جازالا گۇناھنى پاكلايدىكەن ئەمەسمۇ . ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ، ھەممىگە ئادىل مۇئامىلە قىلغۇچى تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغىنىمىزدا ، «گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ ئەمەس ، «پەسكەشلىك -لىرىم ئۈچۈن مېنى جازالىغىن» دېيىشىمىز كېرەك ئىكەن .

نۇرغۇن يىللار مۇقەددەم لورد ھېنرى ھەدىيە قىلغان ، تولىمۇ نەپىس ياسالغان ھېلىقى ئەينەك ھېلىھەم ئۈستەلدە تۇراتتى ، ئەينەكنىڭ رامكىسىغا نەقىشلەنگەن ، بىلەكلىرى شېشىدەك سۈزۈك كەلگەن گۈزەللىك ئىلاھى چۈببت ئاۋۇالقىدەكلا چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ئۇ ئەينەكنى قولىغا ئالدى – دە ، ھېلىقى نىجىس رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى تۇنجى رەت ھېس قىلغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىكىدەك ، ياشتا خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن ئەينەككە ئەسەبىيلەرچە تىكىلدى . ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈتىدا كۆيۈپ يۈرەكلىرى كاۋاپ بولغان بىرى ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىنى : « سىزنىڭ پىل چىشى بىلەن ئالتۇندىن پۈتكەن ئاشۇ ۋۇجۇدىڭىز پۈتۈن ئالەمنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ . تارىخ لەۋلىرىڭىزدىكى سىزىقچىلارغا قايتىدىن پۈتۈلىدۇ » دەپ چەكسىز چوقۇنۇش ھېسسىياتىدا ئاخىرلاشتۇرغانىدى . ئۇ ئاشۇ قۇرلارنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۆز – ئۆزىگە يېنىش – يېنىشلاپ تەكرارلىدى . ئۇنىڭ بىردىن ئاشۇ قاملاشقان چىرايىغا بىزارلىقى تۇتۇپ ، قولىدىكى ئەينەكنى زەرپ بىلەن يەرگە ئاتتى ، ئاندىن ئۇنى دەسسەپ – چەيلەپ كۇكۇم – تالقان قىلىۋەتتى . ئۇنى ۋەيران قىلغىنى دەل ئاشۇ قاملاشقان چىرايى ، تەكرىدىن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ تىلىۋالغان ياشلىقى ئىدى . مۇشۇ ئىككى نەرسە بولمىغىنىدا ، ئۇ بۇنچىلىك ئىپلاسلىقلىق ، شەرمەندىلىكلەرگە يەم بوپ كەتمەس ئىدى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ نەزىرىدە قاملاشقان چىرايى بىر نىقاب ، ياشلىقى بىر مەسخىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى .

ئەمىسە ، ياشلىق زادى قانداق نەرسە ؟ ئۇ بەك كەتسە بىشىدىن ئىش ئۆتمىگەن ، تەنتەكلىكى ئۇچىغا چىققان بىر ئۆتكۈنچى دەۋر ، كەيپىيات ھەدېسىلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ، ئىدىيىگە كىرسەل تەگكەن بىر ۋاقىت خالاس . ئاشۇ ياشلىقى ئۇنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلدى . ئۇ ئەمدى نېمىسىگە بۇنچە ئىسىل كىيىنىپ قېتىپ يۈرۈيدۇ ؟

ئەڭ ياخشىسى ، ئۆتمۈشنى ئويلىمىغان تۈزۈك ، بۇ چاغ بولغاندا ئەمدى ھېچنېمىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ . ئۇ ئەمدى ئۆزى ھەققىدە ، كەلگۈسى ھەققىدە ئويلانمىسا بولمايدۇ . سىبىل ۋېين سېلبى چىركاۋى قەبرىستانلىقىدىكى بىر نامسىز قەبرىگە كۆمۈۋېتىلدى ، ئالان كامپبېل بىر كۈنى كېچىسى تەجرىبىخانىسىدا ئۆزىنى ئېتىۋېلىپ، جىمى مەخپىيەتلىكلەرنى ھېچكىمگە تىنماي ، گۆرىگە ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتتى . بازىل خالۋاردنىڭ يوقاپ كەتكەنلىك ۋەقەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان داۋالغۇشلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي توختايدۇ ، ھېلىمۇ خېلىلا بېسىقىپ قالدى . بۇ جەھەتتە ئۇ يۈزدە – يۈز خاتىرجەم . بازىل خالۋاردنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا ھېچقانچە روھىي بېسىم بوپ تۇيۇلمىدى . ئۇنى قىيناۋاتقىنى – ئۆزى تىرىك تۇرۇپ روھىنىڭ ئۆلۈشى ئىدى . بازىل سىزغان ئاشۇ رەسىم ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلدى ، شۇڭا ئۇ بازىلنى كەچۈرەلمەيدۇ . ھەممىسى ئاشۇ نىجىس رەسىمنىڭ كاساپىتى . بازىلنىڭ دېگەن ئۇ گەپلىرىگە ئىنسان بالىسى چىدىماس ، ئۇ ھېلىمۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ چىدىدى ، سەۋرى قىلدى ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش پەقەت بىردەملىك تەلۋىلىكتىن بولدى . ئالان كامپبېلنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا كەلسەك ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئىشى . بۇنى ئۇ ئۆزى خالاپ قىلغان ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق .

تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاش كېرەك ! مانا بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ، ئۇلتۇرسا – قوپسا ئويلايدىغان ئىستىكى ئىدى .

ئەمەلىيەتتە ئۇ يېڭى تۇرمۇشنى باشلاپ بولدى . نىملا دېگەن بىلەن ، بىر بىگۇناھ قىزچاقنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى . ئۇ ئەمدى بىغۇبارلىقنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا ماقۇل دەپ ئولتۇرمايدۇ ، قولىدىن كېلىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ ، ياخشى ئادەم بولىدۇ .

ھەيدى مونتوننى ئويلاۋاتقان توساتتىن ، ئۆيىگە سولاپ قويغان ھېلىقى رەسىم قانداق بوپ كەتكەندۇ ، يەنە ئۆزگىرىپ قالغانمىدۇ ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكىدەك يىرگىنچلىك بوپ كەتمەس ؟ ئۇ بۇرۇنقى ئاقكۆڭۈل ھالىتىگە قايتسا ، رەسىمنىڭ چىرايىدىكى ياۋۇزلۇق ، ئىپلاسلىقلارمۇ ئاستا – ئاستا يوقار ؟ بەلكىم ، بۇ چاغقا رەسىمنىڭ چېھرىدىكى ياۋۇزلۇق ئاللىقاچان يوقىتىپ كەتكەندۇ . ئەڭ ياخشىسى چىقىپ ، رەسىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشى كېرەك .

ئۇ شىرەدىكى جىنچىراغنى قولىغا ئالدى – دە ، پۈتنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە

ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى . ئىشكىنىڭ تاقىقىنى ئىچىۋاتقاندا ، چىرايلىق كەلگەن چېھرىگە سۈسقىنا بىر كۈلۈمسىرەش بىر پەسكە سايە تاشلاپ ئۆتتى ، لەۋلىرىمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى . شۇنداق ، ئۇ ئەمدى ياخشى ئادەم بولدۇ ، ھېچكىشىگە كۆرسەتمەي يوشۇرۇپ كەلگەن بۇ يىرگىنچلىك رەسىم ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ سالمايدۇ . ئۇ گويا يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدى .

ئۇ ئاستاغىنە ئۆيگە كىردى ، ئادەتلەنگىنى بويىچە ئىشكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋېتىپ ، رەسىمنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويغان پەردىنى قايرىۋەتتى ۋە شۇئان چەكسىز ھەسرەت – نادامەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئازاب ئىلكىدە ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدى . رەسىمدىكى ياۋۇزلۇق يوقۇماستىن ، شۇ پېتى تۇراتتى ، رەسىمنىڭ كۆز جىيەكلىرىنىڭ ئەتراپىدا مۇغەمبەرلىك ئالامەتلىرى كۆپىيىپ قالغان ، ئاغزىنىڭ چۆرىسىگىمۇ ساختىپەزلىك قورۇقلىرى ئىز سالغاندى . رەسىم ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك يىرگىنچلىك بولۇپ كەتكەندى . بازىل ئۆلگەندە چاچراپ كەتكەن قانلارمۇ بۆلەكچە يارقىنلىشىپ ، گويا بايىلا تامچىلىغاندەك كۆزنى قاماشتۇراتتى . ئۇنىڭ تېنى ئىختىيارسىز جۇغغىدە قىلىپ قالدى . ئەجبا ، مىڭ بالالىقتا قىلغان ئاشۇ كىچىككىنە ئىشىمۇ ئەمدى كۆپۈك شان – شەرەپكە ئايلاندىمۇ ؟ لورد ھېنرىنىڭ دارىتملاپ تۇرۇپ مەسخىرە قىلغىنىدەك ، ياخشى ئىش قىلىش يېڭىچە ھاۋايى – ھەۋەسلەر ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇنۇشمۇ ؟ ياكى بولمىسا تاساددىيى قوزغالغان ئوتلۇق ھىسسىياتلار گويا درامىدا رول ئالغاندەك ، ئۆز خاراكتېرىمىزدىكىدىنمۇ ئۇستۈن تۇرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولامدىغاندۇ ؟ نىمە ئۈچۈن ئاۋۇ قىپقىزىل قاننىڭ دائىرىسى بۇرۇنقىدىن يوغىناپ قالدى ؟ ئۇ گويا قورقۇنچلۇق مەرەز كېسەلگە ئوخشاش ، ئاۋۋال قورۇق بېسىپ كەتكەن بارماقلارغا يامراپ ، ئاندىن پۇتىغا تامچىلىغان گەپ . ئۆزۈمنى مەلۇم قىلايمۇ ؟ ئەجبا بۇ گۇناھىنى بويىنغا ئالغانلىقتىن دېرەك بەرمەمدۇ ؟ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولايمۇ ؟ ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ، بۇ خىياللىرى ئۆز – ئۆزىگە تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلۇپ كەتتى . بوپتۇ ، ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلدىمۇ دەيلى ، لېكىن ، ئۇنىڭ گېپىگە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىزىنى تاپالمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ ئۇنىڭ نەرسە – كېرەكلىرىنى ئۆز قولى بىلەن كۆيدۈرۈۋەتتى . بۇنى ئاڭلىسا ، كىشىلەر ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەيدىغىنى ئېنىق . ئەگەر گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالسا ، كىشىلەر ئۇنى سولاپ قويۇشتىن يانمايدۇ .... ئۆزىنى مەلۇم قىلغان بىلەن ، خەقنىڭ نەزىرىدىن بىراقلا چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ ، خەلق – ئالەم ئالدىدا سازايى بولىدىغان گەپ ، بۇنىڭدىن ئۇ باش تارتىپ بولالمايدۇ . تەڭرى ھەر قانداق بەندىسىنى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىشقا دالالەت

قىلىدۇ . ئۇ قىلغان ئىپلاسلىقلىرىنى تەن ئالسىلا ، گۇناھى تەلتۆكۈس يۇيۇلىدۇ . لېكىن ، ئۇ قايسى گۇناھى ئۈچۈن تۆۋە قىلىدۇ ؟ ئۇ مۆرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويىدى . بازىل خالۋاردىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ . ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەنسىرەيدىغىنى ھەيدى مونتون . چۈنكى ، ئۇ شۇتاپتا قاراۋاتقان بۇ ئەينەك ئۇنىڭ روھىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ . ساختا شان – شۆھرەت ؟ ساختىپەزلىك ؟ ئۆتكۈنچى ھەۋەس ؟ ئەجىبا ئۇنىڭ ئۆزىنى تورمۇزلىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئۆزگە ئاساسى يوقمۇ ؟ ئۇنداق ئەمەس . ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە شۇنداق . ئەمىسە ئۇنى شۇنچە ئىزتىراپقا تاشلىغان نەرسە زادى نېمە ؟ بۇنىڭغا ئۇ كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ . ياق ، ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنىڭدىن باشقا رەزىللىك قالمىدى . ئۇ پەقەت ئاشۇ ساختا شان – شەرەپ تاماسىدىلا ھەيدى مونتون دېگەن ھېلىقى قىزچاقنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ ، دىيانەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاشۇنداق نىقابلاپتۇ ، قانداق بولىدىكىن دېگەن قىزىقىش ئىلكىدە ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋاپتۇ . شۇلارنىڭ ئەمدى تېگىگە يېتىپتۇ .

ئۇ ئەمدى بازىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىزتىراپ چېكەرمۇ ؟ بۇ ئىش مەڭگۈ پىشانىسىدىن كەتمەسمۇ ؟ شۇڭا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇنمۇ قانداق ؟ ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقىنى بىرلا نەرسە . ئۇ بولسىمۇ – ھېلىقى رەسىم . ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەلىل – ئىسپات يوق . رەسىمنى چوقۇم كۆزدىن يوقىتىش كېرەك ، ئۇنى بۇنچە ئۇزۇن ساقلاپ نېمە قىلىدۇ ؟

ئىلگىرى ئۇ رەسىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغىنىدىن ، قېرىپ كەتكىنىدىن خۇشاللىق تاپقان . يېقىندىن بېرى ئۇ بۇنىڭدىن ھوزۇر ئالالمايدىغان بوپقالدى ، ئەكسىچە كۆزىگە كېچە – كېچىلەپ ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بوپقالدى . سىرىتتا بولۇپ قالسا ، قاچان بىرسى رەسىمنى كۆرۈپ قالاركىن دەپ دەككە – دۈككە ، ۋەھىمە ئىچىدە يۈرگىنى يۈرگەن . رەسىمنى ئويلىسىلا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەسرەت – نادامەت سايە تاشلايدۇ ، كەيپى ئۇچۇپ ، خۇشاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا توزۇپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدا يوق ئىنساپ ، ۋىجدان دېگەن نەرسىلەر رەسىمدە ئېشىپ – تېشىپ تۇرۇپتۇ . ياق ، رەسىمنى دەرھال كۆزدىن نېرى قىلىش كېرەك .

ئۇ تۆت ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراۋېتىپ ، كۆزلىرى بازىل خالۋاردنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى پىچاققا چۈشۈپ قالدى . ئۇ پىچاقنى ئۇپراپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يېنىش – يېنىشلاپ يۇغان ئىدى . تولا يۇيۇۋېرىپ پىچاقمۇ يالت – يۇلت پارقىرايدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى . بۇ پىچاق ئىلگىرى رەسسامنى ئۆلتۈرگەن ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ سىزغان رەسىمنى ھەم شۇ رەسىمدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدىغان جىمى نەرسىنى كۇمپەيكۇم قىلىدۇ . ئۇ ئۆتمۈشىنى

كۆزدىن يوق قىلىش كېرەك ، شۇندىلا ئارام تاپىدۇ ، ئەركىنلىككە چىقىدۇ ، رەسىمنىڭ قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىنمۇ بىر يولىلا قۇتۇلىدۇ . ئۇ پىچاقنى قولىغا ئېلىپ رەسىمنى ئەسەبىيلەرچە تىلىپ – تىلىۋەتتى .

تۇيۇقسىز ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى ، نىمىدۇر بىر نەرسە يەرگە پالاققىدە يىقىلدى . يولەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازدىن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان خىزمەتكار چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى – دە ، ئىتتىك ھوجرىسىدىن چىقتى . ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى مۆتىۋەر كىشىمۇ ئىختىيارسىز قەدەملىرىنى توختىتىپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، نەزىرىنى ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ئاغدۇردى . شۇئان ، ئالدىغا ئۇچراپ قالغان بىر ساقچىنى چاقىرىپ كەلدى . ساقچى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى يېنىش – يېنىشلاپ باستى ، لېكىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى . ئۆي گۆردەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن پىلىلداپ چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھايال ئۆتمەي ، ساقچى قوشنا بىنانىڭ يېنىدىكى تۆۋرۈكلۈك كارىدوردا تۇرۇپ ئىنچىكە كۆزەتتى .

- بۇ كىمنىڭ ئۆيى ، ساقچى ئەپەندىم؟ – سورىدى ھېلىقى ئىككى مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئارىسىدىكى ياشتا چوڭراق كەلگىنى .

- دورىيان گرېينىڭ ئۆيى ، ئەپەندىم ، – جاۋاپ بەردى ساقچى.

ئىككى مۆتىۋەر بىر – بىرىگە يالىتتىدە قاراپ قويۇشتى – دە ، ئىستىھزالىق بىلەن كۈلۈشكىنىچە يولىغا راۋان بولدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى لورد ھېنرى ئاشتوننىڭ تاغىسى ئىدى .

كىيىملىرىنى تولۇق كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن چاكارلار بىر – بىرىگە نىمىدۇر بىر نەرسىلەرنى كۇسۇرلىشاتتى ، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان لىف خانىم بىر ياندا ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى ، فرانسىسنىڭ قورققىنىدىن چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى .

ئالاھەزەل ، بىر چارەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، فرانسىس بىر پەيتۇنكەش بىلەن بىر ئەر خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرگىنىچە ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە چىقىپ كېتىشتى . ئۇلار ئىشىكنى چېكىپ باقتى ، سادا چىقمىدى . ۋارقىراپ باقتى ، يەنىلا سادا كەلمىدى . ئىشىكنى بۇزۇپ كىرمەكچى بولۇشتى – يۇ ، يەنە مۇمكىن بولمىدى . ئاخىرى بولماي ، ئۆگزىگە يامىشىپ چىقتى ، ئۆگزىدىن بالكونغا سەكرەپ چۈشتى . ئىلگۈچى كونىراپ ئارانلا قالغان دەرىزە تېزلا ئېچىلىپ كەتتى .

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ، تامغا خوجايىنىنىڭ ناھايىتى نەپىس سىزىلغان ، چىرايىدىن ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ، ئاجايىپ قاملاشقان بىر پارچە پورترېتى ئېسىقلىق تۇراتتى .

يەردە ئۇچىسىغا كېچىلىك مۇراسىم كىيىمى كىيگەن ، قېرىپ ماكىلداپ قالغان ، يۈزلىرىنى يول – يول قورۇق باسقان ، چىرايى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان بىر كىشى كۆكرىكىگە پىچاق سانچىلغان ھالەتتە جىممىدە ياتاتتى . ئۇلار جەسەتنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكتىنلا ئاندىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇۋالدى .

تۈگىدى.